www.uyghurweb.net

# ئىسلام قانۇنشۇناسلىق تارىخى

ئاپتورى: مەننا خەلىل قەتتان (مىسىرلىق ئالىم)

ئىككىنچى نەشرىگە كىرىش سۆز

جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، دۇئا ۋە سالام رەسۇلۇللاھقا مەنسۇپتۇر.

مەقسەت، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش جەريانىدا يېتەرسىزلىكى ھېس قىلىنغان بەزى مەسىلىلەر تولۇقلىنىپ كۆپەيتىلگەن بۇ كىتاب «ئىسلام ھوقۇقى تارىخى» نى ئوقۇتقۇچى ۋە كەڭ كىتابخانلارنىڭ ھوزۇرىغا تەقدىم قىلىمەن. ئىنسانلارنىڭ ئاھۇ پەريادىغا قۇلاق سالغۇچى ۋە دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى جەنابى ئاللاھتىن بۇ كىتاب ئارقىلىق ھەممىمىزگە مەنپەئەت يېتىشىنى تىلەيمىز. ئامىن!

مەننا خەلىل ئەلقەتتان

كىرىش سۆز

جىمى ھەمدۇ سانا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ئاللاھنى مەدھىيىلەيمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايمىز، گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمىز ۋە نەپسلىرىمىزنىڭ يامانلىقى ۋە ناچار قىلمىشلىرىمىزدىن ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھ توغرا يولغا باشلىغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ، ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم توغرا يولغا باشلىيالمايدۇ.

گۇۋاھلىق بېرىمىزكى بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلارغا ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھ دىن رەھمەت ۋە ئامانلىق تىلەيمىز.

ئىسلامنىڭ فىقھى ۋە ھوقۇق تارىخى، سىزگە شەرئەت "ھوقۇق" ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى، فىقھى ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى، فۇقەھالارنىڭ مەزھەپلىرى، ھەر بىر مەزھەپنىڭ قائىدە، ئەھكام ۋە تۇتقان يوللىرى، مۇجتەھىدلارنىڭ تارىخى، ئۇلارنىڭ دەلىللەر ۋە ئەھكاملارنى ئۇيېئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى مۇشەققەتلىك ئىزدىنىشلىرى، شۇنىڭدەك ئىسلامى فىقھىنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشى ۋە ھەر بىر دەۋردىكى ئەڭ مۈشكۈل ھاياتى ئۆتكەللەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بۆسۈپ ئۆتۈپ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشنىڭ پارلاق يولىنى ئېچىپ ھەق ـ ئادالەت ئاساسىدا ئۈلگىلىك مەنىۋي مەدەنىيەت بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش قاتارلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

قىسقىسى بۇ كىتابنىڭ كەڭ تەتقىقاتچىلارغا تۈرلۈك ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ھازىرقى زامان ئىسلامى فىقھىنى گۈللەندۈرۈش ئارقىلىق، پۈتكۈل ئىسلام ئۈممىتىنىڭ شانلىق شان ـ شەرىپىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ خەلقارادا يۈكسەك نۇپۇزغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن بارلىق ئىمكانىيەت دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىپ يوللىرىنى يورۇتۇپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مەننا خەلىل ئەلقەتتان

www.uyghurweb.net



تارىخ دىمەك، ئۆتكەن ۋاقىت بىلەن تونۇشۇش دىمەكتۇر. تارىخشۇناسلىق بۇرۇن يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقەلەر بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ تەسىرلىك ھادىسىلەرنى خاتىرىلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تارىخ، مەيلى قايسى خىلدىكى بولسا بولسۇن ئۆز ئىلمىنىڭ مەنبەسى، تەرەققىيات باسقۇچى، تارىخى كىشىلەرنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخشۇناسلىقتا ۋە تارىخشۇناسلىقنىڭ گۈللىنىشىگە قوشقان تۆھپىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر پەندۇر (ئىلىمدۇر).

تارىخشۇناسلىق ئومۇمىي تارىخ كىتابلىرىدىكى مەشھۇر شەخشلەرگە ئائىت ۋەقەلەرنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر دەۋرگە ئائىت ئىلمىي ۋە پىكرى جەھەتتىكى قىممىتىنى تونۇشتۇرىدۇ. گەرچە مۇكەممەل بىر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ھەر بىر ئىلىمنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە تولۇق دىققەت قىلمىغان تەقدىردىمۇ، لېكىن تارىخنى مەخسۇس بىر پەن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغىنىمىزدا، تارىخنىڭ ئۆزىگە خاس تېمىلىرى، قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى ۋە پايدىلىرى بارلىقىنى كۆرىۋالالايمىز.

بۇ دىگەنلىك ھەرگىزمۇ بۇرۇنقىلار تارىخشۇناسلىق ۋە تارىخنى تەتقىق قىلىشتىن غاپىل ئىدى دىگەنلىك ئەمەس. گەرچە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تارىخ تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، بۇ تەلەپنى قاندۇرالمايتتى. ئىبنى خەلدۇن ئىلمىي تەتقىقات ھەققىدىكى كىتابىنىڭ 6 ـ بابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە، ئىلمىي تەتقىقات ۋە تەلىم ـ تەربىيىگە ئائىت تۈرلۈك ئۇسۇللار ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە ئالاھىدە توختالغان ۋە مەزكۇر كىتابىنىڭ 7 ـ بابىدا فىقھى ئىلمى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە مەخسۇس توختالغان.

دوكتور ھەسەن ئىبراھىم ھەسەن «ئىسلامنىڭ سىياسى، دىنىي، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي تارىخى» دىگەن كىتابىدا، مەنىۋىي مەدەنىيەتكە ئائىت ئايرىم بىر باپ ئايرىغان ھەمدە بۇ باپتا نەقلى ۋە ئەقلى بىلىملەر، ئىسلامنىڭ ھەر بىر دەۋرىدىكى ئىلمى ھەرىكەتلەر ھەققىدە قىسقىچە توختالغان ئىدى.

ئۇستاز ئەھمەد ئەمىن: «ئىسلامنىڭ تۇغۇلۇشى»، «ئىسلامنىڭ نۇرى» ۋە «ئىسلامنىڭ غەلىبىسى» ناملىق ئەسەرلىرىدە، پۈتكۈل ئىلىم ـ پەن ۋە مائارىپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلام تارىخىدىكى ئەقلى ھايات ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن ئىدى.

دىمەك، ئىسلام فىقھى ۋە ھوقۇق تارىخى، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھايات يۆنىلىشلىرىدە ئۆزلىرىگە دەلىل ۋە قىبلىگاھ قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئەنە شۇ ئازغىنا بىر قىسىم مۇئەللىپلەردىن باشقا ئۆلىمالارنىڭ مۇھاكىمە قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىلمىغان بىر ئىلىمدۇر. جۈملىدىن خۇزەرىنىڭ «ئىسلام ھوقۇق تارىخى»، دوكتور ئەلى ھەسەن ئابدۇلقادىرنىڭ «ئىسلام فىقھى تارىخىغا ئومۇمىي نەزەر»، سايىسنىڭ «ئىسلام فىقھى تارىخى»، دوكتور مۇھەممەد يۇسۇف مۇسانىڭ «ئىسلام فىقھى تارىخى» ۋە ئابدۇلئەزىم شەرەفۇددىننىڭ «ئىسلام ھوقۇق تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەر بۇنىڭغا ئوبدان دەلىل بولالايدۇ. قەدىرلىك ئۇستاز مۇھەممەد ئەبۇ زۆھرەنىڭ «زەيد ئىبنى ئەلى»، «ئەبۇھەنىيفە»، «ئىمام مالىك»، «ئىمام شافىئى»، «ئەھمەد»، «ئىبنى ھەزم» ۋە «ئىبنى تەيمىييە» قاتارلىق ئىماملار ھەققىدە يازغان «ئىسلامدىكى مەزھەپلەر تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەر توپلىمى مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەرلەردۇر. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يەنە ئۇستاز ئەلى ھەسەبۇللاھنىڭ «ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى»، مۇھەممەد ئىبنى ئەلھەسەن ئەلھەجەۋىي ئەسسەئالىبى ئەل فارسىنىڭ «ئىسلام فىقھى تارىخى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى تاللاپ چىقتىم.

بۇ يەردە يەنە بۇنىڭغا ئائىت نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر بار. مەسىلەن: زەرقانىڭ «ئومۇمىي فىقھىغا كىرىش»، مەھمەسانىنىڭ «ئىسلام ھوقۇق پەلسەپىسى»، مەدكۇرنىڭ «ئىسلام فىقھىغا كىرىش»، دوكتور مۇھەممەد بەلتاجىنىڭ يېقىندا نەشر قىلىنغان «ھىجرىيىنىڭ 2 ـ ئەسىردە ئىسلام ھوقۇقىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى» قاتارلىقلار.

بۇندىن باشقا يەنە مەزھەپلەر ھەققىدە يېزىلغان شۇ ئىلىمنىڭ جەۋھىرى دەپ قارالغان نۇرغۇن ئەسەرلەر بار. ئالايلۇق، ئەبۇ يۈسۈفنىڭ «ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە بىلەن ئەبۇ لەيلانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ»، رازىنىڭ «ئىمام شافىئىينىڭ ئەدەب ئەركانلىرى ۋە پرىنسىپلىرى»، ئىبنى قەييۇمنىڭ «مۇرەسسەلەشكۈچىلەرنىڭ دەلىللىرى»، ئىبنى ئابدۇلبەرنىڭ «ئۈچ فەقىھ

www.uyghurweb.net

ئىمامنىڭ پەزىلەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر»، قازى ئىيازنىڭ «ئىمام مالىك مەزھىبىنىڭ دەلىل ۋە پرىنسىپلىرىنى تونۇش ئۈچۈن ئەقلىي ئىزاھات»، ئىبنى سەئدىنىڭ «بۈيۈك تەبىقىلەر (ئاقسۆڭەكلەر)»، «ئىمام شافىئىي»، «ھەنبەلىلەر» قاتارلىقلار.

## ئىسلام قانۇنشۇناسلىق تارىخى تەتقىقاتىنىڭ ئەھمىيىتى

تارىخنى ئىلمىي جەھەتتىن تەتقىق قىلغىنىمىزدا، تارىخنىڭ كېلىپ - چىقىش مەنبەسى، نىشانى ۋە يۈتكۈل مەسىلىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىسلام فىقھىسى ئىبادەت، مۇئامىلىدىكى قىسمەن ئەھكاملاردا، بولۇپمۇ پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئىقتىساد، قانۇن ۋە سىياسەتتىن ئىبارەت بارلىق ئىشلىرىدا يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. چۈنكى ئىسلامىي فىقھىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، ئىنسانىي تەرەققىيات، تۈرلۈك ئىنسانىي مۇئامىلە ۋە مۇناسىۋەتلەردە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىنچىكە نىزام ئورنىتىشى، ئىسلام فىقھى ھوقۇق تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى ئىسلام ھوقۇقىغا كۆرە ئىسلامىي ھاياتنى پۈتكۈل ئامىللىرىغا ئاساسەن تەتقىق قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىسلام ئۈممىتىنى بەرپا قىلىشتىكى ئاساسلىق بازىسى ۋە بۇ بازىنىڭ مەنىۋىي مەدەنىيەت رامكىسى ئىچىگە ئىسلام ئۈممىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشتىكى بىر ماياك ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس.

ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدىن خالىي ئەمەسكى، ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ، تارىخى ئەلچىلىك (پەيغەمبەرلىك) نى چۈشىنىپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا يۈزلىنىپ قايىنام - تاشقىنلىق ئىنسانىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا بۇ ئۈممەتتە ئەڭ ئۈلگىلىك تارىخىي مىساللار بار.

مەيلى بۇرۇن بولسۇن ياكى كېيىن بولسۇن، ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ تەۋرەنمەس ھەقلىق مۇجادىلىسى ۋە ساغلام مەپكورىسىدىن ئاغدۇرۇلىشى ئۈچۈن تارىخنىڭ ھەر بىر باسقۇچىدا خىلمۇخىل پىكرى تاجاۋۇزچىلىق ۋە بوران - چاپقۇنلارغا دۇچ كەلدى. شۇنىڭدەك ئىسلام دىنى، ئەقلى مۇنازىرىدە ئېغىپ كەتكەن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ، كالام نەزىرىيىسى بويىچە دىن بىلەن پەلسەپىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئورۇنۇشى، ئىسلامغا يات بولغان پەلسەپىلەرنى ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن ماددىلىرىغا كىرگۈزۈپ، ئىسلام دىنىنى ئەرزىمەس بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا ئورۇنۇشتەك قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بۇرۇندىن تارتىپلا رۇم ۋە پارس پەلسەپىسىنىڭ پىكىر ئېقىمىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىدى. لېكىن ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئاستىدا، مەزكۇر پىكىر ئېقىمىنىڭ قىلچە تەسىرى ۋە دەخلى تەرۇزىدىن ساقلىنىپ قالدى.

نۆۋەتتە ئىسلام دىنى ئارقىدا قالغانلىقى، مەدەنىي دۇنيانىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن زامان ئېقىمىغا ماس ھالدا ئىسلاھ دېگەندەك قىيىن ئۆتكەلگە دۇچ كەلمەكتە.

دېمەك، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە رېئال ھاياتتا يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغان ئىسلام فىقھىسى، مەيلى مەدەنىيەتلىك غەرب دۇنياسى بولسۇن ياكى كوممۇنىستىك دۆلەتلەر بولسۇن بۇلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ھۇجۇملىرىغا قارشى ئەڭ ئىلغار مۇداپىئە لىنىيىسىدۇر.

جۈملىدىن، يېڭىدىن ئىسلاھاتچى مۇسۇلمانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان ئىسلامى تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات ھەرىكىتى چوقۇم فىقھىدىن باشلىنىشى كېرەك. چۈنكى فىقھى، دەۋەتچىلەرنىڭ ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىدە ۋە ئىسلام تارىخىدا يېتەكچىلىك رول ئوينىغان. ھالبۇكى ئۇلارنىڭ تۈپ مەقسىتى ئىپتىدائىي ئىسلامغا مۇراجەت قىلىش ئارقىلىق ئىسلامدىكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئائىت كۈچ ۋە ھاياتنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت.

نۆۋەتتىكى فىقھى مەسىلىسىگە كەلسەك، كۆپ ساندىكى ئىسلاھاتچى فۇقەھالار ئىسلامنىڭ ئەسلى قانۇن مەنبەلىرىدىن ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇكەممەل جانلىقلار تۈزۈلمىسىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسى پەقەت فىقھى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا قايتىدىن نەزەر ئاغدۇرۇش، ئىسلامنى ئۆز ۋاقتىدىكىدەك، مۇسۇلمانلارنىڭ فىقھىنى گۈللەندۈرگەن ۋاقتى ۋە ئىجتىھاد دەۋرلىرىدىكىدەك يېڭىدىن ئاساسىنى تىكلەش ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ.

www.uyghurweb.net



ھەرقانداق بىر جامائەت ئۇلارنى بىر يەرگە كەلتۈرەلەيدىغان جەمئىيەتلەرگە، ئىشنىڭ ئاقىۋىتى نەتىجىسىز بولۇپ قالماسلىقى، شۇنىڭدەك ئىنسان ئۆزىنىڭ باشقا ئىنسانلاردىن بولغان قىرىنداشلىرىغا تاجاۋۇز قىلماسلىقى ۋە ئىنسانلارنى مەنمەنچىلىك، چوڭچىلىق، تەكەببۇرلۇق ۋە تۈرلۈك ناچار خاھىشلاردىن ساقلاپ توغرا يۆلىنىشكە يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى جان تىكىپ قوغدايدىغان ۋە ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئايرىيدىغان پرىنسىپلارغا موھتاجدۇر.

ئىنساننىڭ باشقىلاردىن خالىي يەككە ـ يېگانە ياشىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئىنساننىڭ ھاياتى، ئورتاق پايدا ۋە ئىجتىمائىي مەنپەئەتلەردە ھەمكارلىشىدىغان، باشقىلارنىڭ ھاياتى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان، ئوچۇقراقى دانىشمەنلەرنىڭ «ئىنسان پەقەت ئۆز تەبىئىتى بىلەنلا مەدەنىيەتلىكتۇر» دېگەن سۆزىنىڭ باشقىچە ئىزاھاتىدۇر.

دەرۋەقە ئىبنى خەلدۇن بۇ ھەقىقەتنى: «ئىنسانىي جەمئىيەت ئىنتايىن زۆرۈردۇر» دېگەن سۆزى ئارقىلىق تېخىمۇ روشەنلەشتۈرگەن ئىدى. بۇنىڭغا دانىشمەنلەر: ”ئىنسان پەقەت ئۆز تەبىئىتى بىلەنلا مەدەيەتلىكتۇر" دەپ تەبىر بېرىشتى. يەنى مەدەنىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئىسلاھات ئىنتايىن زۆرۈر ۋە شەرتتۇر. ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ مۇستەقىل ھالدا پۈتكۈل ئېھتىياجلىرىنى قامداپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ھاياتى، مەۋجۇدىيىتى پەقەت ئۆز جەمئىيەتلىرىگە تايىنىش ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ئارقىلىقلا داۋام قىلالايدۇ.

قىسقىسى ئىنسانلار جەمئىيەت قۇرۇدىكەن ئۇنىڭغا ماس ھالدا ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ۋە ھاجەتلىرىنى راۋا قىلالايدىغان شارائىتمۇ ھازىرلىنىدۇ ھەمدە ئىنسانلار بۇنىڭ بىلەن بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىك ۋە زۇلۇمدىن ئىبارەت ھايۋانىيەتلىك تەبىئىتىدىن قۇتۇلۇپ بىر ـ بىرىگە ياردەم قولىنى سۇنالايدۇ. دېمەك، ئادالەت ۋە بەراۋەرلىك ئاساسىدىكى بۇ خىل ئالاقە تۈرىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرى بولۇشى كېرەك. دەرۋەقە، ئىپتىدائىي جەمئىيەتلەرمۇ، تەبىئىي شەرت ـ شارائىت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت قائىدە ـ نىزاملىرىغا ئاساسەن ئائىلە ۋە قەبىلە ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن ئىدى.

ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە ئۇنىڭغا بولغان تەلەپنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئۇنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرىمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىپ، بۇ قائىدە ـ نىزاملار ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا قوللىنىدىغان ئۆلچەمگە ئايلاندى. ھەرقاچان ئۈممەتلەرنىڭ ھاياتىدا بىر جامائەت تەرەققى قىلسا، ئۇنىڭ پىكىرلىرىمۇ تەرەققى قىلىپ، شۇ جامائەتنىڭ پاراۋانلىقى ۋە بەختەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان قانۇن ـ نىزاملارمۇ بارلىققا كەلدى.

## قانۇن دېگەن نېمە؟

قانۇن دېمەك — ھەر بىر مىللەت ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ئومۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ جامائەتچىلىكنىڭ تەلەپ ئېھتىياجىنى قامداش مەقسىتىدە، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادى ھايات تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۈزۈپ چىققان بارلىق قانۇن ـ نىزاملارنىڭ مەجمۇئەسى دېمەكتۇر.

قانۇن دېگەن بۇ ئوقۇم ئۆز ئۆزىدىن مەلۇمكى ئۇ ھايات تۈزۈلمىسىنى ئۆز تەبىئىتىگە ماس ھالدا ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتلارغا ماسلاشتۇرۇپ، مىللەتكە پايدىلىق بولغان بارلىق تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ ۋە قانۇنىي خاتالىقلاردىنى تۈزەيدىغان پۈتكۈل ئامىللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشكە ئاساس سالغۇچى قىبلىنامىدىن ئىبارەتتۇر. دېمەك قانۇن دېگەن بۇ ئوقۇم، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆرپ ـ ئادەت، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئەگىشىپ ھەر بىر مىللەتتە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى بىر مىللەتنى ئىسلاھ قىلغان قانۇن باشقا بىر مىللەتنى ھەرگىز ئىسلاھ قىلالمايدۇ ھەمدە مەلۇم بىر دەۋرنىڭ قانۇنى باشقا دەۋرلەردە ئەسقاتمايدۇ. گەرچە بىز مۇھىت، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە پىكرى جەھەتتىن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى يازما قانۇنلاردىكى تەكشۈكلۈقنى قىسمەن ئۇچرىتىپ قالساقمۇ. روشەنكى بۇ خىل قانۇنلاردا نە ئەڭ ئىلغار ئاڭ ـ سەۋىيە بىلەن يېتىشىپ چىقىپ، ئەدەب ـ ئەخلاق ھوقۇقىغا رىئايە قىلىش ۋە ئۇنى جارى

www.uyghurweb.net

قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىنسانىي ھېس تۇيغۇلارنى ئويغىتىدىغان نە ئەخلاقى پەزىلەت، نە بەندىسىنى ياراتقۇچىسىغا يەتكۈزۈپ، بەندىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى چەك ـ چېگرانى ئايرىپ بەندىنىڭ ئەسلى كېلىش مەنبەسى، ئۇنىڭ ئاخىر قايتىدىغان جايى ئاخىرەتتىن ئىبارەت دىنى ئېتىقادقا قارىتا ھېچقانداق ئېتىبار يوق.

مەسىلەن، ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدىكى بۇ يازما قانۇنلار تولىمۇ چەكتىن ئېشىپ كەتكەن . قانۇن دېگەن سۆز ئەسلى گىرىكچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇپ، ئەرەب تىلىدا «ئاساس» دەپ قوبۇل قىلىنىپ، بارلىق شەيئىلەرنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنغان. ھالبۇكى مۇسۇلمان ئالىملار بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئۇنى قانۇن سۈپىتىدە قوللانمىغان. شۇنىڭدەك، ھەرقانداق بىر قانۇن تۈزگۈچىمۇ ئۇنى قانۇن دېگەن ئۇقۇم بويىچە ئىستېمال قىلمىغان. پەقەت كېيىنكىلەر يازما قانۇنلارنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئاندىن ئۇنى «قانۇن» دەپ ئىزاھلاشقا تىرىشقان. ئىسلام فىقھىنىڭ تەرەققىياتى بۇلارنى كەسكىن رەت قىلىدۇ. بۇ توغرۇلۇق شەرىئەت ۋە قانۇن ھەققىدە توختالغاندا تەپسىلى مەلۇمات بېرىلىدۇ.

## شەرىئەت ۋە شەرىئەتشۇناسلىق دېگەن نېمە؟

"الشرع" ئەششەرئۇ ـ لۇغەتتە يەڭگىل ئوقۇلۇشى بىلەن شَرَعَ شەرەئەنىڭ مەسدەر شەكلىدۇر. التشريع ئەتتەشرىئ تەشدىد بىلەن شَرّع شەررەئەنىڭ مەسدەر شەكلىدۇر. شەرىئەتنى ئەسلى لۇغەت تەركىبى بويىچە ئىستېمال قىلغاندا: سۇنىڭ كېلىش مەنبەسى دېگەن ئۇقۇمنى بېرىدۇ.

دېمەك ئەرەبلەر ئۇنى ئىنتايىن توغرا بىر شەكىلدە قوللانغان. سۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنىڭ ئىنسان ۋۇجۇدى ئۈچۈن سالامەتلىك ۋە ھايات بەخش ئاتا قىلىشىنىڭ بىردىنبىر يولى دەپ قارالغىنىدەك، ئىنسانلارنىڭ جانجان ھاياتى ۋە ئەقىل بولغىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياخشى يولغا يېتەكلەشتەك توغرا يولمۇ بىردىن بىر چىقىش يولى ھېسابلىنىدۇ.

جەنابى ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاندىن سېنى بىز (ئى مۇھەممەد!) دىن ئىشىدا (روشەن) بىر يولدا قىلدۇق، شۇ يولغا ئەگەشكىن﴾[1] يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: "شرعت الإبل" تۆگە سۇ ئىچتى. بۇ يەردىكى «شەرىئەت» دېگەن سۆز سۇ دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دىن ئىشىدا (روشەن) بىر يولدا قىلىشى، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۇ يولنى قانۇنلاشتۇرۇپ، يولنى يورۇتۇپ بەردى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. جەنابى ئاللاھ بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى﴾[2].

﴿ئۇلارنىڭ الله رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇتلىرى بارمۇ؟﴾[3] بىر قامۇسشۇناس بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "شەرىئەت ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە بېكىتىپ بەرگەن ئىلاھى قانۇنىيەتتۇر". راغىب مۇنداق دەيدۇ: "شەرىئەت دېمەك ـ توغرا يولنىڭ پارلاق نۇر چېچىشى دېمەكتۇر". "ئۇنىڭغا مەن يول كۆرسەتتىم" دېگەن مىسالدا ئېيتىلغىنىدەك. الشرع مەسدەر بولۇپ بۇ يەردە ئۇ توغرا يول ئۈچۈن ئىسىم سۈپىتىدە قوللىنىلغان.

قىسقىسى شەرىئەت دېگەن بۇ سۆز ئىلاھى قانۇنىيەت ئۈچۈن ئارىيەت ئېلىنغان. بەزىلەرنىڭ ئىچىدە، ساداقەت ۋە ھەقىقەتنىڭ سىمۋولى بولغان سۇغا ئوخشىتىپ: "مەن شەرىئەتنى پەقەت شەرىئەت دەپلا ئاتىدىم" دېگۈچىلەرمۇ بار.

ئىزاھلىق لۇغەتلەردە، ئىسلام شەرىئىتى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە بېكىتىپ بەرگەن ئەقىدە، ئەدەب ـ ئەخلاق، مۇئامىلە ۋە ھايات تۈزۈلمىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت دەپ شەرھلەنگەن[4] روشەنكى ئاللاھنىڭ بېكىتىپ بەرگەن يولى ئىنسانلارنى يامان خاھىشلارغا بۇرۇلۇپ كېتىشتىن ساقلاپ،

---

[1] سۈرە جاسىيە 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە شۇرا 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە شۇرا21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] بىر قىسىم مۇھاكىمىچىلەر، شەرىئەت پەقەت مۇئامىلىگىلا خاس دەپ قارىشىدۇ. ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئاساسەن مەن ئۇنداق دەپ قارىمايمەن. ﴿سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز ۋەھيى قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىساغا بىز

www.uyghurweb.net

تۇرلۇك جىنايى قىلمىشلار ۋە خىلمۇخىل ھاۋايى ھەۋەسلەردىن دىن ئۇزاقلاشتۇرىدىغان ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ھەق يولدۇر. باشقىچە ئېيتقاندا ئاللاھنىڭ يولى يەنى ئىسلام گويا بىمارلارغا شىپا، جانغا راھەت ۋە دىللارغا ھۇزۇر ئاتا قىلغۇچى سۈيى تاتلىق بۇلاققا ئوخشايدۇ. ئاللاھنىڭ يولىدىن مەقسەت، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ئېرىشەلەيدىغان ساغلام ئىنسان يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شەرىئەت يەنى ئاللاھنىڭ يولى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇ بىۋاسىتە ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ۋە ئاللاھ ئۇنى پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق بەندىلىرىگە يەتكۈزگەن ئىلاھى نۇردۇر. ھالبۇكى ئاللاھ شۇ يولنىڭ تۈنجى ئاساسىنىڭ قانۇنلۇق ساھىبى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەھكاملىرى «شەرىئەت» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا بۇنى ئىنسانلار ئۆزلىرى يولغا قويغان قانۇنلارغا تەتبىقلاش جائىز ئەمەس. دەرۋەقە، بۇ قانۇنلارغا ئاساسەن ئىلاھى ۋەھىنى ساماۋى دىن دەپ ئاتاشقا ئورۇنغان نۇرغۇنلىغان مۇئەللىپلەرنىڭ تىرىشچانلىقلىرىمۇ قىلچە پۈت تىرەپ تۇرالمىدى. ھەقىقەتەن دىن ياكى شەرىئەتنى ئىلاھى يولدىن باشقا ئىنسانلارنىڭ قائىدە نىزاملىرىغا تەتبىقلاش مۇتلەق جائىز ئەمەس.

## ئىسلام دىنىنىڭ باشقا ساماۋى دىنلاردىكى ئورنى

ئاللاھ پۈتكۈل ئىنسانلارنى ئىمان ئۈستىدە ياراتتى ۋە ئۇلارغا تۈرلۈك يامان خاھىشلار ۋە ھاۋايى ھەۋەسنىڭ تەسىرىدە ھەقىقەتتىن بۇرۇلۇپ كېتىدىغان ئامىللاردىن خالىي ساپ بىر تەبىئەت ئاتا قىلدى. ﴿باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللاھنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر﴾[1] «ھەر بىر بوۋاق ئىسلام ئۈستىدە تۇغۇلىدۇ، بىراق بوۋاقنىڭ خىرىستىئان، يەھۇدىي ياكى مەجۇسى بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان بىردىن بىر ئامىل ئاتا ـ ئانىسىدۇر» [ھەدىس شەرىف].

ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئادەم بالىلىرىدىن (يەنى نەسلىدىن) ئەھدىنامە ئېلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم بالىلىرىنى (يەنى نەسلىنى) (ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېدى (يەنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم بالىلىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: «ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق» دېدى. (ئۇلارنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: «بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز» دېمەسلىكلىرى، ياكى «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساڭا بۇتلارنى) شېرىك كەلتۈرگەن ئىدى، بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغان يېرىمىز بار (يەنى بىزنىڭ ئۆزرىمىز بار) گۇمراھلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟» دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر﴾[2].

ئىنسانلارنى ساپ تەبىئى ھالىتىگە قايتۇرۇپ، ئەخلاقلىرىنى تۈزەش ئۈچۈن كەسكىن دەلىللەر ئۈستىگە قۇرۇلغان يولدىن ئىبارەت ئەڭ پارلاق دىنغا يېتەكلىيەلەيدىغان پەيغەمبەرلەرنى بەندىلىرى ئارىسىدىن تاللىشى ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى ئىدى.

﴿ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر) گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق﴾[3].

پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز قەۋمىگە بولغان ئەلچىلىكى، بولۇپمۇ قەۋمىنىڭ ئەقىدە ۋە ئەخلاقلىرىنى بوزىدىغان ئامىللارنى ئىسلاھ قىلىشتىكى پەيغەمبەرلىك دەۋرى ناھايىتى قىسقا سۈرگەن ئىدى. ۋەھالەنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىنى

---

تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى. سىلەر دىنىنى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقچىلىك قىلماڭلار﴾ [سۈرە شۇرا 13- ئايەتنىڭ بىر قىسمى] دىن دېمەك ـ ئىسلام دەپ ئاتالغان شەرىئەت ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئەقىدە دېمەكتۇر.

[1] سۈرە رۇم 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ئەئراف 172 ـ ئايەت.

[3] سۈرە نىسا 165 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurweb.net

بولۇپمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھېچقانداق تەلىپىنى قاندۇرالمايدىغان يېزەكى پىكىرلىرى بىلەن پەقەت ئۆز دائىرىسى ئىچىدىلا چەكلىنىپ قالغان ئىپتىدائى باسقۇچتىكى ئىنسانى جەمئىيەتنى ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن يېتىلدۈرۈشنىڭ نېگىزلىك ئامىلى ـ تەۋھىد ئىدى. ﴿قانداقلا بىر ئۈممەت بولمىسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن﴾[1].

قىسقىسى، ئىنسانلار ھاياتىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدا دۇچ كەلگەن خىلمۇخىل قىيىن ئۆتكەللەردىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆتەلەيدىغان قانۇن تۈزۈلمىلەرگە موھتاج ئىدى. ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى ھېچ بىر پەيغەمبەرگە مەڭگۈلۈك رىسالەت (پەيغەمبەرلىك) ئاتا قىلمىدى، ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت ئۆز قەۋمىنى ئاللاھنىڭ ھىدايىتى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھايات تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىدىغان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا يېتەكلەش ئىدى. ئىنسانلارنىڭ ئەقلى قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ كۆندىلىك تۇرمۇشىدىكى دىشۋارچىلىقلار تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتى، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئىنسانى مەدەنىيەتنىڭ ۋايىغا يېتىپ ئۇلارنىڭ ھايات لېنىيىسىنى يورۇتۇپ بېرىشى ئۈچۈن پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى بولغان ئىسلام دىن ئىدىن ئىبارەت يېڭى بىر دىننى ۋۇجۇتقا چىقاردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ مەسىلەم خۇددى بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسىلىسىگە ئوخشايدۇ، يەنە شۇنداق بىر ئادەمگە ئوخشايدۇكى، ئۇ ئادەم ناھايىتى چىرايلىق كاتتا بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ لېكىن ئۇ ئۆيىنىڭ بىر چېتىدە بىر كېسەكلىك بەر بوش قالىدۇ، مەن بولسام ئەنە شۇ بوش قالغان كېسەكتۇرمەن ۋە ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرمەن».

ئۆز ۋاقتىدا جەنابى ئاللاھ پۈتكۈل پەيغەمبەرلىرىدىن تۆۋەندىكىدەك ئەھدە ئالغان ئىدى:

﴿ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ پەيغەمبەرلەردىن چىن ئەھدە ئېلىپ: « سىلەرگە مەن كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئاتا قىلدىم، كېيىن سىلەرگە، سىلەردىكى نەرسىلەرنى (يەنى كىتاب بىلەن ھېكمەتنى) ئېتىراپ قىلغۇچى بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە ئۇنىڭغا، ئەلۋەتتە، ئىمان ئېيتىشىڭلار كېرەك ۋە ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك» (دېدى ). ئاللاھ: «(بۇ ئەھدىنى) ئىقرار (يەنى ئېتىراپ) قىلدىڭلارمۇ؟ شۇنىڭ (يەنى بۇ ئىش) ئۈچۈن مېنىڭ ئەھدىمنى قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟» دېدى. ئۇلار: « ئېتىراپ قىلدۇق» دېدى. ئاللاھ: «ئۆزەڭلارنىڭ ۋە تەۋەلىرىڭلارنىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقىغا) گۇۋاھ بولۇڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە گۇۋاھ بولغۇچىلاردىندۇرمەن» دېدى﴾[2].

ناھايىتى روشەنكى، گويا خىلمۇخىل ئۆستەڭلەرنى ھاسىل قىلىپ ئۆركەش ياساپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىدىن ئىبارەت بولغان مالائىكىلىرى ئارقىلىق پەيغەمبەرلىرىگە ياكى پەيغەمبەرلىقى ئارقىلىق بەندىلىرىگە يەتكۈزگەن ۋەھيىنىڭ روھىغا ئاساسەن مەزكۇر دەريانىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس خاسىيەتلىك ۋە بەرىكەتلىك سۈيىنىڭ تۈرتكىسىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى ـ ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخكە ئوخشايدىغان ئىلاھىي ۋەھيي، گۈللىنىش ۋە تەرەققىياتنىڭ ئىنسانىي خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ساغلام ئەقىدە تىكلەشنىڭ سىمۋولىدۇر.

دېمەك، ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكى بىلەن مول بەرىكەتلىك دەريانىڭ سۈيى پۈتۈنلەي تۈگىدى، ھالبۇكى قۇرئاننىڭ شانلىق مۆجىزىلىرى، ئىسلام ئارقىلىق مەزكۇر دەريانىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەللىسىگە يەتكەنلىكىنى جاكارلىدى: ﴿الله سىلەرگە دىنىدىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى﴾[3].

قۇرئاندا بىلدۈرۈلىشىچە، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر پەقەت ئۆز قەۋمىگىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئىدى:

﴿شۈبھىسىزكى، بىز نۇھنى قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق.﴾[4] ﴿ئاد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇدنى ئەۋەتتۇق، ھۇد ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھدىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾[5].

---

[1] سۈرە فاتىر 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئال ئىمران 81 ـ ئايەت.
[3] سۈرە شۇرا 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ھۇد 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە ھۇد 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurweb.net

﴿سەمۇدقا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەرقىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھ دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾[1]

﴿مەديەن (ئەھلى) گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيب ئىبنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھ دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾[2]

﴿لۇتنى (ئەھلى سەدۇمغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئۆز قەۋمىگە (ئۇلارنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن) مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر شۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلامسىلەر؟ مۇنداق قەبىھ ئىشنى سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچقانداق ئادەم قىلمىغان ئىدى﴾[3]

﴿مەزكۇر پەيغەمبەرلەردىن كېيىن، مۇسانى مۆجىزىلىرىمىز بىلەن، (مىسىرنىڭ مۇسا زامانىدىكى پادىشاھى) پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق﴾[4].

جانابى ئاللاھ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنى بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ﴾[5] بىراق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى، ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل يېتەكچىلىكى ۋە ئەڭ ئاخىرقى مەڭگۈلۈك پەيغەمبەر ئىكەنلىكى پۈتۈن دۇنياغا تەنتەنىلىك ھالدا جاكارلاندى: ﴿پۈتۈن جاھان ئەھلىنى ( ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر﴾[6] ﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾[7] ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن﴾[8].﴿مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن (ئۇ) ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر (ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ)﴾[9].

ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «پۈتكۈل پەيغەمبەرلەر پەقەت ئۆز قەۋمىگىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئىدى، مەن پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم» ۋە «مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، مەندىن كېيىن ھەرگىز پەيغەمبەر كەلمەيدۇ».

دەرۋەقە ئاللاھنى بىر دەپ بىلىش، ئاللاھ تائالاغا، مالائىكىلىرىگە، كىتابلىرىغا، بارلىق پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە قەدەرنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىشتا پۈتكۈل ساماۋى دىنلار ئورتاقتۇر.

﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇت (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾[10]

﴿«ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئاللاھ غىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى» دېگىن، ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): «(ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار﴾[11].

ئىبادەت، ئەدەب ـ ئەخلاق ۋە روھى جەھەتلەردىكى پرىنسىپلاردىمۇ پۈتكۈل ساماۋى دىنلار ئورتاقتۇر

---

(1) سۈرە ھۇد 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە ھۇد 81 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە ئەئراف 80 ـ ئايەت.
(4) سۈرە ھۇد ئەئراف 1203 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) سۈرە ئال ئىمران 49 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) سۈرە قۇرقان 12 ـ ئايەت.
(7) سۈرە ئەنبىيا 107 ـ ئايەت.
(8) سۈرە ئەئراف 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(9) سۈرە ئەھزاب 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(10) سۈرە ئەنبىيا 25 ـ ئايەت.
(11) سۈرە ئال ئىمران سۈرىسى 64 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

﴿(كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) پاك بولغان ئادەم مەقسىتىگە يەتتى. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ نامىنى ياد ئەتتى، ئاندىن ناماز ئوقۇدى سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئارتۇق كۆرىسىلەر. ئاخىرەت ياخشىدۇر ۋە باقىيدۇر . بۇ (يەنى بۇ سۈرىدىكى ۋەزلەر) شەك ـ شۈبھىسىز بۇرۇنقى كىتابلاردا ئىبراھىم ۋە مۇسالارنىڭ كىتابلىرىدا باردۇر﴾[1].

﴿ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى﴾[2].

دىمەك ساماۋى دىنلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى بولغان خرىستىئانلىق نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ئۆزىنى يېتىلدۈرۈشتە ئەقىدە، ئىبادەت ۋە ئەدەب ـ ئەخلاق كاتىگورىيىسىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن. تۈرلۈك مۇئامىلىلەرنى ئۆزئىچىگە ئالغان مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ۋە يەھۇدىي دىنىمۇ پەقەت بەنى ئىسرائىل قەۋمى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ۋە ئۇلارنىڭ خاھىشىغىلا ۋەكىللىك قىلغان بولۇپ، باشقا بىر دەۋرنىڭ ياكى باشقا مىللەتلەرنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان ئومۇمىيلىقتىن پۈتۈنلەي خالىي ئىدى.

ئاللاھ تەئالا قۇرئاندا يەھۇدىيلارنىڭ ھالالنى ھارام قىلغانلىقىدەك جىنايى قىلمىشلىرىغا ئىشارەت قىلىپ: ﴿يەھۇدىيلارنىڭ قىلغان ھەقسىزلىقلىرى (يەنى زۇلمى ۋە قىلغان گۇناھلىرى)، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىشتىن) توسقانلىقلىرى، چەكلەنگەن جازانىنى ئالغانلىقلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ناھەق يېگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا (ئىلگىرى) ھالال قىلىنغان پاكىز نەرسىلەرنى ھارام قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كاپىر بولغانلارغا قاتتىق ئازاب ھازىرلىدۇق﴾[3].

بۇخارى بىلەن مۇسلىمدا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر كىشى بىلەن زىنا قىلىپ قويغان بىر يەھۇدىي ئايال ھەققىدە فەتۋا تەلەپ قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن بۇ خىل جىنايى قىلمىشلارغا قارىتا تەۋراتتا قانداق ھۆكۈم بار؟ دەپ سورىدى. ئۇلار: بىز بۇ خىل جىنايى قىلمىشلارنى سادىر قىلغۇچىلارنى سازايى قىلىش ۋە دەررە ئۇرۇش بىلەن جازالايمىز، دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام يالغان ئېيتىۋاتىسىلەر، تەۋراتتا ئۇنىڭ جازاسى رەجمى (تاش ـ كېسەك) قىلىشتۇر، دېدى. شۇنىڭ بىلەن تەۋرات كەلتۈرۈلۈپ ئوقۇلۇشقا باشلىغاندا بىر يەھۇدىي مەزكۇر ھۆكۈم بار ئايەتنىڭ ئۈستىگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ ئالدىنقى ۋە كېيىنكى ئايەتلەرنى ئوقۇشقا باشلىۋىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ئۇنىڭغا قولۇڭنى تارت، دېدى ۋە ئۇ قولىنى تارتقاندىن كېيىن مەزكۇر ھۆكۈمگە ئائىت ئايەت مانا مەن دەپلا ئوتتۇرىغا چىقتى. چۈنكى ئۇ يەھۇدىينىڭ قولىنى قويىۋالغان يەردە دەل مەزكۇر ھۆكۈمگە ئائىت ئايەت بار ئىدى. ئاندىن ھېلىقى يەھۇدىي: ئى مۇھەممەد! سەن ھەقىقەتەنمۇ توغرا سۆزلىدىڭ ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى سالامنىڭ ئېيتقىنىدەك تەۋراتتا راستىنلا رەجمى ئايىتى بار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىنا قىلغان ئۇ ئىككىسىنى رەجمى قىلىشقا بۇيرىدى ۋە رەجمى قىلىندى». ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر: «ئەرنىڭ ئايالنى ئېتىلىۋاتقان تاشلاردىن قوغداش ئۈچۈن ئايالغا ئېگىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم» دېگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنى بولسا، ئىنسانلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي قاتارلىق خىلمۇخىل ھايات ئۆتكەللىرىدىكى گۈللىنىش ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى تۈرلۈك تەلەپ ئېھتىياجلىرىغا تامامەن كاپالەتلىك قىلىدۇ.

روشەنكى، ئىسلام ئەقىدە، ئەخلاق، ئىبادەت، قانۇن، ھوقۇق، ھۆكۈم، سوت، مەسجىد، بازار، ئىلىم ـ پەن، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئالەمشۇمۇل دىندۇر. قىسقىسى، ئىسلام دېمەك دىن ۋە دۆلەت دېمەكتۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ ئىلاستىكىلىق ۋە ئومۇمىيلىق روھىي، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ھەر بىر ئەسىردە تەرەققىيات، گۈللىنىشنىڭ ئاساسلىق ئامىلىنى جارى قىلدۇرۇپ ۋە ھەق ـ ئادالەت بىلەن توغرا يولغا يېتەكلەپ، ئىنسانى مەدەنىيەت

---

(1) سۈرە ئەئلا 14 ـ 19 ـ ئايەتكىچە.
(2) سۈرە بەقەرە 180 ـ ئايەت.
(3) سۈرە نىسا 160 ـ 161 ـ ئايەتلەر.

www.uyghurweb.net

ئۇرنىتالايدىغان قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى ئاتا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئىنسانغا پۈتكۈل نېمەتلىرىنى تاماملىغان: ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾[1].

## ساماۋىي قانۇنلار بىلەن يازما قانۇنلار ئوتتۇرىسىكى پەرق

بىز ئۆز نۆۋىتىدە يازما قانۇنلار بىلەن ساماۋىي قانۇنلار ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى پەرق ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق ھەمدە شېھىد ئابدۇلقادىر ئۇدە ”ئىسلامدىكى جىنايى ئىشلار قانۇنى“ ناملىق ئەسىرىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا بۇ ھەقتە تەپسىلى توختىلىپ ئۆتكەن. نۆۋەتتە بىز بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1) ـ يازما قانۇن ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ساماۋىي قانۇنغا قىياس قىلىش مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى خالىق بىلەن مەخلۇق ئوتتۇرىسىدا ناھايىتىمۇ چوڭ پەرق بولۇپ، ئەقىل ئىگىسى ئىنسان سانائىتى بىلەن ئاللاھ يولغا قويغان قانۇنلار ھەرگىزمۇ بىر ـ بىرىگە قىياس قىلىنمايدۇ.

2) ـ (يازما) قانۇنلارنى جېدەلخور، ئىنسالىق تەبىئىتى ۋە نەپسى خاھىشى تۈرتكىسىدە پۈتكۈل تىرىكچىلىك ئىشلىرىدا ھەقىقەتنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئادالەت بەرپا قىلىشقا توسالغۇلۇق قىلىدىغان ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئاسانلا ئۇچراپ كېتىدىغان ئىنسانلار تۈزۈپ چىققانلىقتىن، گەرچە ئىنسانلار ئىلىم ـ پەندە قانچىلىك تەرەققى قىلسىمۇ بىراق ئۇلار ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئىدراك قىلىش ۋە تەجرىبە ھاسىل قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. چۈنكى بۇخىل يازما قانۇنلار تولىمۇ ئۆزگىرىشچان بولۇپ، ئۆزگەرمەس قانۇن ئۆلچىمى مەۋجۇت ئەمەس. يەنە كېلىپ بۈگۈن ھالال بولغان نەرسىلەر ئەتىسى ھارامغا ئايلىنىپ قالىدۇ، توغرىراقى بۇرۇن قانۇنلۇق ھېسابلانغان ئىشلار كېيىن جىنايى ئىشلار تەركىبىگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ ھەمدە بۇ قانۇنلارنىڭ ھاياتقا، ياخشى ـ يامانلىققا بولغان ئۆلچىمى ئىنسانلارنىڭ رەڭگى، خاراكتېرى ۋە تەبىئىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئىنسانلارنىڭ ھاياتى دائىم دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئۆتىدۇ. بۇ خۇددى بىز كۆرۈپ تۇرۋاتقان ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن باشقا قانۇنلار بىلەن قانۇن يۈرگۈزۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ئىزتىراپلىق ۋە تەشۋىشلىك ھاياتىنى كۆرۈپ تۇرۋاتقىنىمىزدەك.

ھالبۇكى ئىسلام دىنى ئىلاھى ۋەھىي بولۇپ يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىدىن پۈتۈنلەي مۇنەززەھتۇر. چۈنكى ئۇ بەندىلىرىنىڭ پۈتكۈل ئەھۋالىدىن خەۋەردار، بەندىلىرىنىڭ ياشاش شارائىتلىرىنى ياخشىلاپ ئېھتىياجلىرىنى تولۇق قامداپ بېرىدىغان شۇنداقلا بەندىلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان پۈتۈن نەرسىلەرنى تەق قىلىپ بېرىدىغان ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

﴿(مەخلۇقاتنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[2]. ئاللاھ مەخلۇقاتلاردا بولغان پۈتكۈل كەمچىلىك ۋە نوقسانلاردىن پاك ۋە مۇنەززەھتۇر. ﴿پەرۋەردىگارىم ھەم خاتالاشمايدۇ ھەم ئۇنتۇمايدۇ﴾[3] باشقا كۆز قاراشلارنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىسلام دىنىغا دەلىل كەلتۈرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ھالبۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت ۋەھيىگىلا ئەگىشەتتى. ﴿مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەمەل قىلىمەن﴾ (ئەنئام سۈرىسى 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.) ئۇنىڭ ھۆكۈم قىلىشى پەقەت ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈنلا ئىدى. ﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق﴾[4]. ئىنسانلارنىڭ ئىلكىدىكى قانۇنلارنى بىر چەتكە قايرىپ

---

[1] سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مۇلك 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تاھا 52 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە نىسا 105 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurweb.net

قوبۇپ، بىزگە كەم ـ كۈتكىسىز مۇستەھكەم ئىلاھى قانۇننى ئورنىتىپ بېرىدىغان ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئەگىشىشىمىز زۆرۈردۇر.

3) ـ يازما قانۇن دەسلەپتە ئائىلە تۈزۈلمىسىدىن باشلىنىپ، كېيىن قەبىلە تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرگەن، 19 ـ ئەسىرگىچە ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسىي بولمىغان ۋە ئىنسانلارنىڭ زامانغا لايىق تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامدىيالمايدىغان ئىنتايىن چەكلىك بىر سىستېمىدۇر.

ھالبۇكى ساماۋىي قانۇن، ئومۇمىي جەھەتتىن ھاياتلىق مەنبەسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ، بارلىق شەرت شارائىتنى ھازىرلاپ بېرىدۇ.

4) ـ يازمل قانۇنلار ئاساسىي جەھەتتىن مەلۇم بىر دەۋردىكى ئىنسانلارغا خاس ۋاقىتلىق قانۇن بولۇپ، ئۇنى ئىنسانىي تەرەققىيات ۋە دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن ئەھكاملىرى بولسا، مەلۇم بىر دەۋرگە ياكى مىللەتكە خاس بولمىغان، ھەر بىر دەۋردە ئىنسالارنىڭ ھاياتىدا زۆرۈر بولغان پۈتكۈل شەرت شارائىتنى ھازىرلاپ بېرىدىغان تەۋرەنمەس ئاساسقا ئىگە. ئىسلام دىنى كەلگەن 14 ئەسىردىن بويان، ئىنسانلارنىڭ شەرت ـ شارائىتلىرى ئۆزگىرىپ، نۇرغۇنلىغان قانۇن تۈزۈلمىلەر ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. بىراق ئىسلام دىنى زامان ۋە ماكاندىن ھالقىغان ئۆزىگە خاس رولىنى جارى قىلدۇرۇپ تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىشكە زېمىن ھازىرلىماقتا.

5) ـ يازما قانۇنلار پەقەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىدىكى دەۋا ئىشلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ.

ئىسلام قانۇنى بولسا ئاللاھقا، پەيغەمبىرىگە ۋە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈش، بەندە بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئارىلىقىنى باغلاش، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش قاتارلىقلاردىن باشقا يەنە خىلمۇخىل ھايات باسقۇچلىرىنىڭ ھەرخىل قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ.

6) ـ يازما قانۇنلار ئەخلاقى مەسىلىلەر بىلەن شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاستە تەسىر يەتكۈزىدىغان ياكى ئومۇمنىڭ بەختەرلىكىگە بىۋاستە زىيان سالىدىغان ھالقىلىق ئامىللارغا ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن؛ يازما قانۇنلاردا ئىككى تەرەپنىڭ بىرسى نارازى بولمىسا ياكى بىرسى پۈتۈنلەي خالىمىغان ئەھۋال ئاستىدا يۈز بەرمىگىچە زىناغا جازا بەرمەيدۇ. چۈنكى زىنا بۇ ئىككى خىل ئەھۋال ئاستىدا ئومۇمنىڭ جانجان مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىغاندەك، شەخسلەرمۇ بىۋاستە زىيان زەخمەتكە ئۇچرايدۇ. يازما قانۇنلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ھاراق ئىچكۈچى بىلەن مەست بولۇپ قالغۇچىغا جازا بېرىلمەيدۇ. پەقەت مەست بولۇپ قالغۇچى يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىۋېلىپ ئىنسانلارغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزگەندىلا جازا بېرىلىدۇ. بۇ جازانىڭ بېرىلىشى ھېچقاچان مەست بولۇپ قالغۇچىنىڭ رەزىل بوپ قالغانلىقى، تەن ـ سالامەتلىكىگە زىيانلىقى، ئەقلىنى بۇلغاپ ۋە مال ـ مۈلكىنى بىمەنە ئىسراپ قىلىپ، ئەخلاقى جەھەتتىن چۈشكۈنلىككە ئۇچرىغانلىقىدىن ئەمەس.

ئىسلام قانۇنى بولسا ئىنسانىنى گۈزەللەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنىمۇ تولۇق ئادا قىلىشتەك ئەخلاق ئۆلچىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىسلام ئەخلاقىنىڭ ئىبادەت بىلەن تەربىيىلەشتىكى غايىسى ۋە مۇئامىلىدىكى ئەدەب ـ ئەخلاق ئۆلچىمى، ئىنسانلارنى ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك بىلەن تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىدۇ. دەرۋەقە ئىسلام ئىنساننى ئەڭ ئىلغار ئىنسانىي پەزىلەتكە سەپەرۋەر قىلىپ ياخشى ئىشلارغا يارىتىشقا چاقىرىق قىلىدۇ ۋە ئېسىل ئەخلاقنى مەدھىيىلەيدۇ. جەنابى ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن﴾[1].

7) ـ يازما قانۇنلار خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا قارىتا تولۇق جازا يۈرگۈزەلمىگەنلىكتىن ئىنسانلاردىكى كونتروللۇقنى يوقىتىپ قويىدۇ. شۇڭا بۇ قانۇنلاردا كۆپىنچە ھاللاردا خەلقنى رازى قىلىشقا ئورۇنۇش، قانۇننى باشقىدىن تۈزۈپ ئىسلاھ قىلىشتەك ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىدۇ. بىراق ئىنسانلار يازما قانۇنلارنىڭ نېمىلىكىنى قانۇنغا خىلاپ جىنايەت سادىر قىلىپ،

[1] سۈرە قەلەم 4 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

بىرەر خىيىم ـ خەتەرگە يولۇقۇپ تۇگىشىپ كەتكەندىن كېيىنلا ھېس قىلىشىدۇ. دېمەك، مانا مۇشۇنداق قانۇنلار يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن بىر مىنۇتمۇ توسۇپ قالالمايدۇ.

ئىسلام قانۇنى ھالال ـ ھارامنىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئېنىق ئايرىيدۇ. ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈش بولسا ئىنسانىنى نەپسى ۋە ئەخلاقى جەھەتتىن تەربىيىلەيدۇ ھەمدە ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە مۇسۇلمانغا كۆزەتچىلىك قىلىپ ئاللاھنىڭ ئاخىرەتتىكى ئازابىدىن دۇنيا ئازابىدىنمۇ بەكرەك قورقىدىغان ھالەتنى يېتىلدۈرىدۇ. (ئاللاھ غا) قۇلچىلىق قىلىش، دەۋا ئىشلىرى، جىنايى ئىشلار، خەلقئارالىق مەسىلىلەر قاتارلىقلارنى ئىجرا قىلىش پرىنسىپى بويىچە ئېيتقاندا ئىنسانغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. قىيىن مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى، ھەقىقەتنىڭ بەرپا قىلىنىشى ياكى زاۋاللىققا مەھكۇم بولۇشى، جازالاش ھۆكمى، مەسئۇلىيەتچانلىق قاتارلىقلارمۇ ھەم شۇنداق. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دۇنيادا بەلگىلىك تەسىرى بولغىنىدەك ئاخىرەتتىمۇ ھەم بەلگىلىك تەسىرى بار. ئۇ بولسىمۇ قىلمىشىغا قارىتا مۇكاپاتلىنىش ياكى جازالىنىشتىن ئىبارەت خالاس. ئەھكام ئايەتلىرى (ھۆكۈمگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر) ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن كىشى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە جازا ياكى مۇكاپاتتىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈزۈمگە ئائىت نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر بارلىقىنى بايقايدۇ.

مەسىلەن قاتىللىق ھەققىدە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ﴾[1].

يول توسۇش ياكى سەركەشلىك ھەققىدە: ﴿ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ (يەنى جازا) ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچىدۇر)، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[2].

بۆھتان چاپلاش ھەققىدە: ﴿مۆمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ﴾[3] دەيدۇ.

ئىسلام مانا بۇلار ئارقىلىق تەلىماتلىرىغا تولۇق رىئايە قىلىدىغان ئىنسانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. نەتىجىدە مۇسۇلمانلار كۈندۈزلىرى ئىسلامنىڭ قانۇن ـ پرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلغاندەك كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇش ئارقىلىق رىئايە قىلىدۇ. ھەقىقەتنى ئايدىڭلاشتۇرىدىغان بۇ روشەن دەلىللەر ھەقىقەتەن ئەمەل قىلمىغۇچە، بۇنى ھەق دەپ بىلگەن تەقدىردىمۇ ھەرگىز ئېتىبارغا ئالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئىشىكى ئالدىدا جاڭجاللىشىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ قېلىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقىدۇ ــ دە، «مەن پەقەت بىر ئىنسان، سىلەر يېنىمغا (ئۇ ئادەم ھەققىدە) دەۋا قىلىپ كەپسىلەر، بەلكى ئۇ ھەقلىق بولۇشى مۇمكىن، مەن سىلەردىن ئاڭلىغىنىم بويىچە ھۆكۈم قىلىمەن. ناۋادا مەن ناھەق ھۆكۈم قىلسام ئۇنىڭدىن ھېچنېمە ئالماڭلار، چۈنكى ئۇ بىر پارچە ئوت. ئۇنى ئېلىش ـ ئالماسلىق ئىختىيارىڭلار».

### ئىسلامى پىكىرنىڭ دەۋر بۆلگۈچ تارىخى باسقۇچلىرى

بەزى تەتقىقاتچىلار، ئىسلام پىكىر تارىخىنىڭ تەرەققىي قىلىش، يېكىسىلىش ۋە زەئىپلىشىشكە قاراپ ئىسلامى فىقھىنى ۋە قانۇننى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە باسقۇچقا بۆلگەن:

**بىرىنچى باسقۇچ:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە خۇلەپائى راشىدىن دەۋرىدىكى قانۇن چىقىرىش باسقۇچى.

**ئىككىنچى باسقۇچ:** ئۇمەۋىيلەر دەۋرىدە كەڭ تارقالغان فىقھىشۇناسلىق بىلەن ھىجاز ۋە ئىراقتىكى مەدرىسىلەردە ئۇمۇملاشقان كالامچىلىقنى تەسىس قىلىش باسقۇچى.

**ئۈچىنچى باسقۇچ:** فىقھىنى گۈللەندۈرۈش، مەزھەپ تەسىس قىلىش، فىقھى بىلەن ھەدىس توپلاش باسقۇچى.

**تۆتىنچى باسقۇچ:** جەمئىيەتنىڭ داۋالغۇشىغا ئەگىشىپ ئىجتىھاد دەرۋازىسىنىڭ تاقىلىشى ۋە تەقلىدچىلىك باسقۇچى.

---

[1] سۈرە نىسا 93 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مائىدە 33 ـ ئايەت.
[3] سۈرە نۇر 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**بەشىنچى باسقۇچ:** نۆۋەتتىكى ئىجتىھات دەرۋازىسىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، دىنىي ئىسلاھ ھەرىكىتى ۋە فىقھىنىڭ قايتىدىن گۈللىنىش باسقۇچى.

يەنە بەزىلەر، سىياسىي، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرىگە قاراپ، ئىسلام فىقھىنى تۆۋەندىكى باسقۇچلارغا بۆلدى:

1 - **قانۇنشۇناسلىق باسقۇچى:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھىي كەلگەندىن تارتىپ ھىجرىيىنىڭ 11 - يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغانغا قەدەر.

2 - **فىقھى باسقۇچى:** ھىجرىيىنىڭ 11 - يىلىدىن 40 - يىللىرىغىچە بولغان تۆت خەلىپە دەۋرىدىكى فىقھى.

3 - **فىقھى باسقۇچى:** ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى كىچىك ساھابىلەر بىلەن بۈيۈك (چوڭ) تابىئىنلار دەۋرىدىكى فىقھى.

4 - **فىقھى باسقۇچى:** ھىجرىنىڭ ئىككىنچى ئەسىردىن تارتىپ تۆتىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى فىقھى.

5 - **فىقھى باسقۇچى:** تۆتىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن ھىجرىيە 656 - يىلى باغداتنىڭ مۇنقەرز بولغۇچىلىك ئارىلىقدىكى فىقھى.

6 - **فىقھى باسقۇچى:** باغداتنىڭ مۇنقەرز بولۇشىدىن ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتىكى فىقھى.

ئىككىنچى قىسمدا ئاساسلىق تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئايرىم ۋەقەلەرنى بايان قىلىش بىلەنلا چەكلىنىمىز.

بىرىنچى قىسىم

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھى كەلگەندىن تارتىپ ھىجرىينىڭ 11 - يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغانغا قەدەر قانۇنشۇناسلىق باسقۇچى
- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھىي كەلگەن چاغدىكى ئەرەب يېرىم ئارىلى بىلەن دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىنكى مۇھىم ۋەقەلەر.
- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا قانۇن چىقىرىش
- ھازىرقى زامان قانۇن چىقىرىش مەنبەلىرى.
- بىرىنچى: قۇرئان كەرىم.
- ئىككىنچى: سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام قانۇنىدىكى ئورنى.
- قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى قانۇننىڭ خۇسۇسىيەتلىرى.

بىرىنچى قىسىم

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھى كەلگەندىن تارتىپ ھىجرىينىڭ 11 - يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغانغا قەدەر قانۇنشۇناسلىق باسقۇچى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھىي كەلگەن چاغدىكى ئەرەب يېرىم ئارىلى بىلەن دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىنكى مۇھىم ۋەقەلەر .

6 - ئەسىردە پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇن، ئەرەب يېرىم ئارىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا، شەرقىي شىمالدا پارس ئىمپېرىيىسى، غەربى شىمالدا رۇم ئىمپېرىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىمپېرىيە ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، ھەر ئىككى ئىمپېرىيەنىڭ مەدەنىيىتى، قانۇنى ۋە ئۆزىگە خاس دىنىي ئېتىقادى بار ئىدى.

www.uyghurweb.net

پارس ئىمپېرىيىسىدە سەلتەنەتكە ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئىمپېراتورلار ئىگىدارچىلىقىدىكى جايلارغا بولغان نوپۇزىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، پارس مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلدى ھەمدە مۇسۇلمانلار ئىستىلا قىلغانغا قەدەر (مىلادىي 226 - 651 يىللار) ئىراندىكى ئەڭ ئاخىرقى دۆلەت بوپ قالدى.

پارسلار - تەبىئەتكە ئىبادەت قىلىشقا مايىللىقى بىلەن شۆھرەت قازاندى ۋە (زەردۇشت) نەزىرىيىسىگە ئاساسەن ئۇنى ئۆزلىرىگە پەيغەمبەر دەپ گۇمان قىلىشتى. بۇ نەزەرىيەگە مۆرە، نۇر - زۇلمەت، مولچىلىق - قورغاقچىلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت خىلمۇخىل كۈچلەر ئارىسىدا توقۇنۇش، دە - تالاش مەۋجۇت ئىدى ھەمدە دۇنيادا ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى ئىلاھ ئۈزلۈكسىز بىر بىرىگە قارشى كۈرەش قىلاتتى. بۇ ئىككى ئىلاھ ئىجادچانلىق (يارىتىش) كۈچىگە ئىگە ئىدى، شۇنداقلا ياخشىلىق - نۇر ئىلاھى، مەنپەئەتلىك ھايۋانلار، چىرايلىق قۇشلارنى يارىتىشقا ئوخشاش ياخشىلىق، يامانلىق ۋە گۈزەللىكتىن ئىبارەت پۈتكۈل نەرسىنى يارىتاتتى. يامانلىق - زۇلمەت ئىلاھى بولسا، يىرتقۇچ ھايۋانلار، يىلان - چايانلار، ھاشارەتلەرگە ئوخشاش دۇنيادىكى يامانلىقنىڭ سىمۋولى بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يارىتاتتى. بىراق ئاخىرقى غەلىبە ياخشىلىق روھى (ئىلاھى) غا مەنسۇپ ئىدى. زەردۇشت نەزەرىيىسىدە ئىنسان بىرىنچىسى دۇنيادىكى، ئىككىنچىسى بولسا ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتتىن ئىبارەت ئىككى خىل ھاياتقا ئىگە بولۇپ، ئىنساننىڭ ئاخىرەتتىكى (ئۆلگەندىن كېيىنكى) ھاياتى، دۇنيادىكى ھاياتىدا قىلغان ئەتكەنلىرىگە قاراپ بەلگىلىنەتتى. ھەمدە ياخشىلىق ئىلاھى يامانلىق ئىلاھىنى يەڭگەندە قىيامەن كۈنى يېقىنلىشىپ قالغان بولاتتى.

پارسلار، ياخشىلىق ئىلاھى سۈپىتىدە ئاتەش (ئوت) نى ئىلاھ قىلىۋالغان بولۇپ، ئىبادەتخانىلىرىنى ئاتەش بىلەن يورۇتۇپ، ياخشىلىق ئىلاھى يامانلىق ئىلاھى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانغا قەدەر ئاتەشكە تاۋاپ قىلاتتى.

ئۆز ۋاقتىدا كەڭ تارقالغان مانى دىنى، زەردۇشت نەزەرىيەسىنىڭ ئاز بىر قىسمىنىلا قوبۇل قىلغان ئىدى. تەخمىنەن مىلادىنىڭ 484 - يىلى ئىراندا (مەزدىك) تەختكە چىقتى ۋە يېڭى بىر بۇددىزىم نەزىرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇمۇ نۇر - زۇلمەت دەپ تونۇسمۇ، بىراق ئۇنىڭ نەزىرىيىسى پۈتۈنلەي سوتسىيالىزم بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە ھەممە كىشى باراۋەرلىك ئاساسىدا تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن باراۋەرلىك ئاساسىدا ياشىشى، ئەڭ مۇھىمى مال - مۈلك ۋە ئاياللار توغرۇلۇق باراۋەرلىكنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى لازىم ئىدى.

شىسىرىستانىغا كۆرە، (مەزدىك) كىشىلەرنى جېدەل - ماجرا، دۈشمەنلىك ۋە ئۇرۇشتىن مەنئى قىلىش بىلەن بىرگە، ئاياللار بىلەن مال - مۈلكنى سۇ، ئوت - چۆپ، ئاتەش كەبى ئىنسانلارنىڭ ئورتاق پايدىلىنىدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتەك خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئىدى.

ئىراننىڭ ساسانىلار دەۋرىدىكى قانۇنى بولسا، نىكاھلىنىش، مال - مۈلك ۋە قۇللۇق تۈزۈلمىسى شۇنداقلا بىر قىسىم ئاممىۋى ئىشلاردا شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

قەيسەرلەر ھۆكۈم سۈرگەن رۇم ئىمپېرىيىسىدە بولسا، يۇنان ئاندىن گىرىك ئاندىن سوقرات، ئەفلاتون، ئارىستولارنىڭ نەزىرىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شام، مىسىر ۋە مەغرىپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا دېڭىزغا قەدەر كەڭ تارقالغان بىر مەدەنىيەت بەرپا قىلىندى. ھالبۇكى بۇ جايلاردا خىرىستىئان دىنىنىڭ ھەرخىل مەزھەبلىرى كەڭ تارقالغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن خىرىستىئانلار بۇتپەرەسلەرگە قارشى نەزىرىيىسىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن يۇنان پەلسەپىسىگە مۇراجەت قىلدى. بۇ چاغدا ئىسكەندەرىيە، پەلسەپە بىلەن يۇغۇرۇلغان دىنىنىڭ جۇغراپىيىلىك مەركىزى ئىدى. تەخمىنەن مىلادىنىڭ 200 - يىلدىن بۇيان ئىسكەندىرىيەدە (يېڭى ئەفلاتون) نەزىرىيىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. خىرىستىئان دىنى بولسا شام، مىسىر، مەغرىب، نۇبە، ھەبەشىستان ۋە ئىراقتا كەڭ تارقالدى. يۇنان پەلسەپىسىنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، سۈريانىلەرمۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن خىلمۇخىل مەكتەپلەرنى بىنا قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم مەركەزلىرى رۇھا، نەسىبىن ۋە ھىرماتتا ئىدى. سۈريانىيلەر پۈتۈن دىققەت ئېتىبارىنى بۇتپەرەس ئېتىقاد نەزىرىيىسى ۋە مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن يۇنان كىتابلىرىنى، ۋە رۇم قانۇنى، تىبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە ۋە پەلسەپىسگە ئائىت كىتابلىرىنى سۈريانى تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا قاراتتى.

بۇ چاغدا، ئۆزىگە خاس دىنى ئېتىقادى، مەدەنى مىراسلىرىغا ئىگە يەھۇدىيلار ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدا، يەسرەبتە ۋە بىر قىسىم (ئەرەب رايونلىرى) غا تارقالغان ئىدى.

www.uyghurweb.net

كۆپىنچىسى بەدەۋىيلىكتىن كېلىپ چىققان ئەرەبلەر بولسا سەھرادا ياشايتتى، ئۇلار ئىجتىمائىي ۋە تەقلىدى ئۆرپ - ئادەتكە ئاساسلانغان قەبىلە تۈزۈلمىسى بويىچە ئالاقە قىلاتتى. ھەممە ئۇلارنى ھەر خىل جېدەل ماجرالىرىنى ھەل قىلىشتا تولۇق ھوقۇققا ئىگە قەبىلە باشلىقلىرى ئىدارە قىلاتتى ۋە شۇ چاغدىكى، نىكاھلىنىش ۋە قاتىلدىن قىساس ئېلىشتىن ئىبارەت ئائىلە تۈزۈلمىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىجتىمائى تۈزۈملەرمۇ قەبىلە تۈزۈلمىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئىدى.

بىر قىسىم ئەرەبلەر مەككە، يەسرەب ۋە تائىپ قاتارلىق شەھەرلەردە ياشايتتى ۋە يېزا ئىگىلىك ۋە سودا ـ سانائەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. جۈملىدىن مالىيە ۋە تىجارەتكە ئائىت مۇئامىلە تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى، ئەرەبلەرنىڭ چوڭ بازارغا يۈزلىنىپ، توپلىنىپ ھەج قىلىشقا تۈرتكە بولدى، نەتىجىدە قۇرەيش قەبىلىسى مەككىدە تىجارەت بىلەن شۆھرەت تاپتى ۋە قۇرەيشلەر قىشمۇ - ياز (رۇملارنىڭ كونتروللىقىدىكى) سۈرىيە، (سامانىيلارنىڭ كونتروللىقىدىكى) ئىراق ۋە يەمەن بىلەن دائىملىق سودا ئالاقە ئورناتتى.

ئەتراپىنى قورشىغان مەدەنىيەتلەر ئەرەبلەرگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن بەلكى رۇملار بىلەن پارسلارنىڭ ئوتتۇرىسىكى توقۇنۇش ھەر ئىككى تەرەپنى ئەرەبلەردىن پايدىلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. ھەتتا ھەر ئىككى تەرەپ بەدەۋىيلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قالدى. پارسلار پىرات دەرياسى بويىدا ئوردا قۇرۇپ چىقىپ، ئەمر ئىبنى ئەدىنىنى ئەمىر قىلدى. غەسسانىيلارمۇ شامدا ئوردا بىنا قىلدى. ھىراتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاسى ھىندىنىڭ يولدىشى ۋە (نابىغەتۇز زەبيانى) ئىسمىلىك ئەسەرنىڭ ئەبۇ قامۇس دەپ ئاتالغان ئاپتورى بەشىنچى نۇئمان ئىبنى مۇنزىر ئىدى. ئۇ كىسرانىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن ۋە مىلادىنىڭ 602 - يىلى ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر، كىسرا ئۇنى زىندانغا تاشلىدى.

غەسسانىلەرنىڭ ئاخىرقى پادىشاسى جەبلە ئىبنى ئەل ئەيھەم ئىدى، مۇسۇلمانلار شامنى پەتھى قىلغاندا جەبلە مۇسۇلمان بولۇپ مەدىنىگە باردى، ئۆمەر ئۇنى قىزغىن كۈتىۋالدى. بىراق ئۇ فزارە قەبىلىسىدىن بىر ئادەمنى ئۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كىشى ئۆمەردىن قىساس ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۆمەر جەبلەگە تېگىشلىك جازا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا ئۇ قەيسەرنىڭ يېنىغا قېچىپ كەتتى ۋە ھىجرىيىنىڭ 20 - يىلى ئۆلگەنگە قەدەر قۇستانتىنىيەدە (ئىستانبۇلدا) قالدى.

دېمەك ھىراتتىكى ئەرەبلەر پارسلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغىنىدەك، غەسسانلىق ئەرەبلەرمۇ يۇنان مەدەنىيىتى ۋە رۇم دىنىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىدى. قىسقىسى رۇملار بىلەن پارسلار ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئەرەبلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى.

يەھۇدىيلار ئەرەب دۆلەتلىرىگە كۆچۈپ، تىما، فەدەك، خەيبەر، يەسرىب قاتارلىق جايلارغا يەرلىششكە باشلىدى. خۇددى خرىستىئانلارنىڭ نەجرانغا يەرلەشكىنىدەك.

يۇقىرىقىلارنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نوقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1 - تىجارەت

2 - پارس ۋە رۇم چېگرىسىغا قۇرۇلغان ئوردىلار.

3 - يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنى.

مانا بۇلار يېقىن شەھەرلەردىن ئەرەبلەرگە سىڭىپ كىرىپ، مەدەنىيەت جەھەتتىن كەڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

گەرچە ئەرەبلەر ئىبراھىم ۋە ئىسمائىلنىڭ مىللىتىگە ۋارىسلىق قىلىشمۇ ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ قوپال، مىجەزىنىڭ ئۇسال بولۇشىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ مىراس ھېچنەرسىگە ئەسقاتمىغان، نەتىجىدە جاھالەتنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن ھەممە ياقنى بۇتپەرەستلىك قاپلاپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئەرەبلەر قاتتىق مالىمانچىلىق ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولغان.

ئىبنى خەلدۇن ئۇلارنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«ۋەھشىي تەبىئەتلىك قاراقچى ۋە غەنىمەتخۇمار ئەرەبلەر، ھېچقانچە كۈچەمەستىن ۋە ھېچبىر خەۋپ - خەتەرگە يولۇقماستىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قوللىغا نېمە چىقسا شۇنى ئېلىپلا چۆل - باياۋانلارغا تىكىۋېتەتتى. ئۇلار قانداقلىكى بىر يەرگە قەدەم باسسا، ئۇ يەر ھەش - پەش دېگۈچە خارابىلىككە ئايلىنىپ كېتەتتى. چۈنكى ئۇلار ۋەھشىي بىر مىللەت ئىدى. ئۇلار بىنالاردىن تاشلارنى قومۇرۇپ كېلىپ ئىسىل ئىمارەتلەرنى چېقىپ تۈپتۈز قىلىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا

www.uyghurweb.net

چېدىرلىرىنى تىكلىشەتتى، ئۇلار مەنسەپكە تولىمۇ ھېرىسمەن بولۇپ، مەنسەپكە كەلگەندە، ئاتا ـ ئانىسى، قېرىنداشلىرى ۋە يېقىن يورۇقلىرىنىمۇ قىلچە ئاياپ قويمايتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە خەيرىخاھلىق قىلىش ۋە بىر بىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن تولىمۇ ئۇزاق تەرسا بىر مىللەت ئىدى.

شۇڭا ئۇلارغا پادىشاھلىق نېسىپ بولمىغان ۋە ئۇلارنى پەقەت دىنى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىش ئارقىلىقلا ئىسلاھ قىلىش مۇمكىن ئىدى ”پەيغەمبەر ئەۋەتىش ياكى ئۇلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن دىنىنىڭ تەسىرىدىن ئۇلارنى تەلتۆكۈس تازىلاش ئارقىلىق“.

شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، نىكاھ ۋە تالاق ئىشلىرىدا مەلۇم ئادەتلىرى بار ئىدى ۋە ئۆيلىرىدىكى ۋە باشقا مۇئامىلە ئىشلىرىدا ئانىلار، ئاچا ـ سىڭىللارغا ئوخشاش ئۆزلىرىگە ھارام قىلغان نىزاملىرى بار ئىدى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ جىنايى ئىشلارغا ئائىت قائىدە نىزاملىرىمۇ بار ئىدى.

قىسقىسى، پەيغەمبەر كېلىشتىن بۇرۇنقى ئەرەبلەر بىلەن دۇنيانىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق ئىدى. ئەنە شۇنداق يامانلىقنىڭ قارا تۇمانلىرى ھەر ياقنى قاپلاپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىغا قۇللۇق، ۋەيرانچىلىق ۋە خىلمۇخىل خەۋپ ـ خەتەر يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان بىر پەيتتە، مەككىنىڭ بەتھا دېگەن يېرىدىن ھەقىقىي ئىنسانى ھايات بەرپا قىلىپ، ئىنسانىنىڭ روھى دۇنياسىنى يورۇتىدىغان تولىمۇ كۈچلۈك ۋە ھەيۋەتلىك بىر ئاۋاز ”بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق“ ئاڭلاندى. بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئاللاھ بۇ ئاۋاز ئارقىلىق ھەيرەتتە قالغان ئىنسانلارنىڭ دىللىرىنى يورۇتۇپ، توغرا ئېتىقاد بىلەن ئىمانىنىڭ نۇرىغا يېتەكلەش، مەنپەئەتلىك ئىلىم يوللىرىنى ئېچىش، زالىملارنىڭ مۇشتۇمزورلۇقلىرىنى پاچاقلاپ تاشلايدىغان ئادالەت ۋە ئىنسانىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ۋە ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغدايدىغان ھۆررىيەت شۇنداقلا ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ئۈچۈن كېشىلىپ ھەسسە قوشۇشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغان باراۋەرلىك ئاتا قىلىش ئىدى. ئۇ ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن بىرگە ياخشىلارغا خوشخەۋەر يەتكۈزدى ۋە ئالەمشۇمۇل دەۋەتنى تەنتەنىلىك ھالدا جاكارلىدى. ئۇنىڭ بۇ جاكارسىنىڭ ئەكس ساداسى ھىجاز ۋە نەجدى تاغلىرىنى ياڭرىتىپ، پۈتۈن يەر ـ زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈردى. شۇنداقلا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى مەيلى ئۇ قايسى ئىرقتىن بولسا بولسۇن بىر بايراق ئاستىغا توپلىنىشقا چاقىردى.

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن﴾[1].

﴿سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق﴾[2].

روشەنكى بۇ رىسالەت، ھىدايەت ۋە نۇر ئىدى: ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت بولغان، دىللاردىكى دەرتكە (يەنى شەك ۋە نادانلىققا) شىپا بولغان (قۇرئان) كەلدى﴾[3].

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە قانۇن چىقىرىش پرىنسىپلىرى

يۇقىرىدا بىز ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن قانۇننىڭ خاسلىقى بىلەن تونۇشتۇق:

﴿ئۇلارنىڭ اللە رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟﴾[4]. مانا بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىشقا ئاشقا بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاپاتى بىلەن تەڭ ۋەھيي توختىغان. قانۇن چىقىرىش ياكى ئاللاھنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان قۇرئاندىكى ئۆرنەكلەردە كۆرسىتىلگىنىدەك مەنا (ئۇقۇم) ۋە لەۋزى

---

[1] سۈرە ئەئراف 158 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە سەبەئ 28 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە يۇنۇس 27 - ئايەت.
[4] سۈرە شۇرا 21 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurweb.net

جەھەتتىن ئىلاھى ۋەھىي بولۇشى، ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدە كۆرسىتىلگىنىدەك لەۋزىدىن خالىي مەنا جەھەتتىن ئىلاھىي ۋەھىي بولۇشى لازىم. چۈنكى ھەدىسنىڭ لەۋزى ئاللاھنىڭ كالامى (سۆزلىرى)، ئۇنىڭ مەنىسى ۋەھىي دېمەكتۇر.

﴿(ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ﴾[1] قانۇن چىقارغۇچى پەقەتلا ئاللاھ دۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا ئۇنىڭ قانۇننى بايان قىلغۇچى (ئورۇندۇغۇچى) دۇر. ﴿(بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، دەپ نازىل قىلدۇق﴾[2].

ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشنى ۋاجىپ (باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيەت) قىلدى. چۈنكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغانلىق، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىقتۇر. ﴿كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ)﴾[3] پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمىنى ئۆزىدىن بولغان ئىلھام قىلدى. ﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنى كىشلەرنىڭ ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق﴾[4] دېمەك، قانۇن چىقىرىش ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا خاستۇر. روشەنكى ئىسلامنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسلىق مەنبەسى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى بىلەن بىللە قانۇن چىقىرىش دەۋرى ئاخىرلاشتى. ئائىشەنىڭ ھەدىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيىنىڭ قانداق باشلانغانلىقى، ئالدى بىلەن ياخشى چۈش كۆرۈشتىن باشلاپ كېيىن يالغۇزلۇقنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقى، ھەتتا پەرىشتە كەلگەندە ئۇنىڭ ئىبادەت ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى تەپسىلى بايان قىلىدۇ.

مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى قېتىملىق ۋەھىي بىلەن ئۇچرىشىشى ياخشى چۈش كۆرۈشتىن باشلانغان ئىدى، ئۇنىڭ چۈشى تاڭ ئاتقاندەك روشەن ئىدى، ئاندىن ئۇ يالغۇزلۇقنى خالايتتى ۋە ھىرا غارىدا بىر قانچە كۈن ئىبتىكاپ قىلاتتى، ئوزۇق تۈلۈكى تۈگەپ قالغاندا خەدىچەنىڭ يېنىغا قايتاتتى، بۇ تاكى پەرىشتە كەلگەنگە قەدەر داۋام قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: پەرىشتە ماڭا ئوقۇ! دېدى، مەن - ئوقۇشنى بىلمەيمەن - دېدىم. ئاندىن ئۇ مېنىڭ گېلىمنى قاتتىق سىققانلىقتىن جېنىم چىقىپ كەتكۈدەك بوپ كەتتىم، ئۇ مېنى قويۇۋېتىپ يەنە - ئوقۇ! - دېدى، مەن ئۇنىڭغا - ئوقۇشنى بىلمەيمەن - دېدىم، ئۇ يەنە گېلىمنى قاتتىق سىقىپ قويۇۋەتكەندىن كېيىن: ﴿ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر﴾[5] - دېدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئۆيىگە قايتتى، ھالبۇكى ئۇ قورقۇنچتىن غال - غال تىترەيتتى. ئۇ خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا - مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، مېنى يۆگەپ قويۇڭلار - دېدى. ئاندىن ئۇنى تەلۋىگە ئاساسەن شۇنداق بىر يۆگەپ قويۇشتىكى ئۇنىڭ جېنى چىقىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئاندىن ئۇ خەدىچەگە:

- مەن ئۆزەمدىن تولىمۇ قورقۇپ قالدىم، - دېدى. خەدىچە ئۇنىڭغا:

- قورقما! ئاللاھ سېنى ھەرگىز رەسۋا قىلمايدۇ. چۈنكى سەن سىلە - رەھىم قىلىسەن، يوقسۇللار ۋە ھاجەتمەنلەرگە يار - يۆلەك بولىسەن، مېھمانلارغا ئىززەت - ئىكرام قىلىپ، دائىم دېگۈدەك ھەقنى ياقلاشقا تىرىشىسەن - دېدى. ئاندى خەدىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى، ئەسەد ئىبنى ئابدۇلئۇززانىڭ ئوغلى، تاغىسى ۋەرەقە ئىبنى نەرفەلەنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. ۋەرەقە، جاھىلىيەت دەۋرىدە خرىستىئان دىنىغا كىرگەن، ئىبرانىيچە بىلىدىغان ۋە ئىنجىلنىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرانىي تىلىدا يازىدىغان، ياشانغان ۋە ئەما كىشى ئىدى.

خەدىچە ئۇنىڭغا:

---

[1] سۈرە نەجم 3 ـ 4 - ئايەتلەر.
[2] سۈرە مائىدە 43 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نىسا 80 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە نىسا 108 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە ئەلەق 1 ـ 3 ـ ئايەتكىچە.

www.uyghurweb.net

- تاغا، قېرىندىشىڭىزنىڭ ئوغلىنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ باققىن بولسىڭىز تولىمۇ ياخشى بولاتتى! - دېدى. ۋەرەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

- ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، ساڭا نېمە بولدى؟ - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بېشىغا كەلگەنلەرنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن ۋەرەقە:

- بۇ ئاللاھنىڭ مۇساغا ئەۋەتكەن نامۇستۇر (جىبرىئىلدۇر). كاشكى دەۋەتنى باشلىغان كۈنلىرىڭدە ياش بولسامچۇ! كاشكى قەۋمىڭ سېنى ئەزىز يۇرتۇڭدىن قوغلاپ چىقارغاندا مەن هايات بولسامچۇ! - دەپ قاتتىق ئاھ ئۇردى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇلار مېنى يۇرتۇمدىن راستىنلا قوغلاپ چىقىرارمۇ؟ - دېدى. ۋەرەقە:

- شۇنداق، ئۇلار سېنى قوغلاپ چىقىرىدۇ، چۈنكى ساڭا ئوخشاش ۋەھيي ئېلىپ كەلگەنلەرنىڭ باشلىرىغا ناھايىتمۇ قاتتىق ئېغىر كۈلپەتلەر كەلگەندۇر. كاشكى سېنى دەۋەتكە باشلىغان شۇ كۈنلەردە يېتىشكەن بولسام، ساڭا قولۇمدىن كېلىشىچە يار - يۆلەك بولاتتىم ئەمەسمۇ؟! - دېدى. ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولدى ۋە ۋەھيىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى» بۇ ھەدىس سەھىھەين ۋە باشقا ھەدىسلەردىمۇ مۇشۇنداق بايان قىلىنغان.

ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ تارىخىدىكى جەزم ئىبنى ئىساقتىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىش مۇددىتىنى ئۈچ يىل دەپ بايان قىلغان. بەيھەقىيغا كۆرە ياخشى چۈش كۆرۈش ئالتە ئاي داۋاملاشقان ۋە 40 ياشقا كىرگەندىن كېيىن تۇغۇلغان ئىبىي رەبىئۇل ئەۋۋەلدە پەيغەمبەرلىك چۈش بىلەن باشلانغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئىدىيە جەھەتتىن ياخشى ھازىرلىنىۋېلىش پۇرستى يارىتىپ بېرىلگەن. ئاندىن ۋەھيي رامىزان ئېيىدا باشلىغان. ئىبنى ھەجەر، فەتھى ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رامىزان ئېيىدا ھىرا غارىدا ئىبتىكاپ قىلىۋاتقاندا ۋەھيىنىڭ باشلىنىشى، پەيغەمبەرلىكنىڭ رامىزاندا باشلىنىشىنىڭ تەقەززاسى ئىدى“.

ۋەھيي ئۈزۈلۈپ قېلىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن مۇددەسسىر سۈرىسى نازىل بولدى. سەھىھەيندە ئەبۇ سەلىمە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كېتىۋاتسام توساتتىنلا ئاسماندىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام ئاسمان - زېمىننى قاپلىغۇدەك چوڭلۇقتىكى تەختكە ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان ھەيۋەتلىك بىر پەرىشتىنى كۆردۈم. ئاندىن مەن قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكىمدىن ھوشۇمدىن كەتتىم، كېيىن ئۆيگە قايتىم (مېنى يۆگەپ قويۇڭلار) دېۋىدىم مېنى يۆگەپ قويۇشتى». ﴿ئى (ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى، تۇر! (ئىنسانلارنى) اللەنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر. پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا. كىيىمىڭنى پاك تۇت. ئازابتىن (يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول﴾[1] بۇ يەردىكى **(زملونى)** دىن مەقسەت **(دثرونى)** دۇر، يەنى ھەر ئىككىسىنىڭ مەنىسى ئوخشاشتۇر (مېنى يۆگەپ قويۇڭلار). شۇڭا ﴿يَا أَيُّهَا الْمُزَّمِّلُ ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!)﴾ نىڭ نازىل قىلىنىشىغا ئېھتىياج يوقتى. چۈنكى ئۆلىمالارنىڭ بىردەك قارىشىچە ﴿يا أيها المزمل﴾، ﴿يا أيها المـدثر﴾ دىن كېيىن نازىل بولغان. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، بەئسەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇددەسسىر سۈرىنىڭ بېشىدا ئاگاھلاندۇرۇش ئەمرى بېرىلگەن بولسا، مۇززەممىل سۈرىسىنىڭ بېشىدا كېچىسى قىيامدا تۇرۇش ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا ئەمر قىلىنىشى ئىدى.

تۆۋەندىكى ئۈچ ئايەت مەخسۇس قۇرئاننىڭ قانداق نازىل بولغانلىقى ھەققىدە نازىل بولغان:

1 - بەقەرە سۈرىسى: ﴿رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى﴾[2].

2 - دۇخان سۈرىسى: ﴿بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن مۇبارەك كېچىدە (يەنى شەبى قەدرى كېچىسىدە) نازىل قىلدۇق﴾[3].

3 - قەدر سۈرىسى: ﴿بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدرىدە نازىل قىلدۇق﴾[4].

---

[1] سۈرە مۇددەسسىر 1 ـ 5 - ئايەتكىچە.
[2] سۈرە بەقەر 185 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە دۇخان 2 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە قەدەر 1 - ئايەت.

www.uyghurweb.net

بۇ ئايەتلەرگە ھېچكىم ئېتىراز بىلدۈرەلمەيدۇ. ئايەتتىكى مۇبارەك كېچىسى ـ رامىزان ئېيىدىكى قەدىر كېچىسىدۇر. بۇ ئايەتلەر ۋە 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بويانقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان تارىخى ۋەقەلەر نىڭ خۇلاسىسى رامىزان ئېيىدا چىقىرىلغان.

ئۇنداقتا شۇنچە يىللارنى بىر ئايغا يەنە كېلىپ بىر كېچىگە سىغدۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ ئۆلىمالار بۇ ھەقتە ئىككى مەزھەپكە ئايرىلغان:

بىرىنچى مەزھەپ: ئىبنى ئابباسقا كۆرە، قۇرئان قەدىر كېچىسى لەۋھۇل مەھپۇزدىن ئەڭ تۆۋەنكى ئاسمانغا بىراقلا نازىل قىلىنغان، ئاندىن بەئسەت جەريان ئىدىكى ھادىسىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەدرىجى ھالدا ئايرىم ـ ئايرىم نازىل قىلىنغان. شۇڭا ئايەتلەر بىلەن ۋەقەلەر بىر ـ بىرىگە ھېچ توقۇشۇپ قالمايدۇ. ھالبۇكى ئايەتلەردە قۇرئاننىڭ بىراقلا نازىل قىلىنغانلىقى خەۋەر قىلىنىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم نازىل قىلىنىشى ھەققىدە خەۋەر بېرىلمىگەن. ئىبنى ئابباس قاتارلىقلارنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، ئاللاھقۇرئاننى لەۋھۇل مەھپۇزدىن ئەڭ تۆۋەنكى ئاسمانغا بىراقلا نازىل قىلىنغان، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 يىللىق ھاياتىدىكى تەرەققىياتىغا قاراپ تەدرىجى ھالدا ئايرىم ـ ئايرىم نازىل قىلىنغان.

ئىككىنچى مەزھەپ: شۆئبەگە كۆرە، رەسۇلۇللاھقا پەيغەمبەرلىك رامىزان ئېيىدىكى مۇبارەك كېچىدە (قەدىر كېچىسىدە) ۋەھيى بىلەن باشلانغان. ئاندىن قۇرئان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى بويىچە (ئايەتمۇئايەت) نازىل قىلىنغان. دېمەك مەزكۇر ئۈچ ئايەتتە قۇرئاننىڭ تۇنجى قېتىملىق نازىل بولۇشى ھەققىدە خەۋەر بېرىلگەن بولسىمۇ، ئومۇمى نازىل بولۇش ھەققىدە خەۋەر بېرىلمىگەن. بۇ ئوقۇم ھەرگىزمۇ ۋەقەلىككە زىت ئەمەس.

بۇ ئىككى تۈركۈمدىكىلەرگە قاراپ، ئىبنى ئابباسنىڭ مەزھىبىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان رامىزان ئېيىغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمىدى دەپ قېلىشقىز مۇمكىن. يەنى ئاللاھنىڭ قۇرئاننى رەسۇلۇللاھقا ئەمەس ئەڭ تۆۋەنكى ئاسمانغا نازىل قىلىشى، ئاللاھنىڭ بۇ ئۈممەتكە رامىزان ئېيىدا قىلغان پەزىلىتىنى تولۇق نامايەن قىلىپ بېرەلمەيدۇ، دەپ چۈشىنىپ قېلىشقىز مۇمكىن. قۇرئاننىڭ رامىزان ئېيىنىڭ قەدىر كېچىسىدە نازىل بولۇشقا باشلىغانلىقى ھەققىدە ئەڭ توغرا يەكۈن چىقارغان شۆئبەدۇر.

ئىبنى ئىسھاققا كۆرە، قۇرئان رامىزاننىڭ 17 ـ كېچىسى نازىل بولغان. قۇرئاندا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالاغا، ئىككى گۇرۇھ (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار) ئۇچرىشىپ ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلغان كۈندە (يەنى بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈندە) بەندىمىزگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز نازىل قىلغان نەرسىلەر (يەنى ئايەتلەر ۋە پەرىشتىلەر) گە ئىشەنسەڭلار (ئاللاھنىڭ غەنىمەت توغرىسىدىكى ھۆكمىنىڭ ئەنە شۇ ئىكەنلىكىنى بىلىڭلار﴾[1] بۇ يەردىكى مۇسۇلمان ۋە مۇشرىكلاردىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇپ ئۇچراشقان كۈن، دەل ھىجرىيىنىڭ 2 ـ يىلى رامىزاننىڭ 17 ـ جۈمە كۈنى ئىدى. ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلغان كۈن بولسا، قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشقا باشلىغان كۈن ئىدى. گەرچە بۇ ئىككى مەزھەپتىكىلەر ئاينى يىل ھەققىدە بىردەك پىكىر بىرلىككە كېلەلمىگەن بولسىمۇ، رامىزاننىڭ 17 سى ھەققىدىكى پىكىرلىرى بىردەك. قەستىلانى بۇخارىغا يازغان شەرھىدە، نۇرغۇنلىغان كۆز قاراشلارغا ئاساسەن بۇ كېچىنى بەلگىلەشتىكى ئۆلىمالارنىڭ قارشى بىردەك ئەمەس. جۈملىدىن ئىبنى ئەبى شىيبە ۋە تىبرانىنىڭ زەيد ئىبنى ئەرقەمنىڭ ھەدىسىگە ئاساسلانغان ئىبنى ئىسھاقنىڭ قارشى ھەم شۇنداق.

بۇ قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشقا باشلىنىشىغا قىياسەن ئېيتىلغان كۆز قاراشتۇر.

قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى ھەققىدىكى باشقا كۆز قاراش بولسا:

ئا) ـ ئەڭ ئاخىرقى نازىل بولغان ئايەت جازانە ھەققىدە ـ دېگەن قاراش. بۇخارىنىڭ ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئەڭ ئاخىرقى نازىل بولغان ئايەت جازانە ھەققىدىكى ئايەتتۇر. ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَذَرُوا مَا بَقِيَ مِنَ الرِّبَا**﴾

[1] سۈرە ئەنفال 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurweb.net

﴿ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! ئاللاھ (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك) قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، (كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە) قېلىپ قالغان جازانىنى (يەنى ئۆسۈمنى) ئالماڭلار﴾[1].

ب) ـ ئەڭ ئاخىرى نازىل بولغان ئايەت، بۇ ئايەت دېگۈچىلەرنىڭ قارىشى: ﴿وَاتَّقُوا يَوْمًا تُرْجَعُونَ فِيهِ إِلَى اللَّهِ﴾ ﴿سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈن ئىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇكۈندە سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾[2] نەسەئى قاتارلىقلارمۇ ئىبنى ئابباس ۋە سەئىد ئىبنى مۇسەييەبلەرنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسەن يۇقىرىقى ئايەتنى ئەڭ ئاخىرى نازىل بولغان دېگەن قاراشتا.

ج) ـ ئەڭ ئاخىرقى نازىل بولغان ئايەت قەرز ھەققىدە دېگەن قاراش: ﴿ئى مۆمىنلەر! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆز ئارا قەرز بېرىشسەڭلار، ئۇنى (ھۆججەت قىلىپ) يېزىپ قويۇڭلار﴾[3]

يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇرئاننىڭ بىراقلا نازىل بولغانلىقى ھەققىدىكى پىكىرلىرى بىردەك. بولۇپمۇ قۇرئاندىكى ئايەتلەرنىڭ تەرتىۋى ھەققىدە. ﴿وَاتَّقُوا يَوْمًا﴾ قەرز ھەققىدىكى ئايەت بولۇپ ئوخشاش قىسسىدە بايان قىلىنغان. رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئەڭ ئاخىر نازىل بولغان ئايەت ـ دەپ قارىشىدۇ. بۇ ئىنتايىن توغرا قاراش بولۇپ، بۇ ھەقتە تالاش ـ تارتىش قىلىش ھاجەتسىز.

د) ـ ئەڭ ئاخىر نازىل بولغان ئايەت، ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق مېيىتنىڭ مىراسى توغرۇلۇق دېگەن قاراشتىكىلەر. بۇخارى ۋە مۇسلىم بەرا ئىبنى ئازىبدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئەڭ ئاخىرقى ئايەت: ﴿يَسْتَفْتُونَكَ قُلِ اللَّهُ يُفْتِيكُمْ فِي الْكَلَالَةِ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق مېيىتنىڭ مىراسى توغرۇلۇق پەتىۋا سورىشىدۇ﴾[4] دەيدۇ. بەرادىن باشقىسىدىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ ئەڭ ئاخىرقى نازىل بولغان ئايەتنىڭ مىراس توغرۇلۇق ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

ج) ـ ئەڭ ئاخىرقى نازىل بولغان ئايەت: ﴿لَقَدْ جَاءَكُمْ رَسُولٌ مِنْ أَنْفُسِكُمْ﴾ ﴿(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى﴾[5]. ئايەتتىن سۈرىنىڭ ئاخىرغىچە بولغان ئايەتلەر دېگەن قاراشتىكىلەر. ئەبۇ كەئبەنىڭ مۇستەدرىك ناملىق ئەسىرىدە، ئەڭ ئاخىرقى ئايەت ـ مەزكۇر ئايەتتىن باشلاپ ئاخىرغىچە بولغان ئايەتلەر، دېيىلگەن.

چ) ـ ئىبنى ئابباس ئەڭ ئاخىرقىسى مۇنۇ ئايەت: ﴿اللەنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەندە﴾[6] تۇر دەيدۇ.

بۇ كۆز قاراشلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قارىشى بولماستىن بەلكى ئۇلارنىڭ ئىجتىھاد ۋە قىياسلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بەلكى ئۇلار بىر بىرىدىن ئاڭلىغانلىرىنىڭ ئاڭلىغانلىقىنى قىياس قىلىپ ياكى مەخسۇس ھۆكۈم ھەققىدە نازىل بولغان ئايەتلەرگە ئاساسەن ۋە ياكى ئەڭ ئاخىرقى سۈرە تولۇق نازىل بولغان دەپ قاراپ بۇ خىل كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولۇشلىرى مۇمكىن.

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾[7] دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئۇ ئەرەفەدە ھەججەتۇلۋىدا "ۋىدالىشىش ھەج" يىلى نازىل بولغان. بۇ ئايەتنىڭ زاھىرى پەرز ـ ئەھكاملارنىڭ ۋايىغا يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە يۇقىرىدىكى جازانە، قەرز، ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق مېيىتنىڭ مىراسى قاتارلىقلار توغرۇلۇق توختالغان ئىدۇق. تىبرىغا كۆرە ئۇلارنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدىكى قارىشى مۇنداق ئىدى: " رەسۇلۇللاھقا بۇ ئايەتتىن كېيىن نە پەرز ـ ئەھكام، نە ھالال ـ ھارام ھەققىدە ھېچقانداق ئايەت نازىل بولمىغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەت نازىل بولۇپ 81 كۈندىن كېيىن ۋاپات بولغان.

يۇقىرىقىلاردىن بىز مۇنداق يەكۈن چىقىرىمىز: رەسۇلۇللاھقا ۋەھيي 40 ياشقا توشقان مەزگىلدە رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا ياخشى چۈش كۆرۈش بىلەن باشلانغان. قۇرئان رامىزان ئېيىدا ﴿"اقْرَأْ" ئوقۇ﴾ سۈرىسى بىلەن نازىل بولۇشقا باشلىغان ۋە كۆپ

---

(1) سۈرە بەقەرە 278 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە بەقەرە 281 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە بەقەرە 282 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) سۈرە نىسا 186 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) سۈرە تەۋبە 128 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) سۈرە نەسر 1 ـ ئايەت.
(7) سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurweb.net

ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارشى بويىچە ئەڭ ئاخىرقى ئايەت، ھەججەتۇل ۋىدادا ئەرەفە كۈنى نازىل بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيىنىڭ 11 - يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ۋاپاتى بىلەن بەئسەتتىن بىرى قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشىغا ئەگىشىپ داۋاملىشىۋاتقان 23 يىللىق قانۇن چىقىرىش دەۋرىگە خاتىمە بېرىلگەن. بۇ بىرىنچى قانۇن چىقىرىشنىڭ ئاساسى مەنبەسى بولۇپ ئىككىنچى ئاساسى مەنبەسى سۈننەت ئىدى. ئۈچىنچىسى بولسا بۇ دەۋردە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

## شۇ دەۋردىكى قانۇن چىقىرىش مەنبەلىرى

بىرىنچى قۇرئان كەرىم.

راغىب خام سۆزلەر لۇغىتىدە مۇنداق دەيدۇ: قۇرئاننىڭ ئەسلى مەنىسى مەنبە، دېمەكتۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّ عَلَيْنَا جَمْعَهُ وَقُرْآنَهُ . فَإِذَا قَرَأْنَاهُ فَاتَّبِعْ قُرْآنَهُ**﴾ ﴿ئۇنى توپلاش ۋە ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. ساڭا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە (يەنى جىبرىئىل ساڭا ئوقۇپ بەرگەندە) ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن﴾[1] ئىبنى ئابباس مۇنداق شەرھلەيدۇ: ”ئەگەر بىز قۇرئان توپلاپ قەلبىڭگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرسەك، ئۇنىڭغا ئەمەل قىل“. قۇرئان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس قىلىنىپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئىلمىدەك بوپ قالدى. خۇددى تەۋراتنىڭ مۇساغا، ئىنجىلنىڭ ئىساغا نازىل قىلىنغىنىدەك. بەزى ئۆلىمالار، بۇ كىتاب، ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان پۈتكۈل كىتابلارنىڭ ئاساسى مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن (قۇرئان) دەپ ئاتالغان، - دېيىشىدۇ. ﴿**تَفْصِيلَ كُلِّ شَيْءٍ**﴾ ﴿ھەممە نەرسىنى ئىنچىكە بايان قىلغۇچىدۇر﴾[2] ﴿**تِبْيَانًا لِكُلِّ شَيْءٍ**﴾ ﴿(يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ﴾[3] ﴿**قُرْآنًا عَرَبِيًّا غَيْرَ ذِي عِوَجٍ**﴾ ﴿قۇرئان ئەرەبچىدۇر، ئەگرىلىكتىن خالىدۇر﴾[4].

راغىبنىڭ سۆزلىرىدىنمۇ قۇرئاننىڭ ئەسلىدە بىر مەنبە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. ئۇ ئەرەبچىدىكى ئوقۇدى، ئوقۇيدۇ، ئۇقۇماقتىن تۈرلەپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى: توپلىماق، قوشماق... لاردىن ئىبارەتتۇر. قۇرئان ئاستا - ئاستا ئىلمى جەھەتتىن مۇقەددەس بىر كىتابقا ئايلانغان. قۇرئاننىڭ قانۇنى ۋە ئۆرپ - ئادەتتىكى مەنىسى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان بىزنىڭ تىلاۋەت قىلىش ۋە ئەھكاملىرى ئارقىلىق ئىبادەت قىلىشىمىز ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە تەدرىجى ھالدا يەتكۈزۈپ بەرگەن ئاللاھنىڭ كالامىدۇر ۋە ئۇنىڭ رىسالىتىگە دالالەت قىلىدىغان روشەن دەلىلدۇر.

جىبرىئىل قۇرئاننى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەرەب تىلىدا ئېلىپ كەلگەن. ﴿**وَإِنَّهُ لَتَنْزِيلُ رَبِّ الْعَالَمِينَ . نَزَلَ بِهِ الرُّوحُ الْأَمِينُ . عَلَى قَلْبِكَ لِتَكُونَ مِنَ الْمُنْذِرِينَ . بِلِسَانٍ عَرَبِيٍّ مُبِينٍ**﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر . ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى. (قۇرئان) ئوچۇق ئەرەبى تىلىدا (نازىل بولدى)﴾[5] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناتىق ۋە پاساھەتلىك تىلدا سۆزلەشتە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدىغان ئەرەبلار - ئەرەبلەر بىلەن مۇنازىرىلەشتى.

قۇرئاننىڭ چاقناق نۇرى ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقى مانا مەن دەپلا چىقىپ قالدى. ئۇلارغا قويۇلغان دەلىل مۇنداق ئىدى: ﴿بەندىمىز (مۇھەممەد) گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا) ئاللاھ دىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار﴾[6] ﴿ئۇلار قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى ئىجاد قىلغان دېيىشەمدۇ؟

---

[1] سۈرە قىيامەت 17 – 18 – ئايەتلەر.
[2] سۈرە سۈرە يۈسۈف 111 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نەھل 89 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە زۇمەر 24 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە شۇئەرا 192 – 193 – ئايەتلەر.
[6] سۈرە بەقەرە 23 - ئايەت.

www.uyghurweb.net

ئېيتقىنكى، «(بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھ دىن غەيرىي چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى (ياردەمگە) چاقىرىپ، (پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىن) قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرىنى ئىجاد قىلىپ بېقىڭلار» ﴾[1]

﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر ــ بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ ,ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ» ﴾[2].

تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئىنسانى ئەقىل، ئەڭ كۈچلۈك ھېسسى مۆجىزىلەرنى تەپەككۇر قىلىش ۋە كۆرۈشتىن تولىمۇ ئاجىز بولغاچقا، ئاللاھ ھەر بىر قەۋمگە (مىللەتكە) مۆجىزە ئارقىلىق ئۇلارنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ، ئەڭ كۈچلۈك ئېتىقادقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن مەخسۇس پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى. ئىنسانى ئەقىل كامالەتكە يەتكەن چاغدا، ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مەڭگۈلۈك پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭ مۆجىزىسى، ئىنسانىيەتنىڭ تۇرلۇك تەرەققىيات باسقۇچىدىكى يېتەكچى مۆجىزە يوپ قالدى. ئاللاھ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنى مۇسانىڭ قول، ھاسا مۆجىزىسى، ئىسانىڭ تۇغما كور، جۇزام كېسەللىرىنى ساقايتىش ۋە ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشتەك ھېچ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان مۆجىزىلەر ئارقىلىق كۈچلەندۈرگەن بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەقىلنى لال قىلىدىغان ۋە مەڭگۈلۈك داۋام قىلىدىغان چاقناق ئىلىم ـ پەن دەۋرىنىڭ مۆجىزىلىرى بىلەن كۈچلەندۈردى. ھالبۇكى بۇ پۈتكۈل ئىلىم ـ پەن ۋە مائارىپنى شۇنداقلا ئۆتمۈشتىكى ۋە كەلگۈسىدىكى خەۋەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئاننىڭ مۆجىزىسى ئىدى. مەيلى ئىنسانى ئەقىل قانچىلىك تەرەققىي قىلسا قىلسۇن، مىسلىسىز ۋە ئالەمشۇمۇل دەلىللەر ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باشقا چارىسى يوق. چۈنكى بۇ ـ دەلىللەرنىڭ ئىنسانى ئەقىل ئېھتىياجلىق بولغان پۈتكۈل شەرت ـ شارائىتنى ھازىرلاپ بېرىپ، ئۇنى ھەر بىر دەۋرگە ماس ھالدا رازۇرۇس يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رەسۇلغا ئەۋەتكەن ۋەھيى ئىكەنلىكىگە بولغان ئېتىراپتۇر. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىدىن تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا بولىدۇ: «ئاللاھقانداقلا بىر پەيغەمبەرگە مۆجىزە ئاتا قىلسا، ئىنسانلار تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان. ئاللاھنىڭ ماڭا ئاتا قىلىنغان مۆجىزە بولسا ـ ۋەھيىدۇر. مەن بۇ ۋەھيىگە ھەممىدىن بەكرەك ئەگىشىمەن».

ئەرەب تىلى، ئەدەبىياتى ۋە تارىخىي ھەققىدە ئازراق مەلۇماتى بار ئادەم، چوقۇم رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن، ئەرەب تىلىنىڭ تەرەققى قىلىپ، ھەر خىل شېۋىلەردە شېئىر ۋە نەسىر يېزىش شۇنداقلا تىل ساھەسىدىكى مۇشائىرە قاتارلىق سورۇنلارنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، ھەتتا قۇرئاننىڭ پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتە ئەڭ تەرەققى قىلغان قۇرەيش تىلىدا نازىل قىلىنغانلىقىنى، ئەرەبلەرنىڭ مۇشتۇمزور (ئەجدادلىرى) لار قوزغىغان دامىيە جېڭىغا ئوخشاش قانلىق جەڭلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ بىر بىرلىرگە چوڭچىلىق قىلىشتەك ھاكاۋۇرلۇقلىرىنى ئاسانلا بايقىيالايدۇ. مەسىلەن، قەبىلىۋازلىقنىڭ بىخ ئۇرۇپ، تىلشۇناسلىقنىڭ تازا ئەۋجىگە چىققان بىر پەيتتىكى ئەرەبلەرنىڭ قۇرئانغا تاقابىل تۇرالىغۇدەك ئىقتىدارى بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئەۋلادلىرى ئۇلارنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىشقان بولاتتى. دەرۋەقە ئۇلار قۇرئان نازىل بولىۋاتقاندا، ئۇنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى نەسىر ۋە شېئىرغا ئوخشىتىشىپ يۈز ئۆرىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق تەقلىدچىلىك ياكى تاقابىل تۇرالىغۇدەك يول تاپالمىدى ۋە قۇرئاننىڭ پولاتتەك دەلىللىرى ئالدىدا تىللىرى تۇتۇلۇپ قالدى. جۈملىدىن ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلاردىن ئىدى. ئۇلار خىلمۇخىل ھىيلە نەيرەڭلىرىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغاندىن كېيىن، (مۇھەممەد) سېھىرگەر، شائىر، ساراڭ، (قۇرئان) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرى دېگەندەك ھاماقەتلىك سۆزلەر بىلەن بوھتان چاپلاشقا باشلىدى. ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە تەكەببۇرلىقىغا تەن بەرمەيدىغان بۇ كىشىلەرگە ئاچچىق ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىتىدىغان قىلىچتىن باشقىسى كار قىلمايتتى. بۇنىڭ بىلەن قۇرئاننىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

تىلشۇناسلىقتا شۇنچىلىك كامالەتكە يەتكەن ئەرەبلەرنىڭ قۇرئانغا تاقابىل تۇرۇشتىن ئاجىزلىقى، ئۇلارنىڭ ياشلىق ۋە قۇرامىغان يەتكەن دەۋرلىرىدە ئەرەب تىلىغا نەقەدەر ئاجىز ئىكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى ئىدى.

---

[1] سۈرە ھۇد 23 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئىسرا 88 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

دەۋرنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ پەيتىن مىللەتلەر يەنىلا شۇنداق ئاجىز. ھالبۇكى ئۇلارنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكى ۋە ھاكاۋۇرلۇقلىرى داۋام قىلماقتا... ھازىرقى زامان ئىلىم - پېنى ۋە پەن - تېخنىكىسى، كائىناتنىڭ سىرلىرىنى ئېچىش بىلەن بىرگە، كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى توغرۇلۇق كائىناتنىڭ سىرلىرى پەردىلىنىۋالغان يۈكسەك بىر ھەقىقەتنى ئوچۇقلاپ بەردى ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاندا مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭ بىلەن قۇرئان، مەيلى مەنا جەھەتتىن بولمىسۇن، ياكى لەۋزى جەھەتتىن بولمىسۇن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مۆجىزىسىگە ئايلاندى.

روشەنكى، قۇرئان مەيلى لەۋزى جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئۇسلۇپ جەھەتتىن بولسۇن شانلىق مۆجىزىدۇر. ھەر بىر كەلىمىسى، ئايەتلىرى، ئىخچام ۋە ئاممىباب جۈملە قۇرۇلۇشى، ئۇنىڭ ھېچقانداق پاكىت تەلەپ قىلمايدىغان مۆجىزە ئىكەنلىكىنىڭ روشەن نامايەندىسىدۇر.

قىسقىسى، ئوقۇغۇچى ئۈنىڭدىكى ھايات، كائىنات ۋە ئىنسان تەسۋىرىگە ۋە مەۋجۇدىيەت ۋە ئىنسانى سىرلارنى يەشكۈچى مەناسىغا، كۆز بىلەن كۆرۈش مۇمكىن بولمايدىغان سىرلارنى ھازىرقى زامان ئىلىم - پېنىنىڭ ئىسپاتلاپ كۆرگەن مائارىپ ۋە مول بىلىملىرىگە ۋە بۇ دۇنيادا ئىنساننى ھەقىقى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان ئىنساني ھەق - ھوقۇقلىرىنى قوغداشتىكى قانۇن سىستېمىسىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئەڭ سىستېمىلىق مۆجىزە ئىكەنلىكىنى يەكۈنلەپ چىقالايدۇ.

قىسقىسى، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەرەبلەرنى پۈتۈن ئۈممەتلەرنىڭ (مىللەتلەرنىڭ) يېتەكچىسىگە ئايلاندۇرغان شانلىق قۇرئان - يېگانە مۆجىزىدۇر.

قۇرئان - دىنىنىڭ ئاساسى ۋە قانۇن چىقىرىش مەنبەسىدۇر. شۇنداقلا ئۇ، ھەر بىر دۆلەت ۋە ھەر بىر دەۋردىكى ئاللاھنىڭ دەلىلىدۇر. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئاساسەن ئۈممىتىگە ئۆرنەك بولۇش توغرۇلۇق مۇنداق دېيىلگەن: ﴿**يَا أَيُّهَا الرَّسُولُ بَلِّغْ مَا أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ وَإِن لَّمْ تَفْعَلْ فَمَا بَلَّغْتَ رِسَالَتَهُ وَاللهُ يَعْصِمُكَ مِنَ النَّاسِ**﴾ ﴿(ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملار نىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ﴾[1] بۇ ئىلاھىي پەرمان، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش، ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىش، ئاللاھنى قويۇپ باشقىلارغا ئەگەشمەسلىك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ ھەقتە جەنابى ئاللاھ تۆۋەندىكى ئايەتلەردە مۇنداق دېگەن: ﴿**اتَّبِعُوا مَا أُنزِلَ إِلَيْكُم مِّن رَّبِّكُمْ وَلاَ تَتَّبِعُوا مِن دُونِهِ أَوْلِيَاءَ**﴾ ﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار، ئاللاھنى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇرىدىغان) دوستلارغا ئەگەشمەڭلار﴾[2] ﴿**تِلْكَ حُدُودُ اللهِ فَلاَ تَعْتَدُوهَا وَمَن يَتَعَدَّ حُدُودَ اللهِ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ**﴾ ﴿ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر﴾[3]

﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان(ئەھكامى)بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن﴾[4] ﴿ئۇلار (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ (ئەھكامى بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچۈرىشىدىن ساقلانغىن. ئەگەر ئۇلار ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان ھۆكۈمدىن) يۈز ئۆرۈسە (ئى مۇھەممەد!) بىلگىنكى، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھ ئۇلارنى جازالاشنى ئىرادە قىلىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، كىشىلەردىن نۇرغۇنى پاسىقتۇر (يەنى

---

(1) سۈرە مائىدە 67 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە ئەئراف 3 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە بەقەرە 229 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) سۈرە مائىدە 48 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurweb.net

پەرۋەردىگارىنىڭ تائىتىدىن باش تارتىپ، ھەققە خىلاپلىق قىلىپ گۇناھقا چۆمگۈچىلەردۇر) ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ ( ئاللاھ غا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە ئاللاھ دىنمۇ ئادىل كىم بار﴾[1].

ساھابىلار رەسۇلۇللاھتىن قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىش، يادلاش، شەرھلەش ۋە ئەمەل قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە تەلىم ئالاتتى. ئەبۇ ئابدۇرراھمان مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئۆگەنگەنلىرىمىز ھەققىدە كەڭ مۇنازىرە يۈرگۈزەتتۇق. ئوسمان ئىبنى ئاففان، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد قاتارلىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يادلاش بىلەن بىرگە شەرھلەش ۋە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن پەقەت ئون ئايەتنىلا ئۆگىنەتتى. ئۇ يەنە: ”بىز قۇرئاننى تەلىم ئېلىش بىلەن بىرگە، شەرھلەش (باشقىلارغا ئۆگىتىش) ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىغا قانداق ئەمەل قىلىشنىمۇ بىرگە ئۆگەندۇق» دەيدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئاننى يادقا ئېلىشى ھەر بىر ئەسىردە ئەنە شۇنداق ئۈزلۈكسىز داۋام قىلدى ۋە بۇ خىل ئادەت ھېچبىر ئۆزگىرىپ كەتمەستىن ئىسلام ئۈممىتىگە ئەۋلادمۇئەۋلاد مىراس بوپ قالدى. ﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾ ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز﴾[2]

قۇرئان شەرىئەتنىڭ قانۇنى ئاساسى ۋە ھالال ـ ھارام قائىدە تۈزۈلمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇرئاننىڭ كۆپلىگەن ئەھكاملىرى پۈتۈنلەي شەرىئەت قانۇنىنىڭ مەقسەتلىرىنى ئوچۇقلاپ بېرىدۇ. ھەر بىر دەۋر ۋە ھەر قايسى جايلاردىكى ئۆلىمالار بىلەن مۇجتەھىدلار قىسمەن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن جاپالىق ئىزدىنىپ نۇرغۇن ئەھكاملارنى يەكۈنلەپ چىقىشقان. بۇ بولسا شەرىئەت قانۇنىنىڭ مەڭگۈلۈك سىرى ۋە ئىنسانلار دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى كۆزدە تۇتۇلغان ئاساسلىق قائىدە تۈزۈلمەلەردۇر. قۇرئاندا ئەقىدە، ئىبادەت شەكىللىرى ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بېرىلگىنىدەك، ئىختىلاپ ۋە دە ـ تالاشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا زۆرۈر بولغان ئەھكاملارنىڭ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. شۇكا زامان ۋە ماكاننىڭ ئوخشىماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، قۇرئاننىڭ ئەھكاملىرى ھەرگىزمۇ ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. ئائىلىۋىق، مىراس قانۇنى، نىكاھتىكى بەلگىلىمىلەر، جىنايەت سادىر قىلغۇچىلارنى جازالاش قاتارلىقلار.

قۇرئان ھىدايەتتۇر (يېتەكچىدۇر). قۇرئان ئوقۇغان، يادلىغان، مەنىسى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەن، ئۇنىڭ بىلەن ۋەز نەسىھەت قىلغان ۋە ئۇنى ئۆزىگە دەلىل قىلىۋالغان كىشى ھىدايەت (توغرا يول) تاپىدۇ. تىرمىزىنىڭ ھەدىسىدا: «قۇرئان ساڭا ھىدايەتتۇر» دېيىلگەن. شۇڭا قۇرئان ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋاجىپتۇر. قۇرئان دىللارنى قاپلىۋالغان چۈمپەردىلەرنى يىرتىپ تاشلاپ، ئىنساننىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى ۋە ئەھكاملىرىغا ئاساسەن ئەمەل قىلىش ئۈچۈن يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ.

﴿كِتَابٌ أَنزَلْنَاهُ إِلَيْكَ مُبَارَكٌ لِّيَدَّبَّرُوا آيَاتِهِ﴾ ﴿(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر﴾[3] ﴿أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ الْقُرْآنَ أَمْ عَلَىٰ قُلُوبٍ أَقْفَالُهَا﴾ . (ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار (شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ)﴾[4] ناۋادا قۇرئان تاغلارغا نازىل بولغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭدىكى ۋەزنەسىھەتلەر بىلەن ئەھكاملارنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن قورقۇپ يېرىلىپ كەتكەن بولاتتى. بىراق ئاللاھ بەندىلىرىنى سىناپ، قۇرئاننى قەلبلىرىنىڭ باھارى، كۆزلىرىنىڭ نۇرى ۋە ھاياتلىرىنىڭ يېتەكچىسى قىلدى. ﴿لَوْ أَنزَلْنَا هَٰذَا الْقُرْآنَ عَلَىٰ جَبَلٍ لَّرَأَيْتَهُ خَاشِعًا مُّتَصَدِّعًا مِّنْ خَشْيَةِ اللَّهِ﴾ ﴿ئەگەر بىز بۇ قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ اللەدىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ﴾[5].

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيىسسالامنىڭ «قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىسىدەك پىتنە ـ پاسات يامراپ كېتىدىغان بىر زامان كېلىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەن: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بىز بۇنىڭدىن قانداق قۇرتۇلالايمىز؟ دېۋىدىم، ئۇ: ئاللاھنىڭ كىتابىغا (قۇرئانغا) تايىنىپ قۇرتۇلالايسىلەر. چۈنكى ئۇنىڭدا سىلەردىن

---

[1] سۈرە مائىدە 49 ـ 50 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ھىجر 9 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ساد 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە مۇھەممەد 24 ـ ئايەت.
[5] سۈرە ھەشر 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurweb.net

بۇرۇنقى ۋە كېيىنكىلەرنىڭ خەۋەرلىرى، دۈچ كەلگەن مەسىلىلىرىڭلارنى ھەل قىلالايدىغان ئەھكام قاتارلىقلار بار. ئۇ چاخچاق ئەمەس بەلكى ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان شانلىق كىتابتۇر. كېيىنكى ئۇنى ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ تەرك ئېتىدىكەن ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ. ھىدايەتنى ئۇنىڭدىن باشقىلاردىن ئىزدىگەن كىشىنى ئالللاھ ئازدۇرىدۇ. ئۇ ئالللاھنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئارغامچىسى ۋە روشەن نۇرىدۇر. ھەممە ھېكمەتلىك قۇرئاندۇر، توغرا يولدۇر. قۇرئان ئىنساننى نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ كېتىشتىن، ئىككى بىسلىق بوپ قېلىشتىن ۋە پىكىر چېچىلاڭغۇلىقتىن يىراق قىلىدۇ. ئالىملار قۇرئانغا ھېچ قانمايدۇ. تەقۋادارلار بولسا قۇرئاندىن ھېچ چارچاپ قالمايدۇ. قىسقىسى ئۇنىڭ پەزىلەتلىرىنى سۆزلەپ تۈگىتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا بىر قانچە نەپەر جىننىڭ (قەۋمىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن): بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق، دېيىشىپ كەتكەن. قۇرئاننى ئۆگەنگەن كىشىنىڭ بىلىمى تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ. كىمكى قۇرئان بىلەن سۆزلىسە راست گەپ قىلىدۇ. قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلغان كىشى ئادىل بولىدۇ. كىمكى قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلسا تېگىشلىك مۇكاپاتىنى ئالىدۇ. قۇرئانغا دەۋەت قىلغان كىشى توغرا يول تاپالايدۇ». [بۇ ھەدىسنى تىرمىزى ھارىس ئىبنى ئەبىيدىن نەقىل كەلتۈرگەن].

## قۇرئاننىڭ تەدرىجى نازىل قىلىنىشى

قۇرئاننىڭ رەسۇلۇللاھقا ئايرىم ـ ئايرىم نازىل قىلىنغانلىقى نۇرغۇن ئايەتلەردە قەيت قىلىنغان. ﴿**قُلْ نَزَّلَهُ رُوحُ الْقُدُسِ مِن رَّبِّكَ بِالْحَقِّ لِيُثَبِّتَ الَّذِينَ آمَنُوا وَهُدًى وَبُشْرَى لِلْمُسْلِمِينَ**﴾ ﴿ئېيتقىنكى، قۇرئاننى جىبرىئىل مۆمىنلەرنىڭ (ئىمانىنى) مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارغا ھىدايەت ۋە خۇش خەۋەر قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭ ھوزۇرىدىن راستچىللىق بىلەن نازىل قىلدى﴾[1] ﴿**وَإِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَى عَبْدِنَا فَأْتُوا بِسُورَةٍ مِّن مِّثْلِهِ**﴾ ﴿بەندىمىز (مۇھەممەد) گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار﴾[2] ﴿**قُلْ مَن كَانَ عَدُوًّا لِّجِبْرِيلَ فَإِنَّهُ نَزَّلَهُ عَلَى قَلْبِكَ بِإِذْنِ اللَّهِ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ وَهُدًى وَبُشْرَى لِلْمُؤْمِنِينَ**﴾ ﴿ئېيتقىنكى،«جىبرىئىلغا دۈشمەن بولغان ئادەم ( ئالللاھ غا دۈشمەندۇر)، چۈنكى ئۇ (يەنى جىبرىئىل) ئالللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكىنى (يەنى ساماۋى كىتابلارنى) تەستىق قىلغۇچى، توغرا يول كۆرسەتكۈچى، مۆمىنلەرگە بىشارەت بەرگۈچى قۇرئاننى سېنىڭ قەلبىڭگە نازىل قىلدى﴾[3] مانا بۇ ئايەتلەر، جىبرىئىلنىڭ قۇرئاننى رەسۇلۇللانىڭ دىلىغا چۈشۈرگەنلىكىنى، بۇنىڭ ئالدى بىلەن ئەڭ تۆۋەنكى ئاسمانغا نازىل قىلىنىپ كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئايرىم ـ ئايرىم نازىل قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ يەردىكى (تەنزىل) كەلىمىسى، قۇرئاننىڭ تەدرىجى ۋە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا نازىل بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

راغىبقا كۆرە، قۇرئان ۋە مالائىكىلەرنى سۈپەتلەشتىكى ئىنزال (نازىل بولۇش) بىلەن تەنزىل (نازىل قىلىش) ئارىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ؛ تەنزىل بىر بىرلەپ چۈشۈرىدىغان ئايرىم يەرگە خاس ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، ئىنزال ئومۇمىيلىقىنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئاندىكى كۆپىنچە ئايەتلەردىمۇ بۇ ئىسپاتلانغان. ﴿**وَنَزَّلْنَاهُ تَنزِيلًا**﴾ ﴿قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە ـ دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلدۇق﴾ ﴿**إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ**﴾ ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق﴾ ﴿**إِنَّا أَنزَلْنَاهُ فِي لَيْلَةِ الْقَدْرِ**﴾ ﴿بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدرىدە نازىل قىلدۇق﴾.

مۇنۇ ئايەتتە قۇرئاننىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا نازىل قىلىنغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان: ﴿**وَقُرْآنًا فَرَقْنَاهُ لِتَقْرَأَهُ عَلَى النَّاسِ عَلَى مُكْثٍ وَنَزَّلْنَاهُ تَنزِيلًا**﴾ ﴿قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە ـ دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجى نازىل قىلدۇق﴾[4] ئىنسانلارغا ھەم ئاستا ھەم دانە دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن قۇرئاننى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ ئۇنى تەدرىجى نازىل قىلدۇق.

---

(1) سۈرە نەھل 102 ـ ئايەت.
(2) سۈرە بەقەرە 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە بەقەرە 97 ـ ئايەت.
(4) سۈرە سۈرە ئىسرا 102 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

تەۋرات، ئىنجىل ۋە زەبۇر قاتارلىق باشقا ساماۋىي كىتابلار، قۇرئانغا ئوخشاش تەدرىجى ھالدا ئەمەس، بەلكى بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنغان. ﴿كاپىرلار: «قۇرئان نېمىشقا ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنمىدى؟» دېدى. سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى پارچە - پارچە نازىل قىلدۇق، ئۇنى ئايرىم - ئايرىم نازىل قىلدۇق﴾[1] ناۋادا قۇرئانمۇ پارچە – پارچە نازىل قىلىنماستىن، بۇرۇنقى كىتابلارغا ئوخشاش بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنغان بولسا، كاپىرلارنى بۇنچىلىك ھەيرەتتە قالدۇرمىغان بولاتتى.

﴿كاپىرلار: «قۇرئان نېمىشقا ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنمىدى؟» دېيىشتى﴾ يەنى بۇ قۇرئان ئۇنىڭغا بۇرۇنقى كىتابلاردەك بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنماي، نېمە دەپ پارچە - پارچە نازىل قىلىندى؟ بۇنداق نازىل قىلىنىشتىكى سەۋەب زادى نېمە؟ كىتابلارنى بۇ شەكىلدە نازىل قىلىش (ئاللاھنىڭ) ئادىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى. بىراق ئۇلارنىڭ تۆۋەندىكى سوئالىغا جاۋاب بەردى. ﴿**وَقَالُوا مَالِ هَذَا الرَّسُولِ يَأْكُلُ الطَّعَامَ وَيَمْشِي فِي الْأَسْوَاقِ**﴾ ﴿مۇشرىكلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ) ئېيتتى: «بازارلاردا (بىز تاماق يېگەندەك) تاماق يەيدىغان، (بىز ماڭغاندەك) مېڭىپ يۈرىدىغان بۇ قانداق پەيغەمبەر؟»﴾[2] ﴿بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەلۋەتتە تاماق يەيتتى، بازارلاردا مېڭىپ يۈرەتتى﴾[3].

ئۇلارغا يەنە مۇنداق رەددىيە بەردى. ﴿**أَبَعَثَ اللَّهُ بَشَرًا رَسُولًا**﴾ ﴿ئۇلار «اللە ئىنساننى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتەمدۇ؟» دېگەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر﴾[4] ﴿**وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ قَبْلِكَ إِلَّا رِجَالًا نُوحِي إِلَيْهِمْ**﴾ ﴿سەندىن ئىلگىرى بىز پەقەت ئەرلەرگىلا ۋەھيى نازىل قىلىپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق﴾[5].

ئاللاھ ئۇلارغا قۇرئاننى تەدرىجى نازىل قىلغانلىقىنى ھېكمەتلىك بىر شەكىلدە جاۋاب بەردى. ﴿**كَذَلِكَ لِنُثَبِّتَ بِهِ فُؤَادَكَ وَرَتَّلْنَاهُ تَرْتِيلًا**﴾ ﴿سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى پارچە - پارچە نازىل قىلدۇق، ئۇنى ئايرىم – ئايرىم نازىل قىلدۇق﴾[6] يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدىغان بىر ھېكمەت ئۈچۈن، قۇرئاننى پارچە - پارچە ۋە بۆلۈپ - بۆلۈپ نازىل قىلدۇق.

## قۇرئاننىڭ تەدرىجى نازىل قىلىنىشتىكى ھېكمەت

قۇرئاننىڭ تەدرىجى نازىل قىلىنىشىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نوقتىغا يىغىنچاقلىشىمىز مۇمكىن:

**بىرىنچى ھېكمەت: رەسۇلۇللاھنىڭ دىلىنى مۇستەھكەملەش**

رەسۇلۇللاھ ئىنسانىنى ئىسلامغا چاقىرىق قىلىشقا باشلىغاندا، ئىنتايىن سەركەش، تولىمۇ ھاكاۋۇر ھەددىدىن زىيادە جاھىل كىشىلەرنىڭ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئەزىيەتلىرىگە، چىدىغۇسىز تىل ھاقارەتلىرىگە دۇچ كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ھە دەپ قېچىشۋاتقانلىقىنى كۆردى. گەرچە ئۇ زېمىنىسگە يۈكلەنگەن دەۋەتنى (تەبلىغنى) يەتكۈزۈشكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشتىياق باغلىغان بولسىمۇ. ھەتتا ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغانغا قەدەر. ﴿ئەگەر ئۇلار قۇرئانغا ئىمان ئېيتمىسا، ئەپسۇسلىنىپ، ئۇلارنىڭ (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن﴾[7] بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھقا قەلبىنى مۇستەھكەملەش ۋە قەۋمى تەرىپىدىن دۇچ كېلىۋاتقان جاھالەتلىك ئۆتكۈنچى قارا قويۇنلارغا قىلچە پىسەنت قىلماي ئالغا دادىل قەدەم تاشلاپ دەۋىتىنى ئۈزۈلدۈكسىز داۋاملاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان ئىرادىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن ۋەھيى نازىل بولۇپ تۇراتتى.

---

[1] سۈرە فۇرقان 32 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە فۇرقان 7 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە فۇرقان 20 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئىسرا 94 - ئايەت.
[5] سۈرە نەھل 43 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە فۇرقان 32 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[7] سۈرە كەھف 6 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurweb.net

ئـاللاھ رەسـۇلۇللاھقا، بـۇرۇنقى پـەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ئاللاھنـىڭ غەلىبىـسى كەلگەنـگە قـەدەر يالغانغا چىقىـرىلغانلىقىنى، تولىمۇ ئەزىيەتلەرگە دۇچ كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بۇلارغا ئاللاھنىڭ ياردىمى كەلگەنگە قەدەر سەۋرى ـ تاقەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىـش بىلـەن بىرگـە، قـەۋمىنىڭ ئـۇنى يالغانغا چىقىرىـشىغا ئـۇلارنىڭ ھەددىـدىن زىيـادە سـەركەش ۋە ھاكاۋۇرلـۇقىنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى بايان قىلدى. رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەرلىك باسقۇچىدىكى تارىختىن ھالقىغان بۇ ئىلاھىي قانۇنىيەتنى كۆرگەندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئەزىيەتلىرى، يالغانغا چىقىرىشلىرى ۋە ئېتىرازلىرىغا قارشى جەڭگىۋارلىقى ھەسسىلەپ ئاشتى. ﴿ئۇلارنىڭ سۆزى سېنى قايغۇ غا سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئۇلار سېنى (ئىچىدە) ئىنكار قىلمايدۇ (لېكىن ئۇلار تەرسالىقتىن ئىنكـار قىلىـدۇ)، (ھەقىقەتتـە) زالىمـلار ئاللاھنـىڭ ئايـەتلىرىنى ئىنكـار قىلىـدۇ. سـەندىن بـۇرۇن ئۆتكـەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىندى، ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى﴾[1] ﴿فَإِن كَذَّبُوكَ فَقَدْ كُذِّبَ رُسُلٌ من قَبْلِكَ جَآؤُوا بِالْبَيِّنَاتِ وَالزُّبُرِ وَالْكِتَابِ الْمُنِيرِ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سېنى يالغانغا چىقارغان بولسا (قايغۇرۇپ كەتمىگىن)، سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن مۆجىزىلەرنى، كىتابلارنى (يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان سەھىپىلەرگە ئوخشاش ساماۋى كىتابلارنى) ۋە نۇرلۇق كىتابنى (يەنى تەۋرات، ئىنجىلغا ئوخشاشلارنى) ئېلىپ كەلگەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرمۇ يالغانغا چىقىرىلغان ئىدى﴾[2] قۇرئاندا يەنە (ئۇنىڭ) ئۆزىدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش سەۋرى ـ تاقەت قىلىشى ئەمىر قىلىنغان. ﴿فَاصْبِرْ كَمَا صَبَرَ أُوْلُوا الْعَزْمِ مِنَ الرُّسُـلِ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن﴾[3].

ئـاللاھ رەسـۇلۇللاھنىڭ كـۆڭلىنى يالغانغا چىقارغۇچىلارنى ئۆزىـگە (ئـاللاھ غـا) قويـۇپ بېرىـشى، (ئـۇلارنىڭ تېگىـشلىك جازاسـىنى پـات يېقىنـدا بېرىـدىغانلىقى) ھەققىـدە كاپالەت بېرىش ئارقىلىق خاتىرجەم قىلدى. (ئۇلارنىڭ (يەنى مەككە كۇففارلىرىنىڭ) (سېنى سېھىرگەر، شائىر، مەجنۇن دېگەن) سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، ئۇلارنى چىرايلىقچە تەرك ئەتكىن. (ئى مۇھەممەد! مېنىڭ ئايەتلىرىمنى) ئىنكار قىلغۇچى دۆلەتمەنلەرنى ماڭا قويۇۋەتكىن (يەنى ئۇلارنىڭ جازاسىنى ئۆزەم بېرىمەن)، ئۇلارغا ئازغىنا مۆھلەت بەرگىن﴾[4].

قۇرئاندىكى پەيغەمبەرلەر تارىخىدىمۇ شۇنداق ھېكمەتلەر ئىلگىرى سۈرۈلگەن ﴿وَكُلاًّ نَّقُصُّ عَلَيْكَ مِنْ أَنبَاء الرُّسُلِ مَا نُثَبِّتُ بِهِ فُؤَادَكَ﴾ ﴿كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ساڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىمىز﴾[5]

رەسۇلۇللاھقا قەۋمى قاچانلا ئەزىيەت يەتكۈزۈپ يالغانغا چىقىرىپ غەم ـ قايغۇغا مۇپتىلا قىلسا، قۇرئان نازىل بولۇپ ئۇنى رىغبەتلەندۈرەتتى ۋە ئاللاھنىڭ يالغانچىلارنىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكى، قىلمىشلىرىنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى چوقۇم تاتتىدىغانلىقى بىلەن كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزاتتى. ﴿فَلَا يَحْزُنكَ قَوْلُهُمْ إِنَّا نَعْلَـمُ مَـا يُـسِرُّونَ وَمَـا يُعْلِنُـونَ﴾ ﴿(ئى، مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ سۆزى (يەنى سېنى ئىنكار قىلغانلىقى) سېنى غەمكىن قىلمىسۇن﴾[6] ﴿وَلاَ يَحْزُنـكَ قَوْلُهُمْ إِنَّ الْعِـزَّةَ لِلّـهِ جَمِيعًـا﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارنىڭ (ساڭا سەن پەيغەمبەر ئەمەسسەن دېگەن) سۆزى سېنى قايغۇغا سالمىسۇن، پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ (ئاللاھ ساڭا مەدەتكاردۇر)﴾[7]

يەنە ئاللاھ تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئۇنىڭ كۈچىيىدىغانلىقى، غەلىبە ۋە نۇسرەتنىڭ يېقىن ئىكەنلىكى ھەققىدە خوش خەۋەر بەرگەن. ﴿وَ اللهُ يَعْصِمُكَ مِنَ النَّاسِ﴾ ﴿ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ﴾[8]

---

[1] سۈرە ئەنئام 33 ـ 34 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئال ئىمران 184 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەھقاف 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە مۇززەممىل 10 ـ 11 ـ ئايەتلەر.
[5] سۈرە ھۇد 120 ـ ئايەت.
[6] سۈرە ياسىن 75 ـ ئايەت.
[7] سۈرە يۇنۇس 65 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[8] سۈرە مائىدە 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurweb.net

﴿وَيَنصُرَكَ اللهُ نَصْرًا عَزِيزًا﴾ ﴿ئاللاھ ساڭا كۈچلۈك ياردەم قىلىدۇ﴾[1] ﴿كَتَبَ اللهُ لَأَغْلِبَنَّ أَنَا وَرُسُلِي إِنَّ اللهَ قَوِيٌّ عَزِيزٌ﴾ ﴿الله (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ يازدى، اللە ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[2]

رەسۇلۇللاھنىڭ دۈچ كەلگەن ئەزىيەت ۋە دىشۋارچىلىقلارنىڭ رەسۇلۇللاھنى ئۈمىدسىزلىنىپ قويۇپ دەۋەتكە توسالغۇ بوپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاللاھ ئارقا ئاقىدىن قۇرئاننى نازىل قىلىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى، ئۇنىڭ غەيرەت ـ شىجائىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى ھەمدە پەيغەمبەرلەر تارىخىدىن مىسال كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى يالغانغا چىقارغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقى، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنىڭ يەنىلا ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلدى. ھەر قېتىم ئۇنىڭ قەلبىنى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ غەم ـ قايغۇلىرى قاپلىۋالسا مەزكۇر تەسەللىلەر تەكرارلاندى ۋە ئۇنىڭ قەلبى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، غەلىبە قىلىشقا بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشتى.

قۇرئاننىڭ ئايرىم ـ ئايرىم نازىل قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئاللاھنىڭ كۆپپارلارغا بەرگەن رەددىيىسى روشەن ھېكمەتلىرىنىڭ بىرسىدۇر. ﴿كَذَلِكَ لِنُثَبِّتَ بِهِ فُؤَادَكَ وَرَتَّلْنَاهُ تَرْتِيلًا﴾ ﴿سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى پارچە ـ پارچە نازىل قىلدۇق، ئۇنى ئايرىم ـ ئايرىم نازىل قىلدۇق﴾. ئەبۇ شامىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ”ئۇلار، قۇرئاننىڭ پارچە ـ پارچە نازىل قىلىنىشىنىڭ سىرى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ باشقا كىتابلاردەك بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنمىدى؟ دەپ سورىغاندا، بىز ـ بۇ سوئالىڭلارغا ئاللاھ مۇنداق جاۋاب بەرگەن ـــ دېدۇق“. ﴿وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا لَوْلَا نُزِّلَ عَلَيْهِ الْقُرْآنُ جُمْلَةً وَاحِدَةً كَذَلِكَ لِنُثَبِّتَ بِهِ فُؤَادَكَ وَرَتَّلْنَاهُ تَرْتِيلًا﴾ ﴿كاپىرلار: «قۇرئان نېمىشقا ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنمىدى؟» دېدى. سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى پارچە ـ پارچە نازىل قىلدۇق، ئۇنى ئايرىم ـــ ئايرىم نازىل قىلدۇق﴾.

دېمەك ۋەھيى، رەسۇلۇللاھ يېڭى بىر مەسىلىگە دۈچ كەلگەندە، دائىملىق ھەمرىيى، قەلبىنىڭ ياردەمچىسى ۋە پەيغەمبەرلىكىنىڭ يېتەكچىسى بوپ قالغان. جىبرىئىلنىڭ رەسۇلۇللانىڭ ھۇزۇرىغا رامىزان ئېيىدا ۋەھيى نازىل قىلىشى بۇنىڭ ئەڭ جانلىق دەلىلىدۇر.

## ئىككىنچى ھېكمەت: ئىنغۋاگەرلىك ۋە مۆجىزە

مۇشرىكلار ئازغۇنلۇق ۋە گۇمراھلىق پاتقىقىغا راسا پېتىپ، شەرمەندىچىلىكتە تولىمۇ ھەددىدىن ئاشقانلىقتىن ھە دەپ ئىنغۋاگەرچىلىك قىلاتتى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى سىناش ئۈچۈن ئاجايىپ بولمىغور سوئاللارنى سورىشاتتى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ قىيامەت توغرۇلۇق سورىغان سوئاللىرى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىدى. ﴿يَسْأَلُونَكَ عَنِ السَّاعَةِ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ﴾[3] جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئازابىنىڭ تېز نازىل بولۇشىنى تەلەپ قىلىشى. ﴿وَيَسْتَعْجِلُونَكَ بِالْعَذَابِ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن سەندىن ئازابىنىڭ تېز نازىل بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ (ئازاب چوقۇم نازىل بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ نازىل بولۇشىنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى ـ سائىتى بولىدۇ﴾[4] ھالبۇكى قۇرئان ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا ئەڭ ھەقلىق جاۋاب بولۇپ نازىل بولىۋاتاتتى.خۇددى مۇنۇ ئايەتتە كۆرسىتىلگىنىدەك. ﴿وَلَا يَأْتُونَكَ بِمَثَلٍ إِلَّا جِئْنَاكَ بِالْحَقِّ وَأَحْسَنَ تَفْسِيرًا﴾ ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) قانداق بىر سوئالنى تاشلىمىسۇن، (ئۇنىڭغا قارىتا) بىز ساڭا ھەق جاۋابنى ۋە ھەممىدىن گۈزەل چۈشەندۈرۈشنى نازىل قىلدۇق﴾[5] يەنى ئۇلار ساڭا قانداقلىكى بىر باتىل سوئاللارنى سورىمۇسۇن، بىز ساڭا (ئى مۇھەممەد) ئۇلارنىڭ سوئاللىرىنىڭ باتىللىقىنى ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ئەڭ ھەقلىق جاۋابنى ئاتا قىلىمىز.

---

(1) سۈرە فەتىھ 3 ـ ئايەت .

(2) سۈرە مۇجادەلە 21 ـ ئايەت.

(3) سۈرە ئەئراف 187 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(4) سۈرە ھەج 47 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(5) سۈرە فۇرقان 33 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

ئۇلار قۇرئاننىڭ تەدرىجى نازىل بولۇشىدىن ھەيران قالغاندا، ئاللاھ ئۇلارغا بۇنىڭ ھەقىقەتىنى بايان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكى ۋە قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر ئايەتنىمۇ كەلتۈرۈشتىن ئاجىزلىقى، قۇرئاننىڭ شانلىق مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

باشقىچە ئېيتقاندا، بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنىشتىنمۇ كۆرە ھەممە دەلىللەر مۇجەسسەملىنىپ، پارچە ـ پارچە نازىل قىلىنغان قۇرئانغا ئۇلار ئېتىراز بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇنداقتا سىلەر قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر كىتابنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ بېقىڭلار! ـ دېيىلدى. ﴿لَوْلاَ نُزِلَ عَلَيْهِ الْقُرْآنُ جُمْلَةً وَاحِدَةً﴾ ﴿كاپىرلار: «قۇرئان نېمىشقا ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنمىدى؟» دېدى﴾ يەنى ئۇلارنىڭ سەندىن قۇرئاننىڭ بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنىشىنى تەلەپ قىلغان ھامان بىز ساڭا ھېكمىتىمىزنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاجىزلىغىنى ئەڭ روشەن ۋە ھەقلىق رەۋىشتە بايان قىلىپ بېرىدىغان كەسكىن دەلىللەر ئاتا قىلدۇق. قۇرئاننىڭ تەدرىجى نازىل بولۇشى ۋە بۇ ھېكمەت توغرۇلۇق ئىبنى ئابباسنىڭ ھەدىسىدە بەزى رىۋايەتلەر مەۋجۇت. «مۇشرىكلار بىرەر سوئال سورىغان ھامان ئاللاھ دەرھال جاۋابىنى بېرەتتى».

## ئۈچىنچى ھېكمەت: قۇرئاننى يادقا ئېلىش ۋە چۈشىنىشنىڭ قولايلىقى

قۇرئان، خەت يازالمايدىغان ۋە ئوقۇيالمايدىغان ھەتتا ئوقۇش يېزىش تەجرىبىسىمۇ بولمىغان ساۋاتسىز بىر مىللەتكە نازىل قىلىندى. ئاندىن ئۇنى يادلاش ۋە چۈشىنىش قولايلاشتۇرۇپ بېرىلدى. ﴿(ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتى، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى)ئۆگىتىدۇ، گەرچە ئۇلار ئىلگىرى ئوچۇق گۇمراھلىقتا بولسىمۇ﴾[1] ﴿الَّذِينَ يَتَّبِعُونَ الرَّسُولَ النَّبِيَّ الأُمِّيَّ﴾ ﴿ئۇلار ئەلچىگە ـ ئۇممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ﴾[2]. روشەنكى ئەگەر قۇرئان بىر قېتىمدىلا نازىل بولسا ئىدى، ساۋاتسىز بىر مىللەتكە نىسبەتەن قۇرئاننى يادلاش، مەنىلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئايەتلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش قىيىنغا توختايتتى. دېمەك قۇرئاننىڭ تەدرىجى نازىل قىلىنىشى بىلەن ئۇنى يادلاش ۋە چۈشىنىشكە زور قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى. ھەر قاچان قۇرئان نازىل بولغات ھامان ساھابىلەر ئۇنى يادلىۋالاتتى، مەنىسى ۋە ئەھكاملارى ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزەتتى. بۇ تابىئىنلارنىڭ ھاياتىدىمۇ تەلىم تەربىيە پروگراممىسى سۈپىتىدە ئۆزلۈكسىز داۋام قىلدى.

ئەبۇ نەزرە رىۋايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: " ئەبۇ سەئىد ئەل خۇدرى بىزگە قۇرئاندىن ئەتىگەندە بەش ئايەت، كەچتە بەش ئايەت ئۆگىتەتتى. ئۇنىڭ خەۋەر قىلىشىچە جىبرىئىل قۇرئاننى بەش ئايەت، بەش ئايەتتىن نازىل قىلغان ئىكەن. بۇ ھەدىس ئىبنى ئەساكىردىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن".

خالىد ئىبنى دىنار مۇنداق دەيدۇ: "ئەبۇل ئالىيە بىزگە: "قۇرئاننى بەش ئايەتكە بۆلۈپ ئۆگىنىڭلار! چۈنكى رەسۇلۇللاھ جىبرىئىلدىن بەش ئايەت، بەش ئايەتتىن تەلىم ئالغان ئىكەن" دېگەن. بۇ ھەدىس بەيھەقىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

ئۆمەرنىڭ رىۋايىتىدىمۇ: "قۇرئاننى بەش ئايەتكە بۆلۈپ ئۆگىنىڭلار! چۈنكى رەسۇلۇللاھ جىبرىئىلدىن بەش ئايەت، بەش ئايەتتىن تەلىم ئالغان ئىكەن" دېيىلگەن. بۇ ھەدىس بەيھەقىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

## تۆتىنچى ھېكمەت: قانۇن چىقىرىش باسقۇچى ۋە ھادىسىلەرنىڭ تەرەققىياتى

ناۋادا قۇرئاندا ئۇلارنى پۈتكۈل بوزغۇنچىلىق ۋە رەزىللىكتىن ھېكمەت ۋە ئەھكاملار بولمىغان بولسا، ئىنسانلارنى يېڭى دىنغا ھالقىتىش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرەر ھادىسە يۈز بەرگەن ھامان، ئۇلار دۇچ كەلگەن

---

[1] سۈرە جۇمۇئە 2 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەئراف 157 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurweb.net

مەسىلىلەرنى ئادىللىق بىلەن ھەل قىلىپ، ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنىنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان ھېكمەتلەر (ئايەتلەر) نازىل بولدى.

قۇرئاندا، باشلانغۇچتا ئاللاھ تائالاغا، مالائىكىلەرگە، كىتابلىرىغا، بارلىق پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە، قىلمىشقا قاراپ ھېساب بېرىش، جازالىنىش ۋە مۇكاپاتلىنىش، جەننەت ـ دوزاخ قاتارلىقلارغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئۇسلۇبى ھەققىدە توختىلىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ مۇشرىكلارنىڭ بۇتپەرەسلىك ئېتىقادىدىن تەلتۆكۈس قۇرتۇلۇپ، ئىسلام ئېتىقادى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ چىققىدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلار كەلتۈرۈلگەن.

شۇنداقلا قۇرئاندا ئىنساننى نەپسى جەھەتتىن يېتىلدۈرۈدىغان گۈزەل ئەخلاققا بۇيرۇش بىلەن بىرگە، بوزغۇنچىلىق ۋە شەرمەندىچىلىكنىڭ تۈپ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن قەبىھ سۆز ھەرىكەتلەردىن مەنئى قىلىنغان. ھەمدە دىنىنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلغان ھالال ـ ھارامنىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئايرىپ، يېمەك ـ ئىچمەك، مال ـ مۈلك ۋە قىساس ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ھېچبىر شېرىكى يوق يېگانە ئاللاھ تائالاغا خالىس ئىبادەت قىلىشتا دىللارغا ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى ئىسلام ئەركانلىرى، دىنى پەرزلەر قانۇن تۈزۈلمىسى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە مەرەزدەك چاپلىشىۋالغان ئىجتىمائىي ئىللەتلەر تەدرىجى ھالدا يوقالدى. شۇنىڭدەك قۇرئان مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان ئۇزۇن مۇددەتلىك كۆرەشلىرىدىكى ھادىسىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن ئۈزۈلۈكسىز نازىل بولۇپ تۇردى. شۇڭا قۇرئاندىكى ئايەتلەر مەدىنە ۋە مەككە ئايەتلىرى دەپ ئىككىگە ئايرىلدى ۋە قانۇن نىزاملىرمۇ شۇ بويىچە تۈزۈلگەن.

مەسىلەن، مەككىدە ناماز، جازانە ۋە زاكاتقا ئوخشاش ئاساسلىق بەلگىلىكىلەر ئورنىتىلدى. ﴿خىش ـ ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (سىلە — رەھىم ۋە ياخشىلىقتىن تېگىشلىك) ھەققىنى بەرگىن، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغانلار ئۈچۈن مۇنداق قىلىش ياخشىدۇر، ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. سىلەر كىشىلەرنىڭ پۇل ـ مېلى ئىچىدە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بىرەر پۇل ـ مال بەرسەڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇ ئۆسمەيدۇ (يەنى كىشىلەر بەرگىنىمدىن جىقراق قايتۇرسۇن دېگەن نىيەت بىلەن بېرىلگەن سوغىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ساۋابى بولمايدۇ)، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگەن سەدىقەڭلار (ياكى ئېھسانىڭلار) غا ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ﴾[1]

مەككىدە نازىل قىلىنغان ئەنئام سۈرىسىدە ئىماننىڭ ئۇسلۇبى، تەۋھىدكە ئائىت دەلىللەر بايان قىلىنىپ، شېرك ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئەپتى ـ بەشرىسى ئېچىپ تاشلاندى ھەمدە ھالال ـ ھارامغا ئائىت بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مال ـ مۈلك، قىساس قاتارلىقلارغا مۇنلىسىۋەتلىك قانۇن سىستېمىسى ئورنىتىلدى. ﴿ئېيتقىنكى، «سىلەر كېلىپ (ئاڭلاڭلار)، ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي: سىلەر ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا — ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ (ناھەق) ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار، ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار، ھېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز. سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، (ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ تائالاغا بېرىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ﴾[2]

ئاندىن تۆۋەندىكى ئەھكاملارغا ئائىت ئايەتلەر نازىل بولدى. مەدىنىدىكى مۇئامىلە پرىنسىپلىرىغا ئائىت ئايەتلەر مەككىدە نازىل بولدى. ھالبۇكى قەرز ۋە جازانىنىڭ ھارام قىلىنىشىدەك ئەھكاملىرى مەدىنىدە نازىل بولدى.

---

[1] سۈرە رۇم 38 – 39 - ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئەنئام 151 – 152 - ئايەتلەر.

www.uyghurweb.net

ئائىلە تۈزۈمى ئورنىتىشقا ئائىت ئايەتلەر مەككىدە نازىل قىلىندى. ئەمما ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى كىشىلىك ھوقۇق، ئەر - ئايالنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى، جىنسى مۇناسىۋەت، ئايرىلىش، تالاق، ئۆلگەندىن كېيىنكى مىراس قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك قانۇنى ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەتلەر مەدىنىدە نازىل قىلىندى.

زىنا مەككىدە نازىل قىلىندى. ﴿**وَلاَ تَقْرَبُواْ الزِّنَى إِنَّهُ كَانَ فَاحِشَةً وَسَاء سَبِيلاً**﴾ ﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر﴾ بىراق بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان جىنايەتلەرنى سادىر قىلغۇچىلارنى جازالاشقا دائىر ئايەتلەر مەدىنىدە نازىل قىلىندى.

قان تۆكۈشنىڭ ھاراملىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئايەت مەككىدە نازىل قىلىندى. ﴿**وَلاَ تَقْتُلُواْ النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللّهُ إِلاَّ بِالحَقِّ**﴾ ﴿ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەڭلاركى، اللە (ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ) ھارام قىلدى﴾[1] بىراق شەخس ۋە جەمئىيەتكە تاجاۋۇز قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان جازالارنىڭ تەپسىلاتى مەدىنە ئايەتلىرىدە نازىل قىلىندى.

ھاراقنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىغا ئائىت ئەھكاملار ئاقمۇئارقا مىساللىرى بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلدى. ﴿**وَمِن ثَمَرَاتِ النَّخِيلِ وَالأَعْنَابِ تَتَّخِذُونَ مِنْهُ سَكَرًا وَرِزْقًا حَسَنًا إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَةً لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ**﴾ ﴿(سىلەر ئۈچۈن يەنە بۇنداق ئىبرەتمۇ باركى) خورمىدىن، ئۈزۈمدىن شارابلار ۋە پاكىز يېمەكلىكلەر ياسايسىلەر، ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ھەقىقەتەن اللەنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل بار﴾[2] ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە تەشەككۈر بىلدۈرمەك، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ باش تارتىپ تولمايدىغان مەجبۇرىيىتىدۇر. بۇ يەردىكى شارابتىن كۆزدە تۇتۇلغىنى خورما بىلەن ئۈزۈمدىن ياسالغان مەس قىلغۇچى ئىچىملىكلەردۇر. پۈتكۈل مۇپەسسىرلار، شارابتىن باشقا پاكىز يېمەكلىكلەر، خىلمۇخىل تاتلىق مېۋىلەرنى ئاتا قىلغان يېگانە ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئوقۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىردەك تەكىتلىگەن.

ئادىن مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى. ﴿**يَسْأَلُونَكَ عَنِ الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ قُلْ فِيهِمَا إِثْمٌ كَبِيرٌ وَمَنَافِعُ لِلنَّاسِ وَإِثْمُهُمَآ أَكْبَرُ مِن نَّفْعِهِمَا**﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددى) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغانداتېخىمۇ چوڭ» دېگىن﴾[3] بۇ ئايەتتە ھاراقنىڭ پايدا - زىيىنى يەنى ھاراق ئىچكەن چاغدىكى زوق، ئۇنىڭ تىجارىتىدىن كىرگەن كىرىمنىڭ پايدىسى ۋە ھاراق ئىچكۈچىنىڭ گۇناھكارلىق پاتقىقىغا پېتىش بىلەن بىرگە، ۋۇجۇدىغا زىيان يەتكۈزۈش، ئەقلىنى بۇلغاش، مال - مۈلكىنى زايە قىلىش، فۇججارلىق (دىنغا قارشى ئېغىر جىنايى قىلمىش) ۋە ئىسيانكارلىق ئۇرۇقىنى چېچىشتەك زىيانلىرى سېلىشتۇرۇلغان ۋە ئاخىرىدا پايدىسىدىن زىيىنى تېخىمۇ ئېغىر ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

ئاندىن بۇ ئايەت نازىل بولدى. ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَقْرَبُواْ الصَّلاَةَ وَأَنتُمْ سُكَارَى**﴾ ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەس بولساڭلار نامازغا يېقىنلاشماڭلار﴾[4] بۇ چەكلىمە ناماز ۋاقتىغا يېقىن ھاراق ئىچمەسلىككە قارىتىلغان ۋە مەسلىكتىن يېشىلىپ نامازدا نېمە دەۋاقىلغانلىقىنى بىلمىگىچە نامازغا يېقىنلىشىش مەنئى قىلىنغان.

ئاندىن بۇ ئايەت نازىل بولغان. ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالأَنصَابُ وَالأَزْلاَمُ رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ . إِنَّمَا يُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَن يُوقِعَ بَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَاء فِي الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ وَيَصُدَّكُمْ عَن ذِكْرِ اللّهِ وَعَنِ الصَّلاَةِ فَهَلْ أَنتُم مُّنتَهُونَ**﴾ ﴿ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن،قىماردىن) يانامسىلەر؟﴾[5] دېمەك بۇ ئايەتتە ھەر ۋاقىت ھاراق ئىچىش قەتئىي چەكلەندى.

---

[1] سۈرە ئىسرا 33 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نەھل 67 - ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە 219 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە نىسا 43 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە مائىدە 90 — 91 - ئايەتلەر.

بۇ ھېكمەت، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رىۋايىتىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ: «ئالدى بىلەن جەننەت ـ دوزاخقا ئائىت ئايەت ياكى سۈرە نازىل بولۇشقا باشلىغان ئايەت ياكى سۈرە نازىل بولۇشقا باشلىغۇبىدى كىشىلەر قىزغىنلىق بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىشكە باشلىدى. ئاندىن ھالال ـ ھارامغا دائىر ئايەتلەر نازىل بولدى. ئەگەر باشتىلا ”ھاراق ئىچمەڭلار“ دېگەن ئايەت نازىل قىلىنغان بولسىدى، ئۇلار چوقۇم: ”بىز ھاراقنى ھەرگىز تاشلىيالمايمىز“ ”زىنا قىلماڭلار“ دەپ نازىل قىلىنغان بولسا ”بىز زىنادىن ھەرگىزمۇ ۋاز كېچەلمەيمىز“ دېگەن بولاتتى». بۇ ھەدىس بۇخارىدىن رىۋايەت قىلىنغان.

ئىسلام ئۈممىتى ھادىسىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن ئەنە شۇنداق تەدرىجى ھالدا يېتىشتۈرۈلگەن. رەسۇلۇللاھ بەدر ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە ساھابىلىرىگە مەسلىھەت سورىغاندا، ئۆمەر، ئۇلارنى ئۆلۈمگە بۇيرىغىن، دېگەن. ئەبۇ بەكرى، ئۇلاردىن تۆلەم ئېلىپ كەچۈرۈم قىل، دېگەن. رەسۇلۇللاھ ئەبۇ بەكرىنىڭ دېگىنىدەك قىلغان.

بۇ ھەقتە مۇنۇ ئايەت نازىل بولغان. ﴿(پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۆمىنلەر! سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) تىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئاللاھنىڭ (ئوچۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلدە بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار﴾[1]

مۇسۇلمانلار ھۇنەين كۈنىدە (يەنى جېڭىدە) ساننىڭ كۆپلىكىدىن مەغرۇرلىنىپ كېتىپ بىرسى: بىز سان جەھەتتىن ناھايىتى تۆۋەن تۇرىدىغان دۈشمەن قوشۇن ئىدىن ھەرگىز يېڭىلمەيمىز، دېدى. نەتىجىدە ئۇلار بۇ ھەقتە قاتتىق ئاچچىق ساۋاق ئالدى. بۇ توغرۇلۇق بۇ ئايەت نازىل بولدى. ﴿ئاللاھ سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەين كۈنىدە (يەنى جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلىكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇب بولمايمىز دېدىڭلار، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمىنىڭلارنىڭ سانى 4000 ئىدى)، سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. (قاتتىق قورققىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن (مەغلۇب بولۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئازغىنا مۆمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار . ئاندىن ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، سىلەرگە قوشۇنلارنى (يەنى سىلەرگە ياردەمگە پەرىشتىلەرنى) چۈشۈردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار (شۇنىڭ بىلەن سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار)، ئاللاھ كاپىرلارنى (ئۆلتۈرۈلۈش ۋە ئەسىر ئېلىنىش بىلەن) ئازابلىدى، كاپىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇ . شۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ خالىغان ئادەمگە تەۋبىنى نېسىپ قىلىدۇ (يەنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ). ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[2]

مۇناپىقلارنىڭ كاتتىبېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئۆلگەن چاغدا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ نامىزىغا دەۋەت قىلىندى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇماقچى بولۇۋىدى، ئۆمەر: ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنىڭ نامىزىنىمۇ ئوقۇمسەن؟ ئۇ مۇنداق مۇنداق دېگەن تۇرسا! ـ دەپ ئۇنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى بىر بىرلەپ تەكرارلايتتى. ھالبۇكى رەسۇلۇللاھ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: مەن شۇنداق قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم ۋە ماڭا مۇنداق دېيىلدى، دېگەن. ﴿**اسْتَغْفِرْ لَهُمْ أَوْ لاَ تَسْتَغْفِرْ لَهُمْ إِن تَسْتَغْفِرْ لَهُمْ سَبْعِينَ مَـرةً فَلَن يَغْفِرَ الله لَهُمْ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ كَفَرُواْ بِ الله وَرَسُولِهِ وَ الله لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ**﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۈچۈن مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىلما (بەرىبىر ئوخشاش)، ئۇلار ئۈچۈن 70 قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، ئاللاھ ھەرگىز ئۇلارنى مەغپىرەت قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[3] ئەگەر مەن 70 قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلىش بىلەن ئۇنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى بىلەلىسەم ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق مەغپىرەت تەلەپ قىلغان بولاتتىم. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن

---

(1) سۈرە ئەنفال 67 – 68 ـ ئايەت.
(2) سۈرە تەۋبە 25 — 27 ـ ئايەتكىچە.
(3) سۈرە تەۋبە 80 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

كېيىن قەبرىسىگە قەدەر بىرىپ يەرلىككە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆمەر: رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا بۇنچىلىك جاسارەت بىلەن پىكىر بايان قىلالىغانلىقىمدىن ھەتتا ئۆزەممۇ ھەيران قالغان ئىدىم. ئاللاھ ۋە ئەلچىسى مەندىن بەكرەك ئالىم ئىدى. مۇنۇ ئايەت نازىل بولغانغا قەدەر ئىش ئۇنچىلا ئاسانغا چۈشمىدى. ﴿وَلاَ تُصَلِّ عَلَى أَحَدٍ مِّنْهُم مَّاتَ أَبَدًا وَلاَ تَقُمْ عَلَىَ قَبْرِهِ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن، (دەپنە قىلىش، زىيارەت ياكى دۇئا ئۈچۈن) ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن﴾[1] بۇخارى، تىرمىزى، ئەھمەد، نەسەئىي، ئىبنى ماجە قاتارلىقلارنىڭ ھەدىسلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، رەسۇلۇللاھ شۇندىن كېيىن ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ھېچقانداق بىر مۇناپىقنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگەن.

ساداقەتمەن مۆمىنلەردىن بىر قانچە كىشى تەبۇك غازاتىغا چىقماي قېلىپ قالغان. گەرچە ئۇلار رەسۇلۇللاھقا نىمە ئۈچۈن چىقالمايدىغانلىقىغا يېتەرلىك سەۋەب كۆرسىتەلمىگەن بولسىمۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى قويۇپ قويىدى ۋە ئۇلار غا ئۇزۇل كېسىل ئالاقىنى كېسىش جازاسىنى بەردى. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبەسىنىڭ قوبۇل بولغانلىقى ھەققىدە بۇ ئايەت نازىل بولدى. ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيتىدە ئەگەشكەن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. (ئەينى زاماندا) ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىللىرى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاس قالغاندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ ئۇلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىك، ناھايىتى مېھرىباندۇر . جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ ئاللاھقوبۇل قىلدى. شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان، ئۇلارنىڭ جانلىرى سىقىلغان، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[2][3] بۇ ئايەتتە ئىبنى ئابباسنىڭ "جىبرىئىل ئۇنى بەندىلەرنىڭ سۆز ھەرىكەتلىرىگە جاۋاب ئورنىدا نازىل قىلدى" دېگەن ھەدىسىغا ئىشارەت قىلىنغان.

**بەشىنچى ھېكمەت: قۇرئاننىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيگە لايىق الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىغا كەسكىن دەلىللەر:**

قۇرئان رەسۇلۇللاھقا 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك جەريانىدا تەدرىجى نازىل قىلىندى. ئايەت ياكى ئايەتلەر نازىل بولغان ھامان رەسۇلۇللاھ ئىنسانلارغا ئوقۇپ بېرەتتى ۋە تۈزۈلۈشى پۇختا، مەنىسى چوڭقۇر، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، ئايەت بىلەن سۈرە بىر بىرىگە ماس، تەڭداشسىز سۈرىلەرنى تىلاۋەت قىلىپ بېرەتتى. ﴿كِتَابٌ أُحْكِمَتْ آيَاتُهُ ثُمَّ فُصِّلَتْ مِن لَّدُنْ حَكِيمٍ خَبِيرٍ﴾ ﴿بۇ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان، ئايەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشى پۇختا، (ئەقىدە، ئەھكام، ۋەز ۋە قىسسىلەر) تەپسىلىي بايان قىلىنغان كىتابتۇر﴾[4] ئەگەردە قۇرئان ئىنسان كالامى (سۆزلىرى) بولسىدى زەنجىرسىمان ۋەقەلەر، چېگىش ھادىسىلەر ۋە ھەر خىل مۇناسىۋەتلەردە زىددىيەت، توقۇنۇش ۋە ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى ئىختىلاپ ئوتتۇرىغا چىقىپ تەڭپۇڭلۇق دېگەن ئوقۇم كۆچىنى يوقاتقان بولاتتى. ﴿لَوْ كَانَ مِنْ عِندِ غَيْرِ اللّهِ لَوَجَدُواْ فِيهِ اخْتِلاَفًا كَثِيرًا﴾ ﴿ئەگەر قۇرئان (مۇشرىكلار بىلەن مۇناپىقلار گۇمان قىلغاندەك) ئاللاھ دىن غەيرىنىڭ تەرىپىدىن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى﴾[5].

رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرى پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىن قۇرئاندىن قالسا ئەڭ يۇكسەك ئورۇنغا ئىگە. ھەمدە ئۇ قۇرئانغا ئوخشاشلا تۈزۈلۈشى پۇختا، مەنىسى چوڭقۇر، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە ئىپادىلەپ بېرىشكە تىل

---

[1] سۈرە تەۋبە 84 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە تەۋبە 117 ـ 118 ـ ئايەتلەر.

[3] بۇخارى، مۇسلىم قاتارلىقلارنىڭ ھەدىسلىرىدە بۇ ئۈچ كىشى، كەئبە بىن مالىك، ھىلال بىن ئۇمەييە ۋە مەرارە بىن رەبىئىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنسارىلاردىن ئىدى.

[4] سۈرە ھۇد 1 ـ ئايەت.

[5] سۈرە نىسا 82 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

تولمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۇنداقتا ئۇنى قانداقلارچە ئىنسان سۆزى دېگىلى بولسۇن! ﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر ـ بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ»﴾[1].

## قۇرئاننىڭ تەدرىجى نازىل بولۇشىنىڭ پايدىسى

### تەلىم ـ تەربىيە

**تەلىم ـ تەربىيە ئاساسلىق ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:**

1) ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھنى قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش

2) ـ ياخشىلىق قىلىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىشتا ئۆلگە يارىتالىشى ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنى ئەخلاقى، ئەقلى ۋە جىسمانى جەھەتتىكى ساپاسىنى ئۆستۈرۈش.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى خىل نۇقتىئىنەزىرىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، قۇرئاننىڭ تەدرىجى نازىل بولۇش سەۋەبىنىڭ ئىسلام ئۈممىتىنى (مىللىتىنى) ماددى ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن تەدرىجى يېتىلدۈرۈش، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ئەڭ سالاھىيەتلىك ۋە نوپۇزلۇق ياخشى ئىنسانلاردىن قىلىپ چىقىش ئىكەنلىكىنى يەكۈنلەپ چىقالايمىز.

قۇرئاننىڭ تەدرىجى نازىل بولۇشى، يادلاش، چۈشىنىش، مەنىسى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش، ئۇنى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ئۇيغۇندۇر.

قۇرئاننىڭ ۋەھيىنىڭ بېشىدىلا ئوقۇش ۋە يېزىشقا دالالەت قىلىپ نازىل بولۇشى بىلەن ﴿ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى﴾[2] مالىيە تۈزۈلمىسىگە ئائىت جازانە، مىراس ئايەتلىرىنىڭ ياكى ئىمان ـ شىرك ئوتتۇرىسىدىكى چەك ـ چېگرانى ئايرىيدىغان قىتال (جەڭ) ئايەتلىرىنىڭ نازىل بولۇشىنىڭ ئارىسىدا زەئىپلىقتىن تەدرىجى ھالدا كۈچلىنىشتەك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تەربىيىۋى خارەكتېرلىك ئۇسلۇبلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خىلمۇخىل باسقۇچلارنى باشتىنكەچۈردى.

تەلىم ـ تەربىيە باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلى قابىلىيىتى ئۆستۈرۈش ۋە ھەر خىل پەنلەرنى تەتقىق قىلىدىغان بۆلۈملەرنى ئېچىش ئېتىبارغا ئېلىنمىغان دەرس پروگراممىسى بىلەن كىشىنىڭ ئەخلاقى، ئەقلى ۋە جىسمانى جەھەتتىن يېتىلىشىگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان پروگراما مىللەتنىڭ ئارقىدا قېلىش ۋە تەرەققى قىلالماسلىقىقا سەۋەبچى بولۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، خالاس.

ئوقۇغۇچىلارنى ھەقىقى بىلىمگە ئېرىشتۈرەلمەيدىغان مەكتەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇپلا قالماستىن بەلكى ئۇلارنىڭ نە يادلاش، نە چۈشىنىش، نە چۈشەنمەستىن ئوقۇشتەك بىر ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. ياكى ئۇلارنىڭ ئەخلاقى جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىش قاتارلىق مەسىلىلىرىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك ئۇلارنىڭ تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىشتەك ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، مەكتەپنى تراگېدىيىلىك بىر ئورۇنغا، دەرسخانىنى بولسا يىرگىنچلىك بىر زالغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

تېمىسى ئېنىق بولمىغان، مۇندەرىجىسى يوق، بابلارغا ئايرىلمىغان، تۈزۈلۈشى ناچار، ئەھمىيەتسىز، ئۇسلۇبى ئۆزگىچىلىكتىن ھالى كىتاب ئوقۇغۇچىلارنى زېرىكتۈرۈپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتىن مەھرۇم قىلىدۇ.

ھالبۇكى قۇرئاننىڭ پارچە ـ پارچە نازىل بولۇشتىكى ھېكمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلاھىي ھىدايەت، تەلىم ـ تەربىيە پروگراممىلىرى بىلەن دەرسلىك كىتابلىرى ھازىرلاش، دەرسخانا نىزامى قاتارلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر.

---

[1] سۈرە ئىسرا 88 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەلەق 1 ـ 5 ـ ئايەتكىچە.

www.uyghurweb.net



**ئەقىدە ـ** ساماۋىي دىنلارنىڭ نېگىزى، شەرىئەتنىڭ ئاساسلىق مەركىزى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئەقىدىسى تۈزەلمىگۈچە شەرىئەتنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ ۋە ئاللاھنىڭ بىرلىكى، ئۇلۇھىيىتى (يېگانە ئىلاھلىقى)،رۇبۇبىيىتى (تەربىيەتچى)، ئىسىم ـ سۈپىتى ۋە ئەپئالىغا (ئاللاھنىڭ يۈرگۈزگەن ئىشىغا) ئىمان كەلتۈرمەيدۇ. ھەمدە ئۇنىڭ غەيبىنى بىلگۈچى ئىكەنلىكىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، قىيامەت كۈنىدە ھېساب بېرىدىغانلىقىغا، ھەر ئىنساننىڭ قىلمىشىغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازالىنىدىغانلىقىغا، جەننەت ۋە دوزاخنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ھەرگىز ئىمان ئېيتمايدۇ. ئەقىدە مۇستەھكەملەنگەن چاغدا، پەرۋەردىگارى بىلەن ئىنسان، ئىنسان بىلەن ئىنسان ۋە ئىنسان بىلەن كائىنات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئايرىپ چىقالايدىغان بىر جەمئىيەتنى ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش مۇمكىن. قىسقىسى بۇ پۈتۈن پەيغەمبەرلەر چاقىرىق قىلغان ئەسلى ئەقىدە ئىدى.

﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾[1] ئەنبىيا سۈرىسى 25 ـ ئايەت )].

مەككىدىكى قانۇن چىقىرىش ھەرىكىتى، ئەقىدىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىپ چوڭقۇر يىلتىز تارتقانغا قەدەر ئۇدا 13 يىل داۋام قىلدى. ئىسلامدا "بىر ئاللاھ دىن باشقا ھېچ ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر، مۇھەممەد ئۇنىڭ ئەلچىسىدۇر" دېگەن بۇ شاھادەت (گۇۋاھلىق سۆزى) ساغلام ئەقىدە تىكلەشنىڭ شۇئارى، ئىنسانلارنىڭ ئىسلامغا كىرىش ۋە ئەھكام ئىجرا قىلىشنىڭ ئاچقۇچى قىلدى.

گۇۋاھلىق دېمەك، ئاللاھنىڭ ۋەھدانىيىتى، پۈتكۈل نوقسانلاردىن خالىي ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتىگە (پەيغەمبەرلىكىگە، مالائىكىلەرنىڭ، پەيغەمبەرلەرنىڭ، ئاخىرەت كۈنىنىڭ راستچىللىقىغا ئىشىنىش، گۇۋاھلىق بېرىش ۋە بۇ توغرۇلۇق ئەقىدىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش دېمەكتۇر. خۇددى بۇ ئايەتتە كۆرسىتىلگىنىدەك: ﴿پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ﴾[2].

﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈزكەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھ تائالاغا،ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھنازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەبغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ﴾[3].

ئىسلامنىڭ ئەنە شۇ ئەقىدىگە دەۋەت قىلىش پروگراممىسى ئەقلى دەلىلغا ئاساسلىنىدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ نەزىرىنى كائىنات ھەققىدە پىكىر تەپەككۇر قىلىشقا، كائىناتتىكى قۇدرەتلىك دەلىلەر ۋە ئاجايىپ مەخلۇقاتلار ۋە خىلمۇخىل دۇنيانىڭ مۇنتىزىم ھالدا قانداق سەيىر قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا ئاغدۇرىدۇ. دېمەك، كەسكىن دەلىللەر كائىناتنىڭ بىر ياراتقۇچىسى ۋە كونترول قىلغۇچىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭ تاسادىپى بوپ قېلىشى ھېچقاچان مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرگەن كىشى تەبىئى ھالدا ئاللاھنىڭ مالائىكىلىرىغا، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە قەدەرنىڭ ياخشى يامانلىقىغا ئىمان كەلتۈرىدۇ.

مەككىدە نازىل بولغان سۈرە ۋە ئايەتلەر، ئىنسانلارنى كائىنات ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە يېتەكلەپ، كەم ـ كۈتكىسىز ۋە ناھايىتى پۇختا يارىتىلغان ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئاسمان ـ زېمىننىڭ سىرلىرىغا نەزەر تاشلاشقا ئۈندەيدۇ. بۇلارنى پۇختىلىق بىلەن

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 25 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە 285 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە بەقەرە 177 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurweb.net

ياراتقان ۋە مۇنتىزىم بىر ھالەتتە ئىدارە قىلىۋاتقان ئاللاھنىڭ چەكسىز ئىلمى ۋە ھېكمىتىگە قاراپ ئىنساننىڭ قەلبى بۇلارنى تەستىقلىماي تۇرالمايدۇ.

مەككىدە نازىل بولغان ئايەتتە يەنە، مۇشرىكلارغا قىسقا ئايەتلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تەبىئەتتىكە ماس ھالدا كۆزلىرىگە كۆرۈنۈپ تۇرغان كەسكىن ۋە روشەن دەلىللەر ۋە لوگىكىلىق ئۇسۇل بىلەن خىتاپ قىلغان. ﴿ئۇلار قارىمامدۇكى، تۆگىلەر قانداق يارىتىلدى. ئاسمان قانداق ئېگىز قىلىندى. تاغلار قانداق تۇرغۇزۇلدى. زېمىن قانداق يېيىتىلدى﴾[1] غاشىيە سۈرىسى 17 - 20 - ئايەتلەر.

﴿قاف. شەرەپلىك قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەن. بەلكى ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئۆز ئىچىدىن ئۇلارغا بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەنلىكىدىن ئەجەبلەندى، كاپىرلار ئېيتتى: «بۇ قىزىق ئىشتۇر. بىز ئۆلۈپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن (تىرىلىپ ئىلگىرىكى ھالىتىمىزگە قايتامدۇق)، بۇنداق قايتىش (ئەقىلدىن) يىراقتۇر» . ئۇلارنى زېمىننىڭ كېمەيتكىنىدىن (يەنى ئۆلارنىڭ جەسەتلىرىنى يەر يەپ كەتكىنىدىن) بىز ھەقىقەتەن خەۋەردارمىز، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب (يەنى لەۋھۇلمەھپۇز) بار . بەلكى ئۇلار بولسا ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغان ھەقىقەتنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى، ئۇلار قالايمىقان ھالەتتىدۇر. ئۇلار ئاسماننى قانداق (تۈۋرۈكسىز) بەرپا قىلغانلىقىمىزغا، ئۇنى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىگەنلىكىمىزگە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق يوقلۇقىغا قارىمامدۇ؟ يەر يۈزىنى (تۇغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا سوزۇپ) كەڭ ياراتتۇق، يەر يۈزىدە (ئۇنىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قىلدۇق ۋە ئۇنىڭدا تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق يەر يۈزىنى (تۇغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا سوزۇپ) كەڭ ياراتتۇق، يەر يۈزىدە (ئۇنىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قىلدۇق ۋە ئۇنىڭدا تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق. اللەغا قايتقۇچى ھەر بىر بەندىگە (اللەنىڭ قۇدرىتىنى) كۆرسىتىش ئۈچۈن ۋە (اللەنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) ئەسلىتىش ئۈچۈن (شۇنداق قىلدۇق). كۆكتىن (بۇلۇتتىن) مۇبارەك سۇنى چۈشۈردۇق، ئۇنىڭ بىلەن باغلارنى ۋە ئاشلىقلارنى، ئېگىز ئۆسكەن، مېۋىلىرى سانجاق - سانجاق بولۇپ كەتكەن خورمىلارنى ئۆستۈردۇق. (ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى) بەندىلەرنىڭ رىزقى ئۈچۈن (ئۆستۈردۇق)، ئۇ سۇ بىلەن ئۆلۈك (يەنى قاقاس) زېمىننى تىرىلدۈردۇق، ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر﴾[2].

﴿مۇشرىكلار ئۆزئارا نېمە توغرۇلۇق) سورىشىدۇ؟ ئۇلار چوڭ بىر خەۋەر (يەنى قىيامەت توغرۇلۇق) سورىشىدۇ. ئۇلار شۇ (يەنى قىيامەت) توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلاردۇر﴾[3].

﴿ئاسمان يېرىلغان. پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلغان،پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاشقا، ئىتائەت قىلىشقا لايىق بولغان چاغدا. زېمىن سوزۇلغان. قوين ئىدىكى نەرسىلەرنى (يەنى ئۆلۈكلەرنى، مەدەنلەرنى) سىرتقا چىقىرىپ قۇرۇقدىنىپ قالغان﴾[4].

﴿ئاسمان يېرىلغان چاغدا. يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا. دېڭىزلار بىر - بىرىگە قوشۇلغان چاغدا. قەبرىلەر ئاستى - ئۈستى قىلىنغان (يەنى ئۆلۈكلەر چىقىرىلغان) چاغدا. ھەر ئادەم ئىلگىرى - كېيىن قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ﴾[5].

﴿كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا. يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا. تاغلار گۇمران بولغان چاغدا. بوغاز تۆگىلەر تاشلىۋېتىلگەن چاغدا. ياۋايى ھايۋانلار توپلانغان چاغدا. دېڭىزلار ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان چاغدا. جانلار (ئۆز قاياشلىرىغا) قوشۇلغان چاغدا. تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟ دەپ سورالغان چاغدا. نامە - ئەماللار ئېچىلغان چاغدا. ئاسمان ئېچىپ تاشلانغان چاغدا. دوزاخ قىزىتىلغان چاغدا. جەننەت (تەقۋادارلارغا) يېقىنلاشتۇرۇلغان چاغدا. ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان (ياخشى - يامان) ئىشلىرىنى بىلىدۇ﴾[6].

---

(1) سۈرە غاشىيە 17 ـ 20 ـ ئايەتكىچە.
(2) سۈرە قاف 1 ـ 11 - ئايەتكىچە.
(3) سۈرە نەبەئ 1 ـــ 3 - ئايەتكىچە.
(4) سۈرە ئىنشىقاق 1 - 4 - ئايەتكىچە.
(5) سۈرە ئىنفىتار 1 ـ 5 ـ ئايەتكىچە.
(6) سۈرە تەكۋىر 1 ـ 14 - ئايەتكىچە.

www.uyghurweb.net

بۇندىن باشقا يەنە مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەردە جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ باتىل مىراسلىرى ۋە باتىل تەقلىدچىلىكلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ۋە ئۇلار ئىبسىل ئەخلاق ۋە نەپسلىرىنى پاكلاشقا چاقىرىق قىلىندى. شۇنىڭدەك زۇلارغا ھالال - ھارام، ئەمىر ۋە چەكلىمىلەر بايان قىلىندى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا قىزلىرىنى تىرىك كۆمۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ھارام قىلىندى.

﴿تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟ دەپ سورالغان چاغدا﴾[1] ﴿ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ (ناھەق) ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار﴾[2].

بۇ ئايەت ئۆزىنى قوغداش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

مەككە ئايەتلىرىدە يەنە زىنا ھارام قىلىندى ۋە ئەۋرەتلىرىنى پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىدىن باشقىلاردىن ساقلاشقا ئەمىر قىلىندى. ﴿(ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ)﴾[3].

بۇ بولسا نەسلنى قوغداش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

بۇندىن باشقا يەنە، زۇلۇم، يېتىمنىڭ مېلىنى يېۋېلىش، ئىسراپخورلۇق، تاجاۋۇزچىلىق، تارازىنى كەم تارتىش ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش قاتارلىقلار ھارام قىلىندى.

بۇ بولسا مال - مۈلكنى قوغداش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

گەرچە زاكات مەدىنىدە قانۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، نەپىقە بېرىش ۋە خەيرى ئېھسان قىلىشقا بۇيرۇلغىنىدەك نامازمۇ مەككىدە قانۇنلاشتۇرۇلدى. روزا تۇتۇش قانۇنىنىڭ ئۇستۇرۇلمىسى مەككىدە ئورنىتىلدى. رەسۇلۇللاھ مەككىدىكى چېغىدا بەزىدە روزا تۇتۇپ بېرىدە تۇتمايتتى. ھجرەتتىن كېيىن مەدىنىدە رامىزاندا روزا تۇتۇش پەرز قىلىنغانغا قەدەر ئاشۇرا روزىسى تۇتۇشقا باشلىغان ئىدى.

مانا بۇلار ئىبادەتنىڭ ئۇسۇللىرى ئىدى.

مەككە ئايەتلىرىدە يەنە ئاللاھ دىن باشقىغا قۇربانلىق قىلىش ۋە بەزى ئىنسانلارنى ھەددىدىن زىيادە ئۇلۇغلاش مەنئى قىلىنىش بىلەن بىرگە بەزى يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئۆزىگە ھارام قىلىپ پەقەت ئىلاھلارغا ئاتاش قاتتىق تەنقىد قىلىندى ھەمدە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن بوغۇزلانغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشكە ئەمر قىلىندى.

بۇ تائامدىكى قائىدە تۈزۈلمىلەر ئىدى.

شاتىبى "مۇۋاپىقات" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

"مەككىدە رەسۇلۇللاھقا قۇرئان نازىل بولغاندا پۈتكۈل قائىدە قانۇنىيەتلەر ئەسلىدە بىر باش تېما شەكلىدە ئىدى. مەككىدە ئۇلى تىكلەنگەن بۇ قائىدە قانۇنىيەتلەر مەدىنىدە مۇكەممەللەشتى. بۇنىڭ باشلانغۇچ قىسمى ئاللاھ تائالاغا، رەسۇلىغا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىدى. ئاندىن ناماز ئوقۇش، مال - مۈلكنىڭ نەپىقىسىنى بېرىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئومۇمىي قائىدە قانۇنىيەتلەرنىڭ ئاساسى يارىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۆھتان چاپلاش، ئاللاھ دىن باشقىغا قۇربانلىق قىلىش، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ھالال نەرسىلەرنى ئۆزىگە ھارام قىلىش، ئاللاھ دىن باشقىلارغا چوقۇنۇش قاتارلىقلار مەنئى قىلىندى ۋە ئادىل بولۇش، خەيرى ئېھسا قىلىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئەپۇچان بولۇش، جاھىلىيەتتىن يۈز ئۆرۈش، يالغۇز بىر ئاللاھ دىنلا قورقۇش، سەۋرى تاقەتلىك بولۇش قاتارلىق ئىبسىل ئەخلاقلارغا ئەمر قىلىندى. ھەمدە قەبىھ سۆز ھەرىكەتلەر، تاجاۋۇزچىلىق، دەلىل - ئىسپاتسىز قالايمىقان سۆزلەش، تارازىدا كەم تارتىش، يەر يۈزىدە بوزغۇنچىلىق قىلىش، زىنا قىلىش، قاتىللىق قىلىش، قىزىنى تىرىك كۆمۈش قاتارلىق ناچار خاھىشلار ۋە جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قالدۇقلىرى قەتئى چەكلەندى. قىسقىسى، مەككىدە قىسمەن قانۇن چىقىرىش ناھايىتى ئاز بولغان بولسىمۇ، قانۇننىڭ ئاساسى كەككىدە تىكلەندى".

---

[1] سۈرە تەكۋىر 8 ـ 9 - ئايەتلەر.

[2] سۈرە ئەنئام 151 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە مۇئمىنۇن 5 - 7 - ئايەتكىچە.

www.uyghurweb.net

رەسۇلۇللاھقا تەسەللى، يالغانچىلارغا ئىبرەت، ساماۋىي دىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ دىننىڭ قانۇنىغا ياردەم بېرىش ۋە مۇشرىكلارنى ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىپ پەيغەمبىرىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن مەككە ئايەتلىرىدە پەيغەمبەرلەر قىسسىسى كۆپرەك بايان قىلىندى.

## مەدىنىدىكى قانۇن چىقىرىش ھەرىكىتى

ھىجرەت، ئىسلام تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ بىر ۋەقە بولۇپ، ئىسلام ئەقىدىسى مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى ئۇرۇقىنى بىخ ئۇردۇرۇش بىلەن بىرگە مەدىنە ئىسلامنىڭ مەركىزى بوپ قالدى. ئاندىن دەۋەت سىستېمىلىق يېڭى بىر ھەرىكەت باسقۇچىغا كىرىش بىلەن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قانۇن چىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئورنۇتۇش ئىشلىرى باشلىنىپ كەتتى. بۇ يېڭى جەمئىيەتنى قۇرۇش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ ئاتقان تۇنجى قەدىمى: ئى مۇھاجىر ۋە ئەنسار قېرىنداشلىرىم! دەپ خىتاپ قىلىش بولدى. چۈنكى ئەنسارىلار ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق مۇھاجىر قېرىنداشلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىدىن ئەلا بىلەتتى.

﴿ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى)دىن ئەلا بىلىدۇ﴾[1].

## ھىجرەتتىن كېيىن مەدىنىگە ھەر تەبىقىگە مەنسۇپ كىشىلەر كېلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىگە قېتىلىشى

بۇ سەپكە مۇشرىك ئۇرۇق تۇغقان ۋە يېقىن يۇرۇقلىرىنى تەرك ئېتىپ مەككىدىن ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلار قېتىلدى.

يەنە رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلغان، ياردەم بەرگەن ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرلا قېتىلدى. ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا بۇرۇن ئۇنتۇلغۇسىز قانلىق جەڭلەر بولغان ئىدى.

بۇ سەپكە يېڭى دىننىڭ ھەيۋىسىگە قاراپ، كۆرۈنۈشتە بويسۇنغاندەك قىلىسمۇ ئەمەلىيەتتە كۇپرىلىق ۋە بۇ دىنغا بولغان دۈشمەنلىكىنى يوشۇرغان كۆڭلى قارا بىر تۈركۈم مۇناپىقلارمۇ قېتىلدى.

بۇ سەپكە يەنە ئۇزۇندىن بېرى يەسرىبتە ياشاۋاتقان، مۇقەددەس كىتابلاردىن رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، دىنى ھاكىمىيەت تىكلەيدىغانلىقى ۋە ئۇنى يەر يۈزىدە ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بېشارەتلەردىن خەۋەردار يەھۇدىيلارمۇ قېتىلدى. ﴿**فَلَما جَاءَهُم ما عَرَفُوا كَفَـرُوابِـهِ**﴾ ﴿ئۇلار بىلىدىغان (يەنى تەۋراتتا سۈپىتى بايان قىلىنغان) پەيغەمبەر كەلگەن چاغدا ئۇنى ئىنكار قىلدى﴾[2] شۇنىڭ بىلەن مەدىنىدىكى قانۇن چىقىرىش ھەرىكىتى دۇچ كېلىۋاتقان بۇ خىل ئامىللارنى بىر تەرەپ قىلىشقا يۈزلەندى.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئاساسى بولغان بۇ يېڭى دىننىڭ ئەقىدىسى مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارنى مۆمىنلىك زەنجىرى بىلەن بىر ـ بىرىگە چەمبەرچەس باغلاپ قەبىلىلەر ئارا قانلىق توقۇنۇشلارغا خاتىمە بەردى. رەسۇلۇللاھ گورۇھۋازلىق (يۇرتۋازلىق) قىلىشتىن ئاگاھلاندۇردى ۋە ئۇنى جاھىلىيەتنىڭ قالدۇقلىرى دەپ جاكارلىدى: "گورۇھۋازلىق قىلغان، گورۇھۋازلىق ئۈستىدە ئۆلگەن ۋە گورۇھۋازلىقنى دەپ جېدەل تېرىغۇچىلار بىزگە مەنسۇپ ئەمەس. ئۇنداق قىلىشتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى ئۇ پىتنە ـ پاساتنىڭ ئاساسلىق ئامىلىدۇر".

دىمەك ئاللاھ يەھۇدىيلارنىڭ چۆمپەردىسىنى ئېچىپ تاشلىغان ۋە مەدىنە ئايەتلىرىدە ئۇلارنىڭ تولىمۇ خەتەرلىك كىشىلەر ئىكەنلىكىدىن ئاگاھلاندۇرغان.

---

[1] سۈرە ھەشر 9 ـ ئايەتنىڭ.

[2] سۈرە بەقەرە 89 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurweb.net

قۇرئاندا يەھۇدىيلارنىڭ گۇمراھلىق پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش، جازانە ئېلىش، كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىش، ھەسەتخورلۇق، بېخىللىق، خىيانەتچىلىك، ئالدامچىلىق، نومۇسسىزلىق، شەرمەندىچىلىك ۋە ھەددىدىن ئاشقان زالىملىق قاتارلىق قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى پاش قىلىنغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى ۋە ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقاردى.

زاكات، روزا ۋە ھەجگە ئوخشاش ئىسلامنىڭ ئاساسلىق ئۈستقۇرۇلمىسى بولغان باشقا ئىبادەتلەرگە ئائىت قانۇنلارمۇ مەدىنىدە تۈزۈلۈپ چىقىلدى.

پۇل مۇئامىلىگە ئائىت بەلگىلىمىلەردە سودا ـ سېتىق ھالال قىلىنىپ، جازانە (ئۆسۈم) ھارام قىلىندى. توختام ئارقىلىق ياكى گۇۋاھچىنىڭ ۋاستىسى بىلەن قەرز بېرىش ـ ئېلىشكە ئائىت قەرەل ۋە مۆھلەت ئوچۇقلاپ بېرىلدى. تىجارەتكە سەپەرۋەر قىلىنىپ باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىش مەنئى قىلىندى.

نىكاھ، ئەر ئاياللىق مۇناسىۋەت، تالاق، مىراس ۋە ۋەسىيەتكە ئائىت ئائىلە تۈزۈلمىسى ئورنىتىلدى.

ئۇرۇشقا ئائىت بەلگىلىمىلەردە جىھاد پەرز قىلىندى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ياكى ئەسىر ۋە غەنىمەتلەرگە دائىر قائىدە نىزاملار تۈزۈلۈپ چىقىلدى.

جىنايى ئىشلار ۋە ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداشقا ئائىت قانۇن لاھىيىسى تۈزۈلۈپ چىقىلدى. قىساس ۋە قىساسقا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەردە دىنىنى، ئىنسان ھەقلىرىنى، مال ـ مۈلكىنى، نەسىل ۋە ئەقلىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئاساسلىق بەش پرىنسىپ قانۇنلاشتۇرۇلدى.

سوتلاش ۋە ھۆكۈم قىلىشتا كىشىلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ كىتابى (يەنى قۇرئان) نىڭ ئەھكامى بويىچە ھۆكۈم قىلىش بەلگىلەندى.

﴿**وَأَنِ احْكُم بَيْنَهُم بِمَا أَنزَلَ اللهُ وَلاَ تَتَّبِعْ أَهْوَاءَهُمْ**﴾ ﴿ئۇلار (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ (ئەھكامى بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن﴾[1].

يىغىپ ئېيتقاندا، مەدىنىدىكى قانۇن چىقىرىش ھەرىكىتى، ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ ھەر خىل ساھەلەردىكى ھايات مەشئىلىنى يورۇتۇپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە سىياسى ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسىنى يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام، ئەقىدە، قانۇن ۋە مۇكەممەل بىر ھايات سىستېمىسىنىڭ پۈتۈن بىر گەۋدىسى، رەسۇلۇللاھ بولسا ئىسلام دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىدى. ئاندىن ئاللاھ بۇ دىنىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى ۋە نېمىتىنى تاماملىدى.

## مەككە بىلەن مەدىنىدىكى قانۇن چىقىرىش ھەرىكەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت

مەككىدە ۋەھيي قىلىنغان تەۋھىد ۋە دىنىنىڭ ئاساسلىرىنىڭ مەدىنىدە قانۇنلىششىدا مەككىدىكى ھەرىكەت ئاساسىي رول ئوينىغانلىقتىن مەدىنىدىكى قانۇن چىقىرىش ھەرىكەتلىرى بىلەن مەككىدىكى قانۇن چىقىرىش ھەرىكەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئايرىش تولىمۇ قىيىن. شاتىبى مۇنداق دەيدۇ:

”مەدىنىدەنازىل بولغان سۈرىلەر مەككە ئايەتلىرىنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. نازىل بولۇش تەرتىپى بويىچە مەككە بىلەن مەككە ۋە مەدىنە بىلەن مەدىنە ئوتتۇرىسىدىكى ئايەتلەرنى چۈشىنىشمۇ شۇنداق. بۇنىڭ بىردىن بىر دەلىلى، كۆپىنچە ھاللاردىكى مەدىنە خىتاپلىرىنىڭ مەككە ئايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشىدۇر. شۇنىڭدەك ئاخىرقى ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن باغلىنىشلىقىدۇر. بولۇپمۇ ئىندۇكسىيىلىك خۇسۇسىيىتى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

مەلۇمكى بۇ ئابستىراكت ۋە كونكرېت ئۇقۇملارنى، ئىزاھلىق ۋە تەپسىلى مەلۇماتلارنى، مىسلىسىز دەرىجىدىكى مۇكەممەللىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر. بۇ قانۇنشۇناسلىق ھەرىكىتى، ئېسىل ئەخلاقى پەزىلەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتىنى ئىسلاھات قىلىشنى ئوبيېكت قىلغان.

---

[1] سۈرە مائىدە 49 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurweb.net

ئەنئام سۈرىسى ئەقىدە ۋە دىنىنىڭ ئاساسى پرىنسىپلىرىنى بايان قىلغۇچى سۈپىتىدە نازىل قىلىندى. ئۆلىمالار بۇنىڭدىن تەۋھىدنىڭ ئاساسىنى ئايرىپ چىققان بولسا، مۇتەخەسسىسلەر بۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە تۈرلەرگە ئايرىپ، ئاللاھنىڭ بارلىقىدىن يېتەكچىلىككە قەدەر بىر قاتار مەسىلىلەرنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇردى.

بۇ كىتابنى دىققەت بىلەن ئوقۇپ چىققىنىڭىزدا، مەككىدىكى قانۇن چىقىرىش ھەرىكەتلىرىنى ئاساسى نوختا قىلىپ، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان قانۇن تۈزۈلمىسىنى ۋە ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان بىر جەمئىيەتنى بايان قىلغانلىقىنى روشەن ھالدا بايقىيالايسىز.

رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا، تۇنجى قېتىم نازىل بولغان سۈرە بەقەرە بولۇپ، بۇ ئەنئام سۈرىسىنى تېخىمۇ مۇكەللەشتۈردى. بۇ سۈرە بىر قانچە قائىدە ـ قانۇنىيەتنى تەپسىلى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئىسلامنىڭ ئاساسى بولغان تۈرلۈك ئىبادەتلەر.

يېمەك ـ ئىچمەك ۋە باشقىلارغا دائىر ئادەتلەر.

سودا ـ سېتىق، نىكاھ قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار.

جازانە ۋە جازانىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جىنايەتلەر. بۇندىن باشقا يەنە دىننى، ئۆزىنى، ئەقلىنى، نەسلىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر. بۇندىن باشقا ئاخىردا نازىل بولغان مەدىنە سۈرىلىرى بىلەن ئەنئام سۈرىسىدىن باشقا ئاخىرقى مەككە سۈرىلىرىدىكى بايانلارمۇ شۇنداق.

## مەككە ئايەتلىرى بىلەن مەدىنە ئايەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق

قۇرئان ئوقۇغان كىشى، گەرچە ئىككىنچىسى بىرىنچىسىگە ئەھكام ۋە قانۇن چىقىرىشتا مۇكەممەللەشتۈرۈش رولىغا ئىگە بولسىمۇ، ھادىسە ۋە مەنە جەھەتتىن مەدىنە ئايەتلىرىگە قارىغاندا مەككە ئايەتلىرىدە ئالاھىدە ئارتۇقچىلىقلارنى بايقايدۇ. چۈنكى (ھەقىقەتنى ئاڭلاشتىن) قۇلاقلىرى گاس، (ھەقنى كۆرۈشتىن) كۆزلىرى كور بولغان بۇ مىللەت (يەنى مەككە خەلقى) بۇتلارغا چوقۇنۇپ، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرەتتى ۋە ۋەھيىنى ئىنكار قىلىپ، قىيامەت كۈنىنى يالغانغا چىقىرىشاتتى.

﴿ئۇلار: «بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغان چاغدا بىز چوقۇم تىرىلدۈرۈلەمدۇق؟ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزمۇ تىرىلدۈرۈلەمدۇ؟» دەيتتى﴾[1] ﴿ئۇلار (يەنى قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار): «ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى تۇغۇلىمىز). پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز» (دەيدۇ)﴾[2]

پاساھەت ۋە بالاغەتتە كامالەتكە يەتكەن، ئەمما تولىمۇ جېدەلخور بۇ قەۋمگە مەككە ئايەتلىرى نازىل بولۇپ، (ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا) قېچىپ قۇرتۇلالمايدىغان ھالاكەتلەر بىلەن ئاگاھلاندۇردى ۋە كەسكىن دەلىللەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ چىرىك ئەقىدىسىنى مات قىلىپ، ئاللاھنىڭ يەككە ـ يېگانە ئۇلۇھىيىتى ۋە رۇبۇبىيىتىگە ئىشىنىشكە چاقىردى ھەمدە ئۇلارنىڭ چۈمپەردىسىنى ئېچىپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەيغەمبەرلىكنىڭ دەلىللىرىنى، ئاخىرەت ھاياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەننەت ۋە دوزاختىن مىساللار كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئەگەر ئۇلار سۆزلىرىدە راستچىل بولسا ۋە قۇربى يەتسە قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر كىتابنى بارلىققا كەلتۈرۈپ بېقىشقا دەۋەت قىلدى. قىسقىسى ھەددىدىن ئاشقۇچى بۇ يالغانچىلارنىڭ قىسسىسىنى ئىبرەتلىك ۋە ۋەز ـ نەسىھەتلىك ئۇسلۇبتا بايان قىلدى. روشەنكى، قۇرئاندا ئاڭلىغۇچىلارنى تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان ۋە ۋەھىمىگە سالىدىغان ئاجايىپ سۆز ـ ئىبارىلەرنى بايقايسىز. ﴿(بۇ گۇناھكارلارنىڭ) ھەربىرىنى گۇناھى تۈپەيلىدىن جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە تاش ياغدۇردۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى قاتتىق تاۋۇش ھالاك قىلدى، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى (مال ـ مۈلكى بىلەن قوشۇپ) يەرگە يۇتقۇزدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى (سۇدا) غەرق قىلدۇق، ئاللاھ ئۇلارغا زۇلۇم

---

[1] سۈرە ئەنئام 47 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنئام 24 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

قىلمىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى﴾[1] بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئالەمشۇمۇل دەلىللەر بىلەن قىزغىن بەس - مۇنازىرىلەر، مەككە ئايەتلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىدىندۇر.

ئاللاھ تائالاغا، مالائىكىلەرگە، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە، تەقدىر ۋە ئۇنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا ئىشىنىش ئىدىغان بىر تۈركۈم مۆمىنلەر ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، ئەقىدىلىرىنىڭ قانداقلىقى توغرۇلۇق مۇشرىكلارنىڭ ئەزىيىتى بىلەن سىنالدى. ئۇلار بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىپ، دىنى ئۈچۈن سۆيۈملۈك ۋەتىنى ھىجرەت قىلدى ۋە دۇنيا نېمەتلىرىگە كۆرە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئەۋزەل كۆردى. مەدىنە ئايەتلىرى ئۇزۇن سۈرىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ ئاساسەن، ئىسلامغا بولغان ئىنتىلىش، ئىسلامنىڭ چەك - چېگراسىنى ئايرىش، جىھاد قىلىش، ئاللاھنىڭ يولىدا شېھىت بولۇش، قانۇنىنىڭ ئاساسىنى تىكلەش، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىش، ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىگە ئائىت نىزام ئورنىتىش، كىشىلىك ۋە خەلقارا مۇناسىۋەت ئورنىتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭدەك بۇنىڭدا مۇناپىقلارنىڭ خىيانەتلىرى پاش قىلىنىپ، ئەپتى - بەشىرىسى ئېچىپ تاشلانغان. مەدىنە ئايەتلىرىنىڭ ئومۇمى خۇسۇسىيىتى مانا بۇلاردىن ئىبارەت.

تۆۋەندە مەككە سۈرىلىرى بىلەن مەدىنە سۈرىلىرىنىڭ سانى بېرىلدى. بۇنىڭدىن پۈتكۈل ئۆلىمالارنىڭ بىردەك قارىشىچە 20 سۈرە مەدىنىدە بولغان:

1) بەقەرە
2) ئال ئىمران
3) نىسا
4) مائىدە
5) ئەنفال
6) تەۋبە
7) نۇر
8) ئەھزاب
9) مۇھەممەد
10) فەتىھ
11) ھۇجۇرات
12) ھەدىد
13) مۇجادەلە
14) ھەشر
15) مۇمتەھىنە
16) جۇمۇئە
17) مۇنافىقۇن
18) تەلاق
19) تەھرىم
20) نەسر

ئارىلاش نازىل بولغان سۈرىلەر
1) فاتىھە
2) رەئد
3) رەھمان

---

[1] سۈرە ئەنكەبۇت 40 - ئايەت.

4) سەپ
5) تەغابۇن
6) تەتفىق
7) قەدر
8) بەييىنە
9) زەلزەلە
10) ئىخلاس
11) فەلەق
12) ناس

يۇقىرىقى ئۆلىمالارنىڭ بىردەك قارىشىچە، بۇلاردىن باشقا 82 سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، يۇقىرىقى قۇرئان 114 سۈرىدىن تەركىب تاپقان. سۈرىلەرنىڭ تۈرلەرگە ئايرىشتا (بولۇپمۇ ئارىلاش سۈرىلەرنىڭ) ئايەتنىڭ كۆپلىكى ئاساس قىلىنغان. سۈرىلەرنى ئاتاشتىمۇ ھەم شۇنداق. ئالايلۇق، مەككە سۈرىلىرى مەدىنە ئايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىدەك، مەدىنە سۈرىلىرىمۇ مەككە سۈرىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## مەككە ۋە مەدىنە سۈرىلىرى

ئۆلىمالار، مەككە سۈرىلىرى بىلەن مەدىنە سۈرىلىرىنى ئايرىپ چىقىشتا لۇغەت جەھەتتىن ئۈچ خىل كۆزقاراشقا ئىگە بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس كۆزقاراشلىرى بار:

**بىرىنچى:** گەرچە مەككىدە نازىل بولمىغان بولسىمۇ، نازىل بولغان ۋاقىتنى نەزەردە تۇتۇپ ھىجرەتتىن بۇرۇن نازىل بولغان سۈرىلەر "مەككە سۈرىلىرى"، مەدىنىدە نازىل بولمىغانلىرىمۇ ھىجرەتتىن كېيىن نازىل بولغان سۈرىلەر "مەدىنە سۈرىلىرى" دەپ قارىلىدۇ. ھىجرەتتىن كېيىن نازىل بولغان سۈرىلەر مەككە، ئەرەفە ياكى باشقا جايدا نازىل بولغان تەقدىرىمۇ "مەدىنە سۈرىلىرى" دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن: مەككە پەتھى قىلىنغان يىلى ياكى ۋىدالىشىش ھەججىدە نازىل بولغىنىدەك. ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾[1].

بۇ بىرىنچى تۈركۈمدىكىلەرنىڭ كۆزقارىشى.

**ئىككىنچى:** مەككە ۋە ئەتراپىدىكى منا، ئەرەفات ۋە ھۇدەيبىيەگە ئوخشاش نازىل بولغان جاي نەزەردە تۇتۇلۇپ مەككە سۈرىلىرى، مەدىنە ۋە ئەتراپىدىكى ئۇھۇد، قۇبا ۋە سۇلەئەگە ئوخشاش يەرلەردە نازىل بولغان سۈرىلەر يىڭى ئايەتلەر مەدىنە سۈرىلىرى دەپ قارالغان. بۇ، سۇئالئەلەردىن باشقىلىرىنىڭ كۆزقاراشلىرى بولۇپ، بۇنىڭدا ئەسفار، تەبۇك ياكى بەيتۇلمۇقەددەستە نازىل بولغان سۈرىلەرنى نە مەككە، نە مەدىنە دەپ تۈرگە ئايرىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ھىجرەتتىن كېيىن مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەر "مەككە سۈرىلىرى" دەپ قارىلىدۇ.

**ئۈچىنچى:** سۈرىلەر خىتاپ قىلىنغۇچىغا ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. مەسىلەن: مەككە ئاھالىسىگە خىتاپ قىلىنغان بولسا "مەككە سۈرىلىرى"، مەدىنە ئاھالىسىگە خىتاپ قىلىنغان بولسا "مەدىنە سۈرىلىرى" دەپ قارىلىدۇ.

بۇ خىل قاراشتىكىلەر، مۇنۇ ئايەتكە ئاساسلىنىدۇ: "ئى ئىنسانلار" مەككىدە نازىل بولغان. "ئى مۆمىنلەر" مەدىنىدە نازىل بولغان. قۇرئاندىكى سۈرىلەرنىڭ كۆپۈنچىسى بۇنى ئوچۇقلاپ بەرمىگەنلىكتىن، بۇ قاراش ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمىغان. مەككىكە سۈرىلىرى بىلەن مەدىنە سۈرىلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك پەرقلەندۈرۈشىمىز مۇمكىن:

---

[1] سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net



1) - تەۋھىد ۋە ئاللاھنىڭ يەككە - يېگانە ئىكەنلىكىگە دەۋەت قىلىنىپ، پەيغەمبەرلىك، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش ۋە جازالىنىش - مۇكاپاتلىنىش ئاللاھنىڭ ئالەشۇمۇل دەلىللىرى ئارقىلىق ئىسپاتلانغان ۋە بۇ ئارقىلىق مۇشرىكلارغا رەددىيە بېرىلگەن. ئۇلار بىلەن ئىلمى ئاساستا مۇنازىرە ۋە مۇجادىلە يۈرگۈزۈلۈپ ۋە ئەقلى دەلىللەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىك يىلتىزى قومۇرۇپ تاشلانغان ھەمدە قىيامەت ۋە ئۇنىڭ دەھشىتى، دوزاخ ۋە ئازابى، جەننەت ۋە نېمەتلىرى زىكرى قىلىنغان.
2) - جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىدىغان ئاساسى قانۇن تۇرغۇزۇلۇپ، مۇشرىكلارنىڭ قان تۆكۈش، يېتىم - يېسىرلارنىڭ مال - مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىش ۋە قىزلىرنى تىرىك كۆمۈۋېتىشتەك يامان ئادەت قاتارلىق قىلمىشلىرى پاش قىلىنغان.
3) - ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن بۇرۇنقى كاززابلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئېلىشى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلار تەرىپىدىن چەككەن ئەزىيەتلەرگە سەۋرى قىلىپ، ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىدىن كۆڭلىدىن خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن تەسەللى بېرىش يۈزىسىدىن پەيغەمبەرلەر بىلەن بۇرۇنقى مىللەتلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىنغان.
4) - ۋەقەلەر ئۆزى ئىخچام مەنىسى چوڭقۇر، قۇلاقلارنى گاس، ئەقىلنى لال قىلىدىغان پاساھەتلىك سۆزلەر بىلەن بايان قىلىنغان.
5) - ئومۇمەن مەككە سۈرىلىرىدىكى خىتاپ ئۇسلۇبى مۇنداق بولغان: ”ئى ئىنسانلار“ ”ئى بەنى ئادەم“. مەدىنە سۈرىلىرىدىكى خىتاب ئۇسلۇبى كۆپىنچە مۆمىنلەرگە قارىتىلغان: ”ئى مۆمىنلەر“.

مەدىنە ئايەتلىرىدە تۆۋەندىكى 7 ئايەتتىن باشقا، ”ئىنسانلار“ دەپ خىتاب قىلىنمىغان:

ئىككى ئايەت بەقەرە سۈرىسىدە

1 - ﴿ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار﴾[1]

2 - ﴿ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال - پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار﴾[2]

تۆت ئايەت نىسا سۈرىسىدە

1 - ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۇز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر - ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار﴾[3]

2 - ﴿ئى ئىنسانلار! ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سىلەرنى يوق قىلىپ ئورنۇڭلارغا باشقىلارنى كەلتۈرىدۇ﴾[4]

3 - ﴿ئى ئىنسانلار! پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن ھەق (دىن) ئېلىپ كەلدى﴾[5]

4 - ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (شانلىق مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت) ئوچۇق دەلىل كەلدى﴾[6].

5 - مەككە ئايەتلىرىدە قەسەم ناھايىتى كۆپ جايدا كەلتۈرۈلگەن، جۈملىدىن مەككە ئايەتلىرىدى 33 قېتىم قەسەم ئايەتلىرى كەلتۈرۈلگەن بولسا، مەدىنە ئايەتلىرىدە پەقەت بىر قېتىملا كەلتۈرۈلگەن. ﴿كاپىرلار ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ گۇمان قىلىشتى، ئېيتقىنكى: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر﴾[7].

---

[1] سۈرە بەقەرە 21 - ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە 168 - ئايەت.
[3] سۈرە نىسا 1 - ئايەت.
[4] سۈرە نىسا 133 - ئايەت.
[5] سۈرە نىسا 170 - ئايەت.
[6] سۈرە نىسا 174 - ئايەت.
[7] سۈرە تەغابۇن 7 - ئايەت.

www.uyghurweb.net

ئۆلىمالار، ھىجرەتتىن بۇرۇنقى ئالاھىدە ۋەقەلەر ھەققىدە نازىل بولغان سۈرىلەرنىڭ نازىل بولۇش تارىخىنى ئېنىقلاشتا ئېتىراز بىلدۈرۈشتى. جۈملىدىن:

1- نەجم سۈرىسى: پەيغەمبەرلىكتىن كېيىن "5 - يىلى" ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغاندا نازىل بولدى.

2- تاھا سۈرىسى: ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىدىن ۋە ھىجرەتتىن بۇرۇن "6 – يىلى" نازىل بولغان بولدى.

3- رۇم سۈرىسى: بەئسەتتىن كېيىن "7 - ياكى 8 – يىلى" پارس - رۇم ئۇرۇشى پارتلىغان چاغدا نازىل بولدى.

4- جىن سۈرىسى: تەخمىنەن بەئسەتتىن كېيىن "10 – يىلى" رەسۇلۇللاھنىڭ تائىفكە كېتىشى ۋە ئەبۇ تالىپ بىلەن خەدىچەنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن نازىل بولدى.

5- ئىسرا سۈرىسى: بۇمۇ تەخمىنەن بەئسەتنىڭ "10 – يىلى" ئىسرا ۋە مىراج ۋەقەسىدىن كېيىن نازىل بولدى.

مەككە سۈرىلىرىنى تېمىسىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە ئايرىش مۇمكىن:

1) - مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان دۈشمەنلىكىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن، ھۇمەزە، مائۇن، تەكاسۇر، فىل، مەسەد قاتارلىق سۈرىلەر نازىل بولدى.

2) - كۇففارلار تەرىپىدىن تارتقان ئەزىيەتلەرگە قارىتا رەسۇلۇللاھقا تەسەللى بېرىش يۈزىسىدىن زۇھا ۋە ئەلەم نەشرەھ سۈرىلىرى نازىل بولدى.

3) - قىيامەت كۈنى ئىدىكى دەھشەت ۋە ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېساب بېرىش، جەننەت ۋە دوزاختا ئەھۋاللارنى تەسۋىرلەپ تەكۋىر ۋە ۋاقىئە سۈرىلىرى نازىل بولدى.

4) - قىسقا ئايەتلەر ئارقىلىق پەيغەمبەرلەر قىسسىسىنى بايان قىلىپ نۇھ ۋە قەمەر سۈرىلىرى نازىل بولدى.

## مەدىنە سۈرىلىرىنىڭ پەرقى

1- ئىبادەت، پۇل - مۇئامىلە، چەك - چېگرا (ئىسلام ھوقۇقىدىكى قانۇن - چەكلىمىلەر)، مىراس، جىھادنىڭ پەزىلىتى، ئائىلە تۈزۈلمىسى، جەمئىيەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ھاكىمىيەت پرىنسىپلىرى ۋە قانۇنىي مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

2- يەھۇدىي ۋە ناسارالار (خرىستىئانلار) دىن بولغات ئەھلى كىتابقا خىتاپ قىلىنىپ، ئىسلامغا چاقىرىق قىلىنغان ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىپ، ھەقىقەتتىن چەتنەپ كېتىش ۋە ئۇلارنىڭ گۇمراھلىقىنى ئاشكارىلايدىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر كەلگەندىن كېيىنمۇ ئىختىلاپ قىلىشتەك قىلمىشلىرى بايان قىلىنغان.

3- مۇناپىقلارنىڭ خىيانەتلىرى ۋە ئەپتىبەشىرىسى ئېچىپ تاشلىنىپ، مۇناپىقلارنىڭ دىنغا نىسبەتەن نە قەدەر خەۋپلىك ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

4- كۆپىنچە ئايەت ۋە ئابزاسلاردا ئىسلام قانۇنىنىڭ نىشان ۋە غايىسى ئەڭ گۈزەل ئۇسلۇبتا ئىزاھلىنىپ بېرىلگەن.

مەدىنە سۈرىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك تارىخىي باسقۇچلارغا بۆلۈش مۇمكىن:

ئا) بەقەرە سۈرىسىنىڭ كۆپ قىسمى ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى، بەدر غازاتىنىڭ باشلىرىدا قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قىبلە بەيتۇلمۇقەددەستىن كەبىگە ئۆزگەرتىلگەن، ھەمدە بەزى يېمەكلىكلەر ھارام قىلىنىپ، رۇزا تۇتۇش، ھەج ئەھكاملىرى ۋە ئەر - خوتۇنلۇقتا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر ئورنىتىلغان.

ب) ئەنفال سۈرىسى، بەدر غازاتىنىڭ ئاخىرلىرىدا نازىل بولغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئاساسلىقى غازاتقا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلىكلەر، غەنىمەتلەرنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ۋە ئەسىرلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

ت) نىسا سۈرىسى تەخمىنەن ھىجرىيىنىڭ 4 - يىلى نازىل قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدا نىكاھ، يېتىم - يېسىر ۋە مىراسقا دائىر بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

www.uyghurweb.net

ڭ) ئەھزاب سۈرىسى ھىجرىيىنىڭ 5 ـ يىلى ئەھزاب غازاتىدا نازىل قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئاساسەن بالا بىقىۋېلىش (ئادەتلىرى) نىڭ بىكار قىلىنىشى، مۆمىنلەر بىلەن مۇناپىقلارنىڭ غازاتقا دائىر ئەھۋالى، زەينەب بىنت جەھشنىڭ قىسسىسى، رەسۇلۇللاھ ۋە رەپىقىلىرىنىڭ مۆمىنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئاياللارنىڭ چۈمپەردىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ج) تەۋبە سۈرىسى، ھىجرىيىنىڭ › ـ يىلى تەبۇك غازاتىدىن كېيىن نازىل قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئاساسەن، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەج قىلىش ئۈچۈن گەرچە توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلماققا بۇيرىغانلىقى، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇش قىلماسلىق، مۇناپىقلارنىڭ ئەيتى ـ بەشەرىسىنىڭ چىتقا يېيىلىشى ۋە تەبۇك غازاتىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىگە ئالىدۇ.

## قۇرئاننىڭ ئېھتىياج ۋە ئىستەك ھەمدە ئەھكاملارنى بايان قىلىشتىكى ئۇسلۇبى

بۇ جەھەتتىكى ھۆكۈم: ۋاجىب (قوبۇل قىلىش)، مۇستەھەب، ھارام، مەكرۇھ ۋە مۇباھتىن ئىبارەت بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ خىتابنىڭ يا ئېھتىياج ئۈچۈن ياكى ئىستەك ئۈچۈن بولغانلىقىدىندۇر. ئېھتىياج بولسا يا مەجبۇرى ياكى ئىختىيارى بولىدۇ. ئەگەر ئېھتىياج مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن بولغان بولسا ئۇ مۇتلەق قوبۇل قىلىنىدۇ . ناۋادا ئېھتىياج ئىختىيارى يوسۇندا بولۇشىغا قارىماي تەلەپ قىلىش ھارامدۇر. ئەگەردە تەلەپ مەجبۇرى يوسۇندا بولمىسا مەكرۇھ بولىدۇ. ئەگەر ئېھتىياج مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچىنىڭ خاھىشى بويىچە بىر ئىشنى قىلىپ قىلماسلىق ھەققىدە تەرەققى قىلسا مۇباھ بولىدۇ. ئۇنداقتا ئۇ ئىشنى قىلىش ياكى تەرك ئېتىش مۇباھتۇر. تەلەپ؛ ۋاجىب ۋە مۇستەھەبتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئىختىيارى تەلەپ ھارام ۋە مەكرۇھتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئىختىيار قىلغۇچىنىڭ بىر ئىشنى قىلىش ياكى تەرك ئېتىشى، مۇباھتىن ئىبارەت بەشىنچى قىسىمدۇر.

مەجبۇرىيەتنى ئورۇنداشقا بولغان تەلەپ ۋاجىب ۋە مۇستەھەبنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق مەجبۇرى تەلەپكە ئاساسەن بولىدۇ ياكى ئىختىيارى تەلەپكە ئاساسەن بولىدۇ. مەجبۇرى تەلەپ بولسا، تەلەپنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۇتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلەن ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئورۇندىمىغانلارغا قارىتا جازا بېرىش ياكى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنداش ئۈچۈن ئەسلىتىشكە ئوخشاش.

دەرۋەقە ئىختىيارى تەلەپ ھارام ۋە مەكرۇھنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق مەجبۇرى تەلەپكە ئاساسەن بولىدۇ ياكى ئىختىيارى تەلەپكە ئاساسەن بولىدۇ. مەجبۇرى تەلەپ بولسا، ئىختىيارى تەلەپنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۇتتۇرىغا چىقىدۇ. مۇسىلەن ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئورۇندىمىغانلارغا قارىتا جازا بېرىش ياكى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنداش ئۈچۈن ئەسلىتىشكە ئوخشاش.

قىسقىسى تەلەپنى قاندۇرۇش ياكى قاندۇرماسلىق بۇيرۇققا ئىتائەت قىلمىغانلىق ھېسابلانمايدۇ. بۇ ھەقتە خىلمۇخىل كۆز قاراشلار بولۇپ، قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگۈچى، تەلەپ ۋە ئىختىيارلىق ھەمدە ئەھكاملارنى بايان قىلىشتا ئەلۋەتتە قۇرئاننىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بارلىقىنى يەكۈنلەپ چىقالايدۇ.

شەيخ خۇررى "ئىسلام قانۇنى تارىخى" ناملىق ئەسىرىدە، قۇرئاندا مەيلى ۋاجىب ۋە مۇستەھەب، مەيلى ھارام ۋە مەكرۇھ قاتارلىقلارغا بولغان تەلەپتە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بارلىقىنى ئوچۇقلاپ بەرگەن. تۆۋەندە كۆرسىتىلگىنىدەك:

## بىرىنچى، پېئىل ـ ھەرىكەتلەرگە بۇيرۇش ھەققىدىكى قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبى

1) ـ ئاللاھنىڭ روشەن بۇيرۇقى ﴿الله ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جەمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ﴾[1] ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ﴾[1].

---

[1] سۈرە ئەنئراف 90 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

2) - مەجبۇرىيەتنىڭ خىتاب قىلىنغۇچىلارغا پەرز قىلىنغانلىقىنى خەۋەر قىلىش: ﴿ئەگەر سىلەردىن بىرەيلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال قالدۇرسا، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ۋە خىش - ئەقرىبالىرىغا ئادىللىق بىلەن ۋەسىيەت قىلىشى تەقۋادارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى سۈپىتىدە پەرز قىلىندى﴾[2] ﴿ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى﴾[3] ﴿نامازدىن فارىغ بولغىنىڭلاردا، ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە ياتقان ھالەتلىرىڭلاردا ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار (ئاللاھ سىلەرگە دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىشى مۇمكىن). خاتىرجەم بولغان چېغىڭلاردا نامازنى (پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن) مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى﴾[4].

3) - مەسئۇلىيەتنىڭ ئىنسانلارغا ئومۇمىيۈزلۈك ياكى بىر تۈركۈم ئىنسانلارغا خاس ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىش: ﴿بەيتۇللاھقا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى﴾[5] ﴿ئانىلار (باللارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم. ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك. كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق، ئاتىنىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم. (ئەگەر ئاتا ئۆلۈپ كەتسە) ئۇنىڭ ۋارىسى ئاتىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى (يەنى ئانا بولغۇچىغا نەپىقە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش قاتارلىقلارنى) ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئەگەر ئاتا ئانا كېڭىشىپ (بالىنى ئىككى يىل توشماستىنلا) ئايرىۋەتمەكچى بولسا ئۇلارغا ھېچ بىر گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر باللىرىڭلارنى ئىنىكئانىلارغا ئېمىتمەكچى بولساڭلار، قائىدە بويىچە ئۇلارنىڭ ھەققىنى بەرسەڭلارلا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾[6].

4) - مەلۇم كىشىلەرنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى خەۋەر قىلىش: ﴿تالاق قىلىنغان ئاياللارغا قائىدە بويىچە نەپىقە بېرىش لازىم. (ئۇ) تەقۋادارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر﴾[7].

5) - ۋەسىيەت: ﴿بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ﴾[8].

6) - تەلەپ قىلىنغۇچىنىڭ مەلۇم بىر تەلەپنى ئورۇنلاش: ﴿تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ﴾[9].

7) - تەلەپنىڭ بۇيرۇق پېئىلى ياكى ھازىرقى زامان پېئىلى تۈسى بويىچە قوللىنىلىشى: ﴿(بەش) نامازنى بولۇپمۇ نامازدىگەرنى داۋاملاشتۇرۇڭلار (يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار)، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار﴾[10] ﴿ئاندىن ئۇلار كىرلىرىنى تازىلىسۇن (يەنى ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن چاچلىرىنى، تىرناقلىرىنى ئالسۇن)، ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلسۇن، قەدىمىي بەيت (يەنى بەيتۇللاھ) نى تاۋاپ قىلسۇن﴾[11]

8) - پەرزنى ئىزاھلاش: ﴿ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى توغرۇلۇق بىزنىڭ چىقارغان بەلگىلىمىلىرىمىز بىزگە مەلۇمدۇر﴾[12].

---

(1) سۈرە نىسا 58 - ئايەت.
(2) سۈرە بەقەرە 180 - ئايەت.
(3) سۈرە بەقەرە 183 - ئايەت.
(4) سۈرە نىسا 103 - ئايەت.
(5) سۈرە ئال ئىمران 97 - ئايەت.
(6) سۈرە بەقەرە 233 - ئايەت.
(7) سۈرە بەقەرە 241 - ئايەت.
(8) سۈرە نىسا 11 - ئايەت.
(9) سۈرە بەقەرە 228 - ئايەت.
(10) سۈرە بەقەرە 238 - ئايەت.
(11) سۈرە ھەج 29 - ئايەت.
(12) سۈرە ئەھزاب 50 - ئايەت.

www.uyghurweb.net

9) - بەزى يەرلەردە شەرت پېئىلنىڭ جاۋاب تۈسى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىش: ﴿ھەج بىلەن ئۆمرەنى ئاللاھ ئۈچۈن تولۇق ئورۇنلاڭلار، ئەگەر (دۈشمەن ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن) ھەجنى ياكى ئۆمرەنى ئادا قىلىشتا توسقۇنلۇققا ئۇچرىساڭلار، ئۇھالدا نېمە ئوڭاي بولسا (يەنى تۆگە، كالا، قويدىن نېمىنى تاپالىساڭلار)، شۇنى قۇربانلىق قىلىڭلار، قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال جايىغا (يەنى بەلگىلەنگەن جايغا) يەتمىگىچە بېشىڭلارنى چۈشۈرمەڭلار. سىلەردىن كىمكى كېسەل (يەنى چېچىنى چۈشۈرسە زىيان قىلىدىغان كېسەل) ياكى بېشىدا ئىللەت (يەنى باش ئاغرىقى، پىتقا ئوخشاشلار) بولۇپ (بېشىنى چۈشۈرمىسە)، فىدىيە قىلىش يۈزىسىدىن (ئۈچ كۈن) روزا تۇتسۇن ياكى (ئالتە مىسكىنگە ئۈچ سا) سەدىقە بەرسۇن، ياكى (بىرەر مال) قۇربانلىق قىلسۇن، ئەمىنلىكتە بولغان چېغىڭلاردا (ئاراڭلاردىن) ئۆمرە قىلغاندىن كېيىن ھەج قىلىشتىن بەھرىمەن بولغان ئادەم (يەنى ھەجدىن بۇرۇن ئۆمرە قىلىپ تاماملىغان ئادەم) نېمە ئوڭاي بولسا، شۇنى قۇربانلىق قىلسۇن، (پۇلى يوقلۇقتىن ياكى قۇربانلىق مال يوقلۇقىدىن قۇربانلىق مال) تاپالمىغان ئادەم ھەج جەريانىدا ئۈچ كۈن روزا تۇتسۇن، (ھەجدىن) قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن، ئۇنىڭ ھەممىسى ئون كۈن بولىدۇ. مانا بۇ (يەنى ئۆمرە قىلغان ئادەمگە قۇربانلىق قىلىش لازىملىقى ياكى روزا تۇتۇش ھەققىدىكى ھۆكۈم) مەسجىدى ھەرام دائىرىسىدە (يەنى ھەرەمدە) ئولتۇرۇشلۇق بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر﴾[1]. ﴿ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغۇچە كۈتۈڭلار، ئەگەر (خەيرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار، قىيىنچىلىقتا قالغان قەرزداردىن ئالىدىغان قەرزنى ئۇنىڭغا) سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر﴾[2].

10) - ھەرىكەتنىڭ ياخشىلىق ئىكەنلىكىنى سۈپەتلەش: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرۇلۇق سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، «(تەربىيىلەش،ماللىرىنى ئۆستۈرۈپ) ئۇلارنى تۈزەش ياخشىدۇر، ئۇلار بىلەن (ئۇلارغا پايدىلىق بولغان رەۋىشتە) ئارىلىشىپ ياشىساڭلار، ئۇ چاغدا (يەنى ئۇلارغا قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىڭلار)، ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر﴾[3] بەقەرە سۈرىسى 220 - ئايەت».

11) - ياخشىلىققا ئاللاھنىڭ قاتمۇقات مۇكاپات بېرىدىغانلىقى: «كىمكى ئاللاھ تائالاغا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل - مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن)، ئاللاھ ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ﴾[4].

12) - ياخشىلىق ۋە سىلە - رەھىم (رەھىم - شەپقەت) نىڭ پەزىلەتلىرى: ﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھ تائالاغا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھنازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش - ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل - مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىغا ئېرىشىشكە پۇل - مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنىغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ﴾[5] ﴿(ئاللاھنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپ ئىش قىلىشتىن) قورققان ئادەم ياخشى ئەمەل (ئىگىسى)دۇر﴾[6]. ﴿ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغىچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر﴾[7].

---

[1] سۈرە بەقەرە 196 - ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە 280 - ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە 220 - ئايەت.
[4] سۈرە بەقەرە 245 - ئايەت.
[5] سۈرە بەقەرە 178 - ئايەت.
[6] سۈرە بەقەرە 189 - ئايەت.
[7] سۈرە ئال ئىمران 192 - ئايەت.

www.uyghurweb.net

13) - بەزى جايلاردا پېئىلنىڭ ئالدى قوشۇلغۇچى بىلەن كېلىشى: ﴿(ئى مۆمىنلەر جامائەسى! ئەھدە بەرگەندە) ئىچكەن قەسىمىنى بۇزغان، پەيغەمبەرنى (مەككە) دىن ھەيدەپ چىقىرىشنى قەستلىگەن ۋە سىلەرگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلغان قەۋمگە ئۇرۇش ئاچماسىلەر؟﴾[1].

## ئىككىنچى پېئىل - ھەرىكەتلەردىن چەكلەش ھەققىدىكى قۇرئانىنىڭ ئۇسلۇبى

1) - ئاللاھنىڭ روشەن چەكلىمىسى: ﴿(ئاللاھ) قەبىھ (سۆز - ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ﴾[2]. ﴿اللە دىن ئۇچۇن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتىشىڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ﴾[3].

2) - ھارام قىلىش: ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، گۇناھلارنى، (كىشىلەرگە) ناھەق چېقىلىشنى، (ئاللاھنىڭ شېرىكى بولۇشقا) ئاللاھ ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنى، ئۆزەڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھنامىدىن قالايمىقان سۆزلەشنى ھارام قىلدى»﴾[4]. ﴿ئېيتقىنكى، «سىلەر كېلىپ (ئاڭلاڭلار)، ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي»﴾[5] ﴿زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ، زىنا قىلغۇچى ئايال پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى مۇشرىككىلا تېگىدۇ، ئۇ (يەنى زىنا) مۆمىنلەرگە ھارام قىلىندى﴾[6] ﴿سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلار نىڭ ھەمشىلىرىنى، قېرىندىشىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرىنى، سۈت ئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلداش ھەمشىرىلىرىڭلارنى، قېيىن ئاناڭلارنى، سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا تەربىيىلەنگەن قىزلىرىنى (بۇ شەرت ئەمەس، ئۆيدە تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ) ئېلىش ھارام قىلىندى﴾[7].

3) - ھالال بولماسلىق: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق (يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ؛﴾[8] ﴿(قايتا يارىشىشقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن (خوتۇننى) چىرايلىقچە تۇتۇش، ياكى ياخشىلىق بىلەن (يەنى زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىش لازىم. ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى (يەنى ياخشى ئۆتەلمەسلىك، ئاللاھ بەلگىلىگەن ئەر - خوتۇنلۇق ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى) بولمىسىلا، ئۆزەڭلارنىڭ ئاياللىرىڭلارغا (مەھرى ئۈچۈن) بەرگەن مال - مۈلۈكتىن ھېچقانداق نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش دۇرۇس بولمايدۇ﴾[9] ﴿ئەگەر ئۇلار (تالاق قىلىنغان ئاياللار) ئاللاھ تائالاغا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، بەچچىدانلىرىدىكى ئاللاھ ياراتقان نەرسىنى (يەنى بالىنى ياكى ھەيزنى ) يوشۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس﴾[10].

4) - بۇيرۇق پېئىلىنىڭ بولۇشسىز كەلگۈسى زامان كاتېگورىيىسىدە قوللىنىلىشى، مەسىلەن: قويۇپ قوي، تەرك ئەت، ئۇزاق تۇر دېگەنگە ئوخشاش: ﴿يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر (يېتىمگە) ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار﴾[11] ﴿ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن گۇناھلارنى تەرك ئېتىڭلار﴾[1] ﴿كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا ئىتائەت قىلمىغىن،

---

[1] سۈرە تەۋبە 13 - ئايەت.
[2] سۈرە نەھل 90 - ئايەت.
[3] سۈرە مۇمتەھىنە 9 - ئايەت.
[4] سۈرە ئەئراف 33 - ئايەت.
[5] سۈرە ئەنئام 151 - ئايەت.
[6] سۈرە نۇر 3 - ئايەت.
[7] سۈرە نىسا 23 - ئايەت.
[8] سۈرە نىسا 19 - ئايەت.
[9] سۈرە بەقەرە 229 - ئايەت.
[10] سۈرە بەقەرە 228 - ئايەت.
[11] سۈرە ئىسرا 24 - ئايەت.

www.uyghurweb.net

ئۇلارنىڭ (ساكا قىلغان) ئازار - كۆلپەتلىرىگە پەرۋا قىلمىغىن (ئاللاھ غا تەۋەككۇل قىلغىن)﴿[2] ﴾سىلەر بۇتلاردىن ئىبارەت نىجىستىن ساقلىنىڭلار، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار﴿[3].

5) - ئىش - ھەرىكەتنىڭ ياخشىلىق بولمايدىغانلىقى: ﴾سىلەرنىڭ كۆن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈزكەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ﴿[4] ﴾(جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغىنىڭلاردەك ئېھرامدىكى چېغىڭلاردا) ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىن (تۆشۈك ئېچىپ) كىرىش ياخشىلىققا ياتمايدۇ﴿[5].

6) - بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى قىلماسلىق: ﴾ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ﴿[6] ﴾ھەج ۋاقتى مەلۇم بىرقانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر). بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ﴿[7] ﴾ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق، ئاتىنىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم﴿[8].

7) - بىر ئىش - ھەرىكەتنىڭ گۇناھكار بولۇشقا سەۋەبچى بولىدىغانلىقىنى ئەسلىتىش: ﴾ۋەسىيەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كىمكى ئۇنى ئۆزگەرتىدىكەن، ئۇنىڭ گۇناھى ئۆزگەرتكەنلەرگە يۈكلىنىدۇ﴿[9].

8) - بىر ئىش - ھەرىكەتنىڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدىغانلىقىنى ئەسلىتىش: ﴾ئالتۇن - كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن﴿[10] «جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ﴿[11].

9) - بىر ئىش - ھەرىكەتنىڭ يامان (زىيانلىق) ئىكەنلىكى: «اللّٰه ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى پۇل - مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر؛﴿[12].

10) - بولمىدى ئىبارىسى بىلەن توغرا بولمايدىغانلىقنى ئىزاھلاش: ﴾ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر - ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)﴿[13] ﴾سىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار دۇرۇس ئەمەس، رەسۇلۇللاھتىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلارمۇ مەڭگۈ دۇرۇس ئەمەس﴿[14] ﴾مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىنى ئىقرار قىلىپ تۇرۇقلۇق (يەنى كاپىرلىق بىلەن ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىش بىر - بىرى بىلەن سىغىشالمايدۇ)، (ئۇلارنىڭ) ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىشى توغرا ئەمەس﴿[15] ﴾پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى﴿[16].

---

(1) سۈرە ئەنئام 120 - ئايەت.
(2) سۈرە ئەھزاب 48 - ئايەت.
(3) سۈرە ھەج 31 - ئايەت.
(4) سۈرە بەقەرە 117 - ئايەت.
(5) سۈرە بەقەرە 189 - ئايەت.
(6) سۈرە بەقەرە 193 - ئايەت.
(7) سۈرە بەقەرە 197 - ئايەت.
(8) سۈرە بەقەرە 233 - ئايەت.
(9) سۈرە بەقەرە 181 - ئايەت.
(10) سۈرە تەۋبە 37 - ئايەت.
(11) سۈرە بەقەرە 275 - ئايەت.
(12) سۈرە ئال ئىمران 180 - ئايەت.
(13) سۈرە ئەھزاب 36 - ئايەت.
(14) سۈرە ئەھزاب 53 - ئايەت.
(15) سۈرە تەۋبە 17 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(16) سۈرە ئەنفال 67 - ئايەت.

www.uyghurweb.net

11) - بەزى جايلاردا بولۇشسىز ئالماشىنىڭ قوللىنىشى: ﴿كىشلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزەڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟﴾[1] ﴿(ئى مۆمىنلەر جامائەسى! ئەھدە بەرگەندە) ئىچكەن قەسەمنى بۇزغان، پەيغەمبەرنى (مەككە) دىن ھەيدەپ چىقىرىشنى قەستلىگەن ۋە سىلەرگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلغان قەۋمگە ئۇرۇش ئاچمامسىلەر؟ ئۇلاردىن قورقامسىلەر؟ ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، قورقۇشۇڭلارغا ئاللاھ ئەڭ لايىقتۇر﴾[2].

12) - بىر ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئىبىر - يىنىكلىكى قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك جازا بېرىلىدىغانلىقىنى ئەسلىتىش: ﴿ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار﴾[3].

13) - بىر ئىش - ھەرىكەتنىڭ كۇفرىلىق، زۇلۇم ۋە پاسىقلىق بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش: «كىملەركى ئاللاھنازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر، ئاللاھنازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشلەر زالىملاردۇر، ئاللاھنازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر﴾[4].

### ئۈچىنچى قۇرئاننىڭ ئىختىيارلىق ۋە مۇباھ ھەققىدىكى ئۇسلۇبى

1) - "ھەل" سۆزىنىڭ جۈملىدە پېئىلنىڭ خەۋىرى ياكى تەۋە بولۇپ كېلىشى: ﴿سىلەرگە (بۇ سۈرىدە تۆۋەندە) ئوقۇپ بېرىلىدىغانلاردىن باشقا، ھايۋانلار (يەنى تۆگە، كالا، قويلار) نىڭ ھەممىسىنى (زەبھى قىلىنغاندىن كېيىن يېيىش) ھالال قىلىندى﴾[5] ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە (يېمەك ئىچمەكتىن) نېمىلەرنىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «سىلەرگە پاك نەرسىلەر ۋە ئىت قارچىغا، قۇشقا ئوخشاش) شىكارغا ئۆگىتىلگەن، سىلەر ئاللاھنىڭ ئۆزەڭلارغا ئۆگەتكىنى بويىچە ئۆگەتكەن ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ شىكار قىلغان نەرسىلىرى ھالال قىلىندى﴾[6] ﴿بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى، كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر﴾[7].

2) - "ئىبىر" گۇناھنىڭ يوقىا چىقىرىلىشى: ﴿(مىنادىن) ئالدىراپ ئىككى كۈندە قايتقان ئادەمگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، تەخىر قىلىپ قايتقان ئادەمگىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾[8] ﴿كىمكى ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ سەۋەنلىكى ياكى قەستەن ناتوغرا قىلغانلىقىنى بىلىپ، ئۇلارنىڭ (يەنى ۋەسىيەت قىلغۇچىلار بىلەن ۋەسىيەت قىلىنغۇچىلارنىڭ) ئارىسىنى تۈزەپ قويسا، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾[9].

3) - "يېنىك" گۇناھنىڭ يوقىا چىقىرىلىشى: ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشلەر (ھارام قىلىنمىغان نەرسىلەرنى) يېسە، ئىچسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، قاچانكى ئۇلار (ھارام نەرسىلەردىن) ساقلانسا، ئىماندا ۋە ياخشى ئەمەللىرىدە ئىزچىل بولسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) يەنە ساقلانسا ۋە ھارام دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن داۋاملىق) ساقلانسا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلسا. ئاللاھ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾[10] ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار ناماز بامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە (ئۇخلاش ئۈچۈن) كىيىمىڭلارنى سالغان چېغىڭلاردا ۋە خۇپتەندىن كېيىن (مۇشۇنداق) ئۈچ ۋاقىتتا (يېنىڭلارغا كىرسە)

---

[1] سۈرە بەقەرە 44 - ئايەت.
[2] سۈرە تەۋبە 13 - ئايەت.
[3] سۈرە مائىدە 38 - ئايەت.
[4] سۈرە مائىدە 44 -، 45 -، 47 - ئايەتلەر.
[5] سۈرە مائىدە 1 - ئايەت.
[6] سۈرە مائىدە 4 - ئايەت.
[7] سۈرە مائىدە 5 - ئايەت.
[8] سۈرە بەقەرە 203 - ئايەت.
[9] سۈرە بەقەرە 182 - ئايەت.
[10] سۈرە مائىدە 93 - ئايەت.

www.uyghurweb.net

سلەردىن ئىجازەت سورىسۇن، (بۇ) ئۈچ ۋاقىت سىلەرنىڭ ئەۋرەتىڭلار (ئېچىلىپ قالىدىغان ۋاقىتتۇر)، بۇ ئۈچ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا (ئۇلار سىلەرگە كىرسە) سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾[1].

تۆتىنچى: ئەھكاملارنىڭ بايان قىلىنىشىدىكى قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبى

1) ـ ناماز، زاكاتنىڭ ۋاجىپلىقىغا، ۋارىسلارنىڭ ئېلىشىغا تېگىشلىك مىراس، زىنانىڭ ھاراملىقى، چالما ـ كېسەك قىلىش، يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش... قاتارلىق مۇسۇلمانلاردىكى مەشھۇر ئىشلاردا ۋە زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن چىقىرىلىدىغان ھۆكۈملەرگە مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ئايەتلەر، ھېچقانداق بىر ئىجتىھادقا يوچۇق قويماستىن كەسكىن ئېيتىلغان.

2) ـ ئەھكامغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ئايەتلەردە، مۇھاكىمە ۋە ئىجتىھاد قىلىشقا بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئالايلۇق: باشقا مەسھى قىلىش، تالاق قىلىۋېتىلگەن ئايالغا نەپىقە بېرىشنىڭ ۋاجىپلىقىغا ئوخشاش.

بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بولسا، بىرىنچىسىدە پۈتكۈل ئىنسانلار ھۆكۈملەرنى ئەينەن ئىجرا قىلىشلىرى لازىم. ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلار بولسا ئىسلام مىللىتىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئىككىنچىسىدە بولسا ئۇنداق ئەمەس. يەنى ئايەتتىكىنىڭ ئەكسىچە ئۇقۇم جەھەتتىن ئىنكار قىلغۇچىلار ئىسلام مىللىتىدىن چىقىپ كەتمەستىن، بەلكى ھەر بىر مۇجتەھىدنىڭ ئۆزى ئەۋۋەل دەپ قارىغىنى بويىچە مېڭىش ئەركىنلىكى بار.

جۈملىدىن ئىككىنچىسى بويىچە ئىسلام مەزھەپلىرى بارلىققا كەلدى ۋە فۇقەھالارنىڭ پىكىرلىرى بىر ـ بىرىگە زىت ھالدا ئوتتۇرىغا چىقتى. ئاندىن بىر مەسىلىدە يەتتە ـ سەككىز خىل قاراش ئوتتۇرىغا چىقىپ، "ھەممىسى بىر دىنغا ئېتىقاد قىلسىمۇ، پىكىرلىرى ئوخشاشمايدۇ. دىن بىر بولسىمۇ، ھەر ـ بىر قاراشنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق ئارتۇقچىلىقى بار» دېيىش مۇمكىن بولماي قالدى. بۇنداق ئەھۋاللاردا «بۇ بىر پىكىر ۋە ئۇقۇم جەھەتتىكى ئوخشىماسلىق بولۇپ، ھۆكۈم قىلغۇچى ئۆزى قايسى پىكىرنى خالىسا ۋە قايسىسى ئەڭ پايدىلىق دەپ قارىسا شۇ بويىچە ئەمەل قىلىدۇ. بۇ ئىسلام ھوقۇقى ئىقتىدارىنىڭ بىر سىرى بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن زاماننىڭ ئۆزگىرىشى، ھەر خىل ھادىسىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش مۇمكىن.

1) مەزكۇر ئەھكاملار، يازما قانۇنلارغا ئوخشاش پەقەت تەرغىبات ۋە قورقۇتۇشتىنلا بايان قىلىدىغان ئەمر ـ چەكلىمىلەرنى بايان قىلىش ئۇسلۇبى بويىچە ئەمەس بەلكى خىتاب قىلىنغۇچىلارنىڭ قەلبىدە قورقۇنچ، كۈيۈنۈش، ھۇزۇر ھەمدە دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ھېس ـ تۇيغۇ قاتارلىق ئامىللارنى ئويغىتىدىغان ۋە ئۇنىڭغا تەرغىپ قىلىدىغان مەنىۋى ئۇسلۇب بويىچە بايان قىلىنغان. مەسىلەن: ئىمان ئېيتىشنىڭ ۋاجىبلىقىغا ئەمر قىلىنىش، ئالالاھنىڭ ئازابى ۋە غەزىپىدىن قورقۇشقا چاقىرىق قىلىش، ئالالاھنىڭ ساۋابى ۋە رىزاسىنى ئۈمىد قىلىش... قاتارلىقلار. مانا بۇلار ساماۋى دىنلارنىڭ قانۇنلىرىدا ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان دىنىنىڭ ئاساسلىق ھالقىسى ۋە ئىسلام مىللىتىنى ئالالاھنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئىسلاھ قىلىشتىكى زاماندىن ھالقىغان ئەڭ يۈكسەك ئىجرائىيە ئورگىنىدۇر. بۇنى سىز قانۇن چىقىرىش ئايەتلىرىگە نەزەر تاشلىغىنىڭىزدا پەرق ئېتەلەيسىز.

2) قۇرئاندىكى ئەھكام ئايەتلىرى پەقەت بىرلا جايغا خاس بولغان خاس بولغان ئەھكاملارنى بايان قىلىدىغان ئەسەرلەرگە ئوخشاش ئۇچۇقلاپ بېرىلگەن بولماستىن بەلكى ئوخشىمىغان جايلاردا ئايرىم ـ ئايرىم ئۇچۇقلاپ بېرىلگەن. تالاق، رىزا ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى، ھاراق ۋە ئۇنىڭ ھاراملىقىغا دائىر ھۆكۈملەر، قاتىللىق، يېتىملەرگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە ئوخشاش... مەسىلەن: بەقەرە سۈرىسىدىكى ناماز، ھەج، جەڭ، مۇرتەدلىك، مۇشرىك ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىش، قەسەم، قىساس، ۋەسىيەت، تالاق قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردە يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك ئوچۇقلاپ بېرىلگەن.

---

[1] سۈرە نۇر 58 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

بىراق، ھەجكە دائىر ئەھكاملارنىڭ بىر قىسمى بەقەرە سۈرىسىدە زىكرى قىلىنغان بولسا، يەنە بىر قىسمى ھەج سۈرىسىدە زىكرى قىلىنغان.

قۇرئانغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئەھكام ئايەتلىرىنى بايان قىلىشتا، خۇددى خىلمۇخىل مېۋىلىك دەل - دەرەخلەر ۋە تۈرلۈك گۈل - گىياھلار بىلەن پۈركەنگەن باغۇ بوستانلىقتا ئوخشايدىغانلىقنى بايقايمىز. دەرۋەقە بۇ باغۇ بوستانلىقنىڭ تۈرلۈك مېۋە - چېۋىلىرى ۋە رەڭگا - رەڭ گۈل - گىياھلىرى، ئىنسانلارغا لەززەت ۋە ھۇزۇر ئاتا قىلغىنىدەك، قانۇن چىقىرىش جەھەتتىن قۇرئاننىڭ بىر - بىرىگە ماس بىر روھقا ئىگە ئىكەنلىكىنى روشەن ھالدا كۆرۈۋالالايمىز. بۇ رۇھ بولسا، مەنىپەئەتلىك ئۇزۇق ۋە ياخشىلىققا دالالەت قىلىدىغان ھىدايەتتۇر.

جۈملىدىن قۇرئاننىڭ ئەھكاملارنى بايان قىلىش ئۇسلۇبى ۋەھيى خارەكتېرلىك بولۇپ، ئەھكاملار بىلەن سۈرىلەرنىڭ ئورنى ئالمىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئاساسلىق ھۆكۈم ھەرگىز ئۆزگىرىپ كەتمەستىن ئەكسىچە بىر - بىرنى تولۇقلايدۇ. ﴿ئۇلارنىڭ ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچۈرۈشىدىن ساقلانغىن﴾[1].

3) كۆپۈنچە ھاللاردا قۇرئاندىكى ئەھكاملارنىڭ قىسقىچە بايان قىلىنىشى، قانۇن چىقىرىشنىڭ ئاساسى مەقسىتى ۋە يىرىكرەك قانۇنىيەتلىرىگە ئىشارەت قىلىنغان بولۇپ، ئىجتىھاد قىلغۇچىلارنىڭ بۇ مەقسەت ۋە قانۇنىيەتلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ھەل قىلغۇچ پىكىر ۋە چارە ئىزدەشكە يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. مىراس، نىكاھقا دائىر مەسىلىلەر، بىر قىسىم گۇناھلارنىڭ ئاقىۋىتى قاتارلىق زامان ۋە ماكان ئۆزگەرسىمۇ ئاساسى ھۆكمى ئۆزگەرمەيدىغان ئەقىدە ۋە ئىبادەتكە دائىر مەسىلىلەر بولسا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك تەپسىلى بايان قىلىنغان.

بۇ، قانۇننىڭ مەڭگۈلۈك ساقلىنىپ قېلىش ۋە ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىش زۆرۈرىيىتى ئۈچۈندۇر. ھەرگىزمۇ بۇنىڭ نۆۋەتتىكى ۋە كەلگۈسىدىكى جۈزئى ھۆكۈملەرنى تەپسىلى ۋە ئومۇمى جەھەتتىن مەڭگۈلۈك داۋام قىلىدىغان قانۇنغا توقۇنۇشۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس. چۈنكى جۈزئى ھۆكۈملەر، خىلمۇخىل مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن كۆپىيىپ، زاماننىڭ ئۆتۈشى ۋە ھايات ئېقىمىغا ئەگىشىپ يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنداقتا جەمئىيەتنىڭ تەلىۋى ۋە ئومۇمى پرىنسىپقا تايانماقتىن باشقا چارە يوق.

بۇ خىل ئامىللار تۈپەيلىدىن ئومۇمى پرىنسىپ ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان ھادىسە ۋە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش يۈزىسىدىن جۈزئى ئەھكاملارنى ئىجتىھاد قىلىپ چىقىرىشقا تەرغىب قىلىنغان.

مۇجتەھىدلار قۇرئاندا ناھايىتى يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە. ھالبۇكى ئىنسانلار ئۇلارغا موھتاج. ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ غا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾[2] ﴿(مۆمىنلەرگە ئائىت) ئامانلىقنىڭ ياكى قورقۇنچنىڭ بىرەر خەۋىرى ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا) يەتسە، ئۇنى تارقىتىدۇ، ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلار (يەنى مۆمىنلەر) نىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۈستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا، (شۇ) خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنى (يەنى شۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى) ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى﴾[3] ﴿(ئى قۇرەيش جامائەسى!) بۇنى بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرى (يەنى تەۋرات ۋە ئىنجىلنى بىلگۈچىلەر) دىن سوراڭلار﴾[4].

قۇرئاندا يۇقىرىدىكى ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەردە ئەھكاملارنى ئۆگىنىشكە، ئۇنى ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراشقا ئىجتىھاد قىلىشقا تەرغىب قىلىنغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى كېيىنكى مۇسۇلمان يېتەكچىلەر بىلەن ئۆلىمالارغا ئىجتىھاد يولىنى قولايلاشتۇرۇپ بەرگەن. شۇ ۋەجىدىن ئىسلام قانۇنىنىڭ سىغىمچانلىق ئىقتىدارى ناھايىتى روشەن ۋە ھاياتتىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشى ناھايىتى قولاي.

---

[1] سۈرە مائىدە 49 - ئايەت.
[2] سۈرە نىسا 59 - ئايەت.
[3] سۈرە نىسا 83 - ئايەت.
[4] سۈرە نەھل 43 - ئايەت.

www.uyghurweb.net

قىسقىسى، ئۇ مەيلى ئىجتىمائىي جەھەتتىن بولمىسۇن مەيلى يەككە جەھەتتىن بولمىسۇن جەمئىيەتنى قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئىسلاھ قىلىدىغان ھەقىقەتتۇر.

## قۇرئاندا بايان قىلىنغان ھايات ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى

قۇرئان ھاياتتىكى خىلمۇخىل ۋە نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جۈملىدىن.

1) - ئاللاھقا، مالائىكىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشتىن ئىبارەت ئېتىقاد بولۇپ، بۇ ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدىغان چەك ـ چېگرادۇر.

2) - ئاسمان ـ زېمىننىڭ مۈلكىيىتى ۋە ئاللاھ ياراتقان شەيئىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە نەزىرىنى ئاغدۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ مەۋجۇدىيىتى، ئىجادىيىتى ۋە مەخلۇقاتلىرىنىڭ سىرلىرىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەندە، ئىنساننىڭ قەلبى ئاللاھنىڭ كاتتىلىغىغا تەقلىدچىلىكتىن خالى كەسكىن دەلىللەر ئىمان ئېيتماي قالمايدۇ.

3) - قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان بۇرۇنقى مىللەتلەرنىڭ قىسسىلىرى ۋە نۇرغۇنلىغان ۋەز ـ نەسىھەتلەر ئاللاھنىڭ قانۇنىغا يېتەكلەپ، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا نىجاتلىق، بۇزغۇنچىلارغا ھالاكەت ئېلىپ كېلىدۇ.

4) - سەۋرى ـ تاقەت، ۋاپادارلىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىقتەك گۈزەل ئەخلاقى پەزىلەتلەر، بىر تەرەپتىن ئىنساننى يېتىلدۈرۈپ، شەخش ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسانى خۇسۇسىيەتنى يوقىتىپ بەختسىزلىككە دۇچار قىلىدىغان ناچار ئەخلاقلاردىن توسۇپ قالىدۇ.

5) - ناماز، زاكات، رۇزا، ھەج، جىھاد، قەسەم ۋە نەزىر ـ چىراققا ئوخشاش ئىبادەتلەر ھەققىدە تەخمىنەن 140 ئايەت نازىل قىلىنغان.

6) - ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەت، تالاق، تويلۇق، نەپىقە، ھەيز...

7) - سودا ـ سېتىق، ئىجارە، گۆرۈ، قەرز ۋە تىجارەتكە ئوخشاش پۇل ـ مۇئامىلىگە دائىر ئەھكاملار ھەققىدە تەخمىنەن 70 ئايەت نازىل قىلىنغان.

8) - گۇناھكارلارغا بېرىلىدىغان جازا، ئوغرىلىق، زىنا، تاش ـ كېسەك قىلىش، ئاللاھنىڭ زېمىنىدا ئاللاھ غا قارشى ئۇرۇش قىلىشتەك جىنايى ئىشلارغا ئائىت ئەھكاملار توغرۇلۇق تەخمىنەن 30 ئايەت نازىل قىلىنغان.

9) - ئۇرۇش، تىنچلىق ۋە بۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جىھاد، غەنىمەت، ئۇرۇش ئەسىرلىرى، كېلىشىم ۋە تۆلەم قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار.

10) - ھاكىملارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تېگىشلىك: مەسلىھەت، ئادالەت، باراۋەرلىك، ئاللاھنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىش بىلەن ئىنساۋلارنىڭ ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشقا تېگىشلىك ساسىي تۈزۈم.

11) - باي ـ كەمبەغەللىك مۇناسىۋىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىجتىمائىي ھايات تۈزۈلمىسى ئورنىتىپ ۋە ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئىجتىمائىي ئادالەت بەرپا قىلىش.

مانا بۇ، قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان ئەھكام ئايەتلىرىنىڭ كۆپ خىللىقى، ئوقۇم جەھەتتىكى پىكىر ئىختىلاپلىرى ۋە دەلىللەرگە بولغان كۆز قاراشلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن، مۇھاكىمچى ئۆلىمالارنىڭ ئورتاق پىكرىگە كېلەلمەسلىكىدىكى ئاساسلىق ئامىللاردۇر.

## ئىككىنچى: سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام قانۇنىدا تۇتقان ئورنى

سۈننەت، لۇغەتشۇناسلىقتا مەيلى ئىجابىي ياكى سەلبىي جەھەتتىن بولسۇن، يول، تارىخ ۋە لېنىيە قاتارلىق مەنالارنى ئىپادىلەيدۇ. جۈملىدىن قۇرئان ۋە ھەدىستىمۇ شۇنداق ئىستېمال قىلىنغان.

قۇرئاندىن ئۆرنەكلەر: ﴿(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن، پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانسا، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر بىلەن قايتا

www.uyghurweb.net

دۈشمەنلەشسە، ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلىرىمنى ئىنكار قىلغانلارنى ھالاك قىلىش مېنىڭ تۇتقان يولۇم بولۇپ كەلدى (ئۇلارنىمۇ شۇنداق قىلىمەن)﴾[1].

﴿(بۇ) سەندىن ئىلگىرى بىز ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ تۇتقان يولىدۇر (يەنى پەيغەمبەرلىرىنى ئارىسىدىن ھەيدەپ چىقارغان ھەرقانداق ئۈممەتنى ھالاك قىلىش اللەنىڭ پەيغەمبەرلىرى ھەققىدە تۇتقان يولىدۇر)، تۇتقان يولىمىزدا ئۆزگىرىش تاپالمايسەن﴾[2]

﴿بۇ (يەنى كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىش، مۆمىنلەرنى غەلىبە قىلدۇرۇش) اللەنىڭ ئىلگىرىدىن تارتىپ تۇتۇپ كېلىۋاتقان يولىدۇر، اللەنىڭ يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن (يەنى اللەنىڭ تۇتقان يولى ئۆزگەرمەيدۇ)﴾[3].

ھەدىستىن ئۆرنەكلەر: «شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، سىلەر بۇرۇنقىلارنىڭ (يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ) تۇتقان يولىغا تولىمۇ ھەۋەس بىلەن ئەگىشىسىلەر، ھەتتا ئۇلار كەسلەنچۈكنىڭ تۆشۈكىگە كىرىۋالسىمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىسىلەر». بۇخارى ۋە مۇسلىم.

« ئىسلامدا ياخشى ئۆرنەك بولغۇچىلارغا، ئۆرنەك ئالغانلار قانچىلىك ساۋابقا ئېرىشسەشۇنچىلىك ساۋابقا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلامدا سەلبىي تەسىر كۆرسەتكۈچىلەرگە، تەسىرگە ئۇچرىغۇچىلار قانچىلىك گۇناھقا ئىشلىسە، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا گۇناھقا ئىشلەيدۇ. يەنى تەسىرگە ئۇچرىغۇچىلارغا يېزىلغان گۇناھلار، تەسىر كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ زىممىسىگىمۇ ئوخشاشلا يېزىلىپ تۇرىدۇ». مۇسلىم.

فۇقھالارنىڭ نەزىرىدىكى سۈننەت بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسىتىپ بەرگەن "ۋاجىپ، سۈننەت، مەكرۇھ ۋە مۇباھ" قاتارلىق بەش ئەھكامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلار بولار، ئۇنى بىدئەتكە قارشىمۇ قوللىنىدۇ. مەسىلەن: تالاق بىدئەت، تالاق سۈننەت، دېگەنگە ئوخشاش.

**ئۇسۇلىيىيۇنلار "ھوقۇقشۇناسلار"** غا كۆرە، سۈننەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدۇر.

**ھەدىسشۇناسلار**غا كۆرە، سۈننەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى، سۈپەتلىرى ۋە تارىخى ئىش ـ ئىزلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى نەزىرىدە سۈننەت دېمەك ھەدىس دېمەكتۇر.

ئىسلام مىللىتى سۈننەت بىلەن ناھايىتى زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى. جۈملىدىن ئۇنى جان تىكىپ قوغداپ، ئۇنى ئۆلمەس ئەسەر سۈپىتىدە يېزىپ قالدۇردى. شۇنىڭدەك، ئوخشاش مەنانى بىلدۈرىدىغان مۇتەۋاتىر (تەكرار) ھەدىسلەرنى ئوخشىمىغان راۋىيلار (رىۋايەت قىلغۇچىلار) رىۋايەت قىلىشتى. بۇ بولسا پەقەتلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە خاس بولغان خۇسۇسىيەتلەردۇر.

ئىبنى ھەزمگە كۆرە؛ ئاللاھنىڭ پەقەت مۇسۇلمانلارغىلا ئاتا قىلغان بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەتكۈزىشى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئىشەنچى قاتمۇقات ئاشتى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە ئۇلاردىن كېيىن دۇنياغا كەلگەنلەر رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغانلىرىنى بىجان ئىدىل، ئىشەنچ ۋە ئىخلاس بىلەن تەرغىب قىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ھەدىسشۇناسلار مەيدانغا كېلىپ، سۈننەت شەكىللەندى.

سۈننەت، قۇرئاندىن قالسا، ئىسلام قانۇنى ئاساسلىرىدىكى ئىككىنچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئاللاھ پەيغەمبىرى توغرۇلۇق مۇنۇلارنى خەۋەر قىلغان: ﴿ئۇ ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھىنىلا سۆزلەيدۇ﴾[4]

ئاللاھ يەنە ئۇنىڭغا ئەگىشىش ۋە ئىتائەت قىلىش توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: ﴿پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار﴾[5].

---

[1] سۈرە ئەنفال 38 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئىسرا 77 ـ ئايەت.
[3] سۈرە فەتىھ 23 ـ ئايەت.
[4] سۈرە نەجم 3 ـ 4 ـ ئايەتلەر.
[5] سۈرە ھەشر 7 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

ئۇنىڭغا مۇخالىپلىق قىلىشتىن ساقلىنىشىمىز ئۈچۈن بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادىچوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن﴾[1].

ئۇنىڭ ھۆكمىنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ ئىختىيار قىلىش ھوقۇقىمىزنىڭ بولمايدىغانلىقى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: ﴿ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر - ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)﴾[2].

ۋە بۇنى ئەسلى ئىماننىڭ جۈملىسىدىن قىلدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾[3].

ئاللاھ رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىدى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى: ﴿كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ)﴾[4].

## كەززابلارنىڭ شەك - شۈبھىلىرى

مەيلى بۈرۈن بولسۇن ياكى ھازىر بولسۇن، ئاللاھ دىللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن ۋە كۆزلىرىنى پەردىلىۋەتكەن بىر تۈركۈم كىشىلەر، قۇرئانغا مۇراجەت قىلىشنىڭ ئورنىغا باتىلنى ھەق دەپ گۇمان قىلىدۇ ۋە ئەجدادتىن - ئەۋلادقا ئۈزۈلمەكسىز داۋام قىلىۋاتقان ناماز ۋە ئەركانلىرى، زاكات، ھەج قاتارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمەلىي ۋە توختاۋسىز يولنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە يېتەلمىگەنلىكتىن، ئېغىزلىرىغا كەلگىنىچە جۆيلىشىدۇ. ھالبۇكى رەسۇلۇللاھنىڭ بۇندىن باشقا سۆز - ھەرىكەتلىرى مۇسۇلمانلارغا يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ نامايەندىسى، مەنپەئەتلىرىنىڭ تاماملىغۇچىسى ئىدى. دەرۋەقە بۇ مەنپەئەتنىڭ يۈلىنىشىگە قاراپ ئۆزگىرىدىغان ئىجتىھاد ئىدى. قۇرئان بولسا، خىلمۇخىل دەلىللىرى بىلەن ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق بۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾[5] ﴿ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق﴾[6] رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلارغا ئىسلامنى دەۋەت قىلىشتىكى باياناتى، قۇرئاندىن چۈشەنگەنلىرىنى تەتبىقلاش ئۈچۈن ئىدى. گەرچە قۇرئاندا ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئاساسەن ئۇنى قانۇنلاشتۇرۇشقا بۇيرۇلغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى يېزىش مەنئى قىلىنغان. رەسۇلۇللاھ: «مېنىڭ ھەققىمدە ھېچ نەرسە يازماڭلار، كىمكى قۇرئاندىن باشقا نەرسىلەرنى يازسا، چوقۇم ئۆچۈرۈۋەتسۇن! مېنىڭ تەتبىقاتىم توغرۇلۇق ھەدىس بايان قىلسا گۇناھ بولمايدۇ. كىمكى ماڭا يالغان چاپلىسا، دوزاختا كىرىشكە ھازىرلانسۇن!».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق ئاغرىپ قىلغاندا: «ماڭا كىتابنى كەلتۈرۈڭلار، مەن ئۇنى سىلەرگە ۋەسىيەت قىلىمەنكى، مەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلساڭلار ھەرگىز ئاداشمايسىلەر».

ئۆمەر مۇنداق دېگەن: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق ئاغرىپ قالغان بولسىمۇ، بىزگە ئاللاھنىڭ كىتابى يېتەرلىك ئىدى“. بۇ ھەدىسنى بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

---

[1] سۈرە نۇر 63 - ئايەت.
[2] سۈرە ئەھزاب 36 - ئايەت.
[3] سۈرە نىسا 65 - ئايەت.
[4] سۈرە نىسا 80 - ئايەت.
[5] سۈرە مائىدە 3 - ئايەت.
[6] سۈرە نەھل 89 - ئايەت.

www.uyghurweb.net

بۇ خىل شەك - شۈبھە ۋە كەسكىن دەلىللەرنى ھېچقاچان ئۆلىمالار ئويدۇرۇپ چىققان ئەمەس. شۇنداقلا ئۇلار سۈننەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن تارتىپلا قانۇن تۇرغۇزۇشنىڭ ئىككىنچى ئاساسى ئىكەنلىكىنى بىردەك جاكارلىغان. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۈزۈلمىكسىز ئىجرا قىلىنىۋاتقان بۇ سۈننەت ئەنە شۇنداق قەۋم ئۈچۈن دەلىل ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىشتىكى ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

ئىمام شافىئى ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە: ”ئاللاھنىڭ ھەر قانداق بىر مىللەتكە دىنىنى چۈشۈرۈشتىكى مەقسىتى، ئاللاھنىڭ كىتابى بويىچە توغرا يولغا يېتەكلەشتىن ئىبارەت ئىدى“ دېگەن.

بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەلىف، لام، را. (بۇ قۇرئان شۇنداق) كىتابتۇركى، (ئى مۇھەممەد!) ئۇنى ساڭا كىشىلەرنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن (يەنى كۇفرىدىن) يورۇقلۇققا (يەنى ئىمانغا) چىقىرىشىڭ ئۈچۈن، غالىب، (ھەممە تىللاردا) مەدھىيىلەنگەن ئاللاھنىڭ يولىغا (باشلىشىڭ ئۈچۈن) نازىل قىلدۇق﴾[1] ﴿ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق﴾[2].

### ئەھكام بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ

1) - ئاللاھ ئۆز خەلقىغە ناماز، زاكات، ھەج ۋە تاھارەت قاتارلىقلارنىڭ پەرز ئىكەنلىكى، زىنا، ھاراق، ئۆلۈكنىڭ گۆشىنى بىلەن توڭگۇزنىڭ گۆشىنى يېيىش ۋە ئاشكارا - يوشۇرۇن بارلىق قەبىھ سۆز - ھەرىكەتلەرنىڭ ھاراملىقىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىپ بەردى.

2) - قۇرئاندىكى مۇجمەل ھۆكۈملەرنى رەسۇلۇللاھ سۈننىتى - سۆز - ھەرىكىتى ئارقىلىق ئوچۇقلاپ بەردى. مەسىلەن: نامازنىڭ ۋاقتى، قانچە رەكئەت ئوقۇلىدىغانلىقى ۋە باشقا ئەھكاملار. شۇنداقلا زاكاتنىڭ مىقدارى، قاچان ۋە قايسى خىلدىكى مال - مۈلۈككە زاكات - ئۆشرە كېلىدىغانلىقىنى، ھەج ئەركانلىرى، ئوۋ ئوۋلاش، قايسى تۈردىكى ھايۋانلارنى يېگىلى بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى، نىكاھ، سودا - سېتىق، جىنايى ئىشلار قاتارلىق قۇرئاندا چەك - چېگراسى ئېنىق ئايرىلمىغان مۇجمەللىكلەرنى شەرھلەپ بەردى.

3) - بۇنىڭغا مۇنۇ ئايەت دەلىل بولالايدۇ: ﴿بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق﴾[3].

4) - قۇرئاندا ئاللاھ، رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىش، ھۆكمىگە بويسۇنۇشقا پەرز قىلغان بولسىمۇ، بۇنىڭ ماھىيىتى ئوچۇق بايان قىلىنمىغان. ھالبۇكى رەسۇلۇللاھ سۈننىتى ئارقىلىق بۇنى يېشىپ بەرگەن. ﴿اللەغا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾. جۈملىدىن ئاللاھ غا شېرىك كەلتۈرۈش مەسىلىسىمۇ شۇنداق. ھالبۇكى ئىبنى قەييۇم ”سۈننەتكە ئەگىششىنىڭ زۆرۈرلۈكى“ ھەققىدىكى بايانلىرىدا بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرگەن. گەرچە قۇرئاندىكىگە قارىغاندا بىرئاز ئارتۇقچىلىق بولسىمۇ تۆۋەندىكى مىساللار ئارقىلىق بىر قانچە تۈرگە بۆلۈپ مۇنداق دېگەن:

### قۇرئان ۋە سۈننەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ

بىرىنچى. سۈننەت ھەر جەھەتتىن قۇرئانغا ئۇيغۇن بولۇشى، قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ دەلىل ۋە بىر - بىرىگە ماسلىق جەھەتتىن ئورتاق ھۆكۈمگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچى. قۇرئاندىكى ھۆكۈملەرنى ئوچۇقلاپ بېرىشى ۋە شەرھلەپ بېرىشى كېرەك.

---

[1] سۈرە ئىبراھىم 1 - ئايەت.
[2] سۈرە نەھل 89 - ئايەت.
[3] سۈرە نەھل 44 - ئايەت.

www.uyghurweb.net

ئۈچىنچى. سۈننەت قۇرئاندىكى ھۆكۈملەرگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

بۇ پىكىرلەر ھېچقاچان قۇرئان بىلەن توقۇنۇشۇپ قالمايدۇ. بۇ پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش، ئاسلىق قىلماسلىقتەك ئاساسى پرىنسىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، خالاس. ئىتائەت قىلىش، پەقەت قۇرئانغا ئۇيغۇن بولۇشى، ھەرگىزمۇ ئالاھىدە بولۇپ قالماسلىقى كېرەك: ﴿كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ)﴾[1] ئىلىم ئەھلىلىرى قانداقلارچە ئاللاھنىڭ كىتابىدا بولمىغان ھەدىسنى قوبۇل قىلمايدىكىنە؟ لېكىن (ئاياللارنىڭ ھامىلىرى بىلەن گەپلىشىشى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ باللىرىنى ئېمىتىشى ھارام) دېگەن ھەدىس قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئۇ يەنە نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرگەن.

ئۆلىمالارنىڭ ئورتاق پىكىرلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئېشەك، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھاراملىقى، مۇسۇلماننىڭ كاپىرنى ئۆلتۈرمەسلىكى قاتارلىق قۇرئاندا بولمىغان سان - ساناقسىز مەسىلىلەر ھەدىستە ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلگەن. شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، ئىسلام قانۇنى ھەرگىزمۇ بىر يىلدىلا ئەمەلىيلەشمىگەن.

رەسۇلۇللاھ گۇمان بىلەن دە - تالاش قىلىدىغان سەركەش قەرمنى ئىشارەت قىلىپ ۋە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، مەن بۇيرىغان ۋە نەھى قىلغان بىرەر ئىشنى كۆرسە (بىز بۇنى قۇرئاندا تاپالمىغان تۇرساق) قانداقلارچە ئۇنىڭغا (سۈننەتكە) ئەگىشىمىز دېيىشىدۇ»[2]. شاتىبى ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: كىتابتىكى ھۆكۈملەرنى قىسقارتىش، ئەخلاقسىز بىر قەۋمنىڭ پىكرى بولۇپ، بۇلار سۈننەتتىن تولىمۇ يىراقلىشىپ كەتكۈچىلەردۇر. بۇنداق كىشىلەر قۇرئان ھەممىنى تولۇق ئوچۇقلاپ بەرگەن دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىپ، سۈننەتتىكى ئەھكاملارنى چۆرۈۋېتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ (ئىسلام) جامائەسىدىن يىراقلىشىپ كېتىشىگە ۋە قۇرئاننى كەلسە كەلمەس تەۋىل قىلىشى (ئۆزگەرتىش، ئۆز مەيلىچە تەپسىر قىلىش) غا سەۋەبچى بولىدۇ.

دەرۋەقە، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنىڭ قۇرئاندىكى مۇجمەل ئوقۇملارنى بايان قىلىشتا پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىق ئىكەنلىكى كىتابخانلارغا سىر بولمىسا كېرەك. قۇرئاندا دەلىل بولمىغان ئەھكام ۋە قانۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ سۈننەت، ئىسلام قانۇنىنىڭ ئۇزۇۋقلىنىغان ۋە ئىسلام قانۇنى ئەھكاملىرىنىڭ يۈكسىلىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئەڭ ئاساسلىق ماددىسىدۇر. ئاللاھ رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشنى پەرز قىلغانلىقتىن رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى قوبۇل قىلغۇچىلار ئاللاھقا بويسۇنغان بولىدۇ. ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن قۇرئان ۋە سۈننەتتە بولمىغان نەرسىلەر بىلەن قۇرئان ۋە سۈننەتكە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش دۇرۇس ئەمەس.

## رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە سۈننەتنىڭ يېزىلىشقا باشلىشى

ھەممىگە مەلۇمكى، ئەرەبلەر ئىسلامدىن بۇرۇن نە ئوقۇش نە يېزىشنى بىلمەيتتى. لېكىن بەئسەتتىن بۇرۇن تىجارەت مەركىزى بولغان مەككىدە قىسمەن يازالايدىغان ۋە ئوقۇيالايدىغانلارمۇ بار ئىدى. خەۋەرلەرگە كۆرە ئوقۇش - يېزىشنى بىلىدىغانلار پەقەتلا يىگىرمە نەچچە كىشى ئىدى. مەدىنىدە بولسا ئوقۇش - يېزىشنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئازدى. شۇ ۋەجىدىن ئەرەبلەر ئۇممى (ساۋاتسىز) دەپ ئاتالغان ئىدى.

خەۋەرلەردەگە قارىغاندا مەككىدىكى يازالايدىغانلار مەدىنىدىكىگە قارىغاندا كۆپرەك ئىدى. بۇنى رەسۇلۇللاھنىڭ (مەككىلىك) بەدر ئەسىرلىرىنىڭ ھەر بىرىنى (مەدىنىلىك) ئون ئۆسمۈرگە ئوقۇش - يېزىشنى ئۆگىتىپ قويۇش بەدىلىگە قويۇپ بەرگەنلىكى ئىسپاتلىيالايدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ۋەھيي يازىدىغان كاتىپلارنىڭ كۆپۈنچىسىمۇ مەككىلىك بولۇپ، "تەرتىپ بىلەن ئىدارە قىلغۇچىلار" ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورىمۇ ئۇلارنى ئەسىرىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. بەلازرى "پۇتۇھۇل بۇلدان (شەھەرلەرنىڭ پەتھى قىلىنىشى)" ناملىق ئەسىرىدە، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەفسە، ئۇممۇ گۈلسۇم بىنت ئەقەبە، شىفا

---

[1] سۈرە نىسا 80 - ئايەت.

[2] بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبن ماجە رىۋايەت قىلغان. شافئىنىڭ ئەھمەد شاكىرنىڭ تەتقىقاتىدىكى 90- بەتكە قاراڭ.

www.uyghurweb.net

بىنت ئابدۇللاھ قۇرەشىي، ئائىشە بىنت سەئد، كەرىمە بىنت مەقداد قاتارلىق ئايال كاتىپلارنى تىلغا ئالغان. لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىدە قارار تېپىشىغا ئەگىشىپ ئەھۋال پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى سەئد ئىبنى ئاسنى مەدىنىدە يېزىشنى ئۆگىتىشكە بۇيرىغاندىن باشلاپلا كاتىپلار تەدرىجى كۆپىيىشكە باشلىغان. ئىبنى ئابدۇلبەرنىڭ "ئىستىئاب" ناملىق ئەسرىدە بايان قىلىشىچە، ئۇ ئۇستا خەتتات ئىدى.

ئىبنى سەئدىنىڭ ئەسلىمىسىگە كۆرە، رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلغان ئەنسارىلار، رەسۇلۇللاھ مەككىدىكى ۋاقتىدا مۇنداق دەپ مەكتۇپ يېزىشقان: "بىزگە دىنىمىزنى ئۆگىتىپ قويىدىغان، بىزگە قۇرئان ئوقۇپ بېرىدىغان بىر كىشىنى ئەۋەتسىلە". بۇ تەلەپكە ئاساسەن رەسۇلۇللاھ مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى ئۇلارغا قۇرئان ئوقۇپ بېرىش ۋە ئۆگىتىشكە ئەۋەتكەن.

بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ساھابىلار ھەدىسنى يېزىشتا ئەمەس، يادلاشتا ئالاھىدە ماھارەتكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەدىسنى يازغان تەقدىردە قۇرئان بىلەن ئارىلىشىپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى. دەسلەپتە رەسۇلۇللاھ ھەدىسنى يېزىشتىن مۇنداق دەپ چەكلىگەن ئىدى: «مېنىڭ ھەققىمدە ھېچنېمە يازماڭلار، يازغانلار بولسا ئۆچۈرۈۋەتسۇن! مەندىن ھەدىس بايان قىلىڭلار! ماڭا بوھتان چاپلىغۇچىلار دوزاختا كىرىشكە ھازىرلانسۇن!» بۇ ھەدىسنى ئەبى سەئىد ئەل خۇدرىيدىن مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننەتنى يېزىشنى چەكلىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. نەۋەۋى "شەرھ" ناملىق ئەسىرىدە قازىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: "سەلەپلەر، ساھابىلار ۋە تابىئىنلار ئوتتۇرىسىدا ئىلمنى يېزىش توغرۇلۇق ناھايىتى كۆپ ئىختىلاپ چىققان بولۇپ، بەزىسى ئۇنى "ئاخشى ئەمەس" دەپ قارىسا، بەزىسى "جائىز" دەپ قاراشقان. كېيىن مۇسۇلمانلار ئۇنى بىردەك "جائىز" دەپ قارار قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىختىلاپ بوقالغان".

## ھەدىسنى يېزىشنىڭ نەھى قىلىنىشى توغرۇلۇق ئۆلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشىدىكى ئاساسلىق نۇقتىلار

بەزىلەر: "ناۋادا ھەدىس يېزىلسا، ھەدىسنى يادلاشقا ئىشەنچى كامىل كىشىلەرنىڭ (يېزىقلىققۇ دېگەن چۈشەنچە بىلەن) ھورۇنلۇق قىلىپ، ھەدىسنى يادلىماقچى بولغانلارنىڭ ئىشتىياقىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن قورققانلىقتىن مەنئى قىلىنغان" دېيىشىدۇ. سەھىفە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئەمر ئىبنى ھەزمنىڭ «پەرائىز ۋەسسۇنەن ۋەددىيات» ناملىق ھەدىسى ۋە سەدىقە - زاكات بابىدىكى ھەدىسلەردە بايان قىلىنىشىچە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەھرەينگە مېڭىش ئالدىدا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئەبۇ شات ئىسىملىك ساھابىگە يېزىشنى ئۆگىتىپ قويۇشقا بۇيرىغان. ئەبۇ ھەرەيرە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاستىن رىۋايەت قىلىپ: "ئابدۇللاھ يازاتتى مەن بولسام يازمايتتىم» دېگەن. بۇ ھەقتە يەنە بۇندىن باشقا نۇرغۇن ھەدىسلەر بار" دەيدۇ.

بەزىلەر: "نەھى قىلىنغان ھەدىسلەر بۇ ھەدىسلەر بىلەن مەنسۇخ قىلىنغان (ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان)، ئەسلىدە ھەدىسنىڭ قۇرئانغا ئارىلىشىپ كېتىشتىن قورققانلىقتىن نەھى قىلىنغانتى، بۇ قورقۇنچ يوقالغاندىن كېيىن يېزىشقا رۇخسەت قىلىنغان" دەيدۇ.

يەنە بەزىلەر: "ھەدىسنى يېزىش پەقەت قۇرئان بىلەن بىر بەتكە يېزىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قۇرئان بىلەن ھەدىسنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىشتىن قورققانلىقتىن نەھى قىلىنغان" دەيدۇ.

ۋەھيىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن نازىل بولۇشىغا ئەگىشىپ، يادلاشمۇ شۇنچە كۆپەيگەن ۋە قۇرئان بىلەن ھەدىسنىڭ ئارىلىشىپ كېتىش ئەندىشىسى يوقالغان. بۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇنتۇلۇپ قېلىش خەۋپى تۇغۇلغاندا ئەسلىگە مۇراجەت قىلىشقا قولايلىق يارىتىپ بېرىش يۈزىسىدىن ھەدىسنى يېزىشقا پەقەت بىر قانچە ساھابىغىلا مەخسۇس ئىزىن بەرگەن. بۇ ئىزىنىنىڭ تۈرتكىسىدە ھەدىسكە مۇراجەت قىلىش ۋە يادلاش ناھايىتى بۈقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. بۇنىڭ بىلەن ھەدىسنى يېزىشنىڭ مەنئى قىلىنىشى ۋە ئىزىن بېرىلىشىگە ئېتىراز بىلدۈرىدىغانلارمۇ ھەدىسنىڭ يېزىلىشىغا بىردەك قوشۇلغان.

ئىبنى سىلاھقا كۆرە، ئەنە شۇنداق تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن، ئىختىلاپ تۈگەپ پۈتكۈل مۇسۇلمانلار ھەدىسنى يېزىشنىڭ جائىزلىقىنى بىردەك ماقۇللاشقان. گەرچە ھەدىس رەتلىنىپ كىتابلاشتۇرۇلمىغان بولسىمۇ، كېيىنكى مەزگىللەردە دەرسلىك قىلىنىشقا باشلىغان.

www.uyghurweb.net

بەزى ئەسەرلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ھەدىسنىڭ قۇرئان بىلەن ئارىلىشىپ كېتىش خەۋپى يوقالغاندىن كېيىن ھەدىسنى يېزىشقا پۈتۈنلەي ئىزنى بەرگەن. چۈنكى ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا مۇسۇلمىنلارنىڭ ئېزىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر كىتابنى يېزىشنى مەقسەت قىلغان. ئۆمەرنىڭ ھەدىسىدا بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ يەردە كۆپ توختىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

تىرمىزىنىڭ سەئىد ئىبنى ئۇبادە ئەلئەنسارىدىن رىۋايەت قىلىشچە، سەئىد بىر قىسىم ھەدىس توپلاملىرىنى كىتابلاشتۇرۇشقا قادىر ئىدى. بۇنى بۇ مۇھتەرەم ساھابىنىڭ ئوغلى ئۆزىنىڭ يازمىسىدىن رىۋايەت قىلغان.

بۇخارىنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، بۇ يازما ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋفانىڭ يازمىلىرىنىڭ بىر نۇسخىسى بولۇپ، ئۇ ھەدىسلەرنى ئۆز قولى بىلەن يازاتتى. ئىنسانلار بولسا ئۇنىڭ يېزىپ توپلىغان ھەدىسلىرىنى ئوقۇيتتى.

بەزىلەرنىڭ قارىشىچە؛ ھەدىسنىڭ يېزىلىشىنىڭ مەنئى قىلىنىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھەدىسنىڭ قۇرئانغا ئارىلىشىپ كېتىشتىن قورققانلىقىدىن ئىدى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئارىلىشىپ كەتمەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن ھەدىسنىڭ يېزىلىشىغا رۇخسەت قىلغان.

يەنە بەزىلەر: ”ھەدىس، قۇرئان بىلەن ئوخشاش بىر بەتكە يېزىلىپ قېلىپ، ئوقۇغۇچىنىڭ بىر بەتكە يېزىلغان قۇرئان بىلەن ھەدىسنى ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىقى ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان“ دېيىشىدۇ.

ۋەھيىنىڭ ئۈزلۈكسىز نازىل بولۇشى ۋە ئۇنى يادلايدىغانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ۋەھيي بىلەن ھەدىسنىڭ ئارىلىشىپ كەتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ئۇنتۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر قىسىم ساھابىلىغا ھەدىسنى يېزىشقا ئىزنى بەرگەن ۋە بۇ ئىزنىنىڭ يادلاش قابىلىيىتى ئەڭ كۈچلۈك كىشىلەرگىلا خاس قىلىنىشى ئۈمىد قىلىنغان. شۇڭا بەزىدە ھەدىسنى يېزىشنى مەنئى قىلغان دەلىللەر بىلەن ئىزنى بېرىلگەن ھەدىسلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش ئوتتۇرىغا چىققان ھەمدە بۇ توقۇنۇشقا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن ھەدىسنىڭ يېزىلىشى بىردەك جائىز دەپ قارالغان.

ئىبنى سىلاھقا كۆرە: ”ئىختىلاپنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، پۈتكۈل مۇسۇلمانلار ھەدىسنى يېزىشنىڭ جائىزلىقىنى بىردەك ماقۇللاشتى. ئەگەر ھەدىس رەتلىنىپ چىقىلمىغان بولسا، ئاخىرقى مەزگىللەردىكى ھەدىس تەتقىقاتى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى“.

بىر قىسىم ئەسەرلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا، قۇرئان بىلەن سۈننەتنىڭ ئارىلىشىپ كەتمەيدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن، ھەدىسنى يېزىشقا تەلتۆكۈس رۇخسەت قىلغان. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇش ئالدىدا، كېيىنكى دەۋردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن قىبلىنامە بولالايدىغان بىر كىتابنىڭ يېزىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇ توغرۇلۇق ئۆمەرنىڭ ھەدىسىدە توختىلىپ ئۆتۈلگىنى ئۈچۈن بۇ يەردە كۆپ توختىلىشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، سەئىد ئىبنى ئۇبادە ئەل ئەنسارىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ بىر قىسىم ھەدىسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كىتابى بار بولۇپ، بۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر ساھابىنىڭ ئوغلى بۇ كىتابتىن رىۋايەت قىلاتتى.

بۇخارىنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، بۇ كىتاب ئەسلىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋفانىڭ كىتابىنىڭ بىر نۇسخىسى بولۇپ، ئۇ بۇ ھەدىسلارنى ئۆز قولى بىلەن بېزىپ چىققان ئىدى. كىشىلەر بولسا ئۇنىڭ رەتلەپ يېزىپ چىققان قول يازمىلىرىنى ئوقۇيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ دەۋرىدە يېزىلغان ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ ئارىسىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرو ئىبنى ئاسنىڭ ”راستچىل ئەسەر“ دەپ ئاتالغان ئەسىرى بولۇپ، تارىخشۇناسلار بۇ ئەسەرنىڭ مىڭ ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى بايان قىلىشىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرو ئىبنى ئاس پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ چىقاتتى. ھالبۇكى بۇ بىر قىسىم ساھابىلاردىن چەكلەنگەن ئىدى. چۈنكى ئىنسانلار رىزا ۋە غەزەپ ھەگگىدە (خالىغانچە) گەپ قىلغانلىقتىن، ھەدىسنى يېزىش توختىتىپ قويۇلغان. ئاندىن ئۇ رەسۇلۇللاھتىن مۇنداق دەپ پەتىۋا سورىغان:

- ئى رەسۇلۇللاھ ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى يازىمەنمۇ؟
- شۇنداق،

www.uyghurweb.net

- رىزا ۋە غەزەپ ھەققىدىچۇ؟
- شۇنداق، مەن شۇنداق قىلىش ئەڭ توغرا دەپ قارايمەن. بۇنى ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى ئەمرو غا نىسبەتەن بۇ كىتابنىڭ مەسىلىسى ئىنتايىن كاتتا ئىدى. ئۇ: ”مېنىڭ دۇنيادا ياخشى كۆرىدىغان ئىككى ئىش ـ راستچىللىق ۋە مۇنبەت تۇپراق ـ بار ئىدى ”راستچىللىق ـ رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلاپ يازغان كىتاب، مۇنبەت تۇپراق ـ ئەمرو ئىبنى ئاسنىڭ سەدىقە قىلىپ بەرگەن زېمىنى“ دەيدۇ. بۇنى بىزار ”سۇنەن“ ناملىق ئەسىرىدە، ئىبنى ئابدۇل بەر ”ئىلىم ۋە ئىلىمنىڭ پەزىلىتى“ ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان. بۇ ئەسەر يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرونىڭ ئىمام ئەھمەد ھەققىدىكى ئەسىرىدىمۇ قەيت قىلىنغان. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە: ” رەسۇلۇللاھنىڭ ھاسابىلىرى ئارىسىدا ئەڭ كۆپ ھەدىس بىلىدىغان كىشى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرودىن باشقا مەندىم. ئۇ ھەدىسنى يازاتتى بىراق مەن يازمايتتىم“ دېگەن. بۇ ھەقتە بۇخارىنىڭ ”ئىلىم“ ھەققىدە نەقىل كەلتۈرگەن بۇ ھەدىسى بىزگە كۇپايە قىلىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى ئىبنىن ئاببىاس روسۇلۇللاھ نىڭ سۈننىتى ۋە تارىخى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تاختايلارغا يېزىپ، ئىلمىي سورۇنلارغا ئاپىراتتى. ئۇنىڭ شاگىرتى سەئىد ئىبنى جۇبەير ئۇنىڭ تاختايلارغا يېزىپ توپلىغانلىرىنى يازاتتى. ئاخىرىدا ئىبنى ئاباسنىڭ ئەسرى كىشلەر ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا رىۋايەت قىلىدىغان ۋە تەپسىرلەردە دەلىل كەلتۈرۈلىدىغان ئەڭ مەشھۇر ئەسەرگە ئايلاندى.

ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ ساھابىلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ رەتلەپ چىققان نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى شاگىرتى ھەمام ئىبنى مۇنەببەھ رىۋايەت قىلغان. بۇ بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە ئەينەن رىۋايەت قىلىنىپ يېتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ھەدىسنىڭ رەتلىنىپ چىقىشىدا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەمام ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىپ رەتلەپ چىققان بۇ ئەسەرنى ”كەشفۇززۇنۇن“ ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى، ”ئىشەنچىلىك ئەسەر“ دەپ ئاتىغان ۋە بۇ ئەسەر ئەھمەدنىڭ ئەسرى ۋە بۇخارى قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ھەرخىل بابلىرىدا ئايرىم ـ ئايرىم نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

ئۆلىمالار بۇلاردىن باشقا ھەدىس يازغان بىر تۈركۈم ساھابىلارنىمۇ تىلغا ئېلىشىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە ھەدىس يېزىش باشلىنىپ كەتكەن. گەرچە ھەدىس رەتلىنىپ كىتابلارشتۇرۇلمىغان بولسىمۇ...

سەھىھەين (بۇخارى ۋە مۇسلىم) دە ئىسپاتلىنىشىچە، مەككە پەتھى قىلىنغاندا رەسۇلۇللاھنۇتۇق سۆزلەشكە باشلىغان. بۇ چاغدا (ئەبۇ شات) ئىسىملىك يەمەنلىك بىر كىشى:

- ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ماڭا خەت يېزىشنى ئۆگىتىپ قويسىلا! ـ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ:
- ئەبۇ شاتقا خەت يېزىشنى ئۆگىتىپ قويۇڭلار! ـ دېگەن.

بۇخارىنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، ئەبۇ ھۇجەيفە ئېلىغا:

- سەندە كىتاب بارمۇ؟ ـ دەپ سورىغاندا ئۇ:
- ئاللاھنىڭ كىتابىدىن باشقا كىتاب ياكى بۇ كىتابتىن باشقىسى يوق ـ دېگەن. ھۇجەيفە:
- بۇ كىتابتا نېمە بار؟ ـ دەپ سورىغاندا، ئۇ:
- ئەقىل ـ پاراسەت، ئەسىرلەرنى ئازاد قىلىشىۋېتىش ۋە مۇسۇلماننىڭ كاپىرنى ئۆلتۈرمەسلىكىدەك مەلۇماتلار بار ـ دېگەن.

ئەھمەدنىڭ ئەبى ئەتتۇفەيلدىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئەلى:

- رەسۇلۇللاھ سىلەرگە ھەرقانداق بىر ئىش توغرۇلۇق مەخسۇس كۆرسەتمە بەرگەنمۇ؟ ـ دەپ سورالغاندا:
- بۇ قىلىچنى غىلاپىقا سېلىشتىن باشقا مەخسۇس كۆرسەتمە بەرمىگەن ـ دەپ جاۋاب بەرگەن ۋە: ”ئاللاھ، ئاللاھ دىن باشقىلار ئۈچۈن قۇربانلىق قىلغانلارغا لەنەت قىلىدۇ“ دېگەن خەت يېزىقلىق كىتابنى چىقىرىپ كۆرسەتكەن.

ئەھمەد تارىق ئىبنى شىھابدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، شىھاب: ”مەن ئەلىنىڭ مۇنبەردە خۇتبە ئوقۇغاندا، (ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىزنىڭ سىلەرگە ئوقۇپ بېرىدىغان، سەدىقە ۋە پەرزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاللاھنىڭ مۇشۇ كىتابىدىن باشقا كىتابىمىز يوق) دېگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان)“ دېگەن. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە ھارىس ئىبنى سۇۋەيدتىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

www.uyghurweb.net

- رەسۇلۇللار سىلەرگە بىرەر ئىش توغرۇلۇق مەخسۇس كۆرسەتمە بەرگەنمۇ؟ - دەپ سورالغاندا، بىر كىتابنى چىقىرىپ كۆرسەتكەن...

ئىبنى ھەجەر "ئىسابەت" ناملىق ئەسىرىدە ۋە ئىبنى ئابدۇلبەر "ئىستىئاب" ناملىق ئەسىرىدە، ئۆمەر ئىبنى ھەزم ئەلئەنسارى نەجرانغا ۋالى قىلىنىپ تەيىنلەنگەندە، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنىڭغا تاھارەت، ناماز، سەدىقە، غەنىمەت ۋە دىيەت قاتارلىقنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆزئىچىگە ئالغان بىر مەكتۇپ يازغانلىقىنى بايان قىلىشقان. "تەرجىملەر" ناملىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى، ئەنەس ئىبنى ئىمام مالىكنىڭ يازغۇچى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يازغان ۋە رەتلەپ چىققان كىتابلىرىنى كۆتۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۇنى بەھرەينگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭغا سەدىقە ۋە زاكاتنىڭ ئۆلچىمى ھەققىدە مەكتۇپ يازغانلىقىنى بايان قىلىشقان. بۇندىن باشقا يەنە باغداتلىق خەتىبمۇ "ئىلىم" ناملىق ئەسىرىدە بۇ توغرۇلۇق توختىلىپ، "مەرفۇئ ۋە مەيقۇف" ھەدىسلەردىكى چەكلىمە ۋە ئىجازەتلەر، تابىئىن ۋە تەبئى تابىئىنلارنىڭ ئەسەرلەردىن نەقىل كەلتۈرگەن. بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇماتقا ئېرىشمەكچى بولغانلار بۇ ئەسەرلەرگە مۇراجەت قىلسا بولىدۇ.

## رەسۇلۇللاھنىڭ ئىجتىھادى

بىز رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىدىكى ئىجرائاتلىرىغا بىر قۇر نەزەر تاشلاش ئارقىلىق، نېمىنىڭ قانۇن، نېمىنىڭ قانۇن ئەمەسلىكى ھەققىدە ئايرىم توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز.

1) - ھەممىگە مەلۇمكى ھايات مۇساپىسى، خىلمۇخىل تەجرىبە - ساۋاقلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ. جۈملىدىن زىرائەت ۋە تىبابەتچىلىككە ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىمۇ ھەم شۇنداق. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىجتىھادى بەزىدە توغرا چىقسا، بەزىدە توغرا چىقمايدۇ. چۈنكى بۇ خىل ئىشلار قانۇن دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن رەسۇلۇللاھ خورما ھەققىدىكى تەبىرى ھەققىدە: «دۇنيا ئىشلىرىغا ماڭا قارىغاندا سىلەر بەكرەك ئالىم» دېگەن ئىدى.

سەھىھەيندە رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىرائەت بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان بىر قەمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «كاشكى مۇنداق قىلمىغان بولساڭلار ياخشى بولاتتى» - دېگەن. رەسۇلۇللاھقايتا ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە: «خورمىلىرىڭلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟» - دەپ سورىغان. ئۇلار: «سىلەر مۇنداق - مۇنداق قىلساڭلار ياخشى بولاتتى» - دېگەن ئىدىلە، بىز دېگەنلىرىدەك قىلىۋېدۇق ئاقىۋەت مۇنداق - مۇنداق بولدى - دەپ جاۋاب بېرىشكەندە رەسۇلۇللاھ: «دۇنيا ئىشلىرىغا ماڭا قارىغاندا سىلەر بەكرەك ئالىم» دېگەن.

2) ـ ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، جەڭ مەيدانلىرىدا قوشۇننى ئورۇنلاشتۇرۇش، سەپ تۈزەش، ھۇجۇم قىلىش ۋە مۇداپىئەلىنىشكە ئوخشاش ئالاھىدە ئەھۋاللاردىكى بەزى ئىشلار، ئىنسانى تەجرىبىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. ئورۇنلاش ياكى ئورۇنلىماسلىققا مۇناسىۋەتلىك بۇ خىل ئىشلار گەرچە قانۇن بولمىسىمۇ، بىراق ئۇ ئىنسانى مەسىلىلەر بولۇپ، بۇنىڭدىكى رەسۇلۇللاھنىڭ تۇتقان يولى ياكى قانۇن ياكى قانۇن ئاساسىي ئەمەس.

جۈملىدىن يېتەكلىك تارىخشۇناسلارنىڭ بىردەك رىۋايەت قىلىشىچە، رەسۇلۇللاھ بەدر غازاتىدا مەدىنىگە يېقىن بولغان بەدر دېگەن جايدا سۇ بويىغا چۈشكۈن قىلغاندا، ھۇباب ئىبنى مۇنزىر ئىبنى جەمۇھ ئىسىملىك ساھابە رەسۇلۇللاھتىن : "ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئاللاھ سېنى بىزنى ئالدىمىزغىمۇ ئىلگىرىلىيەلمەيدىغان، كەينىمىزگىمۇ چېكىنەلمەيدىغان بىر جايغا چۈشكۈن قىشقا بۇيرىدىمۇ؟...ياكى بۇ ھەربى تاكتىكىمۇ؟" - دەپ سورىغان سوئالىغا رەسۇلۇللاھ: «بۇ ھەربى تاكتىكا» - دەپ جاۋاب بەرگەن. ھۇباب: "بۇ بىزنىڭ (ئۆزۈش قىلىش تاكتىكىمىزغا ئۇيغۇن) جاي ئەمەس، بىزگە يولىيورۇق بەرسىلە، سۇدىنمۇ كۆرە دۈشمەنگە يېقىنراق جايغا چۈشكۈن قىلايلى! بىر قۇدۇق كولاپ ئۇنىڭ سۈيىنى بىر كۆلچەك ياساپ تولدۇرۇۋېلىپ، دۈشمەننىڭ سۇ لىنىيىسىنى ئۈزۈپ تاشلايلى - دە، دۈشمەن سۇسىزلىقتىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنسۇن!»" ـ دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە رەسۇلۇللاھ ھۇبابنىڭ دېگىنىدەك قىلغان.

1) - ئەمما رەسۇلۇللاھنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت، ھالال - ھارام ۋە ئەخلاق قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەبلىغ جەھەتتىكى ئىجرائاتلىرى يۇقىرىدىكىلەرگە كەلسەك...

www.uyghurweb.net

2) ـ غەنىمەتلەرنىڭ تەقسىماتى، توختام تۈزۈش ۋە جېدەل ـ ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ھۆكۈم ۋە ئومۇمغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىكى ئىجرائاتلىرى قانۇندۇر. كۆپلىگەن ئانالىزچىلارنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل قانۇنى مەسىلىلەردە رەسۇلۇللاھنىڭ ئىجتىهاد قىلىشى شەرتسىز جائىزدۇر. بۇنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ھادىسىلەردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

❶ تارىخشۇناسلارنىڭ رىۋايىتى، ئەھمەد ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىسلىرىغا كۆرە، بەدر غازاتىدا، رەسۇلۇللاھ ئەسىرلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە ساھابىلىرىغا مەسلىھەت سالغاندا، ئەبۇ بەكرى: ”ئۇلار سىلىنىڭ ئەقرىبالىرى، شۇڭا ئۇلارنى قويۇپ بەرسىلە!“ ـ دېگەن. ئۆمەر بولسا: ”ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتسىلە!“ ـ دېگەن. رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن تۆلەم ئېلىپ قويۇپ بەرگەندىن كېيىن ئاللاھ رەسۇلۇللاھ بىلەن ساھابىلىرىنى كايىپ مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: ﴿پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۆمىنلەر! سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) تىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئاللاھنىڭ (ئوچۇق چەكلىمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلدە بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار﴾.

❷ بىر قىسىم مۇناپىقلار تەبۇك غازاتىغا چىقالمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتىپ رۇخسەت سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ (ئۆزرىسىدە) راستچىل ياكى يالغانچى ئىكەنلىكى ئېنىق بولماي تۇرۇپ رۇخسەت بەرگەنلىكىنىن، ئاللاھ كايىپ مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ سېنى كەچۈردى، (ئۆزرىسىدە) راستچىللار بىلەن يالغانچىلار (ساڭا ئېنىق بولمىغىچە نېمىشقا ئۇلارغا چىقماسلىققا) رۇخسەت بەردىڭ﴾.

❸ بۇخارى، مۇسلىم قاتارلىقلارنىڭ ھەدىسىغا كۆرە، رەسۇلۇللاھ مەككىنىڭ ھۆرمىتى ھەققىدە توختىلىپ: «ئاللاھ بۇ شەھەرنى ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان كۈندە ھۆرمەتلىك قىلدى ۋە بۇ قىيامەتكە قەدەر ئۈزۈلمىكسىز داۋام قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر تال تىكىنىنى ئېلىشمۇ، ئوۋ ئوۋلاشمۇ، ئىلان قىلىپ ئېگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان كىشىلەردىن باشقىلىرىنىڭ تېپىۋالغان نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىشمۇ، دەل ـ دەرەخلىرىنى كېسىش ۋە ئوت ـ چۆپلىرىگە زىيان يەتكۈزۈشمۇ دۇرۇس ئەمەس» ـ دېگەندە، ئاببىاس: ”ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئىزخىر (ئۆسۈملۈك) بۇنىڭدىن مۇستەسنا قىلىنسۇن!“ ـ دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى قوبۇل قىلغان. بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئىجتىهادى ئىدى.

❹ بۇخارىنىڭ ھەدىسىغا كۆرە، خەيبەر غازاتىدا، خەيبەر پەتھە قىلىنغاندىن كېيىن، ساھابىلار تەرەپ ـ تەرەپتە ئوت قالاشقا باشلىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن: «نېمىشقا ئوت قالاۋاتىسىلەر؟» ـ دەپ سورىۋېدى ئۇلار: ”گۆش پىشۇرۇش ئۈچۈن“ ـ دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: «قايسى گۆش ئۈچۈن؟» ـ دەپ سورىغاندا ئۇلار: ”ياۋا ئېشەك گۆشىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن“ ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى. رەسۇلۇللاھ: «گۆشلەرنى تۆكۈۋېتىپ، قازان ـ قومۇچلارنى چېقىۋېتىڭلار!» ـ دېۋېدى، بىر كىشى: ”ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! گۆشلەرنى تۆكۈۋېتىپ، قازان ـ قومۇچلارنى چېقىۋەتسەك بولامدۇ؟“ ـ دېدى. رەسۇلۇللاھ: «بولىدۇ» ـ دېدى.

رەسۇلۇللاھ دەسلەپتە ياۋا ئېشەكلەرنىڭ گۆشىنى يېيىشنى قاتتىق مەنئى قىلغان ئىدى. ساھابىلار رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكمىگە رازى بولغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ساھابىلار مەسلىھەتلىشىپ، قازان ـ قومۇچلارنى چېقىۋېتىپ زايا قىلىۋېتىشنىڭ ئورنىغا يۇيۇپ ئىشلىتىش ھەققىدىكى كۆز ـ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان ۋە رەسۇلۇللاھقاچا ـ قومۇچلارنى يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلغان.

بۇ ۋەقەلەر، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىجتىهاد قىلغانلىقىنى ۋە خىلمۇخىل ۋەقەلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەسىلىلەرنىڭ ئىلمى جەھەتتىن دائىرىسىنىڭ ئىنتايىن كەڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

www.uyghurweb.net



رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلار بىلەن بىرگە بولغان ھاياتى بەئەينى، ھازىرقى دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئارزۇسى بولغان دېموكراتىيە ئىدى. ساھابىلار بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچبىر توسالغۇ مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. ساھابىلار رەسۇلۇللاھنى مەيلى مەسجىدتە ياكى ئۆيدە بولسۇن، مەيلى سەپەردە ياكى مۇقىملىق ھالىتىدە بولسۇن خالىغان ۋاقىت ۋە خالىغان جايدا ئۇچرىتالايتتى. ھالبۇكى ساھابىلار رەسۇلۇللاھ بىلەن مۇلاقات ۋە دوست بولۇشقا، ئۇنىڭغا ماسلىششى، ئەگىشىش ۋە كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىشقا تولىمۇ ھېرىستى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ھېرىسمەنلىكى ۋە بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىششى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داخىل بولغان سورۇنلارغا نۆۋەت بىلەن بېرىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. بۇ توغرۇلۇق بۇخارىنىڭ ”ئىلىم“ ھەققىدىكى بابىدا رىۋايەت قىلىنىشچە، ئۆمەر: ”مەن بەنى ئۇمەييە ئىبنى زەيد قەبىلىسى ۋە مەدىنە ئاقسۆڭەكلىرىدىن بولغان بىر ئەنسارى قوشنام بىلەن ئىككىمىز، رەسۇلۇللاھنىڭ سورۇنلىرىغا نۆۋەت بىلەن قاتنىشاتتۇق. بىر كۈن ئۇ بارسا، بىر كۈن مەن باراتتىم“ ـ دېگەن.ناۋادا رەسۇلۇللاھ يېڭى بىر ھەدىسنى ئوتتۇرىغا قويسا، بۇنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىققانلارمۇ، تېزراق رەسۇلۇللاھ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىرايتتى.

بۇخارىنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، ئەقبە ئىبنى ھارىس ئايالى بىلەن ئېمىلداش ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ مەككىدىن مەدىنىگە يولغا چىقىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىگە بارغان ۋە «ئېمىلداش ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن بىر ئايال بىلەن ئۆيلەنگەندىن كېيىن، ئېمىلداش ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان كىشىگە قارىتا ئاللاھنىڭ قانداق ھۆكۈمى قىلىدىغانلىقى ھەققىدە سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: «ھەقىقەتەن ئېمىلداش بولغانلىقى ئىسپاتلانغان بولسا جائىز بولمايدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەرگەن» دىن كېيىن، دەرھال ئايالى بىلەن ئايرىلىپ كەتكەن ۋە ئۇ ئايال باشقا كىشىگە ياتلىق بولغان.

ساھابىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىغا ئەگىشىپ، رەسۇلۇللاھ ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىمۇ بىر ـ بىرىنىڭكىگە تولۇق ئوخشىمايتتى. شۇنىڭدەك رەسۇلۇللاھ ساھابىلارنىڭ تەلىم ئېلىشى ئۈچۈن ھېچقاچان مەخسۇس بىر سورۇن ئورۇنلاشتۇرمىغان. ئوچۇقراقى رەسۇلۇللاھنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ساھابىلار ئۈچۈن ئىلىم مۇنبىرى ئىدى ۋە رۇزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيتتىن باشقا كۈنلەردە رەسۇلۇللاھ ساھابىلارغا ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى.

بۇخارى ئىبنى مەسئۇددىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”رەسۇلۇللاھ بىزنىڭ زېرىكىپ قالماسلىقىمىزنى نەزەردە تۇتۇپ، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى“.

مەسرۇق ساھابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن خىلمۇخىل شەكىلدە مۇلاقات بولىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”مەن ساھابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئەترىپىدا ئۆرۈمە چاچقا ئوخشاش (ھالقا بولۇپ) ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر ھالقا، رەسۇلۇللاھتىن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى بىر (ھالقا) كىشىگە رىۋايەت قىلسا، ئۇ ئون (ھالقا) كىشىگە، ئۇ يۈز (ھالقا) كىشىگە يەتكۈزەتتى (رىۋايەت قىلاتتى). ئەگەر بۇ ھالقا (بۇ خىل رىۋايەت قىلىش ئارقىلىق تەرەققى قىلىش) ئۈزۈلۈكسىز دۇنياغا يۈزلەنگەن بولسا، چوقۇم نەتىجىسى كۆرۈلگەن بولاتتى“.

تۆت خەلىپە ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدقا ئوخشاش تۇنجى قەدەمدە ئىسلام دىنىغا كىرگەن ساھابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدىن كۆپ خەۋەردار بولۇشى تەبىئى ئىدى. چۈنكى يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، رەسۇلۇللاھقا ئەڭ كۆپ مۇلقات بولغانلار شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا كۆپ مەلۇماتقا ئىگە بولالايتتى.

بۇخارى قاتارلىقلارنىڭ ھەدىسىغا كۆرە، جىنسىي ئالاقىغا بولۇپمۇ ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە، بەزىدە ئەرلەر رەسۇلۇللاھتىن ئۆزى سورىسا، بەزىدە، رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلىسىدىكى ئەھۋاللاردىن ۋاقىپ بولۇش ئۈچۈن ئاياللىرىنى ئەۋەتەتتى. ئاياللار رەسۇلۇللاھتىن ئۇنىڭ ئائىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ھەققىدە كەڭ ـ كۇشادە سوئال سورايتتى. رەسۇلۇللاھ ئاياللارغا دىنى ھۆكۈملەرنى چۈشەندۈرۈشتە بەزىبىر توسالغۇلار دۇچ كەلگەن. ئالايلۇق، بىر ئايال رەسۇلۇللاھتىن : ”ھەيزدىن قانداق پاكلىنىدىغانلىقى“ ھەققىدە سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: «ھەيز مۇددىتى توشقاندىن كېيىن تاھارەت ئالىدىغانلىقى» نى ئېيتقاندا، ئۇ ئايال: ”تاھارەتنى قانداق ئالىمەن“ ـ دېگەن. رەسۇلۇللاھقايتا ــ قايتا ئاڭلاتسىمۇ چۈشەنمىگەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئائىشەگە چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى ئۆتۈنگەن. ئائىشە ئۇ ئايالغا پاكىز بىر پارچە لاتا بىلەن

www.uyghurweb.net

قان چىقىدىغان يەرگە قويۇپ تەكشۈرۈدىغانلىقى، ئەگەر لاتا ئاق كۆرۈنسە، بۇ ئۇنىڭ (ھەيزدىن) پاكلانغانلىقىنىڭ بىشارىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن.

## قۇرئاننىڭ رەتلىنىشى ۋە يادقا ئېلىنىشى

ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، قۇرئاننىڭ رەتلىنىشى ۋە يادقا ئېلىنىشى، قۇرئاننىڭ جەملىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قۇرئاننىڭ جەملىنىشى بەزىدە مۇنۇ ئايەتتە ﴿ئۇنى توپلاش ۋە ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر﴾ كۆرسىتىلگىنىدەك يادلاش (ساقلاش) مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنسا، يەنە بەزىدە ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەلتۆكۈس يېزىپ چىقىش ياكى ئايەتلەرنىلا رەتلەپ چىقىپ، ھەر بىر سۈرىنى مەخسۇس بىر كىتابقا يېزىپ چىقىش ياكى ئايەتلەر بىلەن پۈتكۈل سۈرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە توملۇق كىتابقا ئايلاندۇرۇش مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنغان. بۇ ھەقتە تۆۋەندە تەپسىلى توختىلىدۇ.

1) ــ قۇرئاننىڭ جەملىنىشى دېمەك - ساقلىماق، ئاشكارىلىماق ۋە ئۇنى ئەينەن مۇداپىئە قىلماق دېمەكتۇر. رەسۇلۇللاھقۇرئاننى تۇنجى قېتىم يادلىغانلاردىن بولۇپ، ساھابىلاردىن ئىبارەت بىر تۈركۈم قارىلارغا قۇرئاننى يادلاشنى قولايلاشتۇرۇپ بەرگەن. مەلۇماتلارغا كۆرە، قارىلارنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، مەئۇنە ۋەقەسىدە 70 قارى قەتلى قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرلىرى: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، (ئەبى ھۇزەيفەنىڭ ئازادگەردىسى) سالىم ئىبنى مەئقەل، مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئۇبەي ئىبنى كەئب، زەيد ئىبنى سابىت، ئەبۇ زەيد (ئىبنى ئەسسەكەن) ۋە ئەبۇ دەردائ قاتارلىق ساھابىلاردۇر. بۇخارىدا بۇلار مۇنداق بايان قىلىنغان:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرو ئىبنى ئاس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "مەن رەسۇلۇللاھنىڭ (قۇرئاننى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، سالىم، مۇئاز ۋە ئۇبەي ئىبنى كەئبدىن ئىبارەت تۆت ساھابىدىن ئۆگىنىڭلار!) دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم".

مۇئاز رىۋايىتىدە: «مەن ئەنەس ئىبنى ئىمام مالىكتىن: « رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە قۇرئاننى كىم جەملىگەن ئىدى؟» دەپ سورىۋىدىم ئۇ: « ئۇبەي ئىبنى كەئب، مۇئاز ئىبنى جەبەل، زەيد ئىبنى سابىت ۋە ئەبۇ زەيددىن ئىبارەت تۆت ئەنسارى» دېدى. «ئەبۇ زەيد كىم بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدىم: «تاغام» دېدى» دەيدۇ.

ئەنەسنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندا قۇرئاننى پەقەت ئەبۇ دەردائ، مۇئاز ئىبنى جەبەل، زەيد ئىبنى سابىت ۋە ئەبۇ زەيددىن ئىبارەت تۆت ساھابىدىن باشقىسى جەملىمىگەن ئىدى» دېيىلگەن. "قارى" دەپ ئاتالغان ئىبنى ھەجەرمۇ "ئىسابەت" ناملىق ئەسىرىدە سەئىد ئىبنى ئۇبەيدىنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە توختالغاندا بۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

سۈيۈتىمۇ نۇرغۇنلىغان قارىلارنىڭ جۈملىدىن مۇھاجىرلاردىن تۆت خەلىپە، تەلھە، سەئىد، ھۇزەيپە، سالىم، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئابدۇللاھ ئىبنى سائىب، ئۇبادەلە: "ئىبنى ئەبباس، ئىبنى ئەرو ئىبنى ئاس، ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى زۇبەير"، ئائىشە، ھەفسە، ئۇممۇ سەلەمە، ئەنسارىلاردىن ئۇبادە ئىبنى سامىت، مۇئاز (ئەبۇ ھەلىمە دەپ ئاتالغان)، مەجمەئ ئىبنى جارىيە، فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد ۋە سەلىمە ئىبنى مۇخەللەد...قاتارلىق ساھابىلارنىڭ ئىسىملىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

قۇرئاننى ئوقۇشتا، ئوسمان ئىبنى ئەففان، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ، ئۇبەي ئىبنى كەئب، زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى قاتارلىق يەتتە ساھابە شۆھرەت قازانغان.

بىر قىسىم ساھابىلار مەزكۇر ساھابىلارنى ئۆزلىرىگە نەمۇنە قىلىپ قۇرئان ئوقۇغان بولسا، كۆپ ساندىكى تابىئىنلارمۇ بۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى قۇرئان يادلاشمۇ شۇ بويىچە ئېلىپ بېرىلغان. ئەرەبلەر گەرچە خەت يېزىشنى بىلمىسىمۇ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، قۇرئاننى يادلاش ئارقىلىق ئەۋلادلىرىغا يەتكۈزگەن. قۇرئاننى دىللىرىدا ساقلاش (يادلاش) بولسا، ئاللاھنىڭ بۇ ممىللەتكە ئاتا قىلغان خۇسۇسىيەت ۋە شان - شەرەپ ئىدى.

2) ــ قۇرئاننىڭ جەملىنىشى، يېزىش ئارقىلىق توپلاش مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنغان. رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە قۇرئاننىڭ يېزىش ئارقىلىق جەملىنىشى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

www.uyghurweb.net

رەسۇلۇللاھ تۆت خەلىپە، مۇئاۋىيە، زەيد ئىبنى سابىت، ئۇبەي ئىبنى كەئب، خالىد ئىبنى ۋەلىد ۋە سابىت ئىبنى قەيستىن ئىبارەت بىر قىسىم يازغۇچىلارنى ۋەھيىنى يېزىشقا مەسئۇل قىلغان بولۇپ، ئۇلار نى ئايەت نازىل بولغان ھامان ئالاقىدار سۈرىدىكى ئورنىغا يېزىپ رەتلەپ چىقىشقا بۇيرۇيتتى. شۇنىڭدەك بىر قىسىم ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرۇمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىنلا قۇرئاننى يېزىپ يادلايتتى ھەتتا قۇرئاننى خورما دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرىغا، ئاق تاشلارغا، قوۋزاقلارغا، تاختايلارغا، تېرە، سۆڭەك ۋە قوۋۇرغۇلارغا يېزىپ ساقلايتتى.

ھاكىم زەيد ئىبنى سابىتتىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا خورما دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرىغا، ئاق تاشلارغا، قوۋزاقلارغا، تاختايلارغا، تېرە، سۆڭەك ۋە قوۋۇرغۇلارغا قۇرئاننى يازاتتۇق».

جىبرىئىل رەسۇلۇللاھقا ھەر يىل رامىزان ئايلىرىدا قۇرئاننى ئېلىپ چۈشەتتى. ساھابىلار رەسۇلۇللاھتىن بەس ـ بەستە قۇرئاننى يادلىشاتتى ۋە يېزىشاتتى. بىراق قۇرئاننى يېزىش نە بىر كىتابقا توپلانمىغان ئايەت ۋە سۈرىلەر ھالىتىدە يېزىلمىغان ئىدى. پۈتكۈل يازمىلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىگە توپلىناتتى ۋە ئۆزلىرىگە ئۇنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئېلىۋېلىشاتتى.

ئۆلىمالارنىڭ نەقىل كەلتۈرۈشىچە، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئۇبەي ئىبنى كەئب زەيد ئىبنى سابىت ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد قاتارلىق بىر تۈركۈم ساھابىلار رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە قۇرئاننى توپلاپ رەتلەپ چىقىشقان ئىدى. زەيد ئىبنى سابىت كېيىن قۇرئاننى قايتىدىن رەتلەپ چىققان.

رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندا، قۇرئان خۇددى ھازىرقى ھالىتىگە ئوخشاشلا يادقا ئېلىنغان ۋە تەرتىپ بىلەن يېزىلىپ بولغان ئىدى. جىبرىئىل ئايەتلەرنى ئېلىپ چۈشۈشتىن توختىغان ھامان رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەر بىر ئايەت مۇناسىۋەتلىك سۈرىدىكى ئورنىغا يېزىلاتتى.

قۇرئان نازىل بولۇۋاتقاندا بىر كىتابقا جەملەنگەن بولماستىن ئەكسىچە قارىلار ئوقۇسا، يازغۇچىلار يازاتتى. قۇرئاننى توپلاپ بىر كىتاب قىلىپ رەتلەپ چىقىش ھاجەتسىزدى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە ساھابىلارنىڭ ئىجتىھادى

رەسۇلۇللاھقۇرئان ۋە سۈننەتتە دەلىلى بولمىغان مەسىلىلەر ھەققىدە ئىجتىھاد قىلىش ئۈچۈن مۇئازنى مەسئۇل قىلغان. مۇئازنىڭ بەزى دوستلىرىنىڭ مۇئازدىن رىۋايەت قىلىشىچە، رەسۇلۇللاھ مۇئازنى يەمەنگە يولغا سېلىۋېتىپ: «بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلسەڭ قانداق قىلىسەن؟» ـ دەپ سورىغاندا: « ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى كۆرسەتمىلەرگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلىمەن» ـ دېگەن. «ئەگەر ئاللاھنىڭ كىتابىدا (بۇ ھەقتە كۆرسەتمە) بولمىسىچۇ؟» ـ دەپ سورىغاندا « رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە ئاساسەن(ھۆكۈم قىلىمەن)» ـ دېگەن. « رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدىمۇ بولمىسىچۇ؟» ـ دەپ سورىغاندا، «ئىجتىھاد قىلىمەن» ـ دېگەن. رەسۇلۇللاھ مۇئازنىڭ كۆكرىكىگە بىرنى ئۇلاپ قويۇپ: «مېنى بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۈرگەن ئاللاھ غا كۆپ شۈكۈرلەر بولسۇن!» دېگەن.

مۇئازنىڭ دوستلىرىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئۇلار ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ پەزىلەتلىك مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ، ئۇلار دىن ۋە پەزىلەت جەھەتتىن مۇئەڭ مەشھۇر كىشىلەر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار غۇبارسىز، پاك ۋە دىيانەتلىك كىشىلەر ئىدى.

ئىلىم ـ ئەھلىلىرى بۇ ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ساھابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدىكى ئىجتىھادىدىن قاراپ، قۇرئان ۋە ھەدىستە دەلىلى بولمىسىمۇ ئىجتىھادنىڭ جائىزلىقىغا دەلىل كەلتۈرۈشكەن.

بۇندىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ھادىسىلەر، رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە ساھابىلارنىڭ مەيلى رەسۇلۇللاھنىڭ ھوزۇرىدا بولسۇن، ياكى رەسۇلۇللاھ يوق جايدا بولسۇن كۆپىنچە ئەھكاملاردا ئىجتىھاد قىلغانلىقىنى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلارغا كايىمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

### 1 ـ رەسۇلۇللاھ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا

رەسۇلۇللاھ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ساھابىلارنىڭ ئىجتىھاد قىلغان نۇرغۇنلىغان ھادىسىلەر بەلۇپ، بۇ ھادىسىلەرنى تۆۋەندىكىدەك ئەسلەپ ئۆتىمىز:

www.uyghurweb.net

1) ـ بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، ئەھزاب كۈنى رەسۇلۇللاھ ساھابىلارغا: «(بەنى قۇرەيزە) گە بارمىغۇچە ناماز ئەسىرنى يولدا ئوقۇماڭلار!» دېگەن ـ دە، بەزى ساھابىلار ئىجتىھاد قىلىپ: « رەسۇلۇللاھنىڭ بۇنداق دېيىشى ئەسلىدە مەنزىلگە تېزراق يېتىپ بېرىشىمىزنى مەقسەت قىلغان، شۇڭا رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىگە قارىشىمىز كېرەك» دېيىشىپ ئەسىر نامىزىنى ئۆز ۋاقتىدا يولدا ئوقۇغان بولسا، يەنە بەزىلەر ئىجتىھاد بىلەن: « رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنىڭ لەۋزىگە قاراش كېرەك» دېگەن يەكۈننى چىقىرىشىپ، ئەسىر نامىزىنى ”بەنى قۇرەيزە“ گە يېتىپ بارغاندىن كېيىنلا ئوقۇشقان.

بۇ ھەقتە ئىبنى قەييۇم: ”بۇ مەنىۋى سەلەپلەردىن مەنىۋى ۋە قىياس جەھەتتىن ئۈتتۈرىغا چىقىشى ئىدى“ دېگەن.

2) ـ خەتىپ باغداتىنىڭ ”فەقىھ ۋە مۇتەفەققىھ“ ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلىشىچە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمەندىكى ۋاقتىدا (ئىككى ھەيز ئارىسىدىكى پاكلىق ۋاقتىدا) بىرئايال بىلەن جىما قىلىپ دۇنياغا كەلگەن بىر بالا ھەققىدە ئەرز قىلىشىپ ئۈچ كىشى كەلگەن. ئۇلار ئەلىنىڭ بالىنى بىرسىگە بېرىش ھۆكمىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، ئەلى: ”ئۇنداقتا مەن ئاراڭلاردا چەك تاشلايمەن. چەك كىمگە چىقسا بالا شۇنىڭ بولىدۇ ۋە چوك چىققان كىشى قالغان ئىككى كىشىگە ئۈچتە ئىككى تۆلەم تۆلەيدۇ“ دېگەن ۋە مەسىلىنى شۇ يول بىلەن ھەل قىلغان. بۇ خەۋەر رەسۇلۇللاھنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئەلىنىڭ ھۆكمىدىن سۆيۈنۈپ كۈلۈپ كەتكەن. ئەلى بۇ ھۆكمىدە چەك ئارقىلىق بالىغا ئېرىشكەن كىشىنى ئۆزى بىلەن ئوخشاشالا ئەرز قىلىپ كەلگەن ئىككى ھەمراھىغا ئۈچتە ئىككى تۆلەم تۆلىتىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كېلىپ چىقىدىغان زىددىيەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى زىيان تارتقۇزماسلىقنى مەقسەت قىلغان.

3) ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۆكۈم قىلغان مەشھۇر ئازگال (قۇدۇق) ۋەقەسى. ئەھمەد، بەزار ۋە بەيھەقىنىڭ ھەنەش ئىبنى مۇئتەمەرنىڭ ھەدىسىدىن، مۇئتەمەر ئەلىدىن رىۋايەت قىلىشىچە، يەمەن ئەھلىدىن بىر قەۋم شىر ئوۋلاش ئۈچۈن بىر ئازگالنىڭ يېنىغا كېلىشكەن. ئازگالنىڭ ئەتراپىغا ئادەملەر يىغىلغان ۋە شىرنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئازگالنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان. ئاندىن قىستا ـ قىستاڭچىلىقتا بىر كىشى ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپ، ئۇ ئىككىنچىسىنى، ئىككىنچىسى ئۈچىنچىسىنى، ئۈچىنچىسى تۆرتىنچىسىنى سۆرەپ ئازگالغا چۈشۈپ كېتىشكەن. شۇنىڭ بىلەن شىر ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويغان. بۇ ۋەقە توغرۇلۇق ئەلىگە شىكايەت قىلىنغاندا، ئەلى: ”ئازگالغا باشتا چۈشكەن كىشى، ئۈچ كىشىنىڭ ئاستىدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن (ئائىلىسىگە) تۆتتە بىر تۆلەم تۆلىنىشىگە، ئىككىنچىسى ئىككى كىشىنىڭ ئاستىدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن (ئائىلىسىگە) ئۈچتە بىر تۆلەم تۆلەشكە، ئۈچىنچىسى ئۈستىدە بىر كىشىنىڭ ئاستىدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن (ئائىلىسىگە) ـ تۆلەمنىڭ يېرىمىنى تۆلەشكە، تۆتىنچىسى (ئائىلىسى)گە تولۇق تۆلەم تۆلىنىشىگە ۋە بۇ تۆلەمنى ئازگالنىڭ بېشىدا قىستاڭچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىپ (ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان) كىشىلەر زىممىسىگە ئالىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغان. بۇ ۋەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەلىنىڭ ھۆكمى ھەقىقەتەن توغرا» دېگەن.

شەۋكانى ”ئارزۇغا يېتىش“ ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ”رەسۇلۇللاھمۇ تەستىقلىغان ئەمرۇل مۇئمىنىن (مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى) نىڭ بۇ ھۆكمىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر ئىنسانلار قىستى ـ قىستاڭچىلىق قىلمىغان بولسا بىرىنچى كىشى، ئىككىنچىسىنى، ئىككىنچىسى ئۈچىنچىسىنى، ئۈچىنچىسى تۆرتىنچىسىنى سۆرەپ ئازگالغا (قۇدۇققا) چۈشۈپ كەتمىگەن ۋە ناھەق قان تۆكۈلمىگەن بولاتتى. بىرىنچىسىنىڭ ئۆلۈمىگە قىستا ـ قىستاڭچىلىق سەۋەب بولغانلىقتىن (ئائىلىسىگە) تۆتتە بىر تۆلەم تۆلىنىشىگە، ئىككىنچىسىنىڭ ئۆلۈمىگە ئىتتىرىش ۋە سۆرەش سەۋەب بولغانلىقتىن (ئائىلىسىگە) ئۈچتە بىر تۆلەم تۆلىنىشىگە، ئۈچىنچىسىنىڭ ئۆلۈمىگە ئاستىدىكى كىشىنىڭ قىستاڭچىلىقى سەۋەب بولغانلىقتىن تۆلەمنىڭ يېرىمى تۆلىنىشىگە، تۆتىنچىسىنىڭ ئۆلۈمىگە پەقەتلا ئىتتىرىش ۋە سۆرەش سەۋەب بولغانلىقتىن تولۇق تۆلەم تۆلىنىشىگە ھۆكۈم قىلىنغان ۋە ئەلى بۇ ئارقىلىق شىكايەتنى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا تىرىشقان“.

تۆلەمنىڭ ئىتتىرگۈچىلەرنىڭ زىممىسىگە ئەمەس قىستاڭچىلىققا سەۋەب بولغانلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىشىدە ئىتتىرگۈچىلەرنىڭ ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئۆلۈمىگە بىۋاستە سەۋەب بولمىغان. ئەكسىچە قۇدۇق بېشىغا ئولىشىۋالغان كىشىلەرنىڭ قىستا ـ قىستاڭچىلىقى سەۋەب بولغان. چۈنكى قۇدۇققا يېنىكىنى سۆرىشى قەستەن بولماستىن، ئىلاجىسىزلىقتىن بولغان.

www.uyghurweb.net

4) ـ نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد قاتارلىقلارنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىدىن ئىككى كىشى سەپەرگە چىقىپ ناماز ۋاقتى كىرىپ قالغاندا، تاھارەت ئېلىشقا يېنىدا سۇ يوق ئىدى. ئۇلار تەيەممۇم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، سۇ تېپىشتى. بىرى (سۇ بىلەن قايتا) تاھارەت ئالدى. ھەمراھى تاھارەت ئالمىدى. بۇلار سەپەردىن قايتقاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھقا ئەھۋالنى بايان قىلىشتى. رەسۇلۇللاھ: (قايتا تاھارەت ئالمايلا تەيەممۇم بىلەن ناماز ئوقۇغان) كىشىگە: «سەن سۈننەت بويىچە ئىش قىلىپسەن. ئوقۇغان نامىزىڭ ئۈچۈن ساڭا بىر ساۋاب بېرىلىدۇ» دېگەندىن كېيىن، قايتا تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇغان كىشىگە: «ساڭا ئىككى ساۋاب بېرىلىدۇ» دېگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ھەر ئىككى ساھابىنىڭ ئىجتىھادلىرىنى توغرا تاپقان ۋە ھەر ئىككىسىگە بېرىلىدىغان ساۋابنى ئوچۇقلاپ بەرگەن.

5) ـ ئەممار رىۋايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: "مەن جۇنۇب بولۇپ قېلىپ، سۇ تاپالماي، يەردە (توپىراقتا) بىر يۇملانغاندىن كېيىن ناماز قىلدىم ۋە بۇنى رەسۇلۇللاھقا بايان قىلىۋىدىم رەسۇلۇللاھ: «بۇ ساڭا يېتەرلىك» دېدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ئالقىنىنى يەرگە ئۇرۇپ، يۈزى ۋە قوللىرىغا مەسھى قىلدى». بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

6) ـ رەسۇلۇللاھنىڭ فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ ھەق ئالغان كىشىنى ئېتىراپ قىلىشى. بۇخارىنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، ئەبۇ سەئىد خۇدرى مۇنداق دەيدۇ: " رەسۇلۇللاھنىڭ بىر تۈركۈم ساھابىلىرى سەپەرگە چىققان بولۇپ، يول ئۈستىدە ئۇلار بىر ئەرەب قەبىلىگە چۈشۈپ، قەبىلە ئاھالىسىدىن ئۆزلىرىنى مېھمان قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، قەبىلە ئاھالىسى رەت قىلىدۇ. بۇ قەبىلىنىڭ باشلىقىنى يىلان چېقىۋالغان بولۇپ، ئۇلار قانچە قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كېسىلىگە شىپا تېپىلمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: "قە بىلىمىزگە چۈشكەن كىشىلەر بەلكىم (بۇ كېسەلگە) بىرەر چارە قىلالىشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇلاردىن سوراپ باقساق" دەيدۇ ۋە ساھابىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ: "باشلىغىمىزنى يىلان چېقىۋالغانتى، سىلەر ئۇنى ساقايتالامسىلەر؟" دېيىشتى. بىر قىسىم ساھابىلار: "ساقايتالايمىز، لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە ھەق بېرىشىڭلار كېرەك" دەيدۇ. قەبىلە ئاھالىسى ساھابىلارغا بىر توپ قوي بېرىشكە قوشۇلىدۇ. بىر ساھابە فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ قويغاندىن كېيىن، قەبىلىنىڭ باشلىقى سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ ۋە قەبىلە ئاھالىسى كېلىشىم بويىچە قويلارنى ساھابىلارغا بېرىدۇ. بەزى ساھابىلەرنىڭ قويلارنى (ساھابىلارغا) ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش تەكلىپىگە، قەبىلە باشلىقىغا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ ساقايتىپ قويغان ساھابە: "ئەڭ ياخشىسى بىز، رەسۇلۇللاھقا خەۋەر يەتكۈزگەنگە قەدەر بۇ قويلارنى ئۈلەشتۈرمەي، رەسۇلۇللاھنىڭ خەۋرىنى كۈتەيلى!" دەيدۇ. ئاندىن ئۇلار كېلىپ رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ: «توغرا قىلىپسىلەر، قويلارنى ئۆز ئارا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىڭلار، ماڭىمۇ بىر ئۈلۈش ئايرىپ قويۇڭلار!» دەيدۇ ۋە مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرەيدۇ.

ھافىزغا كۆرە: "باشقا بىر رىۋايەتتە، ساھابىلار ئوتتۇز ئۇلاغلىق كىشى بولۇپ، قەبىلە ئاھالىسى، باشلىقنىڭ كېسىلىنى ساقايتىپ قويغانلىقتىن ساھابىلارغا ئوتتۇر قوي بەرگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە، (فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ قويغان كىشىگە) رەسۇلۇللاھ: «فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ داۋالاشنى نەدىن بىلەتتىڭ؟» دېۋىدى، مەن: "ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن بۇنى ئەقىل ـ پاراسىتىمنى ئىشلىتىپ شۇنداق قىلدىم» دەيدۇ. ھافىز: «ئۇ ساھابىنىڭ فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ (كېسەل داۋالاشتا) ئۇنىڭ بۇرۇن ھېچقانداق مەلۇماتى يوقتى. بۇ ئۇنىڭ ئىجتىھادى ئىدى» دەيدۇ.

2 ـ رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىدا

ساھابىلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىدا قىلغان نۇرغۇنغان ئىجتىھادلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىمىز.

1) ـ بۇخىرى بىلەن مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، سەئىد ئىبنى مۇئاز بەنى قۇرەيزە ھەققىدە ئىجتىھاد قىلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ھۆكۈم قىلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھۆكمىنى تەستىقلىغان. ئەبى سەئىد خۇدرىنىڭ ھەدىسىغا كۆرە، قۇرەيزە ئەھلى سەئىد ئىبنى مۇئاز نىڭ ھۆكمىگە قوشۇلغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەئىدنى ئېلىپ كېلىشكە ئەلچى ئەۋەتكەن. سەئىد ئېشەككە مىنىپ، مەسچىدكە يېقىنلاشقاندا رەسۇلۇللاھ: «يولباشچىڭلارغا ياردەم قىلىڭلار!» دەيدۇ. (مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئېشەكتىن چۈشۈشىگە ياردەم قىلىدۇ). سەئىد رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ: «بۇلار (قۇرەيزە ئاھالىسى) سېنىڭ ھۆكۈم قىلىشىڭغا ماقۇل بولۇشتى. شۇڭا ئۇلار ھەققىدە (خالىغىنىڭ بويىچە) ھۆكۈم قىلساڭ بولىدۇ» دەيدۇ. سەئىد: "مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۇرۇش قىلغۇچىلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ئەسىر ئېلىنىشىنى ھۆكۈم قىلىمەن" دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ: «شۈبھىسىزكى سەن ئاللاھنىڭ ھۆكمى بويىچە ھۆكۈم

www.uyghurweb.net

قىلدىڭ» دەيدۇ. باشقا بىر رىۋايەتتە: «سەن بۈگۈن يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىكى ئاللاھنىڭ ھۆكمى بويىچە ھۆكۈم قىلدىڭ» دەيدۇ.

خەتىب باغدادى، ”فەقىھ ۋە مۇتەففەقە“ناملىق ئەسىرىدە، سەئدىنىڭ ئىجتىھاد قىلىپ، بەنى قۇرەيزە ھەققىدىكى قىلغان ھۆكمىنى رەسۇلۇللاھ تەستىقلىغان، شۇڭا ئۇز قارىشى بويىچە ئىجتىھاد قىلسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىبنى قەييۇمنىڭ ”ئىئلامۇل مۇقىئىن“ ناملىق ئەسىرىدىكى قارىشىمۇ شۇنداق.

2) - ئىمام ئەھمەدنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەرو ئىبنى ئاستىن رىۋايەت قىلىشىچە: ”ئىككى كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا دەۋاگەر بولۇپ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ئەمروغا: «ئەمرو! بۇلارغا سەن ھۆكۈم قىلغىن!» دەيدۇ. ئەمرو: ”ئى ئاللانىڭ ئەلچىسى! سىلى ماڭا قارىغاندا ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلسىلا!“ دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ: «شۇنداقتىمۇ يەنىلا سەن ھۆكۈم قىلغىن!» دەيدۇ. ئەمرو: «ئەگەر مەن ھۆكۈم قىلسام قانداق نەتىجىگە ئېرىشەلەيمەن؟» دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ: «ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەققانى ھۆكۈم چىقارساڭ، ئون ساۋابقا، ئىجتىھاد قىلىپمۇ خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ سالساڭ بىر ساۋابقا ئېرىشىسەن» دەيدۇ.

3) ـ ئۇممۇ ئەتىييەنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ” رەسۇلۇللاھقىزى (زەينەپ) ۋاپات بولغان چاغدا يېنىمىزغا كىرىپ: ئۇنى ئۇچ قېتىم ياكى بەش قېتىم ياكى «زۆرۈر دەپ قارىساڭلار» بۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك يۇيۇڭلار! يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن كامفورا مېيىنى سۈرتۈڭلار! ۋە ماڭا خەۋەر قىلىڭلار! ـ دېدى. بىز (جەسەتنى) يۇيۇپ بولغان چاغدا، خەۋەر قىلىۋېدۇق، رەسۇلۇللاھ بىزگە كىيىمىنى بېرىپ: «بۇنىڭ بىلەن ئۇنى يۆگەڭلار!» دېدى“.

رەسۇلۇللاھ: «زۆرۈر دەپ قارىساڭلار» دېگەن سۆزى ئارقىلىق، ئاياللارغا ئۆز قارىشى بويىچە ئىجتىھاد قىلىپ، كۆپرەك يۇسا بولىدىغانلىقىنى ئەمىر قىلغان.

4) ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ئەبۇ قەتادەدىن رىۋايەت قىلىدۇكى قەتادە مۇنداق دېگەن: ”ھۇنەين يىلى بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن سەپەرگە چىققان ئىدۇق. دۈشمەن بىلەن روبىرولاشقان چېغىمىزدا، مۇسۇلمانلارنىڭ سېپى بۇزۇلۇپ كەتتى. بۇ چاغدا مەن بىر مۇشرىكنىڭ بىر مۇسۇلمان ئۈستىدىن غالىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، يېنىغا كەلدىم ـ دە، بويىنغا ئۇردۇم. ئۇ دەرھال ماڭا بۇرۇلۇپ مېنى شۇنداق بىر قۇچاقلىدىكى، «ئۆلۈپ قالىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىدىم. ئاندىن ئۇ ئۆلۈپ قېلىپ، مېنى قويىۋەتتى. ئاندىن مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن كۆرۈشكەن ئىدىم. ئۇ: «ئىنسانلارغا نېمە بولدى؟» دېدى. مەن: ”ئاللاھنىڭ ئىرادىسى“ دېدىم. ئاندىن ئىنسانلار قايتىدىن توپلىنىپ، قايتىپ كېلىشتى. رەسۇلۇللاھ ئولتۇرغاندىن كېيىن: «دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن كىشى، دەلىل كۆرستەلىسە، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ نەرسە كېرەكلىرى ئۆلتۈرگۈچىنىڭ بولىدۇ» دېدى. مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ: «ماڭا كىم گۇۋاھ بولىدۇ؟» دەپ يەنە ئولتۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى قايتا تەكرارلىدى. مەنمۇ يەنە ئورنۇمدىن تۇرۇپ: ”ماڭا كىم گۇۋاھ بولىدۇ؟“ دەپ يەنە ئولتۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇچىنچى قېتىم يەنە شۇنداق دېدى. مەن يەنە ئورنۇمدىن تۇرۇۋېدىم، رەسۇلۇللاھ: «ئى ئەبۇ قەتادە، ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ سوردى. مەن يۈز بەرگەن ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بەردىم. بۇ چاغدا بىرەيلەن: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئۇنىڭ دېگىنى راست، ئۇ ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ نەرسە كېرەكلىرىنى مەن ئالدىم، ئۇ (نەرسە كېرەكلەر) نىڭ ئورنىغا باشقا نەرسە بېرىپ، ئۇنىڭ رازى قىلسىلا!» دېدى. بۇ چاغدا بۇ سورۇندا بولۇۋاتقان ئەبۇ بەكرى ئارىلىشىپ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇنداق قىلىشقا قەتئى بولمايدۇ. پەيغەيغەمبەر ھېچقاچان ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى يولىدا ئۇرۇش قىلغان ئاللاھنىڭ يولۋىسىنىڭ ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ھەققىنى ساڭا بەرمەز» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ رەسۇلۇللاھ: «ئەبۇ بەكرىنىڭ دېگىنى راست، سەن ئالغان نەرسە كېرەكلەرنى ئۇنىڭغا بەر» دېۋېدى ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى (غەنىمەتلەرنى) ماڭا بەردى“.

نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: ”بۇ ھەدىس، ئەبۇ بەكرىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىدا پەتىۋا بېرىشى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنىڭ پەتىۋاسىنى تەستىقلىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئەبۇ بەكرىنىڭ يۈكسەك پەزىلىتىنى كۆرسىتىپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەبۇ قەتادەنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ، «ئاللاھنىڭ يولۋىسى» دەپ ئېلىشى ۋە بۇنى رەسۇلۇللاھنىڭمۇ تەستىقلىشىدىن ئىبارەت روشەن تۆھپىلىرىنى ئوچۇقلاپ بېرىدۇ“.

www.uyghurweb.net
تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ دەۋردىكى رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلارنىڭ ئىجتىھادى، رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلارنىڭ ئىجتىھادىنى قوبۇل قىلىشى، جۇزئى مەسىلىلەر بولۇپ، ئۇ قانۇنى ئاساسقا ئىگە ئەمەس. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ۋەھيى توختاپ قالغان چاغلاردا، ئېھتىياجلىق يۈزىسىدىن ئىجتىھاد قىلاتتى. ۋەھيى توختاپ قالمىغان چاغلاردا بولسا، ۋەھيى رەسۇلۇللاھنىڭ ئىجتىھادىغا ئۇيغۇن ھالدا نازىل بولاتتى ياكى ۋەھيى رەسۇلۇللاھنىڭ ئىجتىھادىدىكى خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئوچۇقراقى (قانۇنى) ئاساس - ۋەھيى ئىدى.

ساھابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئىجتىھاد قىلىشى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلارنىڭ ئىجتىھادىنى قوبۇل قىلىشى

ساھابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئىجتىھاد قىلىشى، ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا (سەپەردىن) قايتىشقا (بېرىشقا) شارائىت يار بەرمىگەنلىكىدىن ئىدى. ئۇلار (سەپەردىن) قايتقانلىرىدا يا رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ئىجتىھادلىرىنى قوبۇل قىلاتتى ياكى خاتالىقلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن سۈننەتكە مۇراجەت قىلىنىپ قانۇن چىقىرىلاتتى.

بۇ خىل ھادىسىلەردە، قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ئاساسى بولغان ۋەھيىگە ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىلاتتى. شۇڭا بۇ دەۋردىكى ئىجتىھاد، قانۇنى كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى قانۇنى ئاساس پەقەت قۇرئان ۋە سۈننەتكىلا ئاساسلىناتتى.

قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئاساسەن قانۇن چىقىرىشنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

1 - ياخشىلىق بەرپا قىلىش ۋە يامانلىقنى تۈگىتىش

ئىسلام دىنى، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقنى چەكلەشتەك دەۋەت ئاساسىدا، ياخشىلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىنسانى بىر ھايات بەرپا قىلىپ، يامانلىق (ناچار ئىللەتلەر) نى تۈگىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ياخشىلىق - "ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان ئاللاھنىڭ يارىتىش قانۇنىيىتى" گە ئۇيغۇن ۋە قانۇنى جەھەتتىن پۈتۈن ياخشى خىسلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر سۆزدۇر.

يامانلىق - ئاللاھنىڭ مەزكۇر يارىتىش قانۇنىيىتىگە زىت، قانۇنى جەھەتتىن پۈتۈن قەبىھ ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر سۆزدۇر.

ئىسلام قانۇنى، مەزكۇر ياخشىلىقنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ تۈرلۈك ئەۋزەللىكلىرىنى تونۇشتۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە، بەخت - سائادىتى، ئىپسىل ئەخلاقى ۋە تۈرلۈك پەزىلەتلىرىنى تېخىمۇ تەرەققى قىلدۇرىدىغان ھاياتى كۈچكە ئىگە ستراتېگىيە تۈزۈپ بېرىدۇ. شۇنداقلا تەرەققىياتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكۈزىدىغان خەيرلىك روھ بېغىشلايدۇ. شۇڭا بۇ ياخشىلىقنىڭ ھالقىسىغا مەھكەم ئېسىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

شۇنىڭدەك، ئىسلام دىنى يامانلىقتىن توساپ، ئۇنىڭ خىلمۇخىل رەزىللىكلىرىنى ئېچىپ تاشلاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئۇنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان زىيان - زەخمەتلىرىنى پاش قىلىش بىلەن بىرگە، مۇستەھكەم، ساغلام ۋە خەيرلىك بىر مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى بەرپا قىلىنغانغا قەدەر، يامانلىقنىڭ جىنايەتلىك پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشتىن، ئىنسانلارنى دائىم ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

ياخشىلىق بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ

1) - ۋاجىپ - شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ئۈچۈن ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋە ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە مەجبۇرىيەتلەر.

2) - مەندۇپ - ياخشىلىقنىڭ تاماملىنىشى ۋە تېخىمۇ تەرەققى قىلىشى ئۈچۈن، ئىسلام دىنى تەرغىب قىلغۇاتقان ئىشلار.

3) - مۇباھ - تەرك ئېتىش ئارقىلىق گۇناھكار بولمايدىغان، قىلىش ئارقىلىق تەقۋادارلىق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدىغان ئىشلار. بۇ سۆزنىڭ (مۇباھنىڭ) ئىستېمال قىلىنىشى، ئىسلام دىنىدا رۇخسەت قىلىنغان ئىشلار ئۈچۈنلا ئەمەس، ئىسلام دىنىغا زىت ئىشلاردىمۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ. قىسقىسى ئۇنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭدۇر.

www.uyghurweb.net

قسقىسى، ياخشىلىق، لۇغەتشۇناسلىق جەھەتتىن ۋە قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى دەلىللەرگە كۆرە، زادى ئىجرا قىلمىسا بولمايدىغانلىقىغا تۈرلۈك شەكىلدە ھۆكۈم قىلىنغان.

## يامانلىقنىڭ تۈرلىرى

1) - شەخس ۋە ئۇممۇمنىڭ مەنپەئەتىگە زور بالايى - ئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن نەھى قىلىنغان ۋە ئۇزاق تۇرۇشقا تېگىشلىك ھارام قىلىنغان ئىشلار.

2) - ئىنسانلارنى ئىسلاھاتتىن مەھرۇم قىلىپ، تۈرلۈك ساھەلەردە تەرەققى قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ۋە ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىشقا توسالغۇ بولۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىشتىن مەھرۇم قىلىدىغان مەكرۇھ (نەپرەتلىك) ئىشلار.

## 2 - ئىسلام قانۇنىنىڭ مىقياسى

ياخشىلىق ۋە يامانلىق مىقياسىدىكى ئەھكاملار، پۈتكۈل ھاياتتىكى تۈرلۈك ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جۈملىدىن:

ئەقىدە ۋە غەيب دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار

ئىبادەت، ئىبادەتنىڭ شەكلى ۋە تەپسىلى مەزمۇنى

جەمائەتچىلىكنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىشلار

توي قىلىشتىن باشلاپ، بالا - چاقىلىق بولغانغا قەدەر ئائىلە ھاياتى

ھاكىمىيەت، ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسى ۋە باشلىق بىلەن پۇقرانىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى

مالىيە، ئىقتىسادى ۋە ئىدارى مەسىلىلەر

ئۇرۇش ۋە تىنچلىق مەزگىلىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ (مۇسۇلمان بولمىغان) باشقا مىللەتلەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغانلىقى

شەخسنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ۋە گەپ - سۆز قاتارلىق خۇسۇسى ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دېمەك، ئىسلام قانۇنىڭ تۈپ مەقسىتى، قۇرئان ۋە ھەدىستىكى كەسكىن دەلىللەر ئارقىلىق يامانلىق ۋە ياخشىلىقنى ئوچۇق بايان قىلىش ئارقىلىق پاكلىقنى نىجاسەتتىن، ياخشىنى ياماندىن ئايرىپ چىقىپ، ئىسلام دائىرىسى ئىچىدە ھۇزۇر - ھالاۋەتلىك بىر ھايات سىستېمىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك ياخشىلىقنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ۋە تۈرلۈك يامانلىقنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت، خالاس.

## 3 - ئىسلام قانۇنى بىر پۈتۈن بولۇپ، ئايرىمچىلىقنى قوبۇل قىلمايدۇ

ئىسلام قانۇنى پۈتۈنلۈك ۋە پۈتكۈل ئىنسانى ھاياتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئايرىمچىلىقنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ پۈتۈنلۈك ”ئىسلام“ دەپ ئاتىلىدۇ ۋە ئىسلام قانۇنىنىڭ بىر قىسمىنى قوبۇل قىلىپ، بىر قىسمىنى قوبۇل قىلماسلىق جائىز ئەمەس. چۈنكى پۈتكۈل ئىسلام قانۇنى ”ئاللاھنىڭ دىنى“ بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى قوبۇل قىلىش، ئىسلام قانۇنىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتى بىلەن مۇسۇلمان جەمئىيەتلەرنى بورملاشقا ئورۇنغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بۆھتان ۋە بۇزغۇنچىلىقلاردىن ئىسلام جاۋابكار ئەمەس. چۈنكى ئىسلام دېمەك - ئەقىدە، ئىبادەت، ئەدەب - ئەخلاق، قانۇن، قۇرئان ۋە قىلىچ دېمەكتۇر.

ئىسلام دىنى خۇددى مول مېۋە بېرىدىغان، ئىنسانلار ئاستىدا سايىداپ، مېۋىلىرىدىن يەيدىغان ۋە خىلمۇخىل چېچەكلىرىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان ئېگىز، ئىنسانلارغا پايدىلىق ھەرخىل خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە مۇكەممەل ۋە مول مېۋىلىك بىر دەرەخكە ئوخشايدۇ.

ئەنە شۇ دەرەخكە ئوخشايدىغان ئىسلامنىڭ يىلتىزلىرى ئەقىدە، غولى ئىبادەت، مۇئامىلە شاخلىرى، ئەخلاق ياپراقلىرى، قېرىنداشلىق، جەننەت،ئىززەت ۋە قۇدرەت مېۋىلىرىدۇر. ئەگەر بۇ دەرەخ تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ كەتسە، بىز: ”بۇ مول مېۋىلىك دەرەخ“ دېيەلەمدۇق؟

www.uyghurweb.net

4 ـ ئىسلام قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىلىرى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى

ئىسلام قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىلىرى، كەسكىن ۋە ئېھتىمال بەلگىلىمە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

1) ـ كەسكىن بەلگىلىمە: قۇرئان ۋە سۈننەتتە بايان قىلىنغان روشەن ئەھكاملاردۇر. بۇ ئەھكاملار، ھالال ۋە ھارامدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلغان بولۇپ، ئىسلامدىكى ئىنسانى ھايات ئاساسەن ھالال ۋە ھارامدىن ئىبارەت بۇ نىزام ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. ھالبۇكى بۇ ئەھكاملارنىڭ مۇستەھكەم ھۆكمى، زامان ۋە ماكاننىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ.

2) ـ ئېھتىمال بەلگىلىمە: ئەمر، نەھىي، توغرا يولغا باشلاش... قاتارلىق قۇرئان ۋە سۈننەتتە بايان قىلىنغان، كۆپ خىل مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئېلىش ئېھتىمالى بولغان ئەھكاملاردۇر. قىسقىسى، خىلمۇخىل چۈشەنچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلام قانۇنىنىڭ ئىجتىھاد قىسمى، ئىجتىھاتچان يېتەكچىلەر ئۈچۈن، گويا مۇنبەت تۇپراققا ئوخشايدۇ.

بۇندىن باشقا ئىسلام قانۇنىنىڭ پۈتكۈل قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى ۋە ئاساسىي پرىنسىپلىرى، جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك باسقۇچلاردىكى ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەرەققى قىلىپ، مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ خىلمۇخىل مۈشكۈلاتلىرىنى ھەل قىلىش، ھەر بىر زامان ۋە ماكاندا ئېتىقادلىق ۋە مەدەنىيەتلىك بىر مىللەت بەرپا قىلىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

قۇرئان ۋە سۈننەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەھكامنىڭ مىقياسى

قۇرئان ۋە سۈننەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەھكاملارنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1) ـ ئاللاھ تائالاغا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھنازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە، تەقدىر ۋە تەقدىرنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە غايىبقا، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش ۋە (مەھشەرگاھتا) توپلىنىپ ئىسدىغانلىقىغا، دۇنيادىكى قىلمىشلىرىدىن ھېساب بېرىدىغانلىقىغا، ياخشىلىققا مۇكاپات، يامانلىققا جازا بېرىدىغانلىقىغا، جەننەت ۋە دوزاخنىڭ (بارلىقىغا) ئىشىنىش. بۇلار ـ ئەقىدە دەپ ئاتىلىدۇ.

2) ـ ۋە تۈرلۈك شەرتلەر، ئەركانلار، ۋاجىبلار ۋە مۇستەھەبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەج قاتارلىق يەككە ـ يېگانە ئاللاھ غا ئىبادەت قىلىشتا بەندىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دائىر ئەھكاملار. بۇلار "ئىبادەت" دەپ ئاتىلىدۇ.

3) ـ نىكاھ، مېھر، ئاجرىشىش، ئەر ـ ئايالىق ھوقۇق، ئېمىلداشلىق، نەپىقە، مىراس قاتارلىق ئائىلە تۈزۈمى بىلەن ئائىلە ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار. بۇنى بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلار "ھەق تەلەپ قانۇنى" دەپ ئاتىشىدۇ.

4) ـ ئىنسانلارنىڭ بىر بىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە سودا ـ سېتىق، جازانە (ئۆسۈم)، توختام، قەرز، گۆرۈ، كاپالەت، ۋاكالەت، شېرىكلىك، ئورتاق تېرىلغۇ، ئىجارە، بۇلاڭچىلىق، ئالدىن سېتىۋېلىش ھوقۇقى ۋە ئىسلامنىڭ ئىقتىسادى تۈزۈلمىسى قاتارلىق مالىيەگە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار. بۇلار «مۇئامىلە» دەپ ئاتىلىدۇ.

5) ـ يېتەكچىلىك، مەنسەپ، ھۆكۈمرانلىق ۋە ھۆكۈم قاتارلىق ھاكىمىيەت ۋە سىياسى تۈزۈلمىلىرىگە، ھۆكۈمرانلار نىڭ پۇقرالار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ھۆكۈمرانلار بىلەن پۇقرالارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار. بۇ "ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش" ياكى «قانۇن ـ تۈزۈم» دەپ ئاتىلىدۇ.

6) ـ قىساس، تۆلەم، جازا قاتارلىق گۇناھكارلارنىڭ جازالىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار. بۇ "جىنايى جازا" دەپ ئاتىلىدۇ.

7) ـ ئىسلام تارىخىنىڭ "جىھاد" بابىدا تەپسىلى بايان قىلىنغان تىنچلىق، ئۇرۇش، ئامانلىق، ۋاقىتلىق ئۇرۇش توختىتىش، جەڭ، غەنىمەت قاتارلىق ئىسلام دۆلىتىنىڭ غەيرى ئىسلام دۆلىتى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئائىت ئەھكاملار. بۇ قانۇنشۇناسلىق لۇغىتىدە "خەلقارا ھوقۇق" دەپ ئاتىلىدۇ.

8) ـ ئىسلامدا ھالال قىلىنغان ۋە نەھيى قىلىنغان يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەككە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار.

خىتاپ، زىيارەت، سالام بېرىش، رۇخسەت سوراش، يېمەك ـ ئىچمەككە ئوخشاش ۋە كەمتەرلىك، خۇش پېئىللىق، سەۋرى ـ تاقەتلىك، راستچىللىق، ئىپپەتلىك، ياردەمچىلىك، ئامانەت، قوشنا ھەققى، مېھماندوستلۇق، مۇسۇلمانلار ئارا

www.uyghurweb.net

رەھمەدىللىك ۋە رەزىل ئىشلاردىن نەھىي قىلىشقا ئوخشاش ئېسىل ئەخلاققا تەرغىپ قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئەخلاقىي پەزىلەتلەر. بۇ ”ئەدەب ـ ئەخلاق“ دەپ ئاتىلىدۇ.

### قۇرئان ۋە سۈننەتتە بىكار قىلىنغان جاھىلىيەت دەۋرگە مەنسۇپ مۇھىم ئەھكاملار

ئىسلام قانۇنى مەيدانغا كەلگەندە، ئەرەبلەرنىڭ ئېتىقادلىرى، تۇرمۇش مۇئامىلىلىرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايتتى. جۈملىدىن تەقسىمات ۋە تۆلەمگە ئوخشاش ئىسلام دىنى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ۋە ئىسلامنىڭ گۈللىنىشىگە ھەسسە قوشقان بىر قىسىم ئۇلۇغۋار ئىشلىرىمۇ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا زور بالايى ـ ئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام قانۇنىدا ”ھارام“ دەپ قارىلىپ، بىكار قىلىنغان بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرغا ئىگە ئىشلىرىمۇ بار ئىدى. ئىسلام تەرىپىدىن بىكار قىلىنغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) ـ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ئاللاھ غا مۇلاقات بولۇشنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلىشتەك دەھرىيلىك ئاساسىدىكى خىلمۇخىل بۇتپەرەست ۋە ئېتىقادلار. جۈملىدىن ئۇلار: ”مالائىكىلەر (پەرىشتەلەر)، ئاللاھنىڭ قىزلىرى“ دەپ ئېتىقاد قىلاتتى، ھايۋانلار ۋە ئېكىنلەرنى ئىلاھلىرى ئۈچۈن نەزىر قىلاتتى ۋە ئاللاھنى ”بەھىرە (سەككىزنى تۇغقان، بەشىنچىسىنى ئەركەك تۇغقان تۆگە بولۇپ، جاھىلىيەت ئەرەبلىرى بۇ تۆگىنىڭ قۇلىقىنى يېرىپ قويۇپ ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى، مىنمەيتتى، يۈك ئارتمايتتى)، سائىبە (چىشىدىن ئوننى تۇغقان تۆگە بولۇپ، مىنىلمەيتتى، قىرقىلمايتتى، سۈتى مۇساپىرلارغىلا بېرىلەتتى)، ۋەسىلە (بىرىنچىنى ۋە ئىككىنچىنى چىشى تۇغقان، بۇنلار ئۈچۈن ئۆزمەيلىگە قويۇۋېتىلگەن تۆگە)، ھام (ئون تۆگىگە ئاتا بولغان بۇغرا تۆگە بولۇپ، ئۇلار ئۇنى مىنمەي، يېمەك ئىچمەكتە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى) لارنىڭ ئارىسىدا“ دەپ گۇمان قىلاتتى.

2) ـ كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش، نومۇستىن قورقۇپ قىزلىرىنى تىرىك كۆمۈۋېتىشتەك قەبىھ جىنايەتلەر.

3) ـ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى نىكاھ ئۇسۇلى:

بىر قانچە. ئون كىشى بىر ئايالنىڭ يېنىغا كىرىپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزەتتى، بۇ ئايال ھامىلدار بولۇپ قېلىپ، تۇغسا، تۇغۇپ بىر قانچە كۈندىن كېيىن، بۇ كىشىلەرگە خەۋەر قىلاتتى ۋە ئۇلارنى چاقىراتتى. ھېچكىمنىڭ بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشماسلىققا ھەددى ئەمەستى. قىلغان ئىشىڭلار سىلەرگە مەلۇم، مەن تۇغدۇم، ”ئى پالانى! بۇ بالا سېنىڭكى“ دەيتتى ۋە خالىغان كىشىگە بالىنى تاڭسا، ئۇ كىشى بۇ بالىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى.

يەنە بىر نىكاھ ئۇسۇلى مۇنداقتى:

مەلۇم بىر كىشى، ئايالى ھەيزدىن پاكلانغان چاغدا: ”پالانى ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ھامىلدار بولۇشنى خالايدىغانلىقىڭنى تەلەپ قىل!“ دەپ ئايالىنى ئەۋەتەتتى ۋە ئۇ ئادەمدىن ھامىلدار بولغانلىقى مەلۇم بولغانغا قەدەر ئايالىغا يېقىنلاشمايتتى (ئۇزاق تۇرۇپ، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيتتى). بۇ ئايالنىڭ ئۇ ئادەمدىن ھامىلدار بولغانلىقى مەلۇم بولغان چاغدا، ئېرى خالىسا ئۇنىڭ بىلەن ئەر ـ ئاياللىق (جىنسىي) مۇناسىۋەت ئۆتكۈزەتتى. ئۇ ئادەمنىڭ بۇنداق قىلىشى، ئالىيجاناب بىر بالىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىدى. بۇ «سودا ـ سېتىق نىكاھى» دەپ ئاتىلاتتى.

ئەگەر بىر كىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇنىڭ ئايالىغا ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. خالىسا ئېرىنىڭ بىر تۇغقىنى ئۆيلىنەتتى، خالىسا ياتلىق قىلاتتى، خالىسا ياتلىق قىلمايتتى. ئۇ ئايالغا ئىگىدارچىلىق قىلىشتا، ”ئۇ ئايالنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە قارىغاندا، ئېرىنىڭ ئائىلىسى ئەڭ ھەقلىق“ دەپ قارىلاتتى.

4) ـ بالا بېقىۋېلىش ئادىتى. بۇ ئادەت ئىسلامنىڭ باشلىرىدا مۇنۇ ئايەت نازىل بولغانغا قەدەر داۋام قىلدى: ﴿سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنىمۇ ئاللاھ (ھەممە ھۆكۈمدە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان) بالىلىرىڭلارنىڭ ھۆكمىدە قىلمىدى، بۇ (يەنى ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولمىغانلارنى بالا دېيىش)پەقەت ئاغزىڭلاردا ئېيتىلغان سۆزدۇر، ئاللاھ ھەق (سۆز) نى ئېيتىدۇ، توغرا يولغا

www.uyghurweb.net

باشلايدۇ. ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسمىلىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنى بىلمىسەڭلار، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، دوستلىرىڭلاردۇر﴾[1].

5) - ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش قاتارلىق ئادەتلەر. ھاراق ئىچىش تەدرىجى ھالدا ھارام قىلىندى.

6) - بىر قىسىم قەبىلىلەرنىڭ قىساس ۋە تۆلەمدە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ئادىتى بار بولۇپ، ئۆلۈپ كەتكەن بىر كىشى ئۈچۈن بىر قانچە كىشىدىن قىساس ئېلىشقا ئورۇناتتى ياكى قىساس ئايىتى نازىل بولغانغا قەدەر داۋام قىلغان، قۇلنىڭ ئورنىغا ئازاد كىشىنى ئۆلتۈرۈشەتتى.

7) - ئاياللىرىنى زىھار قىلىپ (يەنى ئاياللىرىنى ئانىلىرىنىڭ ئۇچىلىرىغا ئوخشىتىپ، ئۆزلىرىگە ھارام دەپ قاراپ) تالاق قىلىۋېتىش (قويىۋېتىش) ئادىتى. بۇ ئادەت ئەۋسىنىڭ ئايالىنى زىھار قىلغانلىقى ھەققىدە ئايەت نازىل بولغانغا قەدەر داۋاملاشقان. بۇ ۋەقە مۇنداق بولغان ئىدى. ئەۋس ئىبنى سابىت، ئايالى سەئلەبەنىڭ قىزى خەۋلەنى زىھار قىلغاندىن كېيىن، سەئلەبە رەسۇلۇللاھقا شىكايەت قىلىپ بارغان ۋە مۇجادىلە سۈرىسى نازىل بولغان. ﴿اللە ھەقىقەتەن ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە اللەغا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى، اللە ئىككىڭلارنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، اللە ھەقىقەتەن ئاڭلىغۇچىدۇر كۆرگۈچىدۇر. سىلەردىن ئاياللىرىنى زىھار قىلغانلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنى ئانىلىرىمىزنىڭ ئۇچىلىرىغا ئوخشاش دېگۈچىلەرنىڭ) ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ئەمەستۇر، پەقەت ئۇلارنى تۇغقان ئاياللارلا ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر، ھالبۇكى، ئۇلار (يەنى زىھار قىلغۇچىلار) ئەلۋەتتە يامان سۆزنى، يالغان سۆزنى قىلىدۇ، اللە، شەك - شۈبھىسىزكى، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[2].

8) ـ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئادەتلەرنىڭ بىرى، "ئاياللىرىغا (بىر ئىككى يىل ياكى بىر قانچە يىل) يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچىش" ئىدى. ھالبۇكى ئاللاھ ئۇلارغا بەلگىلەپ بەرگەن مۇددەت تۆت ئاي ئىدى (يەنى ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن كىشى، (بەلگىلىمە بويىچە) تۆت ئاي كۈتىشى كېرەك ئىدى). ئەگەرئۇلار (بۇ مۇددەت ئىچىدە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا ) قايتسا،قەسىمنى بۇزغانلىقتىن كەپارەت بېرىشى ياكى تالاق قىلىۋېتىشى كېرەك ئىدى.

9) - "ھۇمس" دەپ ئاتالغان قۇرەيش ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكۈچى تەرەپلەر، مۇزدەلىفەدە، باشقا ئەرەبلەر بولسا ئەرەفاتتا تۇراتتى. ئىسلام مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئاللاھ پەيغەمبىرىنى ئەرەفاتتا تۇرۇشقا ۋە ئەرەفاتتىن (كىشىلەر قايتقان جاي بىلەن توپ - توپ بولۇپ) قايتىشقا بۇيرىدى: ﴿ئاندىن كېيىن، سىلەر (ئەرەفاتتىن) كىشىلەر قايتقان جاي بىلەن قايتىڭلار﴾[3].

10) - (جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر) قاتمۇقات جازانىنى ھالال دەپ قارايتتى. ئەگەر بىرەرسىنىڭ باشقىلاردا قەرزى بولۇپ، ۋاقتىدا تۆلىيەلمىسە، قەرزنىڭ جازانىسى (ئۆسۈمى) ھەسسىلەپ ئېشىپ كېتىپ، قەرزدارنىڭ تېخىمۇ كۆپ قەرزگە بوغۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالاتتى. شۇڭا "جازانىنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى" ھەققىدىكى ئايەت نازىل بولغان[4].

## ئىككىنچى قىسىم

### خۇلەفائى راشىدىن دەۋرىدىكى فىقھى ھەققىدە
### ھەجرىيىنىڭ 11 - يىلىدىن 40 - يىلغىچە

---

[1] سۈرە ئەھزاب 4 ـ 5 - ئايەتلەر.
[2] سۈرە مۇجادەلە 1 ـــ 2 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە بەقەرە 99 - ئايەت.
[4] بۇ خىل مەسىلىلەر پۈتكۈل ھەدىسلاردا، پەقەت مىسال سۈپىتىدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

www.uyghurweb.net

- سىياسى ۋەزىيەت
- بۇ دەۋرىدىكى فىقھىنىڭ ئاساسلىرى
- قۇرئاننىڭ توپلىنىپ رەتلەپ چىقىلىشى
- ساھابىلار ئىتتىپاقلاشقان مەسىلىلەر
- ساھابىلار ئىختىلاپ قىلىشقان مەسىلىلەر
- فىقھشۇناس ساھابىلار

## ئىككىنچى قىسىم

خۇلەفائى راشىدىن دەۋرىدىكى فىقھى ھەققىدە

ھىجرىيىنىڭ 11 - يىلىدىن 40 - يىلىغىچە

فىقھى:

ف، ق ۋە ھەدىن تەركىپ تاپقان بۇ سۆز، "بىر نەرسىنى ئىدراك قىلىش، بىلىش" دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. "مەن ھەدىساتا فىقھشۇناس بولدۇم" دېگەنگە ئوخشاش. ھەر قانداق بىر ئىلىمنىڭ بىر فىقھىسى بولىدۇ. دەرۋەقە فىقھى، "ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى" غا خاس بىر ئۇقۇمدۇر. مەسىلەن، ھالال ۋە ھارامشۇناس ئالىملار "فەقىھ" دەپ ئاتىلىدۇ. فىقھىنىڭ ئەسلى مەنىسى "بىر نەرسىنى بىلىش ۋە چۈشىنىش" بولۇپ، پۈتكۈل ئىلىم (ۋە ئاتالغۇ ساھەسى بويىچە) ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئورۇن تۇتقانلىقتىن، "ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى" دا دىنى بىر ئۇقۇم (ئاتالغۇ) غا بولۇپ قالغان.

ئىبادەت، مۇئامىلە ۋە تۈرلۈك جىنايەتلەردىكى ئىنساننىڭ پۈتكۈل سۆز - ھەرىكەتلىرىگە، ئىسلام قانۇنىدا، قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى دەلىللەرگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلىنىدۇ ياكى ئىجتىھاتچان قازىلارنىڭ دەلىل - ئىسپاتلىرىغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

كەسكىن دەلىلەر ۋە قانۇنى ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان فىقھى، ئىسلام قانۇنى ئەھكاملىرىنىڭ ئىجرا ئاتچىسىدۇر.

ئىسلام فىقھشۇناسلىق تارىخىغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، ئىنساننىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن يېقىنلىششتا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققى قىلىپ، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئىسلام ئۈممىتىنى باشقا مىللەتلەردىن ئايرىپ چىقىشتا، ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇندىن باشقا، ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولغان فىقھىنىڭ مەزكۇر خۇسۇسىيەتلىرى، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ قانۇنىنى ئىجرا قىلىشتىكى مىزانىدۇر. ھالبۇكى ئىسلام قانۇنى، ھوقۇق دائىرىدىسىدە، ھەر بىر ئەسىردە مەيلى ئىنسانلار قەيەردە ۋە قايسى جايدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دە - تالاشسىز ھالدا ئېھتىياجىدىن چىقالايدۇ. ئەپسۇسلىنارلىغى شۇكى، باشقىلار ھەدەپ، ئىسلام دىنىغا بۆھتان چاپلاپ ۋە يازما قانۇنلار ئارقىلىق ئىسلام قانۇنىنى ئۆزگەرتىشتە ئالدامچىلىق قىلىپ، كۆپلىگەن ئىسلام دىيارلىرىدا مەقسەتلىرىگە يەتتى. بىراق، دائىم ئېگىلمەك ئېچىلىپ تۇرىدىغان خەلقارالىق يىغىنلاردا، ئىسلام قانۇنىنىڭ ئالاھىدە تەسىر كۈچىگە ئىگە ئەسلى قانۇن ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىندى.

بىزنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىمىز، ئىسلام قانۇنىنىڭ يازما قانۇنلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئەمەس بەلكى، يازما قانۇنلارنىڭ ئىنسانى ھاياتنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ھەرجەتتىن چىقالمىغانلىقىنى ۋە دائىم دېگۈدەك نۇقسانلاردىن خالىي ئەمەسلىكىنى دەلىللىمەكتىن ئىبارەت، خالاس.

جەنابى ئاللاھنىڭ قۇسۇرسىز ئىسلام دىنىنى ئاتا قىلىپ، نېمىتىنى تاماملىشى، ئىسلام دىنىنى بىزنىڭ دىنىمىز بولۇشقا تاللىشى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن 80 نەچچە كۈن بۇرۇن، ئەرەفات كۈن ئىدىكى "ۋىدالىشىش ھەججى" دە مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلىشى بىزگە كۇپايىدۇر: ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾[1].

---

[1] سۈرە مائىدە 3 - ئايەت.

www.uyghurweb.net

"ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى" نىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپات بولۇشىغا ئەگىشىپ ئاخىرلاشقانلىقى ھەققىدە ئۆز نۆۋىتىدە "قانۇنشۇنىسلىق دەۋرى" دېگەن تېمىدا توختالغان ئىدۇق. شۇڭا بۇ يەردە بىز پەقەتلا "فىقھىشۇناسلىقنىڭ سىياسى جەھەتتىكى رولى" ھەققىدە توختىلىش بىلەنلا چەكلىنىمىز.

## سىياسى ۋەزىيەت

بۇخارى ۋە مۇسلىمغا ئاساسلانغاندا، بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ مۇنبەردە ساھابىلىرىغا: «ئاللاھ بەندىسىگە، دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرى ۋە دەرگاھىدىكى نازۇنېمەتلەردىن بىرىنى تاللاش ئىختىيارلىقىنى بەرگەن ئىدى، مەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نازۇنېمەتلەرنى ئىختىيار قىلدىم» دېگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۆزىنى چۈشەنگەن ئەبۇ بەكرى: "ئاتا ـ ئانىمىز سىلىگە پىدا بولسۇن!" دېگەن. بىراق ساھابىلار بۇ سۆزنى رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغانغا قەدەر ئىدراك قىلالمىغان. شۇنىڭدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي رەسۇلۇللاھ ئائىشەنىڭ ئۆيىدە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان. رەسۇلۇللاھ دەسلەپتە نامازغا چىققان بولسىمۇ، كېسىلىنىڭ كۈنسىرى ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، نامازغا چىقالمىغان ۋە ئەبۇ بەكرىنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئىمامەتچىلىك قىلىشقا ئەمر قىلغان.

رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ساھابىلار، گۇمانلىنىپ، بىر ـ بىرى بىلەن دە ـ تالاش قىلىشقا باشلىغان. ئەڭ قاتتىق شۈبھىلەنگەن ئۆمەر ئىدى. بىراق، ئەبۇ بەكرى مۇنۇ ئايەتنى ﴿مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)؛ ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ ئاللاھ تائالاغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ﴾[1] ئوقۇغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىنىڭ توغرۇلۇقىنى ھېس قىلىشىپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە قىلغان مۇنۇ سۆزىنى ئەسلىرىگە ئېلىشقان: ﴿سەن ھەقىقەتەن ئۆلىسەن، ئۇلارمۇ ھەقىقەتەن ئۆلىدۇ﴾[2].

رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشىپ ياكى بىر ـ بىرىدىن شۈبھىلىنىپ بۆلۈنۈپ كېتىپ، بىرلىكنىڭ خېيىمخەتەرگە يولۇقۇپ قېلىشىنى خالىمايتتى. دېگەندەك، ئۇلار سىياسي ۋە ئىداري ئىشلاردا كىمنىڭ خەلىپە بولۇشى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى.

ئەنسارىلار: "يۇرتىمىزدا مۇھاجىرلارغا جاي بېرىپ، ياردەم كۆرسەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن خەلىپىلىك بىزگە مەنسۇپ" بولۇشى كېرەك دەپ قارايتتى. مۇھاجىرلار بولسا: "بىز ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يۇرتىمىزنى تاشلاپ ھىجرەت قىلغان، پۇل ـ ماللىرىمىز ۋە جانلىرىمىز بىلەن ئاللاھ يولىدا جەڭلەرگە قاتناشقانلىقىمىز ئۈچۈن خەلىپىلىك بىزگە مەنسۇپ" بولۇشى كېرەك دەپ قاراپ، بىر كىشىنى خەلىپە قىلىپ سايلاپ چىقىش ۋە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىش مەقسىتىدە يىغىلىپ، خەزرەج قەبىلىسىنىڭ باشلىقى سەئد ئىبنى ئۇبادەنى نامزات قىلىپ چىقىشتى. بۇ خەۋەر مۇھاجىرلارنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ئەنسارىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ: "بىز ئەمىر، سىلەر بولساڭلار ۋەزىر" دەپ ئۇلار بىلەن كېڭىشىپ، ئۇلارنى قايىل قىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار "ئاللاھنىڭ دىنىدا ھەق ئېلىپ خەلىپە بولۇش ئانچە ئۇيغۇن ئەمەس" دەپ يەكۈن چىقىرىشىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۆمەرنىڭ ئەبۇ بەكرىگە بەيئەت قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەنسارىلار بىلەن باشقا مۇسۇلمانلارمۇ مەدىنىدە ئەبۇ بەكرىگە بەيئەت قىلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى "خەلىپە" بولىدۇ. بىراق ئەبۇ بەكرى ئىسلام دىنىغا خەۋپ يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان بەزى قىيىنچىلىقلارغا ئۇچ كېلىدۇ. ئەگەر ئاللاھقۇرئاننى قوغدايدىغانلىقىنى يازمىغان بولسا، ئاقىۋېتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز﴾[3] ئەبۇ بەكرى بۇ قىيىنچىلىقلارنى ئۆزىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئەقىل ـ پاراستى ۋە كەسكىن ئىرادىسىگە تايىنىپ ھەل قىلىدۇ.

بىر قەۋم "ناماز قىلىمىز بىراق زاكات بەرمەيمىز. پەقەت رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە قانچىلىك زاكات بەرگەن بولساق، ھازىرمۇ شۇنچىلىك بېرىمىز" دەپ زاكات بېرىشتىن باش تارتىپ ئەبۇ بەكرىگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرغان. ھالبۇكى ناماز بىلەن

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 144 ـ ئايەت.
[2] سۈرە زۇمەر 30 ـ ئايەت
[3] سۈرە ھىجر 9 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

زاكاتنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى. ئەبۇ بەكرى (ئۇلاردىن خاپا بولۇپ): ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدىكى ئۇلارنىڭ بەرگەن سەدىقىلىرى ماڭا توسالغۇ بولمىغان بولسا، قولۇمدىكى قىلىچ بىلەن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان بولاتتىم“.

ئەبۇ بەكرىگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرغان باشقا بىر قەۋم بولسا، ئۆزلىرىنى ”پەيغەمبەر“ دەۋالغان كاززاپلار ئىدى. يەمەندە ئەسۋەد ئەنسى، يەمامەدە بەني ھۇنەيفە قەبىلىسىدىن مۇسەيلىمە، بەني ئەسەد قەبىلىسىدىن تەلھە ۋە تەمىم قەبىلىسىدىن سىجاھ قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار قەۋمى ئارىسىدا قالايمىقان جۆيلۈيتتى. ھالبۇكى قەۋمى بۇلارنىڭ يالغان - ياۋىداقلىرىنى «ۋەھيي» دەپ گۇمان قىلاتتى.

ئەبۇ بەكرى ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بۇ مۇرتەدلەردىن تازىلاش ئۈچۈن ئۇرۇش ئېچىپ، ئىراق ۋە شامنى پەتھي قىلغاندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى.

ئەبۇ بەكرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆمەر خەلىپە بولدى ۋە مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئارقا - ئارقىدىن پارس، شام، مىسىر، رۇم قاتارلىق دۆلەتلەرنى پەتھى قىلىپ، كۆپلىگەن غەنىمەتلەرگە مۇيەسسەر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر راقىتتا، قوشۇن ئەۋەتىش، كېڭەيتىش، يېڭىدىن تەرتىپكە سېلىش ۋە پەتھي قىلىنغان دۆلەتلەرنى ئاللاھنىڭ قانۇنى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى مۈشكۈلاتلارغا دۇچ كەلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ غازاتلىرى قاتچە كۆپەيگەنسىرى، خىلمۇخىل مۈشكۈلاتلارنۇ شۇنچە ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئاللاھ ئۆمەرگە بۇ مۈشكۈلاتلارنى يېڭىپ، يىراق - يېقىندىكى جايلارنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەرنىڭ دەۋرىدە مۇسۇلمانلار ئەبۇ بەكرىنىڭ دەۋرىدىكىدەك خاتىرجەم ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىندى. مەيلى ئەبۇ بەكرى بولسۇن، مەيلى ئۆمەر بولسۇن ئىنسانلارنى خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىدارە قىلىنغىنىدەك ئىدارە قىلدى. ئۆمەر دۆلەت تېررىتورىيىسىنىڭ كېڭىيىشى، قوشۇن ئەۋەتىش، ئولجا - غەنىمەتلەرنىڭ كۆپىيىشى، مۇسۇلمانلار پەتھى قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق يېڭى پەيتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئەگىشىپ دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى، قۇرئانغا، رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرىنىڭ تارىخىغا مۇراجەت قىلىش ۋە ساھابىلەر بىلەن كېڭەشىش ئارقىلىق ھەل قىلاتتى. ئۆمەر بىرەر مۈشكۈلاتقا دۇچ كەلگەن ھامان ئاللاھنىڭ كىتابىغا تايىنىپ ھەل قىلىشقا تىرىشاتتى. ئەگەر ئاللاھنىڭ كىتابىدا بۇ توغرۇلۇق ھۆكۈم بولمىسا، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدە (بۇ توغرۇلۇق ھۆكۈم) بولمىسا، ئەبۇ بەكرىنىڭ تارىخىغا، ئۇنىڭدىمۇ (بۇ توغرۇلۇق ھۆكۈم ) بولمىسا، مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارنىڭ دانىشمەنلىرىنى چاقىرىپ، كېڭەش ئارقىلىق ھەل قىلاتتى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قانچۈ يىل مۇسۇلمانلارنى ئىدارە قىلدى ۋە ئۇنىڭ دەۋرىدە مۇسۇلمانلار قوشۇنى شەرق ۋە غەربتە نۇرغۇنلىغان جايلارنى پەتھى قىلدى. بىراق ئۇنىڭ ئېسىل - ئەخلاقلىق، يۇمشاق تەبىئەتلىك ۋە ھېسسىياتچان بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇمۇمەن قۇرەيش قەبىلىسىدىن خۇسۇسەن بەنى ئۇمەييە قەبىلىسىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ بايلىق توپلاش ۋە نۇپۇز تىكلەشكە ئۇرۇنۇپ، ئۇنى مونوپول قىلىۋېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم قارا نىيەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، تەرەپ - تەرەپتە ئىغۋا تارقىتىپ، جەمئىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى ۋە ئوسماننىڭ بۇ قالايمىقانچىلىقنى بىر تەرەپ قىلىشقا كۈچى يەتمەيقالدى. بەسرە، كۇفە ۋە مىسىردىن كەلگەن ئىسيانچىلار شاۋقۇن - سۈرەن كۆتۈرۈشۈپ، تاڭ سەھەردە ئوسماننى قەتلى قىلىشتى.

ئوسمان قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن پىتنە تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتكەچكە، كىشىلەر ئەلىگە بەيئەت قىلىپ، كۇفەنى خەلىپىلىكنىڭ پايتەختى قىلىشتى. شامدا تۇرىۋاتقان مۇئاۋىيەنىڭ بۇ بەيئەتكە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى...

مۆمىنلەرنىڭ (مەنىۋى) ئانىسى ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئائىشە، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ، زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام باشلىق قاتتىق غەزەپلەنگەن بىر تۈركۈم ساھابىلار بەسرەگە يېتىپ كەلدى ۋە جەمەل، سەففەين ۋەقەلىرى يۈز بەردى. گەرچە ئەلى ۋە ھەمراھلىرىنىڭ دەۋىتىگە ئاساسەن سۈلھى تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنۇم بەرمىدى. ئەلىنىڭ قوشۇنىنىڭ كۆپۈنچىسى، ئەلىنىڭ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنى مۇرەسسەچىلىككە تاللاپ، مۇئاۋىيەنىڭ ئەمرو ئىبنى ئاسنى مۇرەسسەچىلىككە تاللاپ سۈلھى تۈزۈش

www.uyghurweb.net

پىلانىغا رازى بولسىمۇ، ئاز بىر قىسمى، ئەلى ۋە ھەمراھلىرىنى "سۈلھى تۈزۈشنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن كاپىر" دەپ ئىلان قىلىشتى. ۋەھالەنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ مۇنۇ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغان ئىدى:

﴿ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى اللەنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزىنى توختاتقانغا قەدەر) ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار (اللەنىڭ ئەمرىگە) قايتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى (ھېچبىر تەرەپكە يان باسماستىن) ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار، (ھەممە ئىشتا) ئادىل بولۇڭلار، اللە ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، اللەدىن قورقۇڭلار﴾[1].

مۇئاۋىيە ۋە ھەمراھلىرى ئەلىنىڭ سۈلھى تۈزۈش تەكلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇرۇپ باشلاندى. ئەسلىدە ئاللاھنىڭ قانۇنى قاتتىق ئىجرا قىلىنغان بولسا، ئىش بۇ دەرىجىگە يەتمىگەن بولاتتى. بىراق خاۋارىجلارنىڭ ئېگىنىدەك، ئەلى ۋە ھەمراھلىرى مۇرەسسەچىلىكنى قوبۇل قىلىپ، ئاللاھنىڭ دىنىدا مۇرەسسەچىلىك قىلىشتى. ھالبۇكى ئاللاھ ئەڭ ئادىل مۇرەسسەچى ئىدى. مۇئاۋىيە بىلەن شام ئاھالىسى ئاللانىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلغانغا قەدەر، قىلىچلارنىڭ غىلاپىغا سېلىنىپ قويۇلۇشى توغرا ئەمەس ئىدى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن خاۋارىجلار ئەلى، مۇئاۋىيە ۋە ئەمرو ئىبنى ئاسنى بۇ قالايمىقانچىلىقلارنىڭ باش سەۋەبچىسى دەپ قاراپ، ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىدى. بۇ سۇيىقەستتىن ئىككى كىشى ساقلىنىپ قالدى، بىراق ئەلى مەسچىتتە ئابدۇراھمان ئىبنى مۇلجەم تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى.

ئەلى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سۇپيانىنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى. شۇنىڭ بىلەن خۇلەفائى راشىدىن دەۋرى ئاخىرلىشىپ، مۇسۇلمانلار ئۈچ پىرقىغە بۆلۈنۈپ كەتتى:

بىرىنچىسى: مۇئاۋىيەنىڭ خەلىپىلىكىگە رازى بولغان كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار.

ئىككىنچىسى: ئەلىنى قوللىغان ۋە (كېيىنمۇ) ياخشى كۆرگەن شىئەلەر.

ئۈچىنچىسى: ئەلىنىمۇ، مۇئاۋىيەگىمۇ ئۆچ خاۋارىجلار.

بۇ ئۈچ پىرقە، ئىسلام فىقھشۇناسلىقىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بايانى تۆۋەندىكىچە:

**فىقھى ئىلمىنىڭ مەنبەسى**

ساھابىلارنىڭ دەۋرىدە ئىسلامى پەتىھلەردىن فىقھىغىچە نۇرغۇنلىغان مۈشكۈلاتلارنى ھەل قىلىشقا ئېھتىياج تۇغۇلدى. ھەق قاداق بىر مۈشكۈلاتنى، ئالدى بىلەن ئاللاھنىڭ كىتابى، روشەن كالامى ۋە دىنىنىڭ ئاساسىي بولغان قۇرئاندىكى دەلىللەرگە ئاساسەن ھەل قىلىنىشى، ئەگەر قۇرئاندا بو دەلىللەر تېپىلمىسا، قۇرئاننىڭ شەرھىسى بولغان سۈننەتكە مۇراجەت قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىنىشى، سۈننەتتىمۇ تېپىلمىسا، فۇقەھا ساھابىلاردىن ئىبارەت نۇپۇزلۇق ئەربابلار توپلىنىپ كېڭەش ۋە "ئىجما" ئارقىلىق ھەل قىلىشى كېرەك ئىدى.

ئۆز ۋاقتىدا رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىغا ئىجتىھاد ياكى كېڭەشىشكە ئىزنى بەرگەن ئىدى. مەسىلەن:

مۇئازنىڭ ھەدىسىغا كۆرە، ساھابىلار قۇرئان ۋە ھەدىستىن دەلىل تاپالمىغان چاغدا يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە ھەل قىلاتتى.

ئىبنى ئابدۇلبەر: "ئىلىم ۋە ئىلىمنىڭ پەزىلىتى" ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلىشىچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ شۇرەيھكە يازغان خېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: "ئەگەر سەن ئاللاھنىڭ كىتابىدا دەلىل تاپالىساڭ، باشقا دەلىل تاپىمەن دەپ ئاۋارە بولماي، شۇنىڭ بويىچە (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى دەلىل بويىچە) ھۆكۈم قىل! ئەگەر ئاللاھنىڭ كىتابىدىن تاپالمىساڭ، سۈننەتكە مۇراجەت قىلىپ، سۈننەتتىكى دەلىللەرگە ئاساسەن ھۆكۈم قىل! ئەگەر ئاللاھنىڭ كىتابىدىمۇ، سۈننەتتىمۇ بولمىسا، ئىجما ئارقىلىق ھۆكۈم قىل! ئاللاھنىڭ كىتابىدىمۇ، سۈننەتتىمۇ بولمىسا ۋە سەندىن بۇرۇن بۇ ھەقتە

[1] سۈرە ھۇجۇرات 9 ـ 10 ـ ئايەتلەر.

www.uyghurweb.net

ھېچكىم بىر نەرسە دېمىگەن بولسا، خالىساڭ ئىجتىھادىڭ بويىچە ھۆكۈم قىل! خالىساڭ ئالدىراپ ھۆكۈم قىلما! ئالدىراپ ھۆكۈم قىلماسلىقىڭنى ئەڭ ياخشى چارە دەپ قارايمەن".

ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرنىڭ ئۇسۇلى ئەنە شۇنداق ئىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە "ھۆكۈم" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: "مەنمۇن ئىبنى مىھراننىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، ئەبۇ بەكرى سىددىق بىرەر مەسىلە ھەققىدە ھۆكۈم قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ئالدى بىلەن ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئانغا مۇراجەت قىلىپ، تاپالىسا قۇرئاندىكى دەلىللەرگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلاتتى، تاپالمىسا سۈننەتكە مۇراجەت قىلىپ، سۈننەتتىكى دەلىللەرگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلاتتى. سۈننەتتىكى دەلىللەرنى تېپىشتا قىينالسا ساھابىلاردىن: "سىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەقتە ھۆكۈم قىلغانلىقىدىن خەۋىرىڭلار بارمۇ؟" دەپ سورايتتى، ساھابىلار: "ھەئە، رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دۇنداق ھۆكۈم قىلاتتى" دەپ جاۋاب بېرەتتى، ئەگەر رەسۇلۇللاھ بۇنداق ھۆكۈم قىلمىغان بولسا، نۇپۇزلۇق ساھابىلارنى توپلاپ، كېڭەش قىلاتتى، ئەگەر ئۇلارنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقسا،ھۆكۈم قىلاتتى. ئۆمەرمۇ شۇنداق قىلاتتى، قۇرئان ۋە سۈننەتتىن دەلىل تاپالمىسا، "ئەبۇ بەكرى بۇ ھەقتە ھۆكۈم قىلغانمۇ؟" دەپ سورايتتى، ئەگەر ئەبۇ بەكرى ھۆكۈم قىلغان بولسا، شۇ بويىچە ھۆكۈم قىلاتتى، ھۆكۈم قىلمىغان بولسا، ئۆلىمالارنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، كۆز - قاراشلىرى بىر يەردىن چىقسا، كۆپچىلىكنىڭ پىكرىگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلاتتى". بۇ ھەدىسنى بەغەۋىي ۋە دارىمىي رىۋايەت قىلغان.

ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: "مېنىڭ بىلىشىمچە، باشقىلار ئىبنى ئابباستىن بىرەر مەسىلە ھەققىدە سورىغان چاغدا، بۇ مەسىلىگە ئائىت دەلىل قۇرئاندا بولسا ﴿ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن﴾ دەيتتى، ئەگەر قۇرئاندا بولماي، سۈننەتتە بولسا "رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن" دەيتتى. ئەگەر رەسۇلۇللاھ ئېيتمىغان بولۇپ، ئەبۇ بەكرى ياكى ئۆمەر ئېيتقان بولسا "ئەبۇ بەكرى ياكى ئۆمەر مۇنداق دېگەن" دەيتتى، ئەبۇ بەكرىمۇ، ئۆمەرمۇ ئېيتمىغان بولسا ئىجتىھاد قىلاتتى". بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئابدۇلبەر رىۋايەت قىلغان.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز شۇنداق بىر زاماندا ياشاۋاتىمىزكى، نە بۇ زاماندىن ھالقىپ كېتەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، نە بۇ زاماندا ياشىشىمىز قولاي ئەمەس. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. ھۆكۈم قىلماقچى بولغان كىشى، ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى دەلىللەرگە ئاساسلانسۇن، ئاللاھنىڭ كىتابىدا بولمىسا رەسۇلۇللاھقانداق ھۆكۈم قىلغان بولسا شۇنداق ھۆكۈم قىلسۇن، رەسۇلۇللاھ بۇ مەسىلىدە ھۆكۈم قىلمىغان بولسا، نوپۇزلۇق ئۆلىمالارنىڭ ھۆكمىگە ئاساسلانسۇن! ئىجتىھاد قىلىشتىن قورقۇپ، ئۆز رەيى بويىچە ئىش قىلىشتىن ساقلانسۇن! ھالالمۇ ئاشكارا، ھاراممۇ ھارامىمۇ ئاشكارا، لېكىن ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇنلىغان شۈبھىلىك ئىشلار بار بولۇپ، كۆپىنچە كىشىلەر بۇنىڭدىن خەۋەرسىز، بۇ خىل شۈبھىلىك ئىشلاردىن ئىشلاردىن ساقلانغۇچىلار، دىنى ۋە نومۇسىنى بىر قىسىم پالاكەتلەردىن ساقلاپ قالىدۇ». بۇ ھەدىسنى دارىمى نەقىل كەلتۈرگەن.

دېمەك، بۇ دەۋرىدىكى فىقھى ئىلمىنىڭ مەنبەسى: قۇرئان، سۈننەت، ئىجما ۋە قىياستىن تەركىب تاپقان.

**قۇرئاننىڭ توپلىنىپ رەتلەپ چىقىلىشى:**

يۇقىرىدا بىز، قۇرئاننىڭ رەسۇلۇللاھ ، ئەبۇ بەكرى ۋە ئوسماننىڭ دەۋرىدە جەملىنىپ رەتلەپ چىقىلغانلىقى ھەققىدە توختالغان ئىدۇق، ئەمدى قۇرئاننىڭ ئەبۇ بەكرى بىلەن ئوسماننىڭ دەۋرىدە جەملىنىپ رەتلەپ چىقىلغانلىقى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز:

**بىرىنچى: قۇرئاننىڭ ئەبۇ بەكرىنىڭ دەۋرىدە جەملىنىپ رەتلىنىپ چىقىلىشى:**

رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، كۆپلىگەن ئەرەبلەر مۇرتەد بولۇپ كېتىپ، زور قالايمىقانچىلىق تۇغدۇردى. بۇ قالايمىقانچىلىقنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئەبۇ بەكرى بۇ مۇرتەدلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، تەرەپ تەرەپكە قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ قوشۇننىڭ ئىچىدىكى قۇرئاننى يادقا بىلىدىغان كۆپ ساندىكى پېشقەدەم ۋە نوپۇزلۇق ساھابىلار يەمامە ئۇرۇشىغا قاتناشقان ۋە بۇ ئۇرۇشتا ئۇلار توپ توپى بىلەن شېھىت بولۇپ كەتتى. قۇرئاننى يادقا بىلىدىغان ساھابىلارنىڭ ئازىيىپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، قۇرئاننىڭ زايە بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئەبۇ بەكرى گە قۇرئاننى يېزىپ

www.uyghurweb.net

رەتلەپ چىقىش تەكلىپىنى بەردى. چۈنكى قۇرئان يادقا ئېلىنىش بىلەن بىرگە خورما دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرىغا، ئاق تاشلارغا، قوۋزاقلارغا، تاختايلارغا، تېرە، سۆڭەك ۋە قوۋۇرغۇلارغا يېزىقلىق بولۇپ، تېخىچە بىر كىتابقا جەملىنىپ رەتلەپ چىقىلمىغان ئىدى. بۇندىن باشقا، رەسۇلۇللاھ هايات ۋاقتىدا، دائىم ـ دېگۈدەك ساھابىلار بىلەن بىرگە بولغانلىقتىن ۋە دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئاساسەن ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، بىر كىتاب ھالىتىدە رەتلەپ چىقىشقا ئېھتىياج تۇغۇلمىغان ئىدى.

ئەبۇ بەكرى ئۆمەرنىڭ بۇ تەكلىپىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ۋە رەسۇلۇللاھقىلىپ باقمىغان بۇنداق چوڭ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقىشنىڭ نە قەدەر مۈشكۈل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۆمەر بولسا بۇ ئىشنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئەبۇ بەكرىنىڭ كۆڭلىگە سېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۆمەرنىڭ سۆيلىشى بىلەن، ئۇز ۋاقتىدا قۇرئاننى يېزىش، ئوقۇش، چۈشىنىش، يادلاش ۋە ئەقىل ـ پاراسەتتە شۆھرەت قازانغان ۋە ئالاھىدە نوپۇزغا ئىگە زەيد ئىبنى سابىتقا مەكتۇپ يوللاپ، ئۆمەرنىڭ تەكلىپىنى بايان قىلدى. زەيدمۇ ئەبۇ بەكرىگە ئوخشاشلا چۆچۈپ كەتتى، دەسلەپتە ئەبۇ بەكرى بىلەن ئىككىسى باش تارتقان بولسىمۇ، زەيدنىڭ كۆڭلى تولۇق قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ساھابىلارنىڭ قول يازمىلىرى بىلەن يادقا ئالغان ئايەتلىرىگە ئاساسلىنىپ، تولىمۇ مۈشكۈل ۋە ئىنتايىن شەرەپلىك بولغان بۇ خىزمەتكە تۇتۇش قىلدى. ئۇ جەملەپ رەتلەپ چىققان قۇرئاننى ئەبۇ بەكرى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئەبۇ بەكرى ساقلىدى، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆمەر ساقلىدى، ئۆمەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئوسمان خەلىپە بولۇپ تەلەپ قىلغانغا قەدەر، قىزى ھەفسە ساقلىدى.

بۇخارى قاتارلىقلار زەيد ئىبنى سابىتتىن شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ئەبۇ بەكرىنىڭ يەمامە ئۇرۇشى ھەققىدە (مەسلىھەت ئۈچۈن) مېنى چاقىرغان ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدائۆمەرمۇ بار ئىدى. مەن چاقىرىققا بىنائەن يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئەبۇ بەكرى:

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ماڭا: "يەمامە ئۇرۇشىدا نۇرغۇنلىغان قۇرئان ئوقۇغۇچىلار (قارىلار) قىرىلىپ كەتتى، قارىلار بۇنداق ئۆلۈپ كېتىۋېرىپ، قۇرئاننىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيمەن، شۇڭا قۇرئاننى جەملەپ رەتلەپ چىقىش ئۈچۈن ئەمىر بېرىشىڭ ياخشىراقمىكىن دەيمەن" دېۋىدى مەن ئۇنىڭغا:

ـ رەسۇلۇللاھقىلمىغان ئىشنى سەن قانداق بىر باشقا ئېلىپ چىقالايسەن؟ ـ دېدىم. ئۆمەر:

ـ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇ "ئەڭ ياخشىدۇر" دېدى ۋە قۇرئاننى جەملەپ رەتلەپ چىقىشنى كۆڭلۈمگە سېلىشنى دائىم ئاللاھ دىن تىلەيتتى، مېنىڭ قارىشىممۇ ئۆمەرنىڭ قارىشى بىلەن ئوخشاش. سەن رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە ۋەھىي يازىدىغان ئەقىللىق بىر ياش بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن، سېنى بۇ كۈشكۈل خىزمەتنى ئۈستۈڭگە ئېلىشىڭغا تىلەكداشمەن".

ئەگەر ئۇلار ماڭا بىر تاغنى يۆتكەشكە بۇيرىغان بولسا، قۇرئاننى جەملەپ رەتلەپ چىقىشقا قارىغاندا بەلكىم ئاسانىراق ئورۇنلىغان بولاتتىم. مەن:

ـ رەسۇلۇللاھقىلمىغان ئىشنى ئىككىڭلار قانداق بىر باشقا ئېلىپ چىقالايسىلەر؟ دېۋىدىم، ئەبۇ بەكرى "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇ (رەسۇلۇللاھ ) ئەڭ ياخشىدۇر" دەپ مېنى ھە دەپ قايىل قىلىشقا تىرىشاتتى. ئاخىردا ئاللاھ ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرنىڭ كۆڭلىگە سالغىنىدەك، بۇ ئىشنى قىلىشقا مېنىڭمۇكۆڭلۈمگە سالدى ۋە خورما دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرىغا، ئاق تاشلارغا، قوۋزاقلارغا، تاختايلارغا، تېرە، سۆڭەك ۋە قوۋۇرغۇلارغا يېزىقلىق، يادقا ئېلىنىش بىلەن قارىلارنىڭ قەلبىگە ئورۇنلارشقان قۇرئاننى جەملەپ رەتلەشكە باشلىدىم، قۇرئاننى جەملەپ رەتلەش جەريانىدا، ئەنسارىلاردىن بولغان ئەبۇ خۇزەيمەدىن ئاڭلىغان تەۋبە سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى مۇنۇ ئايەتنى باشقىلارنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى كۆردۈم:

﴿(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۆمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر﴾[1].

ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە ئەبۇ بەكرى ساقلىغان بۇ قۇرئاننى، ئەبۇ بەكرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۆمەر ئۆمۈر بويى يېنىدا ساقلىدى، ئۆمەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قىزى ھەفسە ساقلىدى.

---

[1] سۈرە تەۋبە 128 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

زەيد قۇرئاننى رەتلەشتە دەلىل ـ ئىسپاتلارغا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ يادقا ئېلىنغان ئايەتلەرنىڭ يېزىلغان نۇسخىلىرىنى كۆرمىگۈچە ھەرگىز قانائەت قىلمايتتى. ئۇنىڭ:

”قۇرئاننى جەملەپ رەتلەش جەريانىدا، ئەنسارىلاردىن بولغان ئەبۇ خۇزەيمەدىن ئاڭلىغان تەۋبە سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى مۇنۇ ئايەتنى باشقىلارنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى كۆردۈم“ دېگەن سۆزى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. بىراق ئۇنىڭ بۇ سۆزى راستىنلا بۇ ئايەتنى باشقىلارنىڭ بىلمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى كېيىن ئۇ بۇ ئايەتنى يادقا بىلىدىغان نۇرغۇن ساھابىلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن.

دېمەك، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، زەيد ۋە ئۇلارنىڭ قۇرئاننى جەملەپ رەتلەپ چىقىشىغا بەرگەنلەر ھە قىقەتەنمۇ يۈكسەك پەزىلەتكە ئىگە زاتلار ئىدى. چۈنكى ئۇلار بىزگە دىنىنىڭ ئاساسىنى خۇددى رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەندەكلا يورۇتۇپ بەردى.

بۇ دەۋرىدىكى قۇرئاننىڭ جەملىنىپ رەتلەپ چىقىلىشى، ئىسلام تارىخىدا ”ئىككىنچى قېتىملىق رەتلىنىش“ دەپ ئاتالدى.

## ئىككىنچى: قۇرئاننىڭ ئوسماننىڭ دەۋرىدە جەملىنىپ رەتلىنىپ چىقىلىشى ۋە كۆپەيتىپ تارقىتىلىشى

ئىسپاتلىنىشىچە قۇرئان كەرىم يەتتە ھەرپ بىلەن (يەتتە خىل قىرائەت ئاھاڭى بويىچە ـ يەتتە خىل شېۋىدە) نازىل بولغان. بۇخارىنىڭ ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«جىبرىئىل قۇرئان كەرىمنى ماڭا ھەرپ ـ ھەرپ ئۆگىتەتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ ئۆگەتكىنىنى تەكرارلايتتىم، مەن تەكرار قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن باشقا بىر ھەرپىنى ئۆگىتىشنى تەلەپ قىلاتتىم، ئۇ تەلىپىمگە ئاساسەن ماڭا باشقا بىر ھەرپىنى ئۆگىتەتتى، شۇ يوسۇندا يەتتە ھەرپىنى تامامىلىدىم».

رەسۇلۇللاھ ھەر بىر ساھابىغا، ئوقۇش قولاي بولسۇن ئۈچۈن، قۇرئاننى مەزكۇر ھەرپلەر بويىچە ئۆگىنىشكە ئىزىن بەرگەن. ھالبۇكى سانىنىڭ ئاز بولۇشى، دائىم دېگۈدەك بىر يەرگە توپلىنىشى، رەسۇلۇللاھنىڭ دائىم ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇشى ۋە دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشى... قاتارلىق ئامىللارنىڭ تۈرتكىسىدە، ساھابىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. دەرۋەقە ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرنىڭ دەۋرىدە ھەممە ئادەم قۇرئاننى بىر خىل ھەرپ (بىر خىل قىرائەت) بىلەن ئوقۇغاچقا، قۇرئان كەرىمنى رەتلەپ چىقىشنىڭ ھاجىتى يوقتى.

ئوسماننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئىسلامى پەتىھلەرنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، قارىلار ھەر قايسى ۋىلايەتلەرگە تارقىلىپ كەتتى ۋە ھەر بىر ۋىلايەتنىڭ ئاھالىسى ئەلچى بولۇپ بارغان قارىلارنىڭ قىرائىتىنى (شېۋىسىنى) قوبۇل قىلدى.

ئەسلىدىلا بىر بىرىگە ئوخشىمىغان شېۋىلەردە نازىل بولغان قۇرئاننىڭ خىلمۇخىل شېۋىلەردە (ئاھاڭدا) ئوقۇلۇشى، يېڭى پەتھي قىلىنغان جايلاردىكى بەزى كىشىلەرنى تەئەججۈپلەندۈردى. شۇڭا قۇرئاننىڭ خىلمۇخىل شېۋىلەردە ئوقۇلۇشى، ئەسلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلانغانلىقى ھەققىدە ئۇلارنى قايىل قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بىراق، بۇ كىشىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە ياشىمىغان بولغاچقا، ھەر بىرى ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەپ جېدەل ـ ماجىرا قىلىشىپ، چوڭ بىر پىتنە تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى. شۇڭا بۇنىڭغا چارە ـ تەدبىر قوللانمىسا قەتئىي بولماتتى.

ئەرمەنىيە ۋە ئەزەربەيجان ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىراقلىقلار ئارىسىدا ھۇزەيفە ئىبنى يەمانمۇ باردى. ئۇ ئەسلىدە ھەممىسى توغرا بولسىمۇ، بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان قىرائەتلەر ھەققىدە، ئىختىلاپ قىلىشىۋاتقان بۇ كىشىلەرنىڭ جەڭگى ـ جېدەللىرىنى كۆرۈپ، دەرھال ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ئوسمان بۇنىڭ تەدبىرىنى ئالمىسا، ئىختىلاپنىڭ تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىدىن تولىمۇ ئەنسىرەپ چۆچۈپ كەتتى، ساھابىلار بولسا قۇرئاننىڭ ئۆزگەرتىۋېتىلىشىدىن قورقۇپ كېتىشتى. شۇڭا ئوسمان ساھابىلار بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق، ”ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىدا ساقلانغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى كۆپەيتىپ، قىرائەتنى مۇقىملاشتۇرۇش“ ھەققىدە قارار قىلدى. بۇ قاراردىن كېيىن، ھەفسەدىن ئەبۇ بەكرىدىن قالغان قۇرئاننى ئەكەلدۈرۈپ، ئەنسارى ۋە قۇرەيشلەردىن تەركىبتاپقان زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير، سەئىد ئىبنى ئاس ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى ھىشام قاتارلىق ساھابىلاردىن بىر ھەيئەت تەشكىل قىلىپ،

www.uyghurweb.net
قۇرئاننى كۆپەيتىپ چىقىشقا، زەيد ئىبنى سابىت بىلەن ئۈچ قۇرەيشلىك ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىنغان ئايەتلەرنى ئۇلارنىڭ (شىۋىسى) بولغان (قۇرئان قۇرەيش شىۋىسىدە نازىل بولغان ئىدى) قۇرەيش تىلىدا (شىۋىسىدە) يېزىپ چىقىشقا مەسئۇل قىلدى.

زەيد ئىبنى سابىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى بۇ خىزمەت تاماملانغاندىن كېيىن، قۇرئاننىڭ ھەفسەدىن ئەكەلدۈرۈلگەن ئەسلى نۇسخىسى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. ئاندىن قۇرئاننىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىلىرى ھەر قايسى ۋىلايەتلەرگە تارقىتىلدى.

بەزى رىۋايەتلەرگە كۆرە، قۇرئان كەرىمنىڭ ”يېتەكچى قۇرئان“ دەپ ئاتالغان بىر نۇسخىسى مەدىنىدە ئېلىپ قېلىندى.

«ئى مۇھەممەدنىڭ دەستلىرى، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن (يېتەكچى قۇرئان) يېزىڭلار!».

ئوسماننىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ بۇنىدىن باشقا نۇسخىلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇشى بىلەن پىتنىنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلۇپ، ئىختىلاپقا خاتىمە بېرىلدى ۋە زاماننىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، قۇرئاننى ئۆزگەرتىۋېتىشنىڭ ئالدى ئېلىندى.

قۇرئان كەرىم تارقىتىلغان ۋىلايەتلەر: مەككە، بەسرە، كۇفە، يەمەن، بەھرەين، مەدىنە... دىن ئىبارەتتۇر.

ھىجرىيىنىڭ 25 ـ يىلى ئوسماننىڭ دەۋرىدە رەتلىنىپ «ئۈچىنچى قېتىملىق رەتلىنىش» دەپ ئاتالغان قۇرئان كەرىمنىڭ تاملارغا ئېسىقلىق مەشھۇر نۇسخىسى، ھازىرمۇ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

بۇخارىنىڭ ئەنەستىن رىۋايەت قىلىشىچە:

”ئەرمىنىيە ۋە ئەزەربەيجان ئۇرۇشىدا، ھۇزەيفە ئىبنى يەمان ئوخشىمىغان قىرائەت ھەققىدە سۈرىيەلىكلەر بىلەن ئىراقلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى غوۋغانى كۆرۈپ، دەرھال ئوسماننىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كېلىپ:

ـ ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى (قوماندانى)، بۇ ئۈممەت خۇددى يەھۇدىي ۋە ناسارالاردەك كىتاب ھەققىدە ئۆز ئارا ئىختىلاپ قىلىشتىن بۇرۇن مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلغان بولسىلا!» دېدى. بۇنىڭغا ئاساسەن ئوسمان ھەفسەگە: ”سىزدىكى قۇرئاننى ئەۋەتكەن بولسىڭىز، بىز ئۇنى كۆپەيتىۋالغاندىن كېيىن، سىزگە يەنە قايتۇرۇپ بەرسەك“ دەپ ئادەم ئەۋەتتى. ھەفسە قۇرئاننى ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئوسمان، زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير، سەئىد ئىبن ئاس ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى ھىشام قاتارلىق ساھابىلاردىن بىر ھەيئەت تەشكىل قىلىپ، قۇرئاننى كۆپەيتىپ چىقىشقا مەسئۇل قىلدى. ئوسمان قۇرەيشلىك ئۈچ ساھابىغا: ”زەيد ئىبنى سابىت بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلىپ قالغان ئايەتلەرنى قۇرەيش تىلى (شىۋىسى) بىلەن يېزىڭلار، چۈنكى قۇرئان قۇرەيش تىلى (شىۋىسى) بىلەن نازىل قىلىنغاندۇر“ دېدى. ئۇلارمۇ ئوسماننىڭ دېگىنىدەك قىلدى. قۇرئان كۆپەيتىپ رەتلەپ چىقىلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى ۋىلايەتلەرگە تارقىتىلدى ۋە ئەسلى نۇسخىسى ھەفسەگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. ئاندىن قۇرئاننىڭ بۇنىدىن باشقا نۇسخىلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرىدى. ئىبنى شىھاب: خارىجە ئىبنى زەيد ئىبنى سابىت، زەيد ئىبنى سابىتنىڭ: بىز قۇرئاننى رەتلەش جەريانىدا رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغان ئەھزاب سۈرىسىدىكى بىر ئايەتنى تاپالمىغان ئىدۇق؛

﴿مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شېھىت بولغانغا قەدەر داداللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى، بەزىسى (شېھىت بولۇشنى) كۈتكەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق﴾[1].

ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۇنى خۇزەيمە ئىبنى سابىت ئەنسارىدىن تاپتۇق» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېگەن.

ئىنسانلارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلارغا ئوقۇتۇپ ئىزىن بەرگەن يەتتە خىل قىرائەتنى تەرك ئېتىپ، بىر خىل قىرائەت بىلەن ئوقۇشقا يۈزلىنىشىنىڭ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ھېچقانداق زىيىنى يوق.

ئىبنى جەرىرغا كۆرە:

[1] سۈرە ئەھزاب 23 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

”ئۇسماننىڭ بۇنداق قىلىشقا بۇيرۇشى، ۋاجىب ياكى پەرز بولماستىن، مۇستەھەپ ئىدى. ئەگەر پەرز بولغان بولسا، يەتتە خىل قىرائەتنىڭ ھەممىسىنى بىلىش، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قىرائىتى ھەققىدىكى شەك - شۈبھىلەرنى يوقىتىدىغان دەلىل - ئىسپاتلارغا ئىگە كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە مۇستەھەپ بولاتتى. ئۇلارنىڭ (يەتتە خىل قىرائەتنى) تەرك قىلىشىمۇ ئەينەن شۇنداق. روشەن دەلىللارغا ئاساسلانغادا، ئۇلارنىڭ دەلىل - ئىسپاتلارغا تايىنىپ، يەتتە خىل قىرائەتتىن خالىغىنىنى ياكى بەزىسىنى ئوقۇش ئىختىيارلىقى بارئىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر غەلىبە ئىدى. بولۇپمۇ پۈتكۈل قىلمىشلىرى ۋە ئۆزلىرى سادىر قىلغان جىنايەتلىرىنى ئىسلامغا دۆڭگەپ قويغاندىن كۆرە، توغرىسىنى ئۈچۈن ئىزدىنىشى، ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. قىسقىسى، ئەڭ توغرىسىنى ئۆز ئەھلى ئۇلاردىنمۇ ياخشىراق بىلىدۇ“.

## ئىسلامى پەتىھلەر ۋە تەقەززاسى

خۇلەفائى راشىدىن دەۋرىدە ئىسلامى پەتىھلەرنىڭ كېڭىيىپ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا نوپۇز تىكلىشىگە ئەگىشىپ، خىلمۇخىل ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەت ۋە قائىدە - يوسۇنغا ئىگە مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان پارسلار بىلەن گرېكلار بەس - بەستە ئىسلام دىنىغا كىرىشكە باشلىدى. ھالبۇكى بۇ پەتىھلەرنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، بىر تەرەپتىن غالىب مۇسۇلمانلارنىڭ تولىمۇ سوغۇققان ۋە ئېسىل تەبىئەتلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلىپىلەردىن قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ زورايتىش، پەتھى قىلىنغان رايونلارغا ۋالى تەيىنلەپ، ئادىل ئىدارە قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى.

دەرۋەقە، ئىسلامى پەتىھلەرنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىنسانلار بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان، قۇرئان ۋە سۈننەتتە دەلىل - ئىسپاتىمۇ بولمىغان يېڭى - يېڭى مۈشكۈلاتلارغا دۇچ كەلدى. ۋە ھالەنكى ساھابىلارنىڭ ئىدراك ۋە چۈشىنىش جەھەتتىكى ئىقتىدارى بىر - بىرىدىن تامامەن پەرقلىق ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. قىسقىسى ئۇلارنىڭ بۇ خىل يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرگە قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئەنە شۇنداقتى. جۈملىدىن بەزى مەسىلىلەردە كۆز - قاراشلىرى بىر يەردىن چىقسا، بەزى مەسىلىلەردە بىر يەردىن چىقمايتتى.

## ساھابىلار ئىتتىپاقلاشقان مەسىلىلەر

1 - رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ساھابىلار دۇچ كەلگەن تۇنجى مەسىلە:

ئۆز نۆۋىتىدا توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك خەلىپىلىك مەسىلىسى ئىدى. بۇ ھەقتە مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ تۇغۇلدى. ئەنسارىلار خەلىپىلىككە ئۆزلىرىنى ”ئەڭ ھەقلىق“ دەپ قاراپ، سەئد ئىبنى ئۇبادەنى نامزاتلىققا كۆرسەتتى. بىراق، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئەبۇ ئۇبەيدەلەر ئەنسارىلەر بىلەن كېڭىشىپ چۈشىنىش ھاسىل قىلىشقاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن جامائەتكە تۇنجى بولۇپ ئىمامەتچىلىك قىلغان ئەبۇ بەكرىگە بەيئەت قىلىش قارار قىلىندى. تارىخشۇناسلارنىڭ سەئد ئىبنى ئۇبادەنىڭ رىۋايىتى ھەققىدىكى ئەسلىملىرىدە، بۇ بەيئەتتىن باش تارتقاللارمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

ئىبنى كەسىر ”ئەلبىدايە ۋەننىھايە“ ناملىق ئەسىرىدە، سەقىيفە ئىبنى سائىدەنىڭ ”سۈننەت“ ھەققىدىكى ئەسەرلىرىدە بۇ ھەقتە توختالغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتىدۇ.

بۇخارىنى مەشھۇر ئەسىرىدىكى ”ساھابىلارنىڭ پەزىلەتلىرى“ دېگەن بابىدا رەسۇلۇللاھنىڭ رەپىقىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىشچە، رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندا، ئەبۇ رەكرى ”پەيغەمبەر مەسچىتىدىن بىر مىل يىراقلىقتا جايلاشقان“ نۇسھە دېگەن جايدا ئىدى. بۇخارىغا كۆرە بۇ يەر ”ئالىيە“ دەپ ئاتىلاتتى. ”رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولدى“ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆمەر: ”ئاللاھ بىلەن قەسەمكى رەسۇلۇللاھ ئۆلمىدى، ئاللاھ ئۇنى قايتا ئەۋەتكەندىن كېيىن، (مۇناپىقلارنىڭ) قول - پۇتلىرىنى كېسىپ تاشلايدۇ“ دېدى. ئەبۇ بەكرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىنى ئېچىپ سۆيدى - دە: «ئاتا - ئانام سىلىگە پىدا بولسۇن! مەيلى ساق ۋاقتىلىرىدا بولسۇن، مەيلى ئۆلۈپ كەتكەنلىرىدە

www.uyghurweb.net

بولسۇن، سىلەردىن بىر خىل خۇش پۇراق چىچىلىپ تۇرىدۇ. مەن ئىلكىدە بولغان ئىلاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ سىلىگە ھەرگىزمۇ ئىككى قىشتىم «ئۆلۈمنىڭ تەمى»نى تېتىمايدۇ» دېدى ۋە سىرتقا چىقىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ ئۆلمىدى» دەپ قەسەم قىلغۇچى بولۇڭ!» دېدى. ئەبۇ بەكرى سۆزلەۋاتقاندا، ئۆمەر سۆكۈتتە ئولتۇرۇپ، ئەبۇ بەكرىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى. ئەبۇ بەكرى ئاللاھ غا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن: "كىمكى مۇھەممەدكە چوقۇن ئىدىكەن ئۇ ئۆلدى، كىمكى ئاللاھ غا ئىبادەت قىلىدىكەن، ئۇ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ" دەپ مۇنۇ ئايەتلەرنى ئوقۇدى:

﴿سەن ھەقىقەتەن ئۆلىسەن، ئۇلارمۇ ھەقىقەتەن ئۆلىدۇ﴾[1]

﴿مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)؛ ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ ئاللاھ تائالاغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ﴾[2].

ئەبۇ بەكرىنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشتى. ئەنسارىلار سەئد ئىبنى ئۇبادەنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بەنى سائىدەنىڭ قورۇسىغا يىغىلدى (مۇھاجىرلارمۇ بۇ يەرگە كېلىشكەن ئىدى. ئەنسارىلار):

"بىزدىن بىر، سىزدىن بىر ئەمىر بولسۇن!" دېيىشتى. بۇ يەرگە ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئۆمەر ئىبنى تەتتاب ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھلارمۇ يېتىپ كېلىشتى. ئۆمەر سۆزلەشكە باشلىۋىدى ئەبۇ بەكرى توختىتىپ قويدى. ئۆمەر:

"ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، (مېنىڭ دىققىتىمنى قوزغىغان بەزى ئىشلاردىن ئەبۇ بەكرى خەۋەرسىز قالغان بولۇشى مۇمكىن) دېگەن مەقسەتتە كۆڭلۈمگە پۈككەنلىرىمنى سۆزلىمەكچى بولغان ئىدىم. بىراق، ئەبۇ بەكرى مېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ھەتتا ئۇيلاپ يەتمىگەنلىرىمنىمۇ شۇنداق پاساھەتلىك بايان قىلىدىكى (مەنمۇ تەسىرلەنمەي تۇرالمىدىم)" دېدى. ئۇ يەنە مۇنۇلارنى ئىلاۋە قىلدى:

"(ئى ئەنسارىلار!) بىز ئەمىر، سىلەر بولساڭلار ۋەزىر (ياردەمچى)". ئۆمەرنىڭ بۇ سۆزىگە ئاساسەن ھۇباب ئىبنى مۇنزىر ئورنىدىن تۇرۇپ:

"«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بۇنداق قىلىشاق قەتئىي بولمايدۇ. بىزدىن بىر ئەمىر، سىلەردىن بىر ئەمىر بولۇشى كېرەك" دېدى. ئەبۇ بەكرى:

"ئۇنداق ئەمەس، بىز ئەمىر، سىلەر ۋەزىرسىلەر. خەلىپىلىككە، نەسەب، ئابرۇي ۋە نوپۇز جەھەتتىن پۈتكۈل ئەرەبلەرنىڭ قىبلىگاھى بولغان قۇرەيشلەر ئەڭ ئۇيغۇندۇر" دېدى. ئاندىن ئۇلار ئۆمەر ياكى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھقا بەيئەت قىلماقچى بولۇۋېدى، ئۆمەر:

"بىز ساڭا بەيئەت قىلىمىز. چۈنكى سەن بىزنىڭ يېتەكچىمىز، ئەڭ ياخشى كىشىمىز بولىسەن. بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى بولىسەن" دەپ، ئەبۇ بەكرىگە قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ بەيئەت قىلدى. باشقىلارمۇ ئۆمەرگە ئەگىشىپ ئەبۇ بەكرىگە بەيئەت قىلىشتى. بۇ چاغدا بىرەيلەن:

"سەئد ئىبنى ئۇبادەنى ھالاك قىلدىڭلار!" دېۋىدى، (قاتتىق غەزەپلەنگەن) ئۆمەر:

"ئۇنى ئاللاھ ھالاك قىلسۇن!" دېدى.

كۆپ ساندىكى رىۋايەتلەرگە كۆرە، مەزكۇر قورۇدا ئەبۇ بەكرىگە بەيئەت قىلىنغان كۈننىڭ ئەتىسى، ھەممەيلەن بەيئەت قىلىشتى.

2 ـ ساھابىلارنىڭ دۇچ كەلگەن ئىككىنچى مەسىلە، "بىر قىسىم ئەرەبلەرنىڭ زاكات بېرىشتىن باش تارتىشى" ئىدى. شۇڭا ئەبۇ بەكرى ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئىلان قىلماقچى بولىدۇ. بىراق ئۆمەر ئۇلارغا ئۇرۇش ئىلان قىلىش تەرەپتارى ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلار "ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرەتتى.

---

[1] سۈرە زۇمەر 30 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران 144 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

ئەبۇ بەكرى ئاللاھ ئۆمەرنىڭ كۆڭلىگە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئىلان قىلىشنىڭ توغرۇلۇقىنى سالغانغا قەدەر ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى. ئاللاھ ئۆمەرنىڭ كۆڭلىگە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئىلان قىلىشنىڭ توغرۇلۇقىنى سالغاندىن كېيىن، ئىككى ساھابە ئىتتىپاقلاشتى (پىكىر بىرلىكىگە كېلىشتى)".

ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە:

"رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغان چاغدا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كاپىر بولۇپ كەتكەن ئەرەبلەرگە قارشى ئۇرۇش ئىلان قىلماقچى بولغاندا ئۆمەر:

- رەسۇلۇللاھ: «مەن ئىنسانلار "بىر ئاللاھ دىن باشقا ھېچ ئىلاھ (مەبۇد) يوق" دېگەنگە قەدەر ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، كىمكى "بىر ئاللاھ دىن باشقا ھېچ ئىلاھ (مەبۇد) يوق" دېسە، مەندىن مال - مۈلكى ۋە جېنىنى ساقلاپ قالىدۇ، (گۇناھكارلاردىن) ھېساب ئالغۇچى ئاللاھ دۇر، دېگەن تۇرسا، سەن قانداقلارچە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئىلان قىلىسەن؟!» دېۋىدى ئەبۇ بەكرى:

- "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ناماز بىلەن زاكاتنى ئايرىغۇچىلار (ناماز باشقا، زاكات باشقا دەپ، زاكاتقا سەل قارىغۇچىلار) بىلەن قەتئىي ئۇرۇش قىلىمەن. چۈنكى زاكات مال - مۈلكنىڭ ھەققىدۇر. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇلار رەسۇلۇللاھقا بەرگەن چىشى بىر ئوغلاقنى مەندىن ئايىغان تەقدىردىمۇ، مەن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئىلان قىلىمەن" - دېدى. ئەبۇ بەكرىنىڭ بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئۆمەر:

- "ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەبۇ بەكرىنىڭ مۇرتەدلەرگە قارشى بۇ ھۆكمىنىڭ، ئاللاھنىڭ ئەبۇ بەكرىگە ئاتا قىلغان ھەقىقەتنى كۆرەلەيدىغان ئەقىل - پاراسەتنىڭ نامايەندىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم" دەپ، ئەبۇ بەكرىگە قايىل بولدى.

بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجەدىن باشقا ساھابىلار رىۋايەت قىلغان.

3 - فاتىمە رەسۇلۇللاھتىن مىراس ئالماقچى بولغاندا، ئەبۇ بەكرى رەت قىلغان. كېيىن ھېچكىمنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ مىراسىنى ئالالمايدىغانلىقىغا بىردەك قارار قىلىنغان.

بۇخارى مەشھۇلا ئەسىرىنىڭ "ساھابىلارنىڭ پەزىلەتلىرى" دېگەن بابىدا ئائىشەدىن رىۋايەت قىلىشچە:

«فاتىمە ئاللاھنىڭ رەسۇلۇللاھقا ئاتا قىلغان نەرسىلەردىن (مال - مۈلكتىن) مىراس ئېلىشنىڭ توغرا بولۇپ بولمايدىغانلىقى ھەققىدە پەتىۋا سوراپ ئەبۇ بەكرىگە ئادەم ئەۋەتكەن».

فاتىمە مەدىنە ۋە فەدەكتە غەنىمەت ئېلىنغان رەسۇلۇللاھنىڭ سەدىقىسىنى، خەيبەر غەنىمەتلىرىنىڭ بەشتە بىرىنى تەلەپ قىلاتتى. ئەبۇ بەكرى:

"رەسۇلۇللاھ: «بىز مىراس ئالالمايمىز، بىزنىڭ مىراسىمىز سەدىقە ھېسابلىنىدۇ، مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسى بۇ سەدىقىدىن يېسە بولىدۇ. بىراق ئارتۇق يېيىشى جائىز ئەمەس» دېگەن ئىدى. شۇڭا مەن رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدىن قالغان سەدىقىلەردىن ھېچنەرسە بېرەلمەيمەن. مەن پەقەت رەسۇلۇللاھقاندىق قىلغان بولسا،مەنمۇ شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرمەن" دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە:

«بىز - پەيغەمغەمبەرلەر مال - مۈلكىمىزنى مىراش قالدۇرالمايمىز، بىزدىن قالغان نەرسىلەر سەدىقە ھېسابلىنىدۇ».

4 - رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، قەيەرگە دەپنە قىلىنىشى ھەققىدە ساھابىلارنىڭ كۆز قارىشى بىردەك ئەمەس ئىدى. ساھابىلار بۇ توغرۇلۇق تالاش - تارىش قىلىشقاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرىنىڭ:

«پەيغەمبەرلەر پەقەت ئۆلگەن يېرىگىلا دەپنە قىلىنىدۇ» دېگەن رىۋايىتىگە ئاساسەن، ساھابىلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆلگەن يېرىگىلا دەپنە قىلىشقا بىردەك قارار قىلىشتى.

"مۇۋەتتە" ناملىق ئەسەرنىڭ "جەنائىز" بابىدا ئىمام مالىكتىن بايان قىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن:

"بىلىشىمچە رەسۇلۇللاھ دۈشەنبە كۈنى ۋاپات بولغان بولۇپ، سەيشەنبە كۈنى دەپنە قىلىنغان. رەسۇلۇللاھنىڭ جەنازە نامىزىنى ھەممە ئادەم ئايرىم - ئايرىم ئوقۇدى، ھېچكىم ئىمام بولمىدى. بەزىلەر:

www.uyghurweb.net

”مۇنبەرنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىشى كېرەك“ دېسە، يەنە بەزىلەر:
مەدىنىدىكى ”بەقىئ“ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىشى كېرەك» دەپ تالاش - تارتىش قىلىشاتتى. بۇ تالاش - تارتىشلارنىڭ ئۈستىگە ئەبۇ بەكرى كېلىپ:
”مەن رەسۇلۇللاھنىڭ: «پەيغەمبەرلەر پەقەت ئۆلگەن يېرىدىلا دەپنە قىلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېگەن“.

ھافىز ئىبنى ئابدۇلبەرگە كۆرە: ”خىلمۇخىل كۆزقاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى توغرا ئىدى“.

تىرمىزىنىڭ ھەدىس توپلاملىرىنىڭ ”جەنائىز“ بابىدە ئائىشەدىن نەقىل كەلتۈرۈلىشىدە:
”رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغان چاغدا، قەيەرگە دەپنە قىلىش توغرۇلۇق ساھابىلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ چىققاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى:
”مەن رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرىنى ئۇنۇتتۇم“ دەپ بولۇپ:
”ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلغان ھەر قانداق پەيغەمبەر، پەقەت ئۆلگەن يېرىگىلا دەپنە قىلىنىشى كېرەك“ دېگۈنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم“ دەپ تالاش - تارتىشنى پەسەيتكەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنى ئۆلگەن يېرىگىلا دەپنە قىلىشقان.

ئىبنى ماجەنىڭ ”سۈنەن“ ناملىق ئەسىرىنىڭ ”جەنائىز“ بابىدا ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىشىچە:
”رەسۇلۇللاھقا قەيەردىن گۆر كولاش توغرۇلۇق ساھابىلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ چىقتى. بەزىلەر: ”ئۆز مەسچىتىدە دەپنەقىلىنىشى كېرەك“ دېسە، يەنە بەزىلەر: ””ساھابىلار قەبرىستانلىقى“ غا دەپنە قىلىنىشى كېرەك“ دەيتتى. بۇ تالاش - تارتىشلارنىڭ ئۈستىگە ئەبۇ بەكرى كېلىپ:
”مەن رەسۇلۇللاھنىڭ: ”پەيغەمبەرلەر پەقەت ئۆلگەن يېرىدىلا دەپنە قىلىنىدۇ“ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم“ دېگەن.

5 - ساھابىلارنىڭ ”قۇرئاننىڭ جەملىنىپ رەتلەپ چىقىلىشى“ توغرىسىدا ئىتتىپاقلاشقان بىر قىسىم مەسىلىلەر.

رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغان چاغدا، قۇرئان (ھازىرقىدەك) بىر كىتاب ھالىتىدە رەتلىنىپ چىقىلمىغان ۋە رەتلەپ چىقىشقا دائىر، نە قۇرئاندا، نە سۈننەتتە ھېچقانداق دەلىل يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆمەر يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك يەمامە ئۇرۇشىدىن كېيىن، بۇنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، ئەبۇ بەكرىنى قايىل قىلىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن ئىدى. كېيىن بۇ ساھابىلارنىڭ ئىجماسى بولۇپ قالدى.

6 - ئۆمەر، ئىراق پەتھى قىلىنغان چاغدا، (دۆلەت خەزىنىسىگە يىغىلغان) ماللارنى، (كىشىلەرنىڭ) ئېھتىياجى ۋە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىگە قاراپ تەقسىم قىلىش تەكلىپىنى ساھابىلار قوبۇل قىلىشتى. چۈنكى ئەبۇ بەكرى (دۆلەت خوزىنىسىگە يىغىلغان) ماللارنى، قېرى - ياش، ئازاد - قۇل، ئەر - ئايال ۋە چوڭ - كىچىك دېمەستىن ھەممىگە ئوخشاش مىقداردا تەقسىم قىلاتتى.

بۇ ھەقتە ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ:
”(دۆلەت خەزىنىسىگە يىغىلغان) بۇ مالدا ھەممە ئادەمنىڭ ھەققى بار، جۈملىدىن مەنمۇ شۇنداق. لېكىن، بۇ ماللار (كىشىلەرنىڭ) ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئورنىغا قاراپ ۋە ئىسلامدا كۆرسەتكەن خىزمىتى، مەنىۋى جەھەتتىن قوشقان تۆھپىسى بىلەن ئالاھىدىلىكلىرى نەزەردە تۇتۇلۇپ تەقسىم قىلىنىدۇ“.

تارىخشۇناسلارغا كۆرە، ئۆمەر ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە (دۆلەت خەزىنىسىگە يىغىلغان) ماللارنى، ئەبۇ بەكرىدەك، ھەممىگە ئوخشاش مىقداردا تەقسىم قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمەي ئالەمدىن ئۆتكەن.

7 - ئەبۇ ئۇبەيد ئىبنى سەللامنىڭ ”(دۆلەت خەزىنىسىگە يىغىلغان) ماللار ئالدى بىلەن كىملەرگە بېرىلىدۇ؟“ دېگەن بابىدا مۇھەممەد ئىبنى ئەجلاندىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر بىرنى ”رويخەت“ كە ئېلىپ چىققاندىن كېيىن ساھابىلاردىن:
- (دۆلەت خەزىنىسىگە يىغىلغان) ماللارنى كىمدىن باشلاپ تەقسىم قىلايلى؟ دەپ سورىۋىدى، ئۇلار:
- سىلىدىن باشلايلى! دېيىشتى. ئۆمەر:

www.uyghurweb.net

- ياق، رەسۇلۇللاھ بىزنىڭ يېتەكچىمىزدۇر. شۇڭا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىدىن، ئاندىن قالسا ساھابىلارغا يېقىن كىشىلەردىن باشلايلى! دېيىشتى.

قازى يۈسۈپ "خەراج" ناملىق ئەسىرىنىڭ "ئۆمەرنىڭ ئىجرائاتلىرىدىن ساھابىلارنىڭ رازىمەنلىكى" دېگەن بۆلۈمىدە بايان قىلىشىچە، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (دۆلەت خەزىنىسىگە يىغىلغان) ماللارنى، قېرى - ياش، ئازاد - قۇل، ئەر - ئايال ۋە چوڭ - كىچىك دېمەستىن ھەممىگە ئوخشاش مىقداردا تەقسىم قىلاتتى. بەزىلەر:

- ئى رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى! سەن ماللارنى ئىنسانلارغا ئوخشاش مىقداردا تەقسىم قىلىپ بەردىڭ، ھالبۇكى بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بايلارمۇ، تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى بولغانلارمۇ ۋە ئىسلام دىنىنى تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلغانلارمۇ بار، تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى بولغانلارغىمۇ ئوخشاش مىقداردا مال تەقسىم قىلىپ بەرسەڭ (ئادىل بولامدۇ) دەپ ئەبۇ بەكرىنى ئاگاھلاندۇرغاندا، ئەبۇ بەكرى:

- "سىلەر تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بۇ مەسىلىنى مەن سىلەرگە قارىغاندا ياخشىراق بىلىمەن؛ بۇنىڭ ساۋابى ئاللاھ غا ئائىتتۇر. بۇ مال بولسا، تۇرمۇش خىراجىتى ۋە مائاشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا ئەھۋالغا قاراپ (يەنى ئېھتىياجى بارلارغا جىقراق، ئېھتىياجى يوقلارغا ئازراق) تەقسىم قىلغاندىنمۇ كۆرە، بەراۋەرلىك ئاساسىدا ئوخشاش مىقداردا تەقسىم قىلىش (ھەممىگە ئوخشاش مائاش بېرىش)، ئەڭ ياخشىدۇر" دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئەبۇ بەكرى ۋاپات بولۇپ، ئۆمەرخەلىپە بولغاندىن كېيىن كۆپلىگەن جايلار پەتھى قىلىنىپ، غەنىمەتلەر دۆلەت خەزىنىسىگە توپلىنىشقا باشلىغاندا ئۆمەر:

- "مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن مۇرىنى - مۈرىگە تىرەپ ئۇرۇش قىلغانلار بىلەن رەسۇلۇللاھقا قارشى ئۇرۇش قىلغانلارغا ھەرگىزمۇ ئوخشاش مۇئامىلە قىلالمايمەن" دەپ، مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلاردىن بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارغا بەش مىڭدىن، بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشمىغانلارغا تۆت مىڭدىن، بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشمىسىمۇ، بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلار بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلارغا تۆت مىڭدىن (يىللىق) مائاش توختىتىپ بەردىگەن. ئەبۇ يۈسۈپ بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلىرىدە بۇ توغرۇلۇق تەپسىلى مەلۇمات بەرگەن.

مۇھەممەد ئىبنى سائىب زەيدنىڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ:

"مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ:

"(دۆلەت خەزىنىسىگە يىغىلغان) بۇ مالدا ھەممە ئادەمنىڭ ھەققى بار، جۈملىدىن مەنمۇ شۇنداق، بولۇپمۇ بۇ ماللاردا ئەڭ كۆپ ھەققى بولغان كىشىلەر قۇللاردۇر. لېكىن، بۇ ماللار (كىشىلەرنىڭ) ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئورنىغا قاراپ ۋە ئىسلامدا كۆرسەتكەن خىزمىتى، مەنىۋى جەھەتتىن قوشقان تۆھپىسى بىلەن ئالاھىدىلىكلىرى نەزەردە تۇتۇلۇپ تەقسىم قىلىنىدۇ. ئاللا بىلەن قەسەمكى، ئىسلامغا بۈيۈك تۆھپە قوشقان بىر كىشى، چارۋىچى بولغان تەقدىردىمۇ، سەنئا تېغى قەدەر تەقسىماقا ھەقلىق بولسا، ئۈلۈشى تولۇق بېرىلىدۇ" دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم" دېگەن. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن:

"ئۆمەر ماللارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن چاغدا: "ئەگەر مەن بۇ كېچىگىچە ياشىيالىسام (كېلەر يىلغىچە ئۆمرۈم يار بەرسە)، مەيلى بۇرۇن مۇسۇلمان بولغانلار بولسۇن، مەيلى كېيىن مۇسۇلمان بولغانلار بولسۇن، ھەممىگە ئوخشاش (مائاش) بېرىمەن" دېگەن. بىراق، ئۆمەرنىڭ بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۆمرى يار بەرمىگەن».

كۆپلىگەن رىۋايەتلەردىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئۆمەر رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى بىلەن رەپىقىلىرىغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا، ئون ئىككى مىڭ دىرھەمدىن، مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارنىڭ ئوغۇللىرىغا ئۈچ مىڭ دىرھەمدىن مائاش بەرگەن. ئۆمەر مائاش بېرىشتە، (كىشىلەرنىڭ) ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ۋاقتى، كۆرسەتكەن خىزمىتى، ۋە ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتقان.

## ساھابىلار ئىختىلاپ قىلىشقان مەسىلىلەر

### 1 - غەنىمەت:

پەتھى قىلىنغان دۆلەتلەرنىڭ زېمىنى، تۆۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلىنغىنىدەك، ئومۇمەن غەنىمەت دائىرىسىگە كىرىدۇ:

www.uyghurweb.net

﴿(ئى مۆمىنلەر!) بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى ئاللاھ تائالاغا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش - ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاستۇر﴾[1].

يۇقىرىدىكى ئايەتتىن ئايان بولغىنىدەك، غەنىمەت ئېلىنغان زېمىننىڭ بەشتىن تۆت قىسمى غازىيلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلىپ قالغان بەشتىن بىر قىسمى جەمئىيەت پاراۋانلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئۆمەرنىڭ دەۋرىدە پەتىھلەرنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ساھابىلار. ئۆمەردىن: "پەتھى قىلىنغان زېمىننىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى" توغرۇلۇق (پەتىۋا) سورىغان. ھالبۇكى ئۆمەر: "مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ رايونلاردا ئىستىقبالى پارلاق، شۇڭا غەنىيمەتلەر شۇ رايونلاردا جەمئىيەتنى تەرتىپكە سېلىش، ئىدارە قىلىش،جەمئىيەتنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرى... قاتارلىقلار ئۈچۈن سەرپ قىلىنىشى كېرەك" دەپ قاراپ، غەنىيمەت ئالغۇچىلاردىن كېيىنكىلەرگىمۇ قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، پەتھى قىلىنغان زېمىننى تەقسىم قىلىۋەتمەستىن ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە، پەتھي قىلىنغان زېمىننى باج ئېلىپ ئۆز ئاھالىسىغا تاپشۇرۇش، ئېلىنغان باجنى مۇسۇلمانلارنىڭ مائاشى، ھەربىي چىقىم، ھاكىم ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەمىناتى، يېتىم ۋە مىسكىنلەرنىڭ ئېھتىياجى... قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىشكە قارار قىلغان. ئۆمەرنىڭ بۇ قارارىنى ئوسمان، ئەلى، مۇئاز ئىبنى جەبەل، تەلھە قاتارلىق بىر تۈركۈم ساھابىلار قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف، ئەممار ئىبنى ياسىر، بىلال قاتارلىق ساھابىلار: "پەتھى قىلىنغان زېمىن بەشكە بۆلۈنۈپ، بەشتىن تۆتى غازىيلارغا، بەشتىن بىرى قۇرئاندىكى "غەنىيمەت ئايىتى" دىكى ھۆكۈملەرگە ئاساسەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلىشى كېرەك» دەپ قاراپ قارشى چىققان.

ئەبۇ يۇسۇفنىڭ «خەراج» ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلىنىشچە، بىر قىسىم فۇقەھالار ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئاساسەن ئۆمەرنى قوللاشقان:

﴿(ئۇ غەنىمەتنىڭ بىر قىسمى) دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال - مۈلكىدىن ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر، ئۇلار اللەنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ﴾[2].

﴿ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن» دەيدۇ﴾[3] (ھەشر: 10)».

ئۆمەردىن نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە ئۆمەر:

"كېيىنكىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، قانداقمۇ سىلەرگە (ھەممىنى) تەقسىم قىلىپ بېرىۋېتەي» دەپ، پەتھي قىلىنغان زېمىننى باج ئېلىپ ئۆز ئاھالىسىغا قايتۇرۇپ بەرگەن. شۇنداقلا مال مۈلكى ۋە بىخەتەرلىكىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىش بەدىلىگە ئۇلاردىن تۆلەم ئالغان.

ئەبۇ ئۇبەيد قاسىم ئىبنى سەللامنىڭ "كىتابۇل ئەمۋال" ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن خەلىپىلەرنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن قاراپ، پەتھى قىلىنغان جايلاردىكى تۇپراقلاردا ئۈچ تۈرلۈك ھۆكۈم يۈرگۈزگەنلىكىنى بايقىدۇق:

1) - ئاھالىسى مۇسۇلمان بولغان، پەقەت ئۆشرىسى ئېلىنىپ ئۆز ئەھلىگە بېرىلگەن تۇپراقلار.

2) - كېلىشىمگە ئاساسەن پەتھى قىلىنىپ، مەلۇم مىقداردا باج ئېلىنىدىغان تۇپراقلار.

3) - مەجبۇرى قولغا كەلتۈرۈلگەن تۇپراقلار بولۇپ، مۇسۇلمانلار بۇ ھەقتە ئىختىلاپ قىلىشقان. بەزىلەر:

---

[1] سۈرە تەۋبە 41 - ئايەت

[2] سۈرە ھەشر 7 - ئايەت.

[3] سۈرە ھەشر 10 - ئايەت.

www.uyghurweb.net

”مەجبۇرى قولغا كەلتۈرۈلگەن تۇپراقلار غەنىمەتلەرگە ئوخشاش تەقسىم قىلىنىشى، بەشتىن بىر قىسمى بۇ تۇپراقلارنى پەتھى قىلغانلارغا مەخسۇس بېرىلىشى، قالغان قىسمى ”ئاللاھ بېرىلىشكە بۇيرىغان“ كىشىلەرگە بېرىلىشى كېرەك“ دېسە، يەنە بەزىلەر:

ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى ھۆكۈم ۋە كۆز ـ قاراشلىرى نەزەردە تۇتۇلۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ خەيبەردە ئىجرا قىلغىنىدەك، پەتھى قىلىنغان تۇپراقلارنى مۇسۇلمانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىپ، تەقسىم قىلىنغان تۇپراقلاردىن ئۆشرە ئېلىنىشى ياكى ساھابىلارنىڭمۇ ماقۇللىشىغا ئېرىشكەن ئۆمەرنىڭ ئىراقنىڭ ”سەۋاد“ دېگەن يېرىدىكى ئىجرائاتىدەك، ”پەتھى قىلىنغان تۇپراقلار، تۆلەم ۋە باج ئېلىنىپ ئۆز خەلقىغە تاپشۇرۇلۇشى كېرەك“ دېيىشكەن.

شۇ بويىچە تەقسىم قىلىنىشى ياكى بەشكە بۆلۈپ تەقسىم قىلماستىن، غەنىمەتلەرگە ئوخشاش بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك، دېگەن.

زەيد ئىبنى ئەسلەم ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”مەن ئۆمەرنىڭ:

”ئەگەر كېيىنكى مۇسۇلمانلارغا ھېچنەرسە قالماسلىقىدىن قورقمىغان بولسام، پەتھى قىلىنغان ھەر بىر جاي ۋە ھەر بىر قىشلاقنى، رەسۇلۇللاھنىڭ خەيبەرنى تەقسىم قىلغىنىدەك، ئۆز خەلقىغە تەقسىم قىلىپ بېرىۋېتەتتىم“ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم“.

بۇ ھەدىسنى بۇخارى رىۋايەت قىلغان. ئۆمەرنىڭ ”سەۋاد قىشلىقى“ نى تەقسىم قىلماسلىقى، ئۇنىڭ ئىجتىھادىي ئىدى.

بىلال ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن مەجبۇرى پەتھى قىلىنغان جايلار توغرۇلۇق: ”بەشتىن بىر قىسمىنى ئۆزەڭ ئېلىپ قېلىپ، قالغان قىسمىنى بىزگە تەقسىم قىلىپ بەرگىن!“ دېگەندە، ئۆمەر: ”ياق، بۇنىڭغا قىلچە چېقىلماستىن، ئۇز خەلقى بىلەن مۇسۇلمانلارغا قالدۇرۇپ قويىمەن“ دەپ جاۋاب بەرگەن. ئاندىن بىلال ”ئۇنداقتا بىزگە تەقسىم قىلىپ بەرگىن!“ دېگەندە، ئۆمەر: ”ئى ئاللاھ ! بىلال بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرىغا ئۆزەڭ كۇپايە“ دېگەن. ئاندىن ئۆمەر سەۋاد قاتارلىق جايلارنى تەقسىم قىلىپ بەرمەستىن، غەنىمەت سۈپىتىدە مۇسۇلمانلارغا مىراس قالدۇرغان ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەرنى قوللىغان.

بۇنىڭدىن ئىمام مالىك: ”پەتھى قىلىنغان تۇپراقلار تەقسىم قىلىنماستىن، ئۇرۇش چىقىملىرى، مەسچىت ۋە كۆۋرۈك ئەھيا قىلىش قاتارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ، بىراق زۆرۈر تېپىلغاندا تەقسىم قىلىنىدۇ“ دەپ يەكۈن چىقارغان. ئۇ يەنە ئىبنى قەييۇمنىڭ ”ساھابىلار ۋە ئىختىيارلىق“ ناملىق ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: ”بۇ خۇلەفائىي راشىدىنلارنىڭ تۇتقان يولى ئىدى“ دېگەن.

قىسقىسى ئىمام مالىكقا كۆرە، زۆرۈر تېپىلسا غەنىمەت سۈپىتىدە تەقسىم قىلىنىدۇ، زۆرۈر تېپىلمىسا تەقسىم قىلىنماستىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمى مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئەبۇ ئۇبەيدقا كۆرە ھەر ئىككى ھۆكۈمنى ئۈلگە ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن، ئەبۇ سۇفياننىڭ ئېيتقىنىدەك، بۇنى ئۈلگە ئالماقچى بولغانلار چوقۇم ئىمام مالىكنىڭ يەكۈننى نەزەردىن ساقىت قىلىماسلىقى كېرەك. چۈنكى بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجرائاتى ئەمەس، بەلكى ئۆمەرنىڭ ئىجتىھادىدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشرىكلاردىن غەنىمەت ئالغان ماللارنىڭ ھۆكمى ھەققىدە تۆۋەندىكى ئىككى (خىل) ئايەتتە بايان قىلىنغىنىدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئايەتنىڭ ھۆكمىگە ئەمەل قىلغان بولسا، ئۆمەر يەنە بىر ئايەتنىڭ ھۆكمىگە ئەمەل قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ ھۆكمى بويىچە، غەنىمەتلەرنى پەقەت ئۆز ئەھلىگىلا تەقسىم قىلىپ بەرگەن:

﴿(ئى مۆمىنلەر!) بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى ئاللاھ تائالاغا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاستۇر﴾[1].

---

[1] سۈرە ئەنفال 41 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

﴿اللـه پەيغەمبىرىـگە غەنىمـەت قىلىـپ بەرگـەن ئـەھلى قۇرا (يـەنى قۇرەيزە، نـەزىر، پـەدەك ۋە خەيبـەر كـۇففارلىرى) نىـڭ ماللىرىنى، ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، اللەغا، پەيغەمبەرگە، پـەيغەمبەرنىڭ خىـش - ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى، پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پـەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، اللەدىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتـەن اللـەنىڭ ئازابى قاتتىقتـۇر. ئـۇ غەنىمـەتنىڭ بىـر قىـسمى) دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال - مۈلكىدىن ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر، ئۇلار اللـەنىڭ پـەزلىنى ۋە رازىلىقىنـى تىلەيـدۇ، اللـەغا ۋە ئـۇنىڭ پەيغەمبىرىـگە يـاردەم بېرىـدۇ، ئەنـە شـۇلار (ئىمانـدا) سـادىق ئادەملـەردۇر. ئـۇلاردىن (يـەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يـەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىـپ كەلگەنلەرنى (يـەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىـدۇ، ئـۇلارغا بېرىلـگەن نەرسـلەر ئۈچۈن ئىچـى تـارلىق قىلمايـدۇ، ئـۇلار موھتـاج تۇرۇقلـۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىـدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىـشكۈچىلەردۇر. ئـۇلاردىن كېيىـن كەلـگەنلەر: «پەرۋەردىـگارىمىز! بىزگـە ۋە بىـزدىن ئىلـگىرى ئىمـان ئېيتقـان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن» دەيدۇ﴾[1].

ئۆمەر بولسا يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ ھۆكمىگە ئەمەل قىلغان ۋە ئەلى بىلەن مۇئازمۇ بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن ئۆمەرنىڭ پىكرىنى قوللىغان. قالغىنى "ئاللاھ ئەڭ ئالىم" دۇر.

ئەبۇ يۈسۈف "خەراج" ناملىق ئەسىرىنىڭ "غەنىمەت ۋە باج" بابىدا، ئەبۇ ئۇبەيدەدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۆمەرنىڭ "غەنىمەت ئايىتى" نى مۇلاھىزە قىلىشى ھەققىدە نەپسلى توختالغان. ئەبۇ يۈسۈفنىڭ مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق، مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق زۆھرىدىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئىراقنىڭ) سەۋاد قىشلىقىنى تەقسىم قىلىش - قىلماسلىق ھەققىدە ساھابىلارنى مەسلىھەتكە چاقىرغاندا، ھەممىسى بىردەك تەقسىم قىلىنىشنى تەكتلىگەن. بولۇپمۇ بىلال ئىبنى راباھ تەقسىم قىلىنىش تەرەپدارى ئىدى. ئۆمەرنىڭ نەقستى، بۇ تۇپراقلارنى تەقسىم قىلماستىن ئۆز پېتىچە قالدۇرۇش ئىدى. شۇڭا: "ئى ئاللاھ ! بىلال بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرىغا ئۆزەڭ كۇپايە!" دەپ دۇئا قىلغان. بۇ مەسلىھەت ئىككى ياكى ئۈچ كۈندەك داۋام قىلغان. مەسلىھەتتىن كېيىن، ئۆمەر: "مەن (ئىزدىگەن) دەلىلنى تاپتىم" دەپ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇغان:

﴿اللـه پەيغەمبىرىـگە ئۇلاردىن (يـەنى بـەنى نـەزىرنىڭ ماللىرىـدىن) قايتـۇرغان غەنىمەتلـەرنى سىلەر ئـات - تۆگىلـەرنى چاپتۇرۇپ (يەنى ئەجىر قىلىـپ، جاپا - مۇشـەققەت تـارتىپ) قولغا كەلتۈرگـەن ئەمەس، لېكىن اللـه پـەيغەمبەرلىرىنى خالىغان ئادەمگە مۇسەللەت قىلىدۇ، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[2].

ئانـدىن ھـۆكمى ئومۇمـەن پـۈتكۈل قىشلاقلارنى ئـۆز ئىچىـگە ئالغـان ۋە بـۇ ئايەتتـە مەزمـۇن قىلىنغـان بـەنىي نـەزىر قەبىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئوچۇقلاپ بەرگەندىن كېيىن، مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇغان:

﴿اللە پەيغەمبىرىگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى) نىڭ ماللىرىنى، ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، اللەغا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش - ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى، پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، اللەدىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن اللەنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾[3].

ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇغان:

---

[1] سۈرە ھەشر 7 – 10 - ئايەتكىچە.
[2] سۈرە ھەشر 6 - ئايەت.
[3] سۈرە ھەشر 6 –7 - ئايەتلەر.

www.uyghurweb.net

﴿(ئۇ غەنىمەتنىڭ بىر قىسمى) دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال - مۈلكىدىن ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر، ئۇلار اللەنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ، ئەنە شۇلار (ئىماندا) سادىق ئادەملەردۇر﴾[1].

ئۆمەر: "ئاللاھ بۇنىڭغا رازى بولماي يەنە باشقىلارنىڭمۇ بىرلىقىنى قەيت قىلدى" دەپ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى:

﴿ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[2]

ئاندىن: "بىزگە مەلۇم بولىشىچە، بۇ ئايەت مەخسۇس ئەنسارىلار ھەققىدە نازىل بولغان. توغرىسىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. ئاللاھ بۇنىڭ بىلەنلا قانائەت قىلىپ قالماي يەنە مۇنداق كىشىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى قەيت قىلغان" دەپ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى:

﴿ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن» دەيدۇ﴾[3]

"بۇ ھۆكۈم ئومۇمەن كېيىنكىلەرگە قارىتىلغاندۇر. روشەنكى بۇ غەنىمەت ئومۇمەن مەزكۇر ئايەتلەردە بايان قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ئورتاق ھەققىدۇر. ئۇنداقتا بىز قانداقلارچە كېيىنكىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىپ، غەنىمەتلەرنى بۇلارغىلا تەقسىم قىلىپ بېرەلەيمىز؟" دەپ، مەزكۇر تۇپراقلارنى ئۆز پېتىچە قالدۇرۇپ، باج ئالدى.

ئەبۇ يۈسۈفقا كۆرە: "ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەزكۇر تۇپراقلارنى پەتھى قىلغۇچىلارغا بۆلۈپ بەرمەسلىك ھەققىدىكى كۆز قارشى ۋە قۇرئاندىكى ھۆكۈملەرنى ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بىلدۈرىشى، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان مۇۋەپپەقىيىتى ۋە پۈتكۈل مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياخشىلىقنىڭ نامايەندىسىدۇر. بۇندىن باشقا ئۆمەرنىڭ مەزكۇر تۇپراقلاردىن باج ئېلىپ، مۇسۇلمانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىشى، ئاۋامغا نىسپەتەن ئورتاق پايدىدۇر. ئەگەر بۇ تۇپراقلار كىرىم - چىقىم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن خەلققە بېغىشلاپ بېرىلمىگىنىدە ئىدى، چېگرىلار مۇداپىئەسىز، قوشۇنلار جىھادقا ئاتلىنىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالغان بولاتتى".

ئەبۇ ئۇبەيد يۇقىرىدىكىلەرنىڭ دەل دەكىسىچە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەتھى قىلىنغان زېمىننى، پەتھى قىلغۇچىلارنىڭ رازىلىقى بىلەن (شۇنداق) قىلغانلىقىنى، ھالبۇكى ئۇلار (پەتھى قىلغۇچىلار) نىڭ (پەتھى قىلىنغان تۇپراقلارنىڭ تەقسىم قىلىنىپ بېرىلىشىنى) ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى، چۈنكى بۇ تۇپراقلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئايەتتىكى ھۆكۈملەرگە ئاساسەن، غەنىمەت ئالغۇچىلارنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارزۇسى بۇنچىلىك كۈچلۈك بولمىغان بولسا، ئۆمەرنىڭ ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ھەقلىرىدىن مەھرۇم قىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

### 2 - ھاراقنىڭ ھۆكمى:

ئۆمەر خەلىپە بولۇشتى بۇرۇن، ھاراق ئىچكۈچىلەرگە، ئۆلچەمسىز بىر رەۋىشتە قول، كەش ۋە يەڭ ئۇچى بىلەن ئۇرۇش ئارقىلىق جازا بېرىلەتتى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە ئېنىق بەلگىلىمە بەلگىلەپ بەرمىگەن ئىدى. ھاراق ئىچكۈچىلەر كۆپىيىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆمەر ساھابىلارنى مەسلىھەتكە چاقىرغاندا ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف: "ئەڭ يېنىك جازا - سەكسەن "جەلدە (قامچا) ئۇرۇش""" دېگەن. ئاندىن ئۆمەر شۇنداق قىلىنىشقا بۇيرىغان.

سائىب ئىبنى زەيد رىۋايىتىدە مۇنداق دېگەن: "بىز رەسۇلۇللاھنىڭ ھايات ۋاقتىدا، ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ۋە ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھاراق ئىچكۈچىلەرنى كەلتۈرۈپ، قول، كەش ۋە كىيىملىرىمىز

---

(1) سۈرە ھەشر 8 - ئايەت.
(2) سۈرە ھەشر 9 - ئايەت.
(3) سۈرە ھەشر 10 - ئايەت.

www.uyghurweb.net

بىلەن ئۇرۇپ جازالايتتۇق. ئۆمەر خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ھاراق ئىچكۈچىلەرنى قىرىق دەررە، ھەددىدىن ئېشىپ پاسىق بولۇپ كەتكەنلەرنى سەكسەن دەررە ئۇرۇپ جازالىغان».

بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتىدە: ”مەن ۋىجدان ئازابىي تارتىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ھاراق ئىچكۈچىلەردىن باشقا، ھېچكىمگە ئۆلۈپ قالغۇچە جازا بەرمەيمەن. ئەگەر ئۆلۈپ قالغۇچىلار (ھاراق ئىچكۈچىلەردىن) بولسا، (ئائىلىسىگە) تۆلەم تۆلەيتتىم. چۈنكى رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە قانچىلىك جازا بېرىلىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتمىغان ئىدى“ دېگەن.

بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئۆمەرنىڭ (خەلىپىلىك) دەۋرىدە بەزى كىشىلەر جازاغا سەل قاراپ، ھاراققا بېرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆمەر ئادىتى بويىچە ساھابىلارنى مەسلىھەتكە چاقىرغاندا، بەزىلەر ”سەكسەن دەررە ئۇرۇلىشى كېرەك“ دەپ مەسلىھەت بەرگەن. ئۆمەر ئۇلارنىڭ بۇ مەسلىھەتى بويىچە جازالاشقا بۇيرىغان.

ئەنەس ئىبنى ئىمام مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە: ”رەسۇلۇللاھ ھاراق ئىچكەن بىر ئادەمنى ئەكەلدۈرۈپ قىرىق دەررە ئۇرغۇزغان. ئۆمەرمۇ شۇنداق قىلغان. (بىراق، بەزىلەر ھاراققا بېرىلىپ كەتكەندىن كېيىن) ئۆمەر ساھابىلارنى مەسلىھەتكە چاقىرغاندا، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف: ”ئەڭ يېنىك جازا ـ سەكسەن ”جەلدە (قامچا) ئۇرۇش““ دېگەن. ئاندىن ئۆمەر شۇنداق قىلىنىشقا بۇيرىغان.

بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. لەۋزى بولسا مۇسلىمغا ئائىتتۇر.

ئىبنى دەقىقىل ئىدقا كۆرە: ”بۇ، ئەھكاملاردا ئىجتىھاد قىلىش يۈزىسىدىن مەسلىھەتلىشىش لازىملىقىنىڭ دەلىلىدۇر“. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە: ”سەكسەن دەررە ئۇرۇشنى قوللىغانلارنىڭ بىرسى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. دېمەك، بۇ، قىياس ۋە ئىستىھسان (قولايلىق يۈزىسىدىن قىيىننى قويۇپ، ئاساننى قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى) ئارقىلىق ھۆكۈم قىلسا بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتىدۇر“.

ئىمام مالىكنىڭ (مۇۋەتتە) ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىنىشىچە، ئۆمەر ساھابىلارنى ”ھاراق (نىڭ ھۆكمى)“ توغرۇلۇق چاقىرغاندا، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب: ”ھاراق ئىچكۈچىلەرنى (سەكسەن دەررە) ئۇرۇپ (جازالىشىڭ) كېرەك، چۈنكى ھاراق ئىچكۈچىلەر، ھاراق ئىچكەن چاغدا مەست بولۇپ قالىدۇ، مەست بولۇپ قالغان چاغدا ئېسىنى يوقىتىپ قويىدۇ، ئېسىنى يوقىتىپ قويغان چاغدا تۆھمەت قىلىدۇ“ دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر، ھاراق ئىچكۈچىلەرنى ”سەكسەن دەررە“ ئۇرۇپ جازالىغان.

ئىبنى ھەجەرگە كۆرە، بۇ ”مۇفەسسەل ھەدىس“ تۇر. بۇنى تەھتاۋىي بىلەن نەسەئىي ئارقا ـ ئارقىدىن نەقىل كەلتۈرگەن. ئىبنى ھەزم بولسا بۇ قاراشقا: ”ئېسىنى يوقىتىپ قويغان چاغدا تۆھمەت قىلىدۇ (دېگەن قاراش توغرا ئەمەس). ھالبۇكى ئېسىنى يوقىتىپ قويغۇچىنىڭ سۆزىنى بوتان دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا قەستەنلىك يوق، بۆھتانلىق پەقەت قەستلىك بولىدۇ“ دەپ قېتىلمىغان.

ئۈزۈلۈكسىز داۋاملاشقىنى بولسا، بۇخارى بىلەن مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ قەيت قىلغىنىدەك ”سەكسەن دەررە“ ئۇرۇپ جازالاشتۇر.

ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئىينىڭ رىۋايەتلىرىگە كۆرە، ئۆمەرنىڭ (ساھابىلارنى) مەسلىھەتكە چاقىرىشىنىڭ سەۋەبى ئەسلىدۇ مۇنداق ئىدى: ”خالىد ئىبنى ۋەلىد ئۆمەرگە مەكتۇپ يوللاپ، ئىنسانلارنىڭ يۈرگۈزۈلۈۋاتقان جازانى نەزەرگە ئالماي، ھاراققا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. بۇ چاغدا ئۆمەرنىڭ يېنىدا (پىشقەدەم) مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلار بار ئىدى. ئۆمەر (مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش) توغرۇلۇق ئۇلارغا سورىغاندا ئۇلار: ”ھاراق ئىچكۈچىلەرگە سەكسەن دەررە ئۇرۇپ جازالىندۇرۇش كېرەك“ دەپ مەسلىھەت بېرىشكەن“.

بۇ ۋەقەلىكنى بېشىدىن كەچۈرگەنلەرنىڭ نەقىل كەلتۈرۈشىچە، ئىختىلاپ ئەسلىدە (ھاراقنىڭ ھۆكمى) توغرۇلۇق ئىدى. ھالبۇكى بۇ ئىختىلاپ فۇقەھالار ئوتتۇرىسىدا ھېچ تۈگىمىدى.

3 ـ جازانە:

www.uyghurweb.net

﴿ئاللاھ سودا ـ سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى، (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) ھارام قىلدى﴾[1].

جازانىخۇرلارغا قارشى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ:

﴿ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! (ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار، ئاللاھ (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك) قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، (كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە) قېلىپ قالغان جازانىنى (يەنى ئۆسۈمنى) ئالماڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار بىلىڭلاركى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ، ئەگەر (جازانە قىلىشتىن) تەۋبە قىلساڭلار، (قەرز بەرگەن) سەرمايەڭلار ئۆزەڭلارغا قايتىدۇ، باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزەڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر. ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغۇچە كۈتۈڭلار، ئەگەر (خەيرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار، قىيىنچىلىقتا قالغان قەرزداردىن ئالىدىغان قەرزنى ئۇنىڭغا) سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر﴾[2].

ھەممىگە مەلۇمكى جازانە، جاھىلىيەت دەۋرىدە بەلگىلىك ئۆسۈم بەدىلىگە بېرىلىدىغان ۋاقىتلىق قەرزدىن ئىبارەت بولۇپ، ۋاقىت قانچە ئۇزارسا ئۆسۈمى شۇنچە ئېشىپ كېتەتتى. بۇ خىل جازانە، ''قەرز جازانىسى'' ياكى ''قەرەللىك جازانە ـ ئۆسۈم پىرسەنتى'' دەپ ئاتىلاتتى.

ساھابىلار فەزل جازانىسى ''بىر نەرسىنى ئىككى قات پايدىغا سېتىش'' ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان.

جۇمىلىدىن ئىبن ئابباسقا كۆرە: ''قەرەللىك جازانە ھارام، فەزل جازانىسى ھارام ئەمەس''. ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا، ئۇسامە ئىبن زەيد، زەيد ئىبنى ئەرقەم، ئىبنى زۇبەير قاتارلىق بىر قىسىم ساھابىلار قوشۇلغان.

ئىبنى قۇدامە «مۇغەننا» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىشىچە، ساھابىلار ئاساسەن فەزل جازانىسى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. ئۇ يەنە، ئۇسامە ئىبن زەيد، زەيد ئىبنى ئەرقەم ۋە ئىبنى زۇبەيرلەرنىڭ بۇنداق دېيىشى، بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ رىۋايەتلىرىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «قەرەللىك جازانە ھارامدۇر» دېگەن سۆزىگە ئاساسلانغان.

ئۇبادە ئىبنى سامىتنىڭ ھەدىسىغا كۆرە: «رەسۇلۇللاھ: ئالتۇنغا ئالتۇن، كۈمۈشكە كۈمۈش، بۇغدايغا بۇغداي، ئارپىغا ئارپا، خورمىغا خورما، تۇزغا تۇز (مىقتارى قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك دەرىجىدە) تېگىشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر بۇلارنىڭ تۈرلىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولسا،خالىغىنىڭلارچە سېتىڭلار! دېگەن».

ئەبۇ سەئىد خۇدرىنىڭ رىۋايىتىدە: «كىمكى ئارتۇق بېرىدىكەن ياكى ئارتۇق ئالىدىكەن، ئالغۇچىمۇ، بەرگۈچىمۇ ئوخشاشلا جازانىخوردۇر» دېيىلگەن.

قىسقىسى، فەزل جازانىسىنىڭ ھاراملىقى ھەققىدىكى تابىئىنلارنىڭ بەس ـ مۇنازىرە تەلەپ قىلىنمايدىغان ئىجماسى، ئىبنى ئابباس قاتارلىقلارنىڭ ئىجماسىغا ئاساسلانغان.

### 1- تالاق ۋە ئۈچ تالاق:

ئۆمەر بۇرۇن ھېچ بېشىدىن ئۆتمىگەن «ئۈچ تالاق» مەسىلىسىگە ھۆكۈم قىلغان.

تاۋۇسنىڭ ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىشىچە:

«ئۈچ تالاق ـ رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرىنىڭ دەۋرىدە ۋە ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى ئىككى يىلىدا بىر ئىدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب: «شۈبھىسىزكى ئىنسانلار سوغۇققان بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلاردا تولىمۇ ئالدىراقسانلىق قىلىدۇ، ئۇنداقتا ئۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىناۋەتكە ئىگە قىلايلى!» دەپ، ئىناۋەتكە ئىگە قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: ئەبۇ سەھبان ئىبنى ئابباسقا: ''ئۈچ تالاق رەسۇلۇللاھ ۋە ئەبۇ بەكرىنىڭ دەۋرىدە بىر ئەمەسمىدى؟'' دەپ سورىغاندا، ئىبنى ئابباس: ''شۇنداقتى، بىراق، ئىنسانلار تالاقنى كۆپەيتىۋەتكەن بولغاچقا ئۆمەرمۇ ئۇنى ''ئىناۋەتلىك'' دەپ قاراپ، جائىزلىقىغا ھۆكۈم قىلدى. ئىنسانلار ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلارغا ئەگىشىپ، جازالىنىشقا ئالدىراپ كېتىدۇ ـ دە،

---

[1] سۈرە بەقەرە 275 - ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە 278 – 280 - ئايەتكىچە.

www.uyghurweb.net

نەتىجىدە جازالىرىنى چېكىشىدۇ. ئەسلىدە سۈننەتكە ئەڭ ئۇيغۇن بولغان تالاق، كۆپ قېتىملىق تالاقتۇر. چۈنكى بۇ ئەر - ئايالغا قايتا يارىشىش پۇرستى يارىتىپ بېرىدۇ“ دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇ مەسىلىگە قارىتا ساھابىلارنىڭ كۆز – قاراشلىرى بىردەك ئەمەس ئىدى. ساھابىلارنىڭ كۆپۈنچىسى ئۆمەرنى قوللىسا، ئەلى، مۇسا، ئىبنى ئاببباس، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفكە ئوخشاش بىر قىسىم ساھابىلار قارشى چىققان.

بۇ ھەقتە يەنە ئۆلىمالارنىڭ نەزىرىدىكى مەشھۇر مەزھەپلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىمۇ بىر - بىرىگە تامامەن زىت:

**بىرىنچى مەزھەپكە كۆرە:**

بىر ئادەم ئايالىنى بىر لەۋزى بىلەن ”ئۈچ تالاق“ دېسە، مەيلى جىما قىلغان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئۈچ تالاق بولىدۇ.

**ئىككىنچى مەزھەپكە كۆرە:**

بىر ئادەم ئايالىنى بىر لەۋزى بىلەن ”ئۈچ تالاق“ دېسە، مەيلى جىما قىلغان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، بىر تالاق بولىدۇ.

**ئۈچىنچى مەزھەپكە كۆرە:**

بىر ئادەم ئايالىنى بىر لەۋزى بىلەن ”ئۈچ تالاق“ دېسە، جىما قىلغان بولسا ئۈچ تالاق، جىما قىلمىغان بولسا بىر تالاق بولىدۇ.

**تۆتىنچى مەزھەپكە كۆرە:**

مۇتلەق تالاق بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق تالاقلار ”بىدئەت ۋە ھارام“ دۇر.

## 2- تەراۋىھ نامىزى:

بۇ، رامىزاندا ئىنسانلارنى تەراۋىھ نامىزى ئۈچۈن توپلىغان ئۆمەرگە خاس بىر نامازدۇر.

رەسۇلۇللاھ رامىزاندا ساھابىلىرى بىلەن بىرگە جامائەت بولۇپ قىيامدا تۇراتتى (ناماز قىلاتتى). كېيىن بۇنىڭ ساھابىلىرىغا ۋاجىب بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ تەرك ئەتكەن.

رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرىنىڭ دەۋرىدە ۋە ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىكىنىڭ باشلىرىدا، ئىنسانلار تەراۋىھ نامىزىنى ئايرىم - ئايرىم ئوقۇيتتى. بىر كېچىسى ئۆمەر ئىنسانلارنىڭ مەسچىتتە توپ – توپ بولۇپ ناماز قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: ”قارىغاندا ئۇلارنى بىر ئىمامنىڭ ئەتراپىغا توپلىسام بولغۇدەك“ دەپ ئويلاپ، ئۇبەي ئىبنى كەئبنى ئۇلارغا ئىمام بولۇشقا بۇيرۇدى. يەنە بىر كېچىسى چىققىنىدا، ئۇلارنىڭ ئۇبەي ئىبنى كەئبنىڭ ئىمامەتچىلىكىدە جامائەت بولۇپ ناماز قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى يايراپ كەتتى“.

”نەپلى“ ھېسابلانغان تەراۋىھ نامىزىنى، ئون بىر رەكئەتتىن يىگىرمە رەكئەتكىچە ياكى كۆپرەك قىلىش توغرۇلۇق (ئۆلىمالارنىڭ) كۆز - قاراشلىرى تېخىچە بىرلىككە كەلگىنى يوق.

سەھىھەيندىكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايىتىگە كۆرە: ”رەسۇلۇللاھ بىر كېچىسى مەسچىتكە چىقىپ ناماز قىلغاندا، بەزىلەرمۇ رەسۇلۇللاھنى دوراپ ناماز قىلغان. بۇنى ئاڭلاپ ئىنسانلار مەسچىتكە قاراپ ئېقىشقا باشلىغان. ئىككىنچى كېچىسى چىققىنىدا، ئىنسانلار دەل ئۆزى ئوقۇغان نامازنى ئوقۇۋاتاتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۈچىنچى كېچىدە مەسچىتكە كەلگۈچىلەرنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپەيدى. تۆتىنچى كېچىسى نامازخانلار مەسچىتكە سىغماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ بامدات نامىزىغىچە مەسچىتكە چىقمىدى. بامدات نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ غا ھەمدۇسانا ئوقۇدى ۋە جامائەتكە يۈزلىنىپ: «سىلەرنىڭ بۇ كېچىدىكى ئىشىڭلار ماڭا نىسبەتەن ئىنتايىن ئۇلۇغ. بىراق، بۇ كېچىدىكى نامىزىڭلارنىڭ سىلەرگە پەرز بولۇپ قېلىپ، ھۆددىدىن چىقالماي قېلىشىڭلاردىن تولىمۇ قورقىمەن» دېدى“. بۇخارىنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: ”رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندىمۇ، ساھابىلار تەراۋىھ نامىزىنى ھېچ تەرك قىلمىدى“.

ئابدۇراھمان ئابدۇل قارىيدىن رىۋايەت قىلىپ مۇندا دېگەن: «رامىزاننىڭ بىر كېچىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن بىللە مەسچىتكە چىقسام، ئىنسانلار گۇرۇھ - گۇرۇھ بولۇپ (تەرتىپسىز ھالدا) ناماز قىلىۋاتقانىكەن. بەزىلىرى يالغۇز ناماز قىلسا، يەنە بەزىلەر بىر قانچە كىشى بىر بولۇپ ناماز قىلاتتى. (بۇنى كۆرۈپ) ئۆمەر: ”قارىغاندا ئۇلارنى بىر قارىنىڭ (ئارقىسىغا) توپلىمىسام بولمىغۇدەك“ دەپ قاراپ، ئۇبەي ئىبنى كەئبنىڭ ئىمامەتچىلىكىدە (جامائەت بولۇپ) ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇدى. يەنە بىر كېچىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىققىنىمىزدا، بۇ ئىنسانلار (جامائەت) تەيىنلەنگەن قارى (ئىمام) نىڭ ئارقىسىدا ناماز

www.uyghurweb.net

قىلىشۋاتاتتى. (بۇنى كۆرۈپ) ئۆمەر: ”باشقىلار ئۇخلاۋاتقاندا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ (مەسچىتكە كېلىپ) قىلغان بۇ كىشىلەرنىڭ (ئىبادەتلىرى) نېمە يۇگەن ياخشى بەدئەت، نېمە دېگەن پەزىلەتلىك ئىش - ھە!» دېدى. كىشىلەر سەھەر ۋاقتىدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، (ناماز ‹ئىبادەت› قىلاتتى)».

ھافىز ئىبنى ھەجەرنىڭ ”فەتھى“ ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: ”بىدئەت دېمەك، (ئىسلامدا) بۇرۇن بولۇپ باقمىغان بىر ئىشنىڭ پەيدا بولۇشى دېمەكتۇر. ھالبۇكى بىدئەت ئىسلام قانۇنىدا ئانچە ياخشى دەپ قارالمايدۇ. تەتقىقات نەتىجىلىرىگە كۆرە بىدئەت، ”مۇباھ“ بولۇپ، ئىسلام قانۇنىغا ئۇيغۇن بولسا ”ياخشى بىدئەت“، زىت بولسا ”يامان بىدئەت“ دەپ قارىلىدۇ. بىدئەت ئاساسەن بەش قىسىمغا بۆلۈنىدۇ“.

ئىمام مالىك ”مۇۋەتتە“ ناملىق ئەسىرىدە، يەزىد ئىبنى روماندىن نەقىل كەلتۈرۈپ بايان قىلىشىچە: ”ئۆمەرنىڭ زامانىدا ئىنسانلار رامىزاندا 23 رەكئەت تەراۋىھ نامىزى قىلاتتى“.

بۇخارى قاتارلىقلارنىڭ ئائىشەدىن نەقىل كەلتۈرۈپ بايان قىلىشىچە: ”رەسۇلۇللاھ رامىزاندا 11 رەكئەتتىن ئارتۇق ناماز قىلمايتتى. ئالدى بىلەن تۆت رەكئەت ناماز قىلاتتى. ئۇنىڭ نە قەدەر چىرايلىق ۋە نە قەدەر گۈزەللىكىنى دېمەيلا قويۇڭ! ئاندىن يەنە تۆت رەكئەت ناماز قىلاتتى. ئۇنىڭ نە قەدەر چىرايلىق ۋە نە قەدەر گۈزەللىكىنى دېمەيلا قويۇڭ! ئاخىرىدا ئۈچ رەكئەت ناماز قىلاتتى“.

ئۆمەرنىڭ ئىنىقلاپ چىقىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاندا ساھابىلار بىلەن ئۈچ كېچە جامائەت بولۇپ تەراۋىھ نامىزى قىلغان بولۇپ، كېيىن رەسۇلۇللاھ تەراۋىھ نامىزىنىڭ ئۇلارغا پەرز بولۇپ قېلىشىتىن خەۋپسىرەپ، (داۋاملاشتۇرۇشنى) ياقتۇرمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ بۇ شۇنداق بولغان. بىراق كېيىن ئايرىم (ناماز قىلىش) ھەققىدە تالاش - تارتىش بولغاندا، ئۆمەر تەراۋىھ نامىزىنى جامائەت بولۇپ ئوقۇشنى بۇيرىغان. چۈنكى بىر سەپكە تىزىلىش، نامازغانلارغا خۇشاللىق بېغىشلايدۇ.

### 3- ئازاد - قۇل (ياكى ھۆر - دېدەك) ئەر - ئايالنىڭ تالىقىنىڭ ھۆكمى:

ساھابىلار ئازاد - قۇل ئەر - ئايالنىڭ تالىقى توغرۇلۇق ئىختىلاپ قىلىشقان بولۇپ، ئوسمان ئىبنى ئەففان، زەيد ئىبنى سابىت ئۆمەر ۋە ئىبنى ئابباس قاتارلىق ساھابىلار مۇنداق پەتىۋا بېرىشكەن: ”ئازاد بىر ئايال قۇلغا خوتۇن بولالايدۇ ۋە ئىككى تالاق بىلەن مەڭگۈلۈك ھارام بولىدۇ. تالاق قىلىش ئەرگە ئائىتتۇر. چۈنكى تالاق قىلىش سالاھىيىتى بىلەن نىكاھنىڭ چۈلۋۈرى ئەرنىڭ ئىلكىدە“. بۇ پىكىرگە ئەلى بىلەن ئىبنى مەسئۇد: ”خوتۇن كىشى پەقەت ئۈچ تالاق بىلەنلا ھارام بولىدۇ. دېدەكنىڭ مەسىلىسىگە كەلسەك، دېدەك ھۆر كىشىگە خوتۇن بولالايدۇ ۋە ئىككى تالاق بىلەن ھارام بولىدۇ. تالاق قىلىش بولسا، خوتۇنىغا ئائىتتۇر. چۈنكى تالاق خوتۇن كىشىنىڭ ئۈستىدە ۋاقى بولىدۇ“ دەپ قاراپ قېتىلمىغان.

### 4- ئېرى ۋاپات بولغان ھامىلدار ئايالنىڭ ئىددىتى:

﴿ئاياللىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەردىن (يەنى يېشى چوڭ بولغانلىقتىن ھەيز كۆرمەيدىغانلارنىڭ ئىددىتىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىدىن) شۈبھىدە بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر، (كىچىكلىكتىن) ھەيز كۆرمىگەنلەرنىڭ ئىددىتى ھەم ئۈچ ئايدۇر، ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى (مەيلى قويۇۋېتىلگەن بولسۇن، مەيلى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن) بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدۇ﴾[1].

﴿ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئاياللىرى قېلىپ قالغان كىشىلەر بولسا، ئاياللىرى تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم﴾[2].

ئەلى، ئىبنى ئابباس ۋە نايىل قاتارلىقلارنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، رەسۇلۇللاھنىڭ بىر قىسىم ساھابىلىرى بۇ ئايەتلەر ھەققىدە تالاش - تارتىش قىلغان بولۇپ، بىر قىسمى: ”ئاللاھ تالاق قىلىنغان ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددىتىنىڭ بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدىغانلىقىنى، ئېرى ۋاپات بولۇپ كەتكەن ھامىلدار ئاياللارنىڭ تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىملىقىنى بايان

---

[1] سۈرە تەلاق 4 - ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە 234 - ئايەت.

www.uyghurweb.net

قىلدى. شۇڭا ئېرى ۋاپات بولغان هامىلدار ئايال بوشانغان تەقدىردىمۇ ئىككى ئىددەتتىن قايسىسى ئەڭ ئۇزۇن بولسا شۇنى تۇتۇشى لازىم (يەنى يەنى تۆت ئاي ئون كۈندىن بۇرۇن بوشانغان تەقدىردىمۇ ئىددەت مۇددىتىنى تاماملىشى لازىم" دېسە، يەنە بىر قىسمى: "بوشانغان هامان ئىددەتنىڭ مۇددىتى تۈگەيدۇ" دېيىشكەن.

بۇخارى ۋە نەسەئىينىڭ ئىبنى مەسئۇددىن رىۋايەت قىلىشىچە: "قىسقا نىسا سۈرىسى (يەنى تالاق سۈرىسى)، ئۇزۇن نىسا سۈرىسى (يەنى بەقەرە) سۈرىسىدىن كېيىن نازىل بولغان. هالبۇكى بەقەرە سۈرىسىدىكى ئايەتنىڭ هۆكمى، نىسا سۈرىسىدىكى ئايەتنىڭ هۆكمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان".

ئەبۇ داۋۇد بىلەن ئىبنى ماجەدىن باشقا بىر تۈركۈم ساهابىلارنىڭ ئۇممۇ سەلەمەدىن رىۋايەت قىلىشىچە: "ئەسلەمە قەبىلىسىدىن "سۇبەيئە" ئىسىملىك بىر ئايال هامىلدار چېغىدائېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئەبۇ سەنابىل ئىبنى كەئب ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش تەكلىپى بەرگەندە، رەت قىلدى. ئۇ كىشى: "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئىككى مۇددەتنىڭ ئاخىرغىچە ئىددەت تۇتماستىن، ياتلىق بولۇشۇڭ توغرا ئەمەس" دېدى. ئون نەچچە كۈندەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بوشاندى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ هۇزۇرىغا كېلىپ ئەهۋالنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ: «ياتلىق بول» دېدى".

تىرمىزىدىن باشقا ساهابىلارنىڭ رىۋايەتلىرىدە: "سۇبەيئە: "(رەسۇلۇللاھ) ماڭا بوشانغان چېغىمدا، ئىددىتىمنىڭ تۈشىدىغانلىقى ۋە ياتلىق بولسام بولىدىغانلىقى هەققىدە پەتىۋا بەردى" دېگەن".

**5- ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەنلەرنىڭ تالىقىنىڭ هۆكمى:**

﴿ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن كىشىلەر تۆت ئاي كۈتىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار (بۇ مۇددەت ئىچىدە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا) قايتسا، (ئاياللىرىغا يامانلىق قىلغان گۇناهىنى) ئاللاه ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئاللاهناهايىتى مېهرىباندۇر. ئەگەر ئۇلار تالاق قىلىش نىيىتىگە كەلسە، ئاللاه ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

كۆپلىگەن ساهابىلارغا كۆرە: "تۆت ئايلىق مۇددەت ئاخىرلىشىپ، ئىددەتنىڭ ۋاقتى تۈگىگەندىن كېيىن، يائاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا) قايتىشى، ياكى چىرايلىقچە قويۇۋېتىشى كېرەك". بۇخارىنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە بۇ ئىبنى ئۆمەرنىڭ مەزهىبىدۇر. بۇ ئوسمان، ئەلى، ئەبۇ دەرداﺋ، ئائىشە ۋە 12 ساهابەنىڭ رىۋايەتلىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان". ئىبنى مەسئۇد، زەيد ۋە ئەللارنىڭ كۆزقاراشلىرىمۇ ئەينەن شۇنداق.

بۇخارىنىڭ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىشىچە: "تۆت ئايلىق مۇددەت ئاخىرلىشىپ، ئىددەتنىڭ ۋاقتى تۈگىگەندىن كېيىن، يائاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا) قايتىشى، ياكى چىرايلىقچە قويۇۋېتىشى كېرەك، (ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن كىشىلەر، قەسەم ئىچىش جەريانىدا) ئاياللىرىنى تالاق قىلىۋەتمىگەن بولسا، (ئىچكەن قەسەملىرى) تالاق هېسابلانمايدۇ".

ئىبنى ئۆمەرنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئوسمان، ئەلى، ئەبۇ دەرداﺋ، ئائىشە ۋە 12 ساهابەنىڭ رىۋايەتلىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان. ئەهمەد ئىبنى هەنبەل ئەبۇ تالىبتىن نەقىل كەلتۈرۈپ: ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى ۋە ئىبنى ئۆمەر قاتارلىق ساهابىلارنىڭ قارىشىچە: "تۆت ئايدىن كېيىن، ئىددەتنىڭ مۇددىتى تۈگەيدى. بۇ چاغدا، يائاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا) قايتىشى، ياكى چىرايلىقچە قويۇۋېتىشى كېرەك" دېگەن.

تەبەرىنىڭ ئەلى، ئىبنى مەسئۇد ۋە زەيد ئىبنى سابىتتىن نەقىل كەلتۈرۈشىچە: "تۆت ئايلىق مۇددەت ئاخىرلىشىپ، ئىددەتنىڭ ۋاقتى تۈگىگەندىن كېيىن، يېقىنچىلىق قىلىنماستىن (جىما قىلىنماستىن) تالاق قىلىنغان (ئايالنىڭ) تالىقى «تالاق بائىندۇر»[2] ئىبنى ئابباستىنمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلىنغان.

**9 ـ مەبتۇتە (ئۈچ تالاق قىلىنىپ قويۇۋېتىلگەن ئايال) گە بېرىلىدىغان نەپىقە ۋە تۇرار ـ جاي:**

---

[1] سۈرە بەقەرە 226 ـ 227 ـ ئايەتلەر.

[2] تالاق بائىن ـ يېڭىدىن مېهر هەققى بېرىپ، نىكاھ قىلىپ ئامىغۇچە (قايتىدىن توي قىلمىغۇچە) ئەر ـخوتۇنلۇق مۇناسىۋەتكە خاتىمە بېرىپ ، قويۇۋېتىشنى تەقەززا قىلىدىغان تالاق.

www.uyghurweb.net

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، مەبتۇتەگە نەپىقە ۋە تۇرار ـ جاي بېرىلىدىغانلىقىغا پەتىۋا بەرگەن. ئۆمەرگە: ”رەسۇلۇللاھنىڭ فاتىمە بىنتى قەيسكە ئۈچ تالاقتىن كېيىن نە نەپىقە، نە تۇرار ـ جاي بەرمىگەنلىكى“ ھەققىدىكى فاتىمە بىنتى قەيسىنىڭ ھەدىسى خاتىرلىتىلغاندا: ”بىزپەرۋەردىگارىمىزنىڭ كىتابى (ھۆكمى) نى راست ـ يالغانلىقىنى بىلمىگەن بىر ئايالنىڭ سۆزىگە ئاساسەن تەرك قىلالمايمىز“ دېگەن.

﴿(ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشمىغىچە) ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار، ئۇلارمۇ (ئۆيىدىن) چىقمىسۇن، ئۇلار پەقەت ئوچۇق پاھىشە قىلسىلا ئاندىن (ھەدنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن) چىقىدۇ﴾[1].

باشقىلار بولسا، فاتىمە بىنتى قەيسىنىڭ ھەدىسىغا ئاساسەن ”مەبتۇتەگە نە نە نەپىقە، نە تۇرار ـ جاي بېرىلمەيدۇ“ دەپ پەتىۋا بەرگەن. فاتىمە بىنتى قەيسىنىڭ ھەدىسىغا كۆرە: ”ئېرى ئۇنى ئۇزاقتا تۇرۇپ تالاق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئەلچىسى شەئىردىن (مەلۇم مىقداردا) ئارپا ئەۋەتكەن. فاتىمە بۇنى ئاز كۆرۈپ ئەلچىگە (ئاچچىقلانغاندا)، ئەلچى: ”ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، زىممىمىزدە (نەپىقە جەھەتتىن) ھېچنېمەڭ يوق“ دېگەن. فاتىمە رەسۇلۇللاھنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، پەتىۋا سورىغىنىدا، رەسۇلۇللاھ: ”سېنىڭ ئۇنىڭ زىممىسىدە نە نەپىقە، نە تۇرار ـ جاي ھەققىڭ يوق“ دېگەن ۋە ئۇممۇ شەرىكنىڭ ئۆيىدە ئىددىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرىغان.

يەنە بەزىلەر، مۇنۇ ئايەتنى دەلىل قىلىپ: ”ھامىلدارلارغا نەپىقە ۋە تۇرار ـ جاي بېرىلىدۇ“ دېيىشكەن:

﴿ئەگەر ئۇلار ھامىلدار بولسا، بوشانغانغا قەدەر ئۇلارنى تەمىنلەڭلار﴾[2].

ساھابىلار ھامىلدار بولمىغان مەبتۇتەلەرنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق ئىختىلاپ قىلىشقان...

مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدىكى فاتىمە بىنتى قەيسىنىڭ ھەدىسىغا ئاساسلانغاندا، رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرىنىڭ زامانىدا مەبتۇتەلەرگە نە نەپىقە، نە تۇرار ـ جاي بېرىلمىگەن. ئىمام مالىكنىڭ ”مۇۋەتتە“ ناملىق ئەسىرىدە نەقىل كەلتۈرۈلۈشى ۋە ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئىينىڭ فاتىمە بىنتى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىشىچە: ”فاتىمە بىنتى قەيسىنىڭ ئېرى ئەبۇ ئەرو ئىبنى ھەفسە ئۇنى ئۇزاقتا تۇرۇپ تالاق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئەلچىسى شەئىردىن (مەلۇم مىقداردا) ئارپا ئەۋەتكەن. فاتىمە بۇنى ئاز كۆرۈپ ئەلچىگە (ئاچچىقلانغاندا)، ئەلچى: ”ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، زىممىمىزدە (نەپىقە جەھەتتىن) ھېچنېمەڭ يوق“ دېگەن. فاتىمە رەسۇلۇللاھنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلغىنىدا، رەسۇلۇللاھ: «سېنىڭ ئۇنىڭ زىممىسىدە نەپىقە ھەققىڭ يوق» دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتكە كۆرە: «سېنىڭ ئۇنىڭ زىممىسىدە نە نەپىقە، نە تۇرار ـ جاي ھەققىڭ يوق» دېگەن. باشقا بىر رىۋايەتتە كەلتۈرۈلۈشىچە: ”فاتىمە رەسۇلۇللاھنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، نەپىقە بىلەن تۇرار ـ جاي ھەققىدە شىكايەت قىلىپ: «مېنىڭ نە تۇرار ـ جايىم، نە نەپىقەم يوق“ دېگەن“.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا، ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىنى كەڭ دائىرىدە تەھلىل قىلغان:

﴿پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، (ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشمىغىچە) ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار، ئۇلارمۇ (ئۆيىدىن) چىقمىسۇن، ئۇلار پەقەت ئوچۇق پاھىشە قىلسىلا ئاندىن (ھەدنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن) چىقىدۇ﴾[3].

﴿ئۇلارنى (يەنى قويۇۋېتىلگەن ئاياللىرىڭلارنى) قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۆزەڭلار ئولتۇرۇۋاتقان جايىڭلارنىڭ بىر قىسمىدا ئولتۇرغۇزۇڭلار، ئۇلارنى تەڭلىكتە قالدۇرۇش ئۈچۈن زىيان يەتكۈزمەڭلار (يەنى ئۇلارنى چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن تۇرالغۇ جەھەتتىن، نەپىقە جەھەتتىن قىسماڭلار)﴾[4].

ئۆمەر: ”بۇ ئىككى ئايەتنىڭ ھۆكمىگە ئاساسلانغاندا، تالاق رەجئىي بىلەن تالاق مەبتۇتەنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق“ دەپ قاراپ، مەبتۇتەگە نەپىقە ۋە تۇرار ـ جاي بېرىشكە بۇيرىغان. ئۆمەرگە: ”رەسۇلۇللاھنىڭ فاتىمە بىنتى قەيسكە ئۈچ تالاقتىن كېيىن نە نەپىقە، نە تۇرار ـ جاي بەرمىگەنلىكى“ ھەققىدىكى فاتىمە بىنتى قەيسىنىڭ ھەدىسى خاتىرلىتىلغاندا:

---

[1] سۈرە تەلاق 1 ـ ئايەت.
[2] سۈرە تەلاق 6 ـ ئايەت.
[3] سۈرە تەلاق 1 ـ ئايەت.
[4] سۈرە تەلاق 6 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

"بىزپەرۋەردىگارىمىزنىڭ كىتابى (ھۆكمى) نى راست ـ يالغانلىقىنى بىلمىگەن بىر ئايالنىڭ سۆزىگە ئاساسەن تەرك قىلالمايمىز. چۈنكى ئاللاھ: ﴿(ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشمىغىچە) ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار﴾[1] دەپ بۇيرىغان" دېگەن.

بەزى رىۋايەتلەردىكى "پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى" دېگەن ئىلاۋە توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۆمەرگە: "رەسۇلۇللاھنىڭ فاتىمەگە نە نەپىقە، نە تۇرار ـ جاي بەرمىگەنلىكى" خاتىرلىتىلغاندا، ئۆمەرنىڭ: "بىزپەرۋەردىگارىمىزنىڭ كىتابى (ھۆكمى) نى راست ـ يالغانلىقىنى بىلمىگەن بىر ئايالنىڭ سۆزىگە ئاساسەن تەرك قىلالمايمىز" دېگەن. "پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى" دېگەن سۆزنى ئىلاۋە قىلمىغان. بۇنىڭغا ئائىشە، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئۆمەر قاتارلىق ساھابىلار (نىڭ رىۋايەتلىرى) دەلىل بولالايدۇ. بىراق بۇنىڭغا باشقىلار قېتىلمىغان.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ئۆمەرنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئىمام مالىك بىلەن ئىمام شافىئىي بولسا: "فاتىمەگە تۇرار ـ جاي بېرىلگەن، نەپىقە بېرىلمىگەن" دەپ قارايدۇ. ئەھمەد، ئىسھاق، ئەبۇ سەۋر، ئىبنى ئەبۇ لەيلالار: "فاتىمەگە، نە نەپىقە، نە تۇرار ـ جاي بېرىلمىگەن. چۈنكى مەزكۇر ئايەتنىڭ ھۆكمىگە مۆرە، فاتىمەنىڭ تالىقى "تالاق بائىن" ئەمەس ئىدى" دەپ قارىشىدۇ.

## 10 ـ (ئۆلگۈچىنىڭ) بوۋىسى بىلەن قېرىنداشلىرىنىڭ مىراسى:

ساھابىلار بوۋا (نىڭ مىراسى) ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. زەيد ئىبنى سابىتنىڭ ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى ۋە ئىبنى مەسئۇدنىڭ رىۋاتىيىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: "ئۇلارنىڭ مىراس ئېلىشتىكى ئورنىنىڭ ئوخشىمايغانلىقىغا قاراپ، بوۋىنىڭ مىراسىنى قېرىنداشلىرى ئالىدۇ" دېيىدۇ. ئەبۇ بەكرى بولسا، ئائىشە، ئىبنى زۇبەير، ئىبنى ئابباس، ئىمران ئىبنى ھۇسەين ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەقەبەنىڭ رىۋايىتىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: "ئۇلار دادىسىغا مىراس بېرىپ، قېرىنداشلىرىنى (مىراس ئېلىشتىن) مەھرۇم قىلغان" دەيدۇ .

## 11 ـ (ئۆلگۈچىنىڭ) ھەمشىرىلىرى بىلەن قىزلىرىنىڭ مىراسى:

مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئىبنى مەسئۇد، ئەلى، زەيدنىڭ ۋە ساھابىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ رىۋايەتلىرىدە: "(ئۆلگۈچىنىڭ) ئوغۇل قېرىندىشى بولمىسا، ھەمشىرىلىرى ياكى قىزلىرى بەلگىلەنگەن مىقداردىن جىقراق مىراس ئالىدۇ، قىز قېرىنداشلىرى بولمىسا بەلگىلەنگەن مىقداردا مىراس ئالىدۇ" دېيىلگەن.

ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، ئۇ مىراس توغرۇلۇق (ئۆلگۈچىنىڭ) ھەمشىرىلىرى بىلەن قىزلىرىنى ئايرىغان ۋە (ئۆلگۈچىنىڭ) قىزى بىلەن بىر ھەمشىرىسى توغرۇلۇق: "قىزىغا مىراسنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ، ھەمشىرىسىگە ھېچنېمە بېرىلمەيدۇ" دېگەن. ئۇنىڭغا: "ئۆمەر بۇنىڭ دەل ئەكسىچە ھەمشىرىسىگە مىراسنىڭ يېرىمىنى بەرگەن" دېيىلگەندە، ئۇ: "سىلەرمۇ بەكرەك ئالىم ياكى ئاللاھ مۇ؟" دېگەن. ئۇ مۇنداق دېيىشىدە ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىنى كۆزدە تۇتقان ئىدى:

﴿ئەگەر بىر كىشى ۋاپات بولسا، بالىسى بولمىسا، پەقەت بىر ھەمشىرىسى بولسا، ئۇ تەرەكىنىڭ (مىراسىنىڭ) يېرىمىنى ئالىدۇ﴾[2].

ئۇنىڭ (باشقا) بالىسى بولمىغانلىقتىن، ھەمشىرىسىگىمۇ مىراس تەيىن قىلىنىغان.

قىسقىسى ئۇلار ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق كىشىنىڭ مىراسى توغرۇلۇق ئىختىلاپ قىلىشقان.

## 12 ـ مۇشەررەكە (بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولۇش):

فۇقەھالارنىڭ نەزىرىدە، مۇشەررەكە، تۆۋەندىكىدەك تۆت ئەركاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ئېرى بولۇشى

(2) ئانىسى ياكى مومىسى بولۇشى

(3) بىر ئان ئىدىن بولغان ئىككى ياكى كۆپرەك بالىنىڭ بولۇشى

(4) بىر ئانا ۋە بىر دادىدىن بولغان بولۇشى

---

[1] سۈرە تەلاق 1 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسا 176 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

مۇشەرەركە مەسىلىسى توغرۇلۇق تۇنجى قېتىم ئۆمەردىن پەتىۋا سورالغان بولۇپ، ئۇ "بىرئان ئىدىن بولغان قېرىنداشلار تەرىكە ئالالايدۇ، بىر ئان ئىدىن بولمىغان قېرىنداشلار بولسا ئالالمايدۇ" دەپ ھۆكۈم قىلغان. ئىككىنچى يىلى يەنە بۇ توغرۇلۇق سورالغاندا، بۇ قېتىم، بىرئان ئىدىن بولغان قېرىنداشلار بىلەن بىر ئانا ـ بىر دادىدىن بولغان قېرىنداشلارغا ئوخشاش دەرىجىدە تەرەكەنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئېلىشقا ھۆكۈم قىلغان. ئۇنىڭدىن بىرىنچى قېتىمدا باشقىچە ھۆكۈم قىلغانلىقى توغرۇلۇق سورالغاندا ئۇ: "ئۆتكەندە شۇنداق قىلىشىمىزنىڭمۇ ئاساسى بار ئىدى، ھازىر بۇنداق قىلىشىمىزنىڭمۇ ئاساسى بار" دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇنىڭ بۇ ھۆكمىگە، زەيد ئىبنى سابىت، ئوسمان ئىبنى ئەففان ۋە ئىبنى مەسئۇد قاتارلىق ساھابىلار قېتىلغان . ھالبۇكى بۇ ئىمام شافىئىي بىلەن ئىمام مالىكنىڭ مەزھىبىدۇر. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئۇبەي ئىبنى كەئب ۋە ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىيلەر بۇنىڭغا قېتىلمىغان. ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە بۇ، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە بىلەن ئەھمەدنىڭ مەزھىبىدۇر.

13 ـ ئەۋل مىراسى:

پەرز قىلىنغان مىراس پايدىن مىراسخورلارنىڭ كۆپ بولۇشى "ئەۋل" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاساسەن ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

1) ـ ئادىلە: مىراسخورلارنىڭ ئۈلۈشى بىلەن تەقسىماتى ئوخشاش بولۇپ، ماللارنىڭ ھەممىسى ئاشۇرۇپ قويۇلماستىن (مىراسخۇرلارغا) ئۈلۈشتۈرۈپ بېرىلىدۇ.

2) ـ قاسىرە: مىراسخورلارنىڭ تەقسىماتىدىن ھەسسىسى كەم بولىدۇ.

3) ـ ئائىلە: مىراسخورلارنىڭ تەقسىماتى ھەسسىسىدىن كۆپ بولىدۇ.

بۇ مەسىلە تۇنجى قېتىم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان. رىۋايەت قىلىنىشىچە ئېرى ۋە ئىككى ھەمشىرىسى بار بىر ئايال ئۆلۈپ كېتىپ، بۇ رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلىنغاندا، ئۆمەر ئىجتىھاد قىلىپ، ئەۋل مىراسى بويىچە ھۆكۈم قىلغان.

بەزىلەرنىڭ قارىشىچە: "بۇ رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرىنىڭ دەۋرىدە كۆرۈلمىگەن، ئۆمەرنىڭ دەۋرىدەئېرى، ئانىسى ۋە ھەمشىرىسى بار بىر ئايالنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان تۇنجى قېتىملىق ئائىلە مەسىلىسى ئىدى. ئۆمەر ساھابىلارنى يىغىپ: "ئاللاھ (بۇ ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ) ئېرىگە تەرەكىنىڭ (مىراسىنىڭ) يېرىمىنى، ئىككى ھەمشىرىسىگە ئۈچتىن ئىككىسى ئېلىشقا پەرز قىلغان. ئەگەر مەن تەرەكىنى ئېرىدىن باشلىسام، ئىككى ھەمشىرىسىنىڭ ھەققى قالمايدىكەن، ئەگەر ئىككى ھەمشىرىسىدىن باشلىسام، ئېرىنىڭ ھەققى قالمايدىكەن، شۇڭا بۇ ھەقتە ماڭا مەسلىھەت بەرسەڭلار!" دېگەندە، ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەۋلگە مەسلىھەت بەرگەن".

زۆھرىينىڭ ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئەۋل مىراسىنى تۇنجى بولۇپ قانۇنلاشتۇرغان ئۆمەر ئىبنى خەتابتۇر. (مىراسخورلار مىراس توغرۇلۇق) تالاش ـ تارتىش قىلىشقا باشلىغاندا ئۆمەر: "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى (مىراسنى) ئاللاھقايسىڭلارغا بۇرۇن، قايسىڭلارغا كېيىن (بېرىلىشنى) بۇيرىدى، مەن بىلمەيمەن" دېگەن. ئۇ تولىمۇ تەقۋادار كىشى ئىدى. ئاندىن ئۇ: "ماڭا نىسپەتەن بۇ ماللارنى سىلەرگە ئۈلۈشتۈرۈپ بېرىشتىنمۇ كاتتا ئىش بولمىسا كېرەك" دەپ، ئۇلارنىڭ (مىراس) ھەققىنى ئەۋل مىراسىنىڭ قانۇنى دائىرىسىگە كىرگۈزگەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ قارىشىغا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن باشقا، ئەلى، ئابباس، ئىبنى مەسئۇد ۋە زەيد ئىبنى سابىت قاتارلىق ساھابىلار تامامەن قېتىلغان. بۇ قاراشقا ئاساسلانغاندا، قىسمەن قانۇنلارنىڭ تەسىر كۈچى بەزى قانۇنلاردىن تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. بەزىسى ھۆكۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرسا، بەزىسى قالدۇرمايدۇ. ئەمەلدىن قالدۇرمايدىغان قانۇنلارنىڭ تەسىر كۈچى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا (مىراسخورلارنىڭ) ھەق ـ ھوقۇقىغا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىپ، قالغان تەرەكىلەر باشقا مىراسخورلارغا بېرىلىدۇ. شۇڭا ئەۋل مىراسى توغرۇلۇق كۆپ توختىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق.

رىۋايەت قىلىنىشىچە ئىبنى ئابباس بۇ قارىشنى پەقەت ئۆمەر ۋاپات بولغاندىن كېيىنلا ئاشكارىلىغان.

www.uyghurweb.net



ئىسلام قانۇنىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى مۇستەھكەم ۋە قەتئىي دەلىللەرگە ئىگە بولۇپ، بۇ، ئومۇملۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇقەددەس قانۇن (ئىسلام قانۇن) نىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى ۋە كەسكىن دەلىللىرى دائىرىسى ئىچىدە (بەزى مەسىلىلەرگە) ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن ئىجتىھاد قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

دەرۋەقە، مۇجتەھىدلار كۈندىلىك ھاياتتىكى ئىجتىھادلىرى جەريانىدا بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ بىردەك ھۆكۈم قىلىش ئىمكانىيىتى يوق. شۇ ۋەجىدىن ھەر بىر مۇجتەھىد ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلالىشى ئۈچۈن ئۆز قارىشى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ.

روشەنكى، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە شەيئىلەرگە بولغان چۈشەنچىنىڭ بىر خىل بولمىغىنىدەك، دەلىللەرمۇ بىر خىل بولمايدۇ. شۇڭا بىردەكلىك بولماي، ئىختىلاپنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى تەبىئىي بىر ھادىسىدۇر.

ئاللاھ بۇ ئۈممەتكە ئۆزگەرمەس ۋە كەسكىن دەلىللەر ئارقىلىق ئەقىدە ۋە ئىبادەتلەردە قىلچە ئىختىلاپسىز ئۆز دىنىنى جان تىكىپ قوغدايدىغان كىشىلەرنى بېغىشلىغاندۇر. شۇڭا بۇ ھەقتە ئىختىلاپ قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئاساسىي يوق. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى پەقەتلا جۇزئىي مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپتىن ئىبارەت، خالاس.

بىر قىسىم ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە: ”جۇزئىي مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپتىن قىلىش تەبىئىي بىر ھادىسە بولۇپ، بۇ ئىسلام قانۇنى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا تولىمۇ ئەھمىيەتكە ئىگە. جۈملىدىن ئىختىلاپ، ئىسلام قانۇنىنى قولايلاشتۇرۇش، ئىسلام فىقھەسىگە يېڭى ھايات بېغىشلاش ۋە ئەھكاملىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن زور“.

ئۇلار تۆۋەندىكىدە ئىككى خىل دەلىلغا ئاساسلىنىدۇ:

**بىرىنچى:** سەلام ئىبنى سەلىمدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ساھابىلىرىم يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ، ئۇلارغا ئەگەشسەڭلار مەڭگۈ ئاداشمايسىلەر» دېگەن“ بۇ ھەدىس مەۋزۇدۇر.

ئىبنى ئابدۇلبەرنىڭ ”جامىئۇ بايانىل ئىلمى“ ناملىق ئەسىرىدە، ئىبنى ھەزم ”ئەھكام“ ناملىق ئەسىرىدە رىدە بۇ ھەقتە توختالغان بولۇپ، ئىبنى ئابدۇلبەر: ”ھارىس ئىبنى ھەزىن تونۇلمىغان بىر كىشى، ھەمدە بۇ ھەدىس ھەققىدە باشقا دەلىل يوق“ دېسە، ئىبنى ھەزم: ”بۇ رىۋايەت كۈچكە ئىگە ئەمەس، ئەبۇ سۇفيان، ھارىس ئىبنى ئەزىن ۋە سەلام ئىبنى سۇلايمان مەۋزۇ ھەدىسلارنى رىۋايەت قىلىدۇ، بۇنىڭدا قىلچىمۇ شەك يوق“ دېگەن.

**ئىككىنچى: ”**ئۈممىتىمنىڭ ئىختىلاپ قىلىشى رەھمەتتۇر“ دېگەن ھەدىسنىڭ قىلچىمۇ ئاساسى يوق. ھەمدە ھەدىسشۇنالارمۇ ئۇنىڭ سەنەدىنى ئايدىڭلاشتۇرمىغان. ھەتتا سۇيۇتىيمۇ ”جامىئۇس سەغىر“ ناملىق ئەسىرىدە: ”بەلكى بۇ (رىۋايەت) بىز خەۋەر تاپالمىغان مۇئەللىپلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن“ دېگەن.

بەزى ئۆلىمالار قۇرئان ۋە ھەدىستىن نۇرغۇن دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ، ئىختىلاپنى قاتتىق تەنقىد قىلغان. جۈملىدىن ئىبنى ھەزم ”بايان“ ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: ”ئىختىلاپ قەتئىي جائىز ئەمەس، چۈنكى بىزنىڭ ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاندا تولۇق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇلارنىڭ ”ئىختىلاپ رەھمەت“ دېگەن سۆزلىرى بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئىختىلاپ رەھمەت بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئىتتىپاقلىق غەزەب بولىدۇ. بۇنداق گەپ مۇسۇلمان ئادەم قىلمايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

”ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، پۈتۈن ئادەملەرنى ئەلۋەتتە بىر ئۈممەت (يەنى بىر دىندا) قىلاتتى، ئۇلار (دىن توغرىسىدا) داۋاملىق ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلاردۇر، پەقەت پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى ئىختىلاپ ئۈچۈن) ياراتتى. پەرۋەردىگارىڭنىڭ: ﴿مەن چوقۇم پۈتۈن جىنلار ۋە ئىنسانلار بىلەن دوزاخنى توشقۇزىمەن﴾[1] دېگەن سۆزى ئېنىق بەلگىلەندى.

ئاللاھ ئاغامچىسى بولغان قۇرئانغا مەھكەم يېپىششىمىزغا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

---

[1] سۈرە ھۇد 118 ـ 119 ـ ئايەتلەر.

www.uyghurweb.net

﴿ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئاغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار)﴾[1].

بىر بىرىمىزدىن ئايرىلماسلىق ۋە ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشماسلىق ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[2].

چۈنكى ئىختىلاپ ئۈممەتنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇپ، غەيرەت - شىجائىتىنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ ۋە شانۇ - شەۋكىتىنى خانۇ - ۋەيران قىلىدۇ.

﴿ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ - قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ﴾[3].

مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىغا كۆرە، بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھمۇ مۇنداق دېگەن: «سىلەر قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدىن قايسىسى سىلەرگە قولايلىق بولسا شۇنى ئوقۇڭلار! ئەگەر ئىختىلاپلىشىپ قالساڭلار، قۇرئانغا مۇراجەت قىلىڭلار!» بۇنىدىن باشقا يەنە ئىختىلاپنىڭ ئۈممەتلەرنى ھالاكەتكە دۇچار قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان بولۇپ، بۇ بايان بۇخارى بىلەن مۇسلىمنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرەدىن قىلغان رىۋايىتىدە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلغان: ”(ئەبۇ ھۇرەيرە) مەن رەسۇلۇللاھنىڭ: «مەن نەھيى قىلغان ئىشلاردىن ئۇزاق تۇرۇڭلار! مەن ئەمر قىلغان ئىشلارنى قۇربىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئورۇنلاشقا تىرىشىڭلار! سىلەر دىن بۇرۇن ئۆتكەن مىللەتلەر پەيغەمبەرلىرىدىن تولا سوئال سوراپ، ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقتىن ھالاك بولغان» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم“ دېگەن.

ھەقىقەتەنمۇ جۈزئىي مەسىلىلەردە ئىختىلاپتىن خالىي بولۇش ئىنتايىن قىيىن، دەلىلغا ئاساسلانغان ۋە ياخشىراق دەلىل تېپىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا بۇ خىل ئىختىلاپنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. چەتكە قېقىلىدىغىنى پەقەت دەلىل - ئىسپاتتىن خالىي، ھەقىقەتنى بايان قىلىشتىن تولىمۇ يىراق ۋە ھاۋايى - ھەۋەستىن خالى بولمىغان ئىختىلاپتۇر. ئۇنداق ئىكەن ئىتتىپاقلىق نېمەت ۋە رەھمەتتۇر.

مەيلى بۇرۇن بولسۇن ياكى كېيىن بولسۇن نۇرغۇنلىغان ئۆلىمالار ئۆز ئەسەرلىرىدە، فۇقەھالارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشلىرىنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە قايسى مەسىلىلەردە ئىختىلاپ قىلىشقا جائىز بولىدىغانلىقى ۋە قايسى مەسىلىلەردە جائىز بولمايدىغانلىقىنى مىساللار ئارقىلىق ئوچۇقلاپ بەرگەن. ئالايلۇق:

ئىمام شىھابۇددىن ئىبنى ئەھمەد زەنجانى (ھىجرىيىنىڭ 656 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ ”ئەسلى مەنبەسىگە كۆرە جۈزئى مەسىلىلەرنى ئايرىپ چىقىش“ ناملىق ئەسىرى، شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيىە (661 - 678 ھ) نىڭ ”مەشھۇر ئالىملارغا قىلىنغان بوھتانلارغا رەددىيە“ ناملىق ئەسىرى، ئىمام جەمالىدىن ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇرېھىم ئىبنى ھۇسەين ئەسنەۋىي (ھىجرىيىنىڭ 772 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ ”‹ئەسلى مەنبەسىگە كۆرە جۈزئى مەسىلىلەرنى ئايرىپ چىقىشتا دىققەت قىلىدىغان مەسىلىلەر› ناملىق ئەسىرى، ۋەلىيۇللا ئىبنى ئەھمەد دەھلىۋىينىڭ ”ئىختىلاپنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلىشتا ئىنساپ“ ناملىق ئەسىرى، شەيخ ئابدۇجېلىل ئىيسانىڭ ”مۇسۇلمانلار نىڭ ئۆز - ئارا ئىختىلاپ قىلىشقا بولمايدىغان مەسىلىلەر“ ناملىق ئەسىرى، ئۇستاز ئەلى خەفىفنىڭ ”فۇقەھالارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشىنىڭ تۈرلۈپ سەۋەبلىرى“ ناملىق ئەسىرى، دوكتۇر مۇستەپا خەننىنىڭ ”ئىچتىلاپنىڭ پرىنسىپ جەھەتتىن فۇقەھالارنىڭ ئىختىلاپلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى“ ناملىق ئەسىرى ۋە، دوكتۇر ئابدۇللاھ تۈركىينىڭ ”فۇقەھالارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشىنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلىرى“ ناملىق ئەسىرىدە.

ئىختىلاپنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى مۇھىم نۇقتىلار:

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 103 - ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران 105 - ئايەت.
[3] سۈرە ئەنفال 46 - ئايەت.

www.uyghurweb.net

1 ـ ساھابىلارنىڭ قۇرئاننىڭ رەتلىنىپ چىقىلىشى توغرۇلۇق چۈشەنچىلىرىنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولۇشى. مىسال:

(1) ـ ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك بەزى ئاتالغۇلار ئىككى خىل ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. بۇمۇ ساھابىلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشىغا سەۋەب بولغان. مەسىلەن:
تۆۋەندىكى ئايەتتە كەلتۈرۈلگەن (قۇرۇئ) دېگەن سۆزدە، تالاق قىلىنغان ھەيزدار ئاياللارنىڭ ئىددىتىنى بايان قىلىنغان:
﴿ئۈچۈن تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ﴾[1].
بۇ يەردىكى (قۇرۇز دېگەن سۆز) ھەم ھەيز ھەمدە پاكلىق دېگەن ئۇقۇمنى ئىپادىلەپ كەلگەن بولۇپ، ئەرەب تىلشۇناسلىقىدىمۇ شۇنداق ئىپادىلەنگەن. (قۇرۇئ) نى ئائىشە، زەيد ئىبنى سابىت، زىبنى ئۆمەر قاتارلىقلار "(ھەيزدىن) پاكلىنىش" دەپ قارىسا، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي، ئەھمەد قاتارلىقلار "بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ بىرى" دەپ قارىشىدۇ. ئۆمەر، ئىبنى مەسئۇد قاتارلىق بىر تۈركۈم ساھابىلار بولسا، "قۇرۇئ" تىن مەقسەت ھەيز بولۇپ، تالاق قىلىنغان ئايال، ئۈچىنچى ھەيزدىن پاكلانمىغۇچە "ھالال ئەسە" دەپ قارىشىدۇ.
ئىبنى قەييۇم "زادۇل مەئاد" ماملىق ئەسىرىدىمۇ شۇنداق دېگەن. ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى، ئەبۇ مۇسا، ئۇبادە ئىبنى سامىت، ئەبۇ دەرداءُ، ئىبنى ئابباس، مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىق ساھابىلارمۇ، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەمۇ شۇنداق دېگەن. ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىدىمۇ ھەم شۇنداق.
قىسقىسى، ئەرەبچىدىكى "جەۋن" دېگەن سۆزنىڭ "قاراڭغۇلۇق، ئايدىڭلىق"، "ئەين" دېگەن سۆزنىڭ "ھۆر، دېدەك، ئالتۇن ـ كۈمۈش" دېگەندەك ئىككى ياكى بىر قانچە خىل ئۇقۇمنى ئىپادىلەپ كەلگىنىدەك، "قۇرۇئ" دېگەن سۆزمۇ ھەم "پاكلىنىش" ھەمدە "ھەيز" دېگەن ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ.
(2) ـ ساھابىلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللارنىڭ بىرى (ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچىش) ئايىتىدىكىگە ئوخشاش، ئىككى ئىشنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى:
﴿ئەگەرئۇلار (بۇ مۇددەت ئىچىدە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا ) قايتسا، (ئاياللىرىغا يامانلىق قىلغان گۇناھىنى ئاللاھ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئاللاھناھايىتى مېھرىباندۇر. ئەگەر ئۇلار تالاق قىلىش نىيىتىگە كەلسە، ئاللاھ ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى ) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2].
يەنى (بىر مەسىلىنى) خۇلاسىلەشتىن بۇرۇن، تەرتىپ قائىدىسىگە ئاساسەن تەپسىلى مەلۇمات بېرىشتە (ئىككى خىل ) ئېھتىماللىقنىڭ بولۇشى. (1) بۇ ئايىتتىكى «ف» بايان قىلىش تەرتىۋى بويىچە ئىستېمال قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا "بۇ مۇددەت ئىچىدە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا) قايىتىش" دېگەن بايان بايانىدىن "(ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا) قايتماستىنلا ئىددەتنىڭ مۇددىتى توشسا، تالاق ۋاقى بولىدۇ" دېگەن ئۇقۇم چىقىدۇ. (2) بۇ ئايىتتىكى «ف» ۋەقەلىك تەرتىۋى بويىچە ئىستېمال قىلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنداقتا "پەقەت مەزكۇر ئىددەت توشقاندىن كېيىنلا، ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا) قايتىلايدۇ ياكى تالاق قىلالايدۇ" دېگەن ئۇقۇم چىقىدۇ.
(3) ـ ئىختىلاپقا سەۋەبچى بولغان ئامىللاردىن: ئېرى ۋاپات بولغان ھامىلدار ئايالنىڭ تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى ۋە بوشانغان ھامان ئىددىتى توشىدىغان ئىددەتلىك ئايالنىڭ تالىقىغا ئوخشاش بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى خىل ھۆكۈم ئوتتۇرىسىدا خاتا چۈشىنىپ قېلىش.
بۇنىڭدىن: چۆرىلىرى بىلەن بىرگە ئىككى ھەمشىرىنى بىرلەشتۈرۈش (بىرلا ۋاقىتتا خوتۇنلۇققا ئېلىش) توغرىسىدىكى ئىختىلاپ.
﴿سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلار نىڭ ھەمشىلىرىنى، قېرىنداشڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرىنى، سۈت ئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلدەش ھەمشىرىلىرىڭلارنى، قېيىن

[1] سۈرە بەقەرە 28 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە 226 – 227 ـ ئايەتلەر.

www.uyghurweb.net

ئاناڭلارنى، سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا تەربىيىلەنگەن قىزلىرىنى (بۇ شەرت ئەمەس، ئۆيدە تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ) ئېلىش هارام قىلىندى. ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئانىلىرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولمىغان بولساڭلار، بۇ چاغدا ئۇلارنى ئالساڭلار هېچ باك يوقتۇر، يەنە ئۆز پۇشتىڭلاردىن بولغان باللىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار ۋە ئىككى هەمشىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشىڭلار هارام قىلىندى. لېكىن ئۆتكەنكىلەر (يەنى جاهىلىيەت دەۋرىدە قىلغىنىڭلار) ئەپۇ قىلىنىدۇ﴾(1).

﴿ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (هارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ)﴾(2).

بىرىنچى ئايەتتە مەيلى هۆر ياكى چۆرە بولسۇن ئىككى هەمشىرىنى بىرلەشتۈرۈش (بىرلا ۋاقىتتا خوتۇنلۇققا ئېلىش) مۇتلەق هارام قىلىنىدۇ. ئىككىنچى ئايەتتە چۆرىلەردىن ئىككى هەمشىرىنى بىرلەشتۈرۈش (بىرلا ۋاقىتتا خوتۇنلۇققا ئېلىش)نىڭ جائىزلىقى مۇستەسنا قىلىنغان. بۇ ئىككى ئايەتنىڭ بىر بىرىگە زىت بولۇشى، ئىختىلاپنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان.

ساهابىلارنىڭ كۆپىنچىسىگە كۆرە، چۆرىلەردىن ئىككى هەمشىرىنى بىرلەشتۈرۈش (بىرلا ۋاقىتتا خوتۇنلۇققا ئېلىش) هارام بولۇپ، "نىسا سۈرىسىدىكى ئايەت" نىڭ (هۆكمى) "مۇئمىنۇن سۈرىسىدىكى ئايەت" نىڭ (هۆكمى) گە ئاساسەن مەنسۇخ قىلىنغان (هۆكمى بىكار قىلىنغان).

بۇ هەقتە بەزى ساهابىلار كەڭ توختىلىپ، قىزغىن بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىپ "جائىز" دەپ قاراشقان. جۈملىدىن ئوسمان بىلەن ئىبنى ئىبباس: "بىر ئايەتتە "ئىككى هەمشىرىنى بىرلەشتۈرۈش (بىرلا ۋاقىتتا خوتۇنلۇققا ئېلىش)" هالال قىلىنىپ، يەنە بىر ئايەتتە هارام قىلىنغان" دېگەن. شۆئبىي: "بۇ هەقتەئەلىدىن سورالغان چاغدا: "بىر ئايەتتە "ئىككى هەمشىرىنى بىرلەشتۈرۈش (بىرلا ۋاقىتتا خوتۇنلۇققا ئېلىش)" هالال قىلىنىپ، يەنە بىر ئايەتتە هارام قىلىنغان. هارام ئەڭ ئۈيغۇندۇر" دەپ جاۋاب بەرگەن" دەيدۇ.

ئىمام مالىك قۇسەيبە ئىبنى زۇئەيبدىن رىۋايەت قىلىشىچە، بىر كىشى ئوسمان ئىبنى ئەففاندىن "چۆرىلەردىن ئىككى هەمشىرىنى بىرلەشتۈرۈش (بىرلا ۋاقىتتا خوتۇنلۇققا ئېلىش)" نىڭ هۆكمى توغرۇلۇق سورىغاندا: "بىر ئايەتتە "ئىككى هەمشىرىنى بىرلەشتۈرۈش (بىرلا ۋاقىتتا خوتۇنلۇققا ئېلىش)" هالال قىلىنىپ، يەنە بىر ئايەتتە هارام قىلىنغان. مەن بۇنى مەنئى قىلالمايمەن" دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىبنى ئاباس مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: "ئىككى هەمشىرىنى بىرلەشتۈرۈش (بىرلا ۋاقىتتا خوتۇنلۇققا ئېلىش) هالال قىلىنىپ، يەنە بىر ئايەتتە هارام قىلىنغان" دېگەن.

يەهۇدىي ۋە خرىستىئان ئاياللارغا ئۆيلىنىش:

﴿(ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاهىڭلارغا ئالماڭلار﴾(3).

﴿سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەهۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ مەهرىنى بەرسەڭلار، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا ـ يوشۇرۇن پاهىشىنى كۆزلىمىگىنىڭلار هالدا (ئۇلارنى ئالساڭلار)، ئۇلار سىلەرگە هالالدۇر﴾(4).

بىرىنچى ئايەتتە، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشرىك ئاياللارنى نىكاهىغا ئېلىشى هارام قىلىنغان، ئىككىنچىسىدە بولسا يەهۇدىي ۋە خرىستىئان ئاياللارنى نىكاهىغا ئېلىشى هالال قىلىنغان. ساهابىلار، يەهۇدىي ۋە خرىستىئان ئاياللارنى نىكاهىغا ئېلىشى توغرۇلۇق ئىختىلاپ قىلىشقان.

---

(1) سۈرە نىسا 23 ـ ئايەت.
(2) سۈرە مۇئمىنۇن 5 ـ 6 ـ ئايەتلەر.
(3) سۈرە بەقەرە 221 ـ ئايەت.
(4) سۈرە مائىدە 5 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

ساھابىلارنىڭ كۆپچىلىكى مائىدە سۈرىسىدىكى ئايەتكە (نىڭ ھۆكمىگە) ئاساسەن، "يەھۇدىي ۋە خرىستىئان ئاياللارنى نىكاھىغا ئېلىشى" جائىز دەپ قاراشقان ۋە "بەقەرە سۈرىسىدىكى ئايەتتە بايان قىلىنغان مۇشرىك ئاياللارنى، غەيرى يەھۇدىي ۋە خرىستىئان ئاياللار" دەپ چۈشىنىشكەن.

"مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار" بۇ ئىككى خىل ئۇقۇمنىڭ بىرىدىن تاشقىرى ئەمەس: يا (ئەرلەرنىڭ) ئەھلى كىتاب (ئاياللىرىنىڭ) (دىنىغا) كىرىپ كېتىش ئېھتىماللىقىدىن ياكى (ئۇ ئاياللارنىڭ) ئەھلى كىتاب ئەمەس، بۇتپەرەس بولغانلىقىدىن (مۇشرىك ئايللار نى نىكاھىغا ئېلىش چەكلەنگەن). بۇ يەردىكى ئىشلىتىلگەن سۆز بولسا ئومۇملۇققا خاستۇر.

"سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ مەھرىنى بەرسەڭلار". بۇ ئايەتتە خاسلىق ئىپادە قىلىنغان.

قۇرئاننىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا، بۇتپەرەسلىكتە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى كىتابلارغا ئوخشىمايدىغانلىقى بايان قىلىنغان. مەسىلەن:

﴿ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) كاپىر بولغانلار ۋە مۇشرىكلار ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل كەلگەنگە قەدەر كۇفرىدىن ئايرىلغۇچى بولمىدى﴾[1].

بۇ زىددىيەتنى يوقىتىدۇ. بىر تۈركۈم ساھابىلار نامۇناسىپ دەپ قارىماستىن ناسارا "يەھۇدىي ۋە خرىستىئان" ئاياللار غا ئۆيلەنگەن.

بەقەرە سۈرىسىدىكى ئايەتنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن بەزى ساھابىلار، يەھۇدىي ۋە خرىستىئان ئاياللار نى نىكاھىغا ئېلىش جائىز ئەمەس دەپ قارايدۇ. جۈملىدىن ئىبنى ئۆمەرگە كۆرە، يەھۇدىي ۋە خرىستىئان ئاياللار غا ئۆيلىنىش توغرا ئەمەس. ئۇ: "(يەھۇدىي ۋە خرىستىئان ئاياللار نىڭ) پەرۋەردىگارىم "ئىيسا" دېيىشىدىنمۇ ئارتۇق شېرىك بارمۇ، بىلمەيمەن" دەپ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇغان:

﴿مۇشرىك ئاياللار نى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار﴾

مەيمۇن ئىبنى مەھران: "مەن ئىبنى ئۆمەردىن: "بىز ئەھلى كىتابلار بىلەن بىر زېمىندا ياشاۋاتىمىز. ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى نىكاھىمىزغا ئېلىپ، تاماقلىرىنى يېيىشىمىز بولامدۇ؟" دېۋىدىم ئۇ، (ئۇلارغا ئۆيلىنىش) ھالال قىلىنغان ئايەت بىلەن ھارام قىلىنغان ئايەتنى ئوقۇدى. مەن: "سەن ئوقۇغان بۇ ئايەتلەرنى مەنمۇ ئوقۇۋاتىمەن. ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى نىكاھىمىزغا ئېلىپ، تاماقلىرىنى يېيىشىمىز زادى بولامدۇ بولامدۇ؟" دەپ يەنە سورىدۇم. ئۇ بۇ ئايەتلەرنى يەنە تەكرارلىدى".

**2 ـ ئىختىلاپقا سەۋەب بولغان ئامىللاردىن: ساھابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھنى ئاڭلاش، سۈننىتىگە ئەگىشىش ۋە چۈشەنچىسى بويىچە ئىجتىھاد قىلىش قاتارلىقلاردا بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىشى:**

(1) ـ بۇ سەۋەبلەردىن بىرى، بىر ساھابىنىڭ رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغان بىر ھۆكۈم ياكى پەتىۋانى يەنە بىرى ئاڭلىيالمىغان. شۇڭا ئۆز قارىشى بويىچە ئىجتىھاد قىلغان بولۇپ، بۇ ئىجتىھاد بەزىدە بىر ـ بىرىنىڭكىگە ئۇيغۇن كەلسە، يەنە بەزىدە ئۇيغۇن كەلمىگەن. مەسىلەن: ئەبۇ مۇسا بىلىدىغان ئىجازەت سوراش ھەققىدىكى ھۆكۈمدىن ئۆمەر خەۋەرسىز، مۇغىرە ۋە مۇھەممەد ئىبنى مەسلىمە بىلىدىغان مومغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمدىن ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر خەۋەرسىز، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف بىلىدىغان مەجۇسىلاردىن تۆلەم ئېلىشقا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمدىن بارلىق ساھابىلار خەۋەرسىز ئىدى. مەسىلە ن:

ئەبۇ بوكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇمىننىڭ (ئاتا ياكى ئانىسىنىڭ ئانىسى) مىراسى توغرۇلۇق (پەتىۋا) سورالغاندا: "سېنىڭ بۇ مەسىلەڭ قۇرئاندا ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدە بارلىقىنىمۇ بىلمەيمەن. مەن باشقا ساھابەلەردىن سوراپ باقاي!" دەپ باشقا ساھابەلەردىن سورىغاندا، مۇغىرە ئىبنى شۆئبە بىلەن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە

[1] سۈرە بەييىنە 1 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇمايغا (تەرەكىنىڭ) ئالتىدىن بىرىنى بەرگەن“ دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۈننىتىنى يەنە ئىمران ئىبنى ھۇسەيىنمۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەتكۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد بىلەن تىرمىزىمۇ قۇبەيسە ئىبنى زۇئەيبىنىڭ ھەدىسىدىن مۇرسەل تەرىقىسىدە رىۋايەت قىلغان.

ئىجازەت سوراشقا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاكى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەۋەر قىلىپ، ئەنسارىلار گۇۋاھلىق بەرگەنگە قەدەر بىلمەيتتى. بۇخارىنىڭ ئەبۇ سەئىد خۇدرىيدىن رىۋايەت قىلىشىچە، (ئۆمەر) تاكى بۇخارى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىمام شافىئىيدىن رىۋايەت قىلىنغان، رەسۇلۇللاھنىڭ: «ئۇلارغا (مەجۇسىلارغا) ئەھلى كىتابقا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىڭلار!» دېگەن ھەدىسنى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف خەۋەر قىلغانغا قەدەر، مەجۇسىلاردىن تۆلەم ئېلىنىشقا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمنى بىلمەيتتى.

رەسۇلۇللاھ: «باش بارماق بىلەن چىمچىلاق بارماققا تۆلىن ئىدىغان تۆلەم ئوخشاش» دېگەن ئىدى. ئۆمەرمۇ ئوخشىمىغان بارماقلارغا ئوخشاش مىقداردا دىيەت بېرىلىشكە ھۆكۈم قىلغان. بۇ توغرۇلۇق ئەبۇ مۇسا بىلەن ئىبنى ئابباسنىڭ بىلمى ئۆمەرنىڭكىدىن كۆپ تۆۋەن ئىدى.

بۇخارىنىڭ ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجەدىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئۆمەرگە، بۇ ھەدىس يېتىپ بارمىغاملىقى ئۈچۈن ئەيىبلەنمىگەن.

(2) ـ (بەزى ساھابىلارغا) ھۆكۈم ياكى ھەدىس يېتىپ بارالىغان بولسىمۇ، بىراق، ئۆز كۆڭلىدە راۋىلارنىڭ خەۋىرى توغرۇلۇق خاتا چۈشىنىپ قېلىشقان. بۇمۇ ئۆز ئارا ئىختىلاپ قىلىشقا سەۋەب بولغان. خۇددى ئۆمەرنىڭ فاتىمە بىنتى قەيسنىڭ مەسىلىسىدىكى ھۆكمىدەك.

(3) ـ ساھابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ ئىختىلاپ قىلىشقا سەۋەب بولغان. مەسىلەن: ساھابىلارنىڭ بەزىسى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى رىۋايەت قىلغۇچى (ساھابى) لارغا رەسۇلۇللاھ بىلەن بولغان يېقىنلىقىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىسا، يەنە بەزىسى (ساھابىلارنىڭ) كۆزقاراشلىرىنىڭ ئوخشاش بولۇپ ـ بولماسلىقىغا قاراپ مۇئامىلە قىلغان. رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈممىتىگە سۈننەت بولسۇن ئۈچۈن ئەمەس، خۇددى تاۋاپتا يۈگرەشكە ئوخشاش پەقەت مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىلغان ئىش ـ ئىزلىرىمۇ ساھابىلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشىغا سەۋەب بولغان. مەسىلەن:

ئىبنى ئابباسقا كۆرە، رەسۇلۇللاھنىڭ تاۋاپتا يۈگرىشى، مۇشرىكلارنىڭ: ”مۇسۇلمانلار يەسرىب (مەدىنە) نى قوغدىيالمادۇ“ دېگەن سۆزلىرىگە قارىتا مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىش ئىدى. شۇڭا بۇ ”سۈننەت ئەمەس“ دېسە، باشقىلار ”سۈننەت“ دەيدۇ.

ھەجدە، مىنادىن قايتقاندىن كېيىن ”ئەبتەھ“ دېگەن جايدا قونۇشمۇ ئىختىلاپقا سەۋەب بولغان ئامىللارنىڭ بىرى.

ئىبنى قەييۇم ”زادۇل مەئاد“ ناملىق ئەسىرىدە: ”بۇرۇنقىلار ”ئەبتەھ“ دېگەن جايدا قونۇش (توختاپ ئۆتۈش) نىڭ ”سۈننەت“ ياكى ”پەقەت دەپ ئېلىش ئۈچۈنلا توختاپ ئۆتۈپ كېتىدىغان جاي“ ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. بۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشى، ئىككى خىل مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى: بىر قىسىم ساھابىلار: ”قونۇش“ ھەجنىڭ ئەركانلىرىدىن بىرى دەپ قارايدۇ. سەھىھەيندە ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، رەسۇلۇللاھ مىنادىن قايتماقچى بولغاندا: ”خۇدايىم بۇيرىسا ئەتە قون ئىدىغان جايىمىز، كۇپۇرلۇق ئۈستىدە قەسەم ئىچىشكەن بەنى كىنانە تېغىنىڭ ئېتىگىدۇر“ دېگەن. ئەسلىدە قۇرەيشلەر بىلەن بەنى كىنانە قەبىلىسى، ”رەسۇلۇللاھنى تاپشۇرۇپ بەرمىگۈچە، بەنى ھاشىم ۋە بەنى مۇتتەلىب قەبىلىسى بىلەن قۇدا ـ باجىلىق ۋە سودا ـ سېتىق مۇئامىلىسى قىلماسلىققا قەسەم ئىچىشكەن ئىدى. چۈنكى ئاللاھ ۋە ئەلچىسىگە دۈشمەنلىك قىلىپ، كۇپۇرلۇقنىڭ ئالامەتلىرىنى ئاشكارىلىغان جايدا، ئىسلامنىڭ نۇرىنى نامايان قىلماقچىدى. كۇپۇرلۇق ۋە سېرىكلىك قاپلاپ كەتكەن جايلاردا، تەۋھىد ”ئىسلام“ نىڭ نۇرى بىلەن يورۇتۇش، رەسۇلۇللاھنىڭ ئادىتى ئىدى. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ لات ۋە ئۇززانىڭ ئورنىغا تائىف مەسچىتىنىڭ بىنا قىلىنىشىغا بۇيرىغىنىدەك.

www.uyghurweb.net

قىسقىسى، ئۇلار مۇسلىمنىڭ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلغان: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر (ئۇ يەرگە) چۈشەتتى" ھەدىسىغا قاراپ: "قونۇش (ئەبتەھ دېگەن جايدا چۈشكۈن قىلىش) سۈننەت" دېيىشىدۇ.

بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە: "ئىبنى ئۆمەر "مۇھەسسەب" دېگەن جايدا پېشىن، ئەسىر، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنى قىلاتتى ۋە ئازراق ئۇخلايتتى. رەسۇلۇللاھنىڭمۇ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئېيتاتتى" دېگەن.

ئىبنى ئابباس ۋە ئائىشە قاتارلىق يەنە بىر قىسىم ساھابىلار: "(مۇھەسسەب) دېگەن جايدا چۈشكۈن قىلىش سۈننەت ئەمەس، ئۇ يەرگە رەسۇلۇللاھ شۇنداقلا چۈشكەن قىلغان ئىدى" دەپ قارايدۇ. سەھىھەيندە ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىشىچە: "(مۇھەسسەب)، (ئۆز ۋاقتىدا) يولغا چىقىشقا ئەڭ ئۇيغۇن يەر بولغانلىقتىن، رەسۇلۇللاھ شۇنداقلا چۈشكۈن قىلغان بىر جاي ئىدى".

مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە ئەبۇ رافى: "رەسۇلۇللاھ مىنى (ئەبتەھ) دېگەن جايغا چۈشكۈن قىلىشىمنى بۇيرىمىغان ئىدى، بىراق مەن ئالدى بىلەن كېلىپ، بىر چېدىر قۇردۇم. ئارقىدىن رەسۇلۇللاھ كېلىپ چۈشكۈن قىلدى" دەيدۇ. دېمەك، ئاللاھ رەسۇلۇللاھنىڭ: "خۇدايىم بۇيرىسا ئەتە بەنى كىنانە تېغىنىڭ ئېتىكىگە چۈشكۈن قىلىمىز" دېگەن سۆزىنى تەستىقلاپ، ئەلچىسىنىڭ كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇۋەپپەق قىلغان.

"ئالتە ھەدىس توپلىمى" دا كەلتۈرۈلىشىچە، ئائىشە: "(مۇھەسسەب) يولغا چىقىشقا ئەڭ ئۇيغۇن يەر بولغانلىقتىن، رەسۇلۇللاھ ئۇ جايغا شۇنداقلا چۈشكۈن قىلغان، شۇڭا بۇ سۈننەت ئەمەس. خالىغانلار كىشى چۈشكۈن قىلاتتى، خالىمىغانلار قىلمايتتى"دېگەن.

ياكى رەسۇلۇللاھنىڭ ھەجدىكىگە ئوخشاش بۇ مەسىلىگە قارىتا يەنە ساھابىلارنىڭ كۆز ـ قاراشلىرى بىر ـ بىرىگە تامامەن ئوخشىمايتتى. مەسىلەن: (رەسۇلۇللاھنىڭ مۇھەسسەب دېگەن جايدا چۈشكۈن قىلىشىنى) بەزى ساھابەلەر: "دوستلۇق يۈزىسىدىن ئىدى" دەپ قارىسا، بەزىسى: "دەم ئېلىش ئۈچۈن ئىدى" دەيدۇ. يەنە بەزىسى: "پەقەت يالغۇز ئىدى" دەيدۇ.

(4) ـ ساھابىلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللارنىڭ بىرى، بەزى ساھابىلار دەلىل ـ ئىسپات تاپالماي ئىجتىھاد قىلغاندىن كېيىن، (ئىجتىھاد قىلغاندىن كېيىنكى) كۆز ـ قاراشلىرىنىڭ دەل دەكىسچە دەلىل ـ ئىسپاتلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئىدى.

مۇسلىمنىڭ نەقىل كەلتۈرۈشىچە: ئائىشە، ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئاياللارنىڭ يۇيۇنغان چاغدا ئۆرۈمە چاچلىرىنى بۇزۇشقا بۇيرىغانلىقىنى ئاڭلاپ: ئىبنى ئۆمەر نېمىدېگەن قىزىق (ئادەم ـ ھە!). مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن بىر قاچىدا يۇيۇناتتۇق، مەن بېشىمغا پەقەت ئۈچ قېتىملا سۇ تۆكەتتىم (رەسۇلۇللاھ تۇرۇپ: "ئۆرۈمە چېچىڭنى بۇز! دېمىگەن" دېگەن.

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي، بىر قىز، بىر ئوغلىنىڭ قىزى ۋە ھەمشىرىسىنى تاشلاپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ مىراسى توغرۇلۇق (پەتىۋا) سورالغاندا: "قىزىغا (مىراسىنىڭ) يېرىمى، ھەمشىرىسىگە يېرىمى (بېرىلىدۇ). سىلەر ئىبنى مەسئۇدتىنمۇ سوراڭلار، ئۇمۇ مېنىڭ دېگىنىمنى ئۇيغۇن كۆرىدۇ" دېگەن. بۇ ھەقتە ئىبنى مەسئۇددىن سورالغان ۋە ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىينىڭ دېگىنى يەتكۈزۈلگەندە: "ئۇنداقتا مەن ئازغان بولىمەن ۋە ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولالماي قالىمەن، شۇڭا رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەقتىكى ھۆكمىگە ئاساسەن، (ئۆلگۈچىنىڭ) قىزىغا (مىراسىنىڭ) يېرىمىنى، ئوغلىنىڭ قىزىغا ئۈچتىن ئىككىسىنى تاماملاش بىلە ن بىرگە ئالتىدىن بىرىنى، قالغىنىنى ھەمشىرىسىگە (بېرىلىشىنى) ھۆكۈم قىلىمەن" دېگەن. بۇ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىيگە خەۋەر قىلىنغاندا، ئۇ ئىبنى مەسئۇدنىڭ پەتىۋاسىنى تەستىقلاپ: "ئاراڭلاردا مۇنداق (كاتتا) ئالىم تۇرغان يەردە ماڭا پەتىۋا سوراپ كەلمەڭلار!" دېگەن. بۇ ھەدىس، مۇسلىم ۋە نەسەئىيدىن باشقا جامائەت تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان.

(5) ـ بەزى ساھابەلەرنىڭ مىراستىكى ئورتاقلىققا ئوخشاش قۇرئان بىلەن سۈننەتىكى ھۆكۈملەرنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلغان ئىجتىھادلىرىمۇ ئىختىلاپقا سەۋەب بولغان. بۇ ھەقتە قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن:

﴿ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچى ئاتا ـ ئانىسىز، بالىسىز ئەر ياكى ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت ئانا بىر قېرىندىشى ۋە ئانا بىر ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ (يەنى مىراس

قالدۇرغۇچى مىيىتنىڭ ئانا بىر، ئاتا باشقا) قېرىنداشلىرى ۋە ھەمشىرىلىرى بۇنىڭدىن (يەنى بىردىن) كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق تەقسىم قىلىنىدۇ﴾[1].

بۇ ئايەتتىكى ئانىنىڭ بالىسى (نىڭ مىراسى) توغرۇلۇق ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق.

بۇ ھەقتە بىرلىككە كەلگەن ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

"مىراسلارنى ئۆز ئىگىلىرىگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىڭلار! بۇلاردىن (ئېشىپ) قالغىنى، (دادا تەرەپتىن) ئەڭ يېقىن بولغان ئەرگە مەنسۇپتۇر".

ئۆزلىرىدىن باشقا مىراسچى بولمىغان يېقىن قېرىنداشلار (بىر كىشىنىڭ ئانىسىنىڭ ئانىسىنىڭ دادىسى، دادىسىنىڭ ئانىسىنى نىكاھىغا ئېلىشى بىلەن دۇنياغا كەلگەن قېرىنداشلار) غا مىراسنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئوخشاش مىقاتاردا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىشكە بۇيرىغان. زەيد ئىبنى سابىت ئۆمەرگە: "ئەپۇ قىلىڭ! ئۇلارنىڭ دادىسى ئېشەككە ئوخشاش (ئەخلاقى ناچار ) كىشى ئىدى" دېگەن ياكى بۇ قېرىنداشلاردىن بىرى: "ئەپۇ قىلىڭ! دادىمىز دېڭىزدىكى تاشقا ئوخشاش بىر كىشى ئىدى" دېگەن چاغدا، ئۆمەر "تەرەكىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئوخشاش مىقداردا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش ـ ئەڭ ئادىللىق" دەپ قاراپ، بۇ قېرىنداشلار مە يلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن ھەممىسىگە ئوخشاش مىقداردا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلىشكە ھۆكۈم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ "مۇشەررەكە (ئورتاقلىق مىراسى)" ياكى "مۇشتەرىكە (ئورتاقلىقتا ئىگە مىراس)" ياكى "ھىمارىييە (ئېشەككە خاس مىراس)" ياكى "ھەجەرىييە (تاش خۇسۇسىيەتلىك مىراس)" ياكى "يەممىيە (دېڭىزغا ئوخشايدىغان مىراس)" دەپ ئاتالغان.

## 3 ـ مەزكۇر سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ساھابىلارنىڭ دەلىل بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىكى ئىجتىھادلىرىنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولۇشى:

"غەراۋىييە" دەپ ئاتالغان ئېرى، دادىسى ياكى خوتۇنى، ئانىسى ۋە دادىسى قېلىپ، ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ مىراسى توغرۇلۇق ساھابىلارنىڭ ئىجتىھادىنىڭ پەرقلىق بولۇشمۇ ئىختىلاپىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان. بۇ تەرەكىنىڭ مىراسخورلىرى، ئۆلگۈچىنىڭ ئۆز نەسەبىدىن بولۇشتەك شەرتلەرنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك. بۇ توغرۇلۇق مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ئۆلگۈچىنىڭ) ئانىسىغا (باشقا مىراسخورلار ئۈلۈشىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىنكى) تەرەكىنىڭ قالغان ئۈچتىن بىرىنى بېرىشكە ھۆكۈم قىلغان. بۇ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدا تۇنجى قېتىملىق ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بەيھەقىنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: "ئۆمەرنىڭ بىز ئۈچۈن ئىزدىنىشلىرى، بىزگە تولىمۇ قولايلىق ئېلىپ كېلەتتى، ئۆمەردىن (ئۆلگۈچىنىڭ) ئايالى بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مىراسى توغرۇلۇق (پەتىۋا) سورالغاندا، ئايالىغا تەرەكىنىڭ تۆتتىن بىرىنى، ئانىسىغا قالغان مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بېرىشكە ھۆكۈم قىلغان".

تۆۋەندىكى ئايەتتە، ئاللاھ (ئۆلگۈچىنىڭ) باشقا مىراسخور قېرىنداشلىرى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئانىسىغا (تەرەكىنىڭ) ئۈچتىن بىرىنى (ئېلىشقا) پەرزى قىلغان:

﴿ئەگەر ئۇنىڭ بالىلىرى بولماي مىراسقا پەقەت ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولسا، بۇچاغدا ئۇنىڭ ئانىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنى ئاتىسىغا تېگىدۇ). ئەگەر مېيىتنىڭ ( ئاتا ـ ئانىسىدىن باشقا يەنە) قېرىنداشلىرى بولسا، ئانىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنىنى ئاتىسى ئالىدۇ)﴾[2].

مەزكۇر ئايەتتە ئەگەر ئاتا ـ ئانىنىڭ بىرسىلا بولسا، ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بېرىلمىگەن، رەسۇلۇللاھتىنمۇ بۇ ھەقتە دەلىل يوق، ئەبۇ بەكرىمۇ بىر نەرسە دېمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۆمەر بۇ مەسىلىگە دۇچ كەلگەن چاغدا، ئىجتىھاد قىلىش ئارقىلىق بۇ مەسىلىگە ئىككى جەھەتتىن پىكىر يۈرگۈزگەن. (1) ئەگەر (ئۆلگۈچىنىڭ)

---

[1] سۈرە نىسا 12 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نىسا 12 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

ئېرىگە تەرەكىنىڭ يېرىمىنى، ئانىسىغا ئۈچتىن بىرىنى بەرسە، دادىسىغا تەرەكىنىڭ ئالتىدىن بىرى قالمايدىكەن. بۇ ئاللاھنىڭ: ﴿بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ﴾ دېگەن ھۆكمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىكەن. (2) ئەگەر (ئۆلگۈچىنىڭ) ئايالىغا تەرەكىنىڭ تۆتتىن بىرىنى، ئانىسىغا ئۈچتىن بىرىنى، دادىسىغا قالغىنىنى بەرسە، مىراسنىڭ ئون ئىككى ھەسسىسىدىن بىرسى ئېشىپ قېلىپ: ﴿بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ﴾ دېيىلگەن بۇ ھۆكۈم ئەمەلگە ئاشمايدىكەن. شۇ ۋەجىدىن مىراسنى، بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تەككىنىگە ئوخشاش دادىسى بىلەن ئانىسىغا ئوخشاش تەقسىم قىلىنىشقا ھۆكۈم قىلغان. بۇنى ئوسمان ئىبنى ئەففان، زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللاھ ئىبنى ئاباس قاتارلىق ساھابىلار ماقۇللىغان ۋە "تۆت ئىمام" مۇ بۇنى قوبۇل قىلغان.

بۇلارغا ئىبنى ئاباس قارشى چىققان. ئىبنى ئاباسنىڭ قارىشىچە: "مەزكۇر ئايەتنىڭ ھۆكمىگە كۆرە، (ئۆلگۈچىنىڭ) ئېرى ياكى ئايالى بولغان تەقدىردىمۇ تەرەكىنىڭ ئۈچتىن بىرى مۇتلەق ئانىسىغا تېگىدۇ، چۈنكى بىرلىككە كەلگەن ھەدىستە: «مىراسلارنى ئۆز ئىگىلىرىگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىڭلار! بۇلاردىن (ئېشىپ) قالغىنى، (دادا تەرەپتىن) ئەڭ يېقىن بولغان ئەرگە مەنسۇپتۇر» دېيىلگەن".

ئىبنى سىيرىن: "(ئۆلگۈچىنىڭ) ئېرى بىلەن بىرگە ئاتا - ئانىسى بولسا، دادىسى ئانىسىدىن ئاز (مىراس) ئالمايدۇ" دەپ قارىسا، ئىبنى ئاباس: "(ئۆلگۈچىنىڭ) خوتۇنى بىلەن بىرگە ئاتا - ئانىسى بولسا، دادىسى ئانىسىدىن كۆپرەك (مىراس) ئالىدۇ" دەپ قارايدۇ.

ئۆمەر بىلەن ئۇنى قوللىغان ساھابىلارنىڭ ئىجتىھادلىرى (قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى) دەلىللەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالماستىن بەلكى قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى بولۇپمۇ مۇنۇ ئايەتنى: ﴿ئەگەر ئۇنىڭ باللىرى بولماي مىراسقا پەقەت ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولسا، بۇچاغدا ئۇنىڭ ئانىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنى ئاتىسىغا تېگىدۇ)﴾ شەرھلەپ بېرىدۇ. بۇ ئايەتتە، (ئۆلگۈچىنىڭ) مىراسىنىڭ (باشقا مىراسخورلار بولمىغانلىقتىن) پەقەت ئاتا - ئانىسىغىلا تېگىدىغانلىقى ياكى ئاتا - ئانىسى ئالىدىغان مىراسىنىڭ ھەممىسى بولسۇن ياكى بىر قىسمى بولسۇن، ئۈچتىن بىرىنىڭ ئانىسىغا تېگىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان.

**رىۋايەت تەتقىقاتى:**

ساھابىلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە بەزى ساھابىلار ۋاقىپ بولالمىغان ھەدىسلەردىن بەزىسىنىڭ ۋاقىپ بولۇشى تۈپەيلىدىن، يالغان ھەدىسلەرنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشى ياكى خاتالىشىپ كېتىشتىن قورقۇپ، رەسۇلۇللاھتىن ناھايىتى ئاز ھەدىس رىۋايەت قىلغانلىقىنى، بۇنىڭ ساھابىلارنىڭ رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق "ئەڭ توغرا ھەدىس" دەپ قارالغانلىرىنى ئېنىقلاپ بېكىتىشكە تۈرتكە بولغانلىقىنى ناھايىتى روشەن ھالدا كۆرۈۋالالايمىز. ئالايلۇق: ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر، ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن، شۇ ھەدىسنىڭ توغرۇلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرەلەيدىغان بىر گۇۋاھچى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلاتتى. بۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك نۇرغۇن سەۋەبلىرى بولغىنىدەك، ساھابىلار، رىۋايەتلەر كۆپ بولۇپ كېتىپ، قۇرئان بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشىدىن قورققان بولۇشلىرى مۇمكىن:

(1) - رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھافىز زەھەبىنىڭ "قارىلار تەزكىرىسى" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: "(ئىبنى ئەبى مۇلەيكەنىڭ مەكتۇپلىرىدا بايان قىلىنىشىچە): رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەبۇ بەكرى ئىنسانلارنى يىغىپ: "سىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرى توغرۇلۇق ئىختىلاپ قىلىشىۋاتىسىلەر، ھالبۇكى سىلەردىن كېيىن (كېلىدىغان) ئىنسانلار ئىختىلاپ قىلىشقا تولىمۇ ھەۋەسكار كېلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن سىلەردىن (پەتىۋا) سورىغان كىشىلەرگە: "سىلەردىمۇ، بىزدىمۇ ھەممىمىزنىڭ قىبلىنامىسى بولغان ئاللاھنىڭ كىتابى (قۇرئان) بار. شۇڭا ئۇنىڭدا ھالال قىلىنغانلارنى سىلەرمۇ ھالال دەپ بىلىڭلار، ھارام قىلىنغانلىرىنى ھارام دەپ بىلىڭلار!" دېگەن".

(2) - قەرزە ئىبنى كەئبنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: "بىز ئىراققا قاراپ يولغا چىققان چاغدا، بىز بىلەن ئۆمەرمۇ "ھىرار" دېگەن يەرگىچە بىرگە كېلىپ: "بۇ يەرگە سىلەر بىلەن بىرگە نېمىشقا كەلگەنلىكىمنى بىلەمسىلەر" دېگەندە، ساھابىلار: "ھەئە، بىلىمىز، بىز رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بىز بىلەن بىللە كەلدىڭ" دېيىشكەن. ئاندىن

www.uyghurweb.net

ئۇ: ”سىلەر خۇددى ھەرە غوڭۇلدىغاندەك غوڭۇلداپ قۇرئان ئوقۇيدىغان بىر قەۋمنىڭ يۇرتىغا كېتىۋاتىسىلەر، ئۇلارنى ھەدىس رىۋايەت قىلىش بىلەن مەشغۇل قىلىپ، قۇرئاندىن ئۇزاقلاشتۇرۇۋەتمەڭلار! قۇرئاننى تەجۋىد بىلەن چىرايلىق ئوقۇڭلار! رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەتنى ئاز قىلىڭلار! قېنى ئاتلىنىڭلار! مەن سىلەرگە ھەمراھ“ دېگەن. قەرزە (كۇفەگە) يېتىپ كەلگەن چاغدا خەلق: ”بىزگە ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولساڭ!“ دېگەندە، قەرزە: ”(ھەدىس رىۋايەت قىلىشتىن“ بىزنى ئۆمەر مەنئىي قىلغان“ دېگەن“. بۇ ھەدىسنى دارىمىمۇ ”سۇنەن“ ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان.

(3) ـ مەلۇم بولىشىچە ئىبنى ئۆمەر ناھايىتى ئاز ھەدىس رىۋايەت قىلاتتى. بۇ ھەقتە ئەبۇ ئۆمەر شەيبانىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: ”

(4) ـ رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىگە ئوخشاشلا ھافىز زەھەبىنىڭ ”قارىلار تەزكىرىسى“ ناملىق ئەسىرىدىمۇ مۇنداق دېيىلگەن: ”قۇسەي ئىبنى زىھابنىڭ رىۋايىتىپگە كۆرە، مەلۇم بىر موما (ئاتا ياكى ئانىنىڭ ئانىسى) ئەبۇ بەكرىدىن مىراس بېرىلىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، ئەبۇ بەكرى: ”سېنىڭ مەسىلەڭگە ئائىت ھۆكۈمنى قۇرئاندا كۆرمىدىم، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەقتە بىرەر ھۆكمى بارلىقىنىمۇ بىلمەيمەن“ دەپ ساھابىلاردىن سورىغاندا، مۇغىرە: ”مەن رەسۇلۇللاھتىن ئۇنىڭغا تەرەكىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم“ دېگەن. ئۆمەر: ”يېنىڭدا باشقىلارمۇ بارمىدى؟“ دەپ سورىغاندا، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ”مۇغىرەگە ئوخشاشلا ئاڭلىغانلىقى ھەققىدە“ گۇۋاھلىق بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى مۇغىرەنىڭ ئاڭلىغىنى بويىچە ھۆكۈم قىلغان“.

(5) ـ بۇخارى بىلەن مۇسلىمنىڭ ئەبۇ سەئىد خۇدرىدىن قىلغان رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: ”مەن ئەنسارىلارنىڭ سورۇنىدا ئولتۇرۇۋاتاتتىم. توساتتىنلا ئەبۇ مۇسا ئالاقزادە بولغات ھالدا چىقىپ كەلدى. ئۇلار (ئەنسارىلار) ئۇنىڭدىن: ”ساڭا نېمە بولدى؟ نېمىشكە بۇنچىلا ئالاقزادە بولۇپ كېتىسەن؟“ دەپ سورىۋىدى ئۇ: ”ئۆمەر مېنى چاقىرغان ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، (ئۆيگە كىرىش ئۈچۈن) ئۈچ قېتىم ئىجازەت سورىغان بولساممۇ، ماڭا ئىجازەت بېرىلمىدى. ئىجازەت بېرىلمىگەندىن كېيىن مەنمۇ قايتىپ كەتتىم. كېيىن ئۇ: ”سېنىڭ بىزگە كېلىشىڭگە نېمە توسالغۇ بولدى؟“ دەپ سورىۋىدى مەن ئۇنىڭغا: ”مەن كېلىپ، ئىشىكىڭنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۈچ قېتىم سالام قىلدىم، بىراق سالىمىمغا ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ: «(باشقىلارنىڭ ئۆيىگە بارغانلار، كىرىشتىن بۇرۇن) ئۈچ قېتىم ئىجازەت سورىسۇن، جاۋاب بېرىلمىسە قايتىپ كەتسۇن!» دېگەن سۆزىگە ئاساسەن قايتىپ كەتتىم“ دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدىم، ئۇ: ”بۇنىڭ (ئىجازەت سوراش توغرۇلۇق ئېيتىلغان ھەدىسنىڭ) دائىر دەلىل كەلتۈرىسەن“ دېدى (شۇنىڭ بىلەن مەن كۆرگىنىڭلاردەك ئالاقزادىلىك ئىچىدە بۇ يەرگە كېلىشىم)“. بۇنى ئاڭلاپ: ”ياش جەھەتتىن كىچىكلەر گۇۋاھلىق بېرىدۇ“ دېيىشتى. ئاندىن ئەبۇ سەئىد ئەبۇ مۇسا بىلەن بىرگە بېرىپ، ئۆمەرگە گۇۋاھلىق بەردى. بۇ چاغدا ئۆمەر ئەبۇ مۇساغا: ”مەن سېنى (تۆھمەتخور) دېمەكچى ئەمەستىم، بىراق بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسى بولغاچقا (شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدىم)“ دېگەن“.

(6) ـ مۇغىرە ئىبنى شۆئبەدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۆمەر، بىر ئايالنىڭ چۈشۈرۈۋېتىلگەن ھامىلەسى توغرۇلۇق ساھابىلارغا مەسلىھەت سالغىنىدا، مۇغىرە: ”رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە بىر غۇررەگە[1] ھۆكۈم قىلغان“ دېگەن. ئاندىن ئۆمەر: ”ئەگەر سەن راستچىل بولساڭ، بۇنى بىلىدىغان بىر كىشىنى ئەكەل“ دېگەن. بۇ چاغدا مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە، رەسۇلۇللاھنىڭ مۇغىرەنىڭ دېگىنىدەك ھۆكۈم قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەن“.

بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

---

[1] غۇررە ـ مەخسۇس ھامىلە ئۈچۈن بېرىلىشكە تېگىشلىك تۆلەم بولۇپ، چۈشۈرۈۋېتىلگەن بىر ھامىلەگە بىر دېدەك ياكى بىر قۇل تۆلىنىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. بەزى رىۋايەتلەردە ”بىر ئات ياكى بىر قېچىر بېرىلىدۇ“ دېيىلسە، يەنە بەزى رىۋايەتلەردە ”(يۈز قوي)“ دېيىلگەن. ئەبۇ داۋۇدنىڭ بىر رىۋايىتىدە ”بەش يۈز دىرھەم“ رابىئانىڭ رىۋايىتىدە ”ئەللىك دىنار“ دەپ بايان قىلىنغان (تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

www.uyghurweb.net

بۇ دەۋرىدىكى ئىجتىھاد

ئىسلام فىقھەسىنىڭ ئەھكاملىرى ئەسلى مەنبەسى جەھەتتىن تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1- ئەسلى مەنبەسى قەتئىي ئۆزگەرمەس دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ئاسالانغان ئەھكاملار.

2- ئەسلى مەنبەسى قىياسىي دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ئاسالانغان ئەھكاملار.

3- ئەسلى مەنبەسى ئىجماغا ئاسالانغان ئەھكاملار.

4- ھېچبىر دەلىلى بولمىغان ۋە ئىجما قىلىنمىغان ئەھكاملار.

ئەسلى مەنبەسى قەتئىي ئۆزگەرمەس دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ئاسالانغان ئەھكاملارنىڭ ئىجتىھادقا ئېھتىياجى يوق. ئىجتىھادنىڭ تەقەززاسى، ئىجما قىلىنمىغان ئەھكاملاردۇر، خالاس.

ناھايىتى روشەنكى ئىجتىھاد، ئۆز ۋاقتىدا ساھابىلار قۇرئان ۋە سۈننەتتىن دەلىل ـ ئىسپات تېپىشتا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەنلىرىدە مۇراجەت قىلىدىغان بىردىن ـ بىر يۆلىنىش مەنبەسى بولسا، (ھازىر) "كۆز ـ قاراش" دەپ ئاتىلىدىغان ئىجما بىلەن قىياس، مەسىلىنى كېڭىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىشتىكى يېتەكچى ئىدىيەسى بولغان. بۇ ھەقتە بىز، ساھابىلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان مەسىلىلەر ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان مەسىلىلەردە توختالغىنىمىزدا نۇرغۇن مىساللار كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان ئىجتىھادلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققان ئىدۇق. ئەمدى بىز يۇقىرىدىكى تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئىجما ھەققىدە بىر قۇر توختىلىپ ئۆتىمىز:

ئۆمەر شۇرەيھنى كۇفەگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكەندە ئۇنىڭغا: "(بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلگەن ياكى بىرەر ئىشقا ھۆكۈم قىلماقچى بولغان چېغىڭدا) ھېچكىمگە سورىماستىن ئاللاھنىڭ كىتابى (قۇرئان) دىكى دەلىللەرنى ئاساس قىل! ئاللاھنىڭ كىتابىدىن تاپالمىساڭ، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە ئەگەش، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدىمۇ بولمىسا، ئۆز قارىشىڭ بويىچە ئىجتىھاد قىل!" دېگەن.

يېڭى ـ يېڭى ئۇتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرنىڭ تولىمۇ مۇرەككەپلىكى ۋە كۆپلىكىدىن ساھابىلار ئۆز ئىجتىھادىدا تۇراقلىق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىجتىھادلىرىدا رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىدىكى ئىش ـ ئىزلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە چوڭقۇر چۈشىنىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

جۈملىدىن ئىجتىھاد، مۇئازنىڭ ھەدىسىگە كۆرە دەلىل تېپىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا "قانۇنلۇق بىر ئىش ئىدى". ئۆمەرنىڭ ئەبۇ مۇساغا يازغان مەكتۇبىدا مۇنداق دېيىلگەن: "(بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلگەن چېغىڭدا) قۇرئان ۋە سۈننەتتىن دەلىل تاپالمىغان چېغىڭدا، سېنىڭ بىرىنچى بولۇپ قىلىدىغان ئەڭ ئەۋزەل ئىشىڭ، كەڭ تەپەككۇر قىلماقتۇر. چوڭقۇر ئويلىنىپ مەسىلىنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتكەندىن كېيىن، بۇ مەسىلىنى ئەڭ ياخشى ئۆرنەكلەرگە ئاساسەن قىياس قىلىش ئارقىلىق ئېنىقلاپ چىقىپ، "ئاللاھ بۇنىڭدىن چوقۇم رازى بولىدۇ، ھەقىقەتكە ئەڭ ئۇيغۇن" دەپ قارىغىنىڭدا، ھۆكۈم قىل!".

ساھابىلار نۇرغۇن مەسىلىلەردە "ئەڭ توغرا" دەپ قارالغان قىياسلارغا ئاساسلانغان. مەسىلەن، ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى ھۆكمىگە ئاساسەن، نىكاھ، تالاق ۋە ئىددەت قاتارلىق مەسىلىلەردە قۇل (ۋە دېدەك) غا ھۆر كىشىلەردەك پۈتۈن ئەمەس، يېرىم ھۆكۈم قىلغان:

﴿ئەگەر ئۇلار ئەرگە تەگكەندىن كېيىن پاھىشە قىلسا، ئۇلارغا ھۆر ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىشى كېرەك﴾[1].

ساھابىلار ئەبۇ بەكرى سىددىقنى "خەلىپە" دەپ ئاتىغان چاغدا: "رەسۇلۇللاھ ئەبۇ بەكرىنىڭ بىزنىڭ دىنىي (ئىشلىرىمىز) دا يېتەكچىلىك قىلىشىغا رازى ئىدى، بىز ئۇنىڭ يۇنياۋىي ئىشلىرىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىشىغا نېمە دەپ رازى بولمىغۇدەكمىز؟!" دەپ قاراپ، "بۈيۈك رەھبەرلىك" ئىشىنى "نامازدىكى ئىمامەتچىلىك" كە قىياس قىلىشقان ئىدى.

[1] سۈرە نىسا 25 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

ساھابىلار يەنە، قەرزدارنىڭ زىيانغا ئۇچراپ، قەرز بەرگۈچىگە قەرزنى تولۇق قايتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىسا، كەم بەرسىمۇ بولىدىغانلىقىغا قىياس قىلىپ، ”پۈتۈن مىراسخورلارنىڭ مىراسىنى كېمەيتىپ ياكى ئاشۇرۇپ بەرسە بولىدۇ“ دەپ قاراشقان.

ئۆز ۋاقتىدا رەسۇلۇللاھ قەرز بەرگۈچىلەرگە: «كۆز ئالدىڭلاردىكى بۇ ماللارنى ئېلىڭلار! سىلەرگە بۇنىدىن باشقا ھېچنەرسە يوق» دېگەن ئىدى.

بۇ ”ئەڭ ياخشى قىياس“ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ساھابىلار تاش ـ كېسەك جازاسىنىڭ ئۆلچىمىگە ئاساسەن ھاراقنىڭ جازاسىنىڭ ئۆلچىمىنى قىياس قىلىشقان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ھاراقنىڭ جازاسىنىڭ ئۆلچىمى توغرۇلۇق ساھابىلارنى مەسلىھەتكە چاقىرىپ: ”بەزىلەر ھاراق ئىچىشتە تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ، (بۇ توغرۇلۇق سىلەر نېمە دەيسىلەر)“ دېگەندە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ”ھاراقكەش مەست بولۇپ قالسا، ئېسىنى يوقىتىپ قويۇپ قالايمىقان جۆيلۈپ، ئىغۋا تارقىتىدۇ. شۇڭا ھاراقكەشنى يالغانچىلارغا ئوخشاش جازالىغىن!“ دېگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۆمەر ھاراقكەشنى يالغانچىلارغا ئوخشاش جازالىغان ۋە بۇ ئەلىنىڭ يالغۇز ئېلىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ساھابىلارنىڭ قىياسىغا ئايلانغان. بۇ ھەقتە ئىمام مالىك ”مۇۋەتتە“ ناملىق ئەسىرىدە تەپسىلى مەلۇمات بەرگەن. بۇنىڭغا ئۇلاپلا نەسەئىي بىلەن تەھتاۋىيمۇ (ئۆز ئەسەرلىرىدە) بۇ ھەقتە بىر قىسىم قارىيلار (رىۋايەت قىلغۇچىلار) نى تىلغا ئالغان.

دەلىل بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ساھابىلارنىڭ ئىجتىھاد قىلغان بىر قىسىم مەسىلىلەر تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە نەسەئىينىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، بىر ئايالنىڭ چۈشۈرۈلگەن ھامىلەسى ھەققىدە پەتىۋا سورالغاندا، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەقتە ھۆكۈم قىلغانلىقىدىن خەۋەرسىزدى. شۇڭا: ”ھامىلە توغرۇلۇق رەسۇلۇللاھتىن بىرەر ھەدىس ئاڭلىغانلار بارمۇ؟“ دەپ سورىدى. ھەمل ئىبنى ئىمام مالىك ئىبنى نابىغە ئورنىدىن تۇرۇپ: ”مېنىڭ ئىككى دېدىكىم بار ئىدى.ئىككىسى ئۇرۇشۇپ قېلىپ، بىرى يەنە بىرىنى نوغۇچ بىلەن ئۇرۇپ، ھامىلەسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان ئىدى. بۇ ھامىلەگە تۆلەم سۈپىتىدە رەسۇلۇللاھ غۇررەگە ھۆكۈم قىلغان“ دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ئۆمەر: ”بىزمۇ ئۆز قارىشىمىز بويىچە مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا ھۆكۈم قىلغىلى ئاز قاپتۇق“ دېدى. غۇررە بىر قىسىم رىۋايەتلەردە ”قۇل ياكى دېدەك“ دەپ ئىزاھلانغان.ئەگەر چۈشۈپ كەتكەن ھامىلە ئۆلۈپ قالسا، غۇررە ھۆكمى ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەگەر ھامىلە چۈشۈپ كەتكەندە ئۆلۈپ قالماي كېيىن ئۆلۈپ قالسا، تولۇق تۆلەم تۆلەشكە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. سىز ئۆمەرنىڭ: ”بىزمۇ ئۆز قارىشىمىز بويىچە مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا ھۆكۈم قىلغىلى ئاز قاپتۇق“ دېگە ن ئىبارىسىگە قانداق قارايسىزكىن؟ ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەقتىكى ھۆكمىدىن ۋاقىپ بولالمىغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئۆز قارىشى بويىچە ئىجتىھاد قىلغان بولاتتى.

2 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ، تويلۇق بەرمەي بىر ئايالغا ئۆيلىنىپ، جىما قىلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ئايالىنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق ئىجتىھاد قىلىشى. ھەدىسشۇناسلاردىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، تويلۇق بەرمەي بىر ئايالغا ئۆيلىنىپ، جىما قىلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ئايالىنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق (پەتىۋا) سورالغاندا، ئىبنى مەسئۇد (ساھابىلارغا): ”سىلەر ئىزدىنىپ بېقىڭلار! بەلكى (رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدا) بۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىرەر مەسىلىنى ئۇچرىتىشىڭلار مۇمكىن“ دېگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلار ئىزدەنگەن بولسىمۇ، بۇ توغرۇلۇق بىرەر مەسىلىنى ئۇچرىتالمىغانلىقى ئۈچۈن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ: ”قانچە ئىزدەنگەن بولساقمۇ ئەپسۇسكى بىرەر مەسىلىنى ئۇچرىتالمىدۇق“ دېيىشكەندىن كېيىن، ئىبنى مەسئۇد: ”ئۇنداقتا ئۆز كۆز ـ قارىشىم بويىچە ھۆكۈم قىلىمەن. توغرا قىلالىسام ئاللاھنىڭ ماڭا قىلغان ئىنايىتىدىن بولىدۇ. مەن ئۇ ئايالغا (تويلۇق بېرىپ نىكاھىغا ئېلىنغان) ئاياللارغا ئوخشاش تويلۇق ھەققىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىشقا (تويلۇق بېرىلىپ نىكاھىغا ئېلىنغان تەقدىردىمۇ تويلۇق ھەققىنىڭ ھەممىسىنى ئالاتتى) ۋە ئىددەت تۇتۇشقا ھۆكۈم قىلىمەن“ دېدى. ئىبنى مەسئۇد ھۆكۈم بېرىپ بولغاندىن كېيىن بۇ سورۇندىكى ئىمام مالىك ئىبنى سىنان ئەشجەئىي ئورنىدىن تۇرۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭمۇ ”مەرۋەئە بىنتى ۋاشىق“ ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ مەسى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ھۆكمىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭكى ھۆكمىگە ئۇيغۇن كېلگەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ كەتكەن.

www.uyghurweb.net

قسقىسى، ئىبنى مەسئۇد دەلىل تېپىش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆز قارىشى بويىچە پەتىۋا بېرىپ، دەلىل تاپقىنىدا پەتىۋاسىغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن سۆيۈنۈپ كەتكەن.

3 - بەيھەقىنىڭ "سۈنەنۇل كۇبرا"، ئىبنى ئابدۇلبەرنىڭ "جامىئۇ بايانىل ئىلمى" ناملىق ئەسەرلىرىدە ئەكرەمەدىن مۇنداق نەقىل كەلتۈرۈلگەن: "ئىبنى ئابباس مېنى، ئېرى بىلەن ئاتا - ئانىسىنى تاشلاپ ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئايالنىڭ مىراسى توغرۇلۇق زەيد ئىبنى سابىتقا ئەۋەتكەن ئىدى. زەيد ئىبنى سابىت: "ئېرىگە مىۋاسىنىڭ يېرىمى، ئانىسىغا قالغان مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى، دادىسىغا قالغان مىراس بېرىلىدۇ" دېگەن. مەن ئابباسقا بۇنى خەۋەر قىلغىنىمدا: "ئۇنىڭ قېشىغا يەنە بېرىپ ئېيت! ئاللاھنىڭ كىتابىدا ﴿ئانىسىغا قالغان مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى بېرىلىدۇ﴾ دەپ بىررەر ھۆكۈم بارمىكەن" دېگەن. كېيىن ئىبنى ئابباس: "ئانىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تولۇق بېرىلىدۇ" دېگەندە، زەيد ئۇنىڭغا: "سەنمۇ ئۆز قارىشىڭ بويىچە پەتىۋا بېرىۋاتىسەن، مەنمۇ ئۆز قارىشىم بويىچە پەتىۋا بېرىۋاتىمەن، مەن ئانىسىغا دادىسىدىن ئارتۇق مىراس بەرمەيمەن" دېگەن. بۇ ھەدىسقا كۆرە، دەلىل تېپىلمىغاندا ئۆز قاراشلىرىدا ئىختىلاپ قىلىش ئىمكانىيىتى بار.

4 - ئىبنى ئابدۇلبەرنىڭ "جامىئۇ بايانىل ئىلمى" ناملىق ئەسىرىدىكى رىۋايىتى ۋە ئىبنى قەييۇمنىڭ "ئۆلام الموقىين" ناملىق ئەسىرىدىكى نەقلىگە كۆرە: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئادەم بىلەن ئۇچراشقاندا: "مەسىلەڭ قانداق بولدى؟" دەپ سورىغاندا، ئۇ ئادەم: "ئاداۋەتكە مۇناسىۋەتلىك بۇ مەسىلىگە قارىتا ئەلى بىلەن زەيد مۇنداق مۇنداق ھۆكۈم قىلدى" دېگەن. بۇنى ئاڭلاپ ئۆمەر: "ئۇلارنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام مۇنداق مۇنداق ھۆكۈم قىلاتتىم" دېگەندە، ئۇ ئادەم: "ئەمىسە نېمىشقا شۇنداق ھۆكۈم قىلمايسەن؟ سېنىڭ بۇنداق قىلىشىڭغا توسالغۇ بولىۋاتقان زادى نېمە؟" دېگەن. ئۆمەر: "سېنىڭ مەسىلەڭ ھەققىدە ئاللاھنىڭ كىتابى ياكى رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدە بىرەر ھۆكۈم بولسىدى ئەلۋەتتە شۇنداق قىلاتتىم، بىراق، سېنىڭ بۇ مەسىلەڭگە ئۆز قارىشىم بويىچە ھۆكۈم قىلماقچى بولىۋاتىمەن. ھەممە كىشىنىڭ ئەركىن كۆز - قاراش (پىكىر قىلىش) ھوقۇقى بولغانلىقتىن، ئەلى بىلەن زەيدنىڭ دېگەنلىرىگە قارشى چىقالمايمەن" دېگەن.

قىسقىسى، ئۆمەر، ئەلى بىلەن زەيدنىڭ كۆز - قارىشىغا قارشى چىقمىغان بولسىمۇ، ئۇ ئىككىسىگە ئوخشاشلا ئىجتىھاد قىلغان. ئىجتىھادىمۇ ئەنە شۇنداق قارشى چىققىلى بولمايدۇ.

5 - ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چۇما كېسىلىگە قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسى.

شامدا تارقالغان چۇما كېسىلى سەۋەبىدىن قايتماقچى بولغان ئەبۇ ئۇبەيدىگە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب باشتا ئۆز كۆزقارىشى بويىچە جاۋاب بەرگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ توغرۇلۇق دەلىل بارلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئەبۇ ئۇبەيدىنىڭ پىكرىگە قوشۇلغان.

بۇخارىنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب شامغا قاراپ يولغا چىقىپ، "بەسرەغە" دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەندە قوشۇننىڭ سەركەردىلىرى بىلەن ئۇچراشقان. بۇ چاغدا ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۆمەرگە: "شامدا تارقالغان چۇما كېسىلى سەۋەبىدىن ئىنسانلارنىڭ قايتىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقانلىقىنى" خەۋەر قىلغان. بۇنى ئاڭلاپ ئۆمەر مەدىنىگە قايتماقچى بولغاندا، ئەبۇ ئۇبەيد ئۆمەرگە: "ئى ئۆمەر! سەن ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن قاچماقچى بولىۋاتامسەن؟" دەپ سورىغان. بۇنى ئاڭلاپ ئۆمەر: "ئى ئەبۇ ئۇبەيدە! بۇ گەپنى كاشكى سەندىن باشقىلار دېگەن بولسىچۇ؟" دېگەن ۋە يەنە داۋام قىلغان: "شۇنداق، مەن ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە قېچىۋاتىمەن (يەنى تەدبىر ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىمەن). ئېيتقىنچۇ! ئەگەر سېنىڭ تۆگىلىرىڭ بولۇپ، تۆگىلىرىڭنى بىرى ياپ - يېشىل، ئوت - چۆپلىرى مول يايلاق، يەنە بىرى ھېچنېمە يوق قۇرغاق بىر يايلاقتىن ئىبارەت ئىككى يايلاقتا ئوتلىتىشقا توغرا كەلسە، سەن تۆگىلىرىڭنى بۇ ئىككى يايلىقنىڭ بىرسىدە ئوتلاتساڭ، بۇنىمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن قىلغان بولامسەن؟" دېگەن. بۇ چاغدا ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف كېلىپ (ئۇ ئىشى چىقىپ قالغاچقا بۇ مۇنازىرە بولىۋاتقاندا بۇ يەردە يوقتى): "مەن رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى: "ئەگەر سىلەر بىرەر يۇرتتا يۇقۇملۇق كېسەل تارقانغانلىقىنى ئاڭلىساڭلار، ئۇ يۇرتقا بارماڭلار، سىلەر تۇرىۋاتقان يەردە يۇقۇملۇق كېسەل تارقالسىمۇ، ئۇنىڭدىن قېچىپ، (باشقا يەرلەرگە) چىقىپ كەتمەڭلار!" ئاڭلىغان ئىدىم" دېگەن. ئۆمەر بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئوقۇپ قايتىپ كەتكەن.

www.uyghurweb.net

بۇ هازىرقى زامان تىبابەتچىلىكىدە ”كارانتىن قىلىش“ دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە، مۇھاجىرلارنىڭ، ئەنسارىلارنىڭ ۋە قۇرەيش ئاقساقاللىرىنىڭ بۇ توغرۇلۇق كېڭەشلىرىدە ئىختىلاپ قىلىشقانلىرىنى، پەقەت ئىككى كىشىنىڭلا ئىختىلاپ قىلمىغانلىقىنى، ئاخىردا ئۇلارنىڭ (ئۆمەرگە): ”ئىنسانلارنى بۇ چۇما كېسىلىگە تاشلاپ قويماي بىرلىكتە قايتىشىڭنى (ئەڭ مۇۋاپىق) دەپ قارايمىز“ دېگەنلىكى تەپسىلى بايان قىلىنغان.

6 ـ يەمەندە بىر بالىنى، ئۆگەي ئانىسى ئاشنىسى بىلەن بىرلىشىپ ئۆلتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، بۇ ھە قتە ئۆمەر ئىبنى خەتتابدىن (پەتىۋا) سورالغان، ئارىسالدى بولۇپ قالغان. بۇنى كۆرۈپ ئەلى: ”ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئوغرىلىق قىلىشقا ئىشتىراك قىلىپ، ئۇ يەردىن بىر پاچە، بۇ يەردىن بىر پارچە ئالغان كىشىلەرنى، پۈت ـ قوللىرىنى كېسىپ جازالىمامسەن؟“ دېگەن. ئۆمەر: ”شۇنداق“ دەپ، خىزمەتچىلىرىنى ئۇ ئىككى قاتىلنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىغاندىن كېيىن: ”ئەگەر بۇ بالىنى ئۆلتۈرۈشكە پۈتۈن سەنئا ئاھالىسى ئىشتىراك قىلغان بولسىدى، بۇ بىر كىشى تۈپەيلىدىن ھەممىسىنى ئۆلتۈرگەن بولاتتىم“ دېگەن.

بۇخارىنىڭ ئىبنى ئۆمەردىن نەقىل كەلتۈرىشچە: ”بىر بالا سۇيىقەستكە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەن چاغدا ئۆمەر: ”ئەگەر بۇ بالىنى ئۆلتۈرۈشكە پۈتۈن سەنئا ئاھالىسى ئىشتىراك قىلغان بولسىدى، بۇ بىر كىشى تۈپەيلىدىن ھەممىسىنى ئۆلتۈرگەن بولاتتىم“ دېگەن“ دېيىلەگەن.

سەنئانىڭ ”سۇبۇلۇس سالام“ ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەدىسقا بىرگەن ئىزاھاتىدا، مۇغىرە ئىبنى ھەلمە سەنئادىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: ”سەنئادا بىر ئايالنىڭ ئېرى، ئايالغا ئۆگەي ”ئەسىل“ ئىسىملىك بالىسىنى قويۇپ، باشقا يەرگە كېتىپ قالغان ئىدى. ئېرى كەتكەندىن كېيىن، ئايالى ئاشنا تۇتقان بولۇپ، سىرىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئاشنىسىغا: ”بۇ بالىنى كۆزدىن يوقاتمىساق، بىزنى رەسۋا قىلىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈرۋەت!“ دېگەندە، ئاشنىسى دەسلەپتە قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، كېيىن قوبۇل قىلغان ۋە ئاخىرىدا ئۇ ئايالنىڭ ئاشنىسى، خىزمەتچىسى ۋە يەنە بىر ئادەم بىرلىشىپ بۇ بالىنى ئۆلتۈرۈپ، پارچىلاپ تاغارغا سېلىپ، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق يېزىنىڭ چېتىدىكى سۈيى يوق قۇدۇققا تاشلىۋەتكەن. كېيىن بۇ سىر ئاشكارىلىنىغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئاشنىسى ئاندىن قالغانلىرى جىنايەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقان. ئەينى زاماندىكى شۇ يەرنىڭ مەسئۇلى بولغان يەئلا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مەكتۇپ يوللاپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان. ئۆمەر بۇ قاتىللارنىڭ ھەممىسىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە بۇيرۇپ يەئلاغا يازغان خېتىدە: ”ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر بۇ بالىنى ئۆلتۈرۈشكە پۈتۈن سەنئا ئاھالىسى ئىشتىراك قىلغان بولسىدى، بۇ بىر كىشى تۈپەيلىدىن ھەممىسىنى ئۆلتۈرگەن بولاتتىم“ دېگەن“.

ئىمام مالىك ”مۇۋەتتە“ ناملىق ئەسىرىدە سەئىد ئىبنى مۇسەييەبدىن رىۋايەت قىلىشچە: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۇ بالىنى سۇيىقەست بىلە ن ئۆلتۈرىۋەتكەن بەش نەپەر ياكى يەتتە نەپەر كىشىنى بىر كىشى (نىڭ ئىنتىقامى) ئۈچۈن ئۆلتۈرگەن ۋە: ”ئەگەر بۇ بالىنى ئۆلتۈرۈشكە پۈتۈن سەنئا ئاھالىسى ھەمكارلاشقان بولسىدى، بۇ بىر كىشى تۈپەيلىدىن ھەممىسىنى ئۆلتۈرگەن بولاتتىم“ دېگەن.

ئۆمەرنىڭ بۇ ھۆكمىگە ساھابىلاردىن ئەلى، مۇغىرە ئىبنى شۆئبە، ئىبنى ئابباس، تابىئىنلاردىن سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، ھەسەن، ئەتا، قەتادە، مەزھەبشۇناسلاردىن ئىمام مالىك، ئەۋزائىي، ئىمام شافىئىي، ئىسھاق، ئەبۇ سەۋر ۋە قىياسچى قاتارلىقلار قوشۇلغان (تەستىقلىغان).

بۇ ۋەقە رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدا سادىر بولمىغانلىقتىن، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەقتە ھېچقانداق ھەدىسى ۋە ھۆكمى يوقتى. شۇ سەۋەبتىن دەلىل تېپىلماي بىر ئادەم ئۈچۈن كۆپ كىشىنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشى ھەققىدە ئىختىلاپ ئوتتۇرىغا چىققان. قىسقىسى بۇ ئۆمەرنىڭ دەۋرىگە خاس بىر ھادىسە بولۇپ، دەلىل بولمىغاچقا ئۆمەرنىڭ ئىجتىھادىغا ساھابىلارنىڭ كۆپچىلىكى قوشۇلغان.

www.uyghurweb.net

7 ـ ئۆلگۈچىنىڭ مىراسنىڭ بوۋىسى بىلەن قېرىنداشلىرى ئوتتۇرىسىدا تەقسىم قىلىنىش مەسىلىسى. بۇ مەسىلىگە ساھابىلار رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن دۇچ كەلگەچكە، بۇ مەسىلە توغرۇلۇق بىرەر ھۆكۈم ۋە دەلىلنىڭ تېپىلىشى مۇمكىن ئەمەستى. شۇڭا ئۇلار ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەن خىلمۇخىل پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چىققان.

ئۆلگۈچىنىڭ مىراسىغا (ئۆلگۈچىنىڭ) قېرىنداشلىرىغا قارىغاندا بوۋىسى ئەڭ ھەقلىق، ئەگەر (ئۆلگۈچىنىڭ) بوۋىسى ۋە قېرىنداشلىرىنى مىراستىن مەھرۇم قىلىدىغان باشقا ۋەرىسخورى (دادىسى) بولسا، بوۋىسى ۋە قېرىنداشلىرىغا ھېچقانداق مىراس تەگمەيدۇ. چۈنكى (دادىسى) بوۋىسى ۋە قېرىنداشلىرىغا قارىغاندا دادا بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆلگۈچىگە (تۇغقانچىلىق جەھەتتىن) ئەڭ يېقىن كېلىدۇ. شۇڭا دادىسى قېرىنداشلىرىنى مىراستىن مەھرۇم قىلىدۇ. قۇرئاننىڭ كۆپىنچە ئايەتلىرىدىمۇ بۇ (ئاتا) دەپ ئاتالغان:

﴿(بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر﴾[1].

بۇ، ئەبۇ بەكرى، ئىبنى ئابباس، ئىبنى زۇبەير، مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە، ئۇبادە ئىبنى سابىت قاتارلىق ساھابىلارنىڭ قارىشىدۇر. ئۆمەرنىڭ قارىشى دەسلەپتە شۇنداق بولسىمۇ، كېيىن بۇ قارىشىدىن يېنىۋالغان.

ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى، زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىق ساھابىلار: "تۇغقانچىلىق جەھەتتىن دەرىجىسى ئوخشاش بولغانلىقتىن، ئۆلگۈچىنىڭ قېرىنداشلىرىمۇ، بوۋىسىمۇ ئوخشاش مىقداردا مىراس (تىنكى ئۈلۈشلىرىنى) ئالىدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى، مېيىتنىڭ (ئۆلگۈچىنىڭ) دادا تەرەپ ئەڭ يېقىن (تۇغقانلىرى) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ" دەپ قارايدۇ.

زەيد ئىبنى سابىت بۇ توغرۇلۇق قىياسى بىر مىسال كەلتۈرگەن. مەسىلەن:

(ئۆلگۈچىنىڭ) بوۋىسىنى بىر دەرەخنىڭ غولى بىلەن يىلتىزىغا، دادىسىنى شاخلىرىغا، قېرىنداشلىرىنى شاخلاردىن تۈرلىنىپ چىققان ئىككى تال چىۋىققا ئوخشىتىپ: "بۇ ئىككى تال چىۋىق بىر ـ بىرىگە تولىمۇ يېگىن بولغىنىدەك، بىرى يەنە بىرىگە قارىغاندا دەرەخنىڭ يىلتىزىغا تېخىمۇ يېقىن. ئەگەر ئىككى تال چىۋىقنىڭ بىرسى كېسىۋېتىلسە، ئۇنىڭ ئالىدىغان ئۇزۇقلۇق ئېنېرگىيىسى يىلتىزغا يېتىپ بارماستىن بەلكى، كېسىۋېتىلمىگەن يەنە بىر چىۋىقنىڭ ئۆسۈپ چوڭىيىشىغا تۈرتكە بولىدۇ" دېگەن.

بۇ ھەقتە ئۆمەر ئەلىدىن سورىغاندا، ئەلىمۇ باشقا تۈرلۈك بىر مىسال كەلتۈرگەن. مەسىلەن: (ئۆلگۈچىنىڭ) بۋىسىنى بىر دېڭىزغا، دادىسىنى شۇ دېڭىزنىڭ قولتۇقىغا، مېيىت (ئۆلگۈچى) بىلەن قېرىنداشلىرىنى شۇ قولتۇقنىڭ دائىرىسى ئىچىدە ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ئېقىۋاتقان ۋە بىر بىرىگە ناھايىتى يېقىن ئىككى دەرياغا ئوخشىتىپ: "ئەگەر ئىككى دەريانىڭ بىرى توسۇۋېتىلسە، ئۇنىڭ سۈيى دېڭىزغا ئەمەس، يەنە بىرىگە قوشۇلىدۇ" دېگەن.

زەيد (ئۆلگۈچىنىڭ) بوۋىسىغا، قېرىندىشىغا ئوخشاش ھۆكۈم قىلغان بولۇپ،ئۇنىڭ قارىشىچە: "ئىككى قېرىندىشى بولسا، بوۋىسى ئۈچىنچى قېرىندىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۈچتىن كۆپ قېرىندىشى بولسا، مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ" ئەلىمۇ (ئۆلگۈچىنىڭ) بوۋىسىغا، قېرىندىشىغا ئوخشاش ھۆكۈم قىلغان بولۇپ، ئەلىگە كۆرە: "قېرىندىشى ئالتە كىشى بولسا، بوۋىسىغىمۇ، قېرىنداشلىرىغىمۇ مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى، قېرىندىشى ئالتىدىن كۆپ بولغان تەقدىردە، بوۋىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىر ھەسسىسى، قالغىنى قېرىنداشلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ".

ئىبنى قەييۇم "ۋىلام الموقىين" ناملىق ئەسىرىدە، بۇ ھەقتىكى ئەبۇ بەكرى ۋە ئۇنىڭ پىكىرداشلىرىنىڭ كۆز ـ قارىشىنى نۇرغۇنلىغان مىساللار ئارقىلىق ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

يۇقىرقى مىساللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ساھابىلار كۆپلىگەن ۋەقەلىكلەردە مىساللارنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆز نەزىرىيىلىرىگە تايىنىپ، تۈرلۈك ئەھكاملاردا بىر ـ بىرىگە (ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىن) ئىنكاس قايتۇرۇپ شانلىق

[1] سۈرە ھەج 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurweb.net

ئۇبرازىنى ياراتقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆلىمالارنىڭ غايىسى روشەن ھالدا دادىل قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىشى ئۈچۈن ئىجتىھاد دەۋرازىسىنى كەڭ ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق، ماڭىدىغان يولنى يورۇتۇپ بەرگەن.

## پىكىر ۋە ئەمەل

جەنابى ئاللاھ بىزنى ئۆزى ۋە ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن:

﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ غا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالاغا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي)ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر﴾[1].

رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ تەكرارلىنىشى، مەيلى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش توغرۇلۇق قۇرئاندا ئەمر قىلىنغان بولسۇن ياكى بولمىسۇن قۇرئاننىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن رەسۇلۇللاھقا شەرتسىز ئىتائەت قىلىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قۇرئاندا ئاللاھ غا ئىتائەت قىلىش توغرۇلۇق قانداق ئىبارە قوللىنىلغان بولسا، ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىش توغرۇلۇقمۇ شۇنداق ئىبارە قوللىنىلغان. بىراق ئىش ئۈستىدىكىلەر "باشلىقلار" گە ئىتائەت قىلىش توغرۇلۇق ئايرىم ئىبارە قوللىنىلمىغان ۋە ئىش ئۈستىدىكىلەر "باشلىقلار" گە ئىتائەت قىلىشنى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشىغا شەرت قىلغان. شۇڭا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشلىرى شەرت. ئەگەر ئىش ئۈستىدىكىلەر "باشلىقلار" نىڭ بۇيرۇقى رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇن بولسا ئىتائەت قىلىشقا بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ:

"ياراتقۇچىغا ئاسىيلىق قىلىپ، مەخلۇققا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ" دېگەن ئىدى.

مەزكۇر ئايەتتە مۆمىنلەر ئارا ئىختىلاپ قىلىشسا بولىدىغانلىقى، ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان چاغدا ئاللاھ ۋە ئەلچىسىگە مۇراجەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى قەيت قىلىنغان. ئاللاھ غا مۇراجەت قىلىش دېمەك، ئاللاھنىڭ كىتابى (قۇرئان) غا مۇراجەت قىلىش دېمەكتۇر. رەسۇلۇللاھقا مۇراجەت قىلىش دېمەك، ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىش ـ ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ۋاپاتىدىن كېيىنكى سۈننىتىگە ئەگىشىش دېمەكتۇر. ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان چاغدا قۇرئان ۋە سۈننەتكە مۇراجەت قىلىش بولسا، پۈتكۈل شەيئىلەردىكى ھۆكۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ﴿ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار...﴾ بىز بۇ يەردە، "قۇرئان ۋە سۈننەتتە دەلىلى بولمىغانلىقتىن، مۆمىنلەر ئىختىلاپ قىلىشقان دىنىي مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە، بولۇپمۇ ھالال ـ ھارام مەسىلىسىدە، بۇيرۇققا بىنائەن ئومۇمى جەھەتتىن ئاللاھ تائالاغا مۇراجەت قىلىنىدۇ. مۇجتەھىدلارنىڭ كۆز قارىشى بولسا، ئۆز ئىجتىھادىغا خاس بىر ھۆكۈمدۇر" دېمەكچى ئەمەسمىز. چۈنكى رەسۇلۇللاھ قوماندانىغا مۇھاسىرە ئىچىدىكى دۈشمەنگە ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلىشتىن نەھيى قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: "سەن ئۇلار ھەققىدە ئاللاھنىڭ ھۆكمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشقا ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى بىلەلمەيسەن. شۇڭا ئۇلارغا ئۆزۈڭ بىلەن ھەمراھلىرىڭنىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىل!".

يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ساھابىلارنىڭ ئىجتىھادىي پەقەت كۆزقاراشتىنلا ئىبارەت بولماستىن بەلكى بۇنى ئەمەلىيەت بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن ئىدى. مەسىلەن:

ئەبۇ بەكرى: "ئەگەر مەن ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى بىرەر ئايەت ھەققىدە ئۆز قارىشىم ياكى بىلمىسىزلىكىمدىن (بىر نەرسە) دېسەم، مېنى كۆك قويىنغا ئالمىسۇن مېنى، يەر يۇتسۇن!" دەيتتى. ئىجتىھاد قىلغىنىدا: "بۇ مېنىڭ شەخسىي كۆز ـ قارىشىم، ئەگەر توغرا بولسا ئاللاھ دىن، خاتا بولسا مەن سەۋەبچى بولغان بولىمەن، قارىشىم خاتا بولۇپ قالسا، ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ ئەپۇ سورايمەن" دەيتتى.

بۇ ھەقتەئۆمەرمۇ شۇنداقتى. "بۇ قارىشىم پەقەت سىلەرنىڭ مەسىلەڭلەرگىلا خاس" دەيتتى.

---

[1] سۈرە نىسا 59 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: ''سىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، بۇ زاماندا بۇرۇنقىغا قارىغاندا پىتنە ـ پاسات كۆپ بولىدۇ، ئەمىرلەر كۈندىن كۈنگە ناچارلىشىپ، قۇرغاقچىلىق ۋە ۋەيرانچىلىق يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىپ كېتىدۇ، دىنىي ئالىملار دۇنيادىن كېتىپ قېلىپ، ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنى تاپالمايسىلەر. بۇ چاغدا ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلىدىغان تەكەببۇر بىر قەۋم دۇنياغا كېلىدۇ'' جىما قىلىشتىن

ئۆمەر يەنە تويلۇق بەرمەي بىر ئايالغا ئۆيلىنىپ، جىما قىلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ئايالىنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق: ''بۇ ھەقتە ئۆز قارىشىم بويىچە ئېيتقانلىرىم توغرا چىقسا ئاللاھ دىن، خاتا چىقسا مەندىن ۋە شەيتاندىن، ئاللاھ ۋە ئەلچىسى مەنىڭ خاتالىقمدىن ئادا جۇدادۇر'' دېگەن.

بۇ ھەقتە ئۇسمانمۇ شۇنداقتى. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب: ''ناۋادا دىن پەقەت كۆز قاراشتىنلا ئىبارەت بولغان بولسىدى، ئۆتۈكنىڭ ئاستىغا مەسھى قىلماق، ئۈستىگە مەسھى قىلغاندىنمۇ ئەۋزەلرەك بولاتتى'' دېگەن.

زەيد ئىبنى سابىتقا بىر قەۋم كېلىپ بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە پەتىۋا سورىغاندا، زەيد بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆز قارىشىنى بايان قىلغان. بۇ قەۋم زەيدنىڭ دېگەنلىرىنى يېزىۋالغان. بۇ چاغدا زەيد: «مېنىڭ دېگەنلىرىمگىلا يۆلىنىۋالماڭلار، بەلكى دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى خاتا بولۇپ چىقىشى مۇمكىن، چۈنكى مەن ئۆز قارىشىم بويىچە ئىجتىھاد قىلدىم، خالاس» دېگەن.

دەرۋەقە ساھابىلار ئۆز قارىشى بىلەن ئەمەلى ھەرىكىتىنى بىرلەشتۈرۈشتە ئۈلگە ياراتقان. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ھېچقانداق دەلىل ۋە ئاساسسىزلا دىنىي مەسىلىلەردە خاتا ھۆكۈم چىقىرىدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنىي ئەھكاملىرىغا يات ۋە ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە نوقسان يەتكۈزىدىغان بىر تەركۈم خاھىشلار، گۇمانىي ۋە باتىل كۆزقاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىققان. قىلچە ئاساسىي بولمىغان بۇ خىل خاتا قاراش ۋە نەيرەڭۋازلىقلار رەسۇلۇللاھنىڭ:

''ئاللاھ سىلەرنىڭ پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىشلىرىڭلارنى ۋە كۆپ سوئال سورىشىڭلارنى ياقتۇرمايدۇ'' دېگەن سۆزىگە ئاساسەن قەتئىي رەت قىلىندى، قىلىنىۋاتىدۇ ۋە قىلىنغۇسى.

ساھابىلارنىڭ كۆزقارىشىغا كەلسەك، نەزەرىيىۋى دەلىل ـ ئىسپاتلارغا، ئىجتىھادىي ئاڭغا ئىگە قاراشلاردۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى قەييۇم مۇنداق دېگەن: ''ساھابىلار ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن، مەسىلىلەر ئۈستىدە تەپەككۇر دېڭىزىغا چۆكۈپ، مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى، چۈنكى ھەممىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا سازاۋەر بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئۇلارنىڭ يېتىشكەن ئالىملاردىن بولۇشىنى تەقەززا قىلاتتى''.

ئىبنى قەييۇم يەنە ئىمام شافىئىيدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن:

''جەنابى ئاللاھ رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىنى، قۇرئان، تەۋرات ۋە ئىنجىلدا تەرىپلىگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مىسلىسىز پەزىلەتلىرىنى بايان قىلدى. ئاندىن مەرھەمەت قىلىپ، ئۇلارنى شېھىتلەر، سىددىقلار ۋە ياخشىلاردىن قىلدى. ئەنە شۇنداق مىسلىسىز خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ساھابىلار بىزگە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى يەتكۈزدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھقا ۋەھيى نازىل بولغاندا كۆرۈپ تۇراتتى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئومۇم ۋە خاسقا نېمىنى ئىرادە قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. ئۇلار بىز بىلەلىگەن ۋە بىلەلمىگەن رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننەتلىرىدىن خەۋەردار ئىدى. شۇڭا ئۇلار ھەر بىر ئىلىم، تەقۋادارلىق، ئەقىل ـ پاراسەت، ھۆكۈم قاتارلىق جەھەتلەردە بىزدىن كۆپ ئۈستۈن ئورۇندا ۋە ئالاھىدە پەرقلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆز ـ قاراشلىرى بولسا، بىزنىڭ قاراشلىرىمىزغا قارىغاندا كۆپ ئەۋزەل ۋە بىزنىڭ ئالاھىدە ماختىشىمىزغا سازاۋەردۇر''.

مانا بۇ ئىمام شافىئىينىڭ ساھابىلارغا بولغان قارىشىدۇر. روشەنكى ساھابىلار ئۆز قارىشى بويىچە بىرەر مەسىلىگە ھۆكۈم قىلسا، قۇرئاننىڭ ھۆكمىگە ئۇيغۇن كېلىپ قالاتتى. مەسىلەن: ئۆمەرنىڭ بەدر ئەسىرلىنىڭ كاللىسىنى ئېلىش ھەققىدىكى قارىشى ۋە ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىش ھەققىدىكى قارىشى، بۇ ھەقتە قۇرئان نازىل بولۇشى بىلەن (ئىسلام قانۇنىنىڭ ھۆكمىگە ) ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۆمەر يىغلىپ كۈندەشلىك قىلىشقا باشلىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا:

﴿ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە، پەرۋەردىگارى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا، سىلەردىن ياخشى، (اللەنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچى، (اللەغا ۋە پەيغەمبەرگە) ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، گۇناھلاردىن تۆۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت

www.uyghurweb.net

قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئۇنىڭغا بېرىشى مۇمكىن﴾[1] دېگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىنىڭ توغرىلىقىنىمۇ قۇرئاندىكى بۇ ئايەت نازىل بولۇپ ئىسپاتلىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋاپات بولۇپ، رەسۇلۇللاھنامىزىنى چۈشۈرمەكچى بولغاندا، ئۆمەر رەسۇلۇللاھنىڭ كىيىمىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

”ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بۇ بولسا مۇناپىق“ دېدى. شۇنداقتىمۇ رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن ئاللاھ مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:

﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن، (دەپنە قىلىش، زىيارەت ياكى دۇئا ئۈچۈن) ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن، چۈنكى ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار پاسىق ھالىتى بىلەن ئۆلدى﴾[2].

بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ساھابىلارنىڭ كۆزقاراشلىرى بىلەن ئىجتىھادلىرىدا ھېچقانداق بىر توقۇنۇشنىڭ يوقلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. بىراق دەلىل ـ ئىسپاتلاردىن خالىي قاراشلار، يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتۈپ كەتكىنىمىزدەك، پەرەز ۋە ئۈيدۇرمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھالبۇكى كەسكىن دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ئاساسلانغان ساھابىلارنىڭ قاراشلىرى بولسا، جەنابى ئاللاھنىڭ خالىغان بەندىلىگە ئاتا قىلغان ئۆزىگىچە ئۇقۇمدۇر.

## ساھابىلارنىڭ فۇقەھالىرى

ھەدىسشۇنالارغا كۆرە، مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن رەسۇلۇللاھقا ھەمرا بولغان كىشىلەر ”ساھابە ـ ھەمراھ، ئۈلپەت“، ئۇزۇن مۇددەت رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىپ ئەھكاملىرىنى قوبۇل قىلغان، فىقھە ۋە نەزىرىيىسى بىلەن تونۇشۇپ، پەتىۋالىرى ساقلانغان ساھابىلارنىڭ فۇقەھالىرى ”قۇررا ـ قارىيلار“ دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقان. ئىبنى خەلدۇنغا كۆرە: ”كېيىن، ساھابىلارنىڭ ھەممىسى پەتىۋا ئەھلى ۋە ھەممىسى ھۆكۈم قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولمىغانلىقتىن پەقەت قۇرئاننى يېتىكلىگۈچى ئەھكاملىرى ـ ناسىخ، مەنسۇخ، مۇتەشابىھ، مۇھكەم قاتارلىق رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلاپ ئۆزلەشتۈرۈش ـ بىلەن يادلىغانلىغانلارلا ”قۇررا“ دەپ ئاتالغان. بۇنداق ئاتىلىشتىكى يەنە بىر سەۋەب بولسا، ”قۇررا“ لارنىڭ كىتاب ئوقۇيالىشى ئىدى. چۈنكى شۇ ۋاقىتتا ئەرەبلەر ساۋاتسىز بولغاچقا، ئەرەبلەر ئارىسىدا كىتاب ئوقۇيالايدىغانلارنى شۇنداق دەپ ئاتاشقان. بۇ دەسلەپتە بىر مەزگىل داۋاملاشقاندىن كېيىن، ئىسلامنىڭ كېڭىيىشى ۋە تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەرەبلەرنىڭ ساۋاتسىزلىقىغا خاتىمە بېرىلىپ، ھەممە كىشى كىتاب ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان ھەتتا فىقھە ئىلمىي مۇكەممەللىشىپ، مەخسۇس بىر پەن سۈپىتىدە تەرەققى قىلىش سەۋىيىسىگە يەتكەن.

ئىبنى قەييۇمنىڭ ”ئەلام الموقىين“ ناملىق ئەسىرىدىكى ئەسلىمىسىدە بايان قىلىنىشىچە: رەسۇلۇللاھنىڭ پەتىۋاسى ساقلانغان ساھابىلىرى ئەر ـ ئايال بولۇپ جەمئىي 130 دىن كۆپرەك كىشى ئىدى. جۈملىدىن بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپ پەتىۋا بەرگۈچىلەرمۇ، ئاز پەتىۋا بەرگۈچىلەرمۇ بىر ئىدى:

### كۆپ پەتىۋا بەرگۈچىلەر:

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە، زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللاھ ئىبنى ئاbbاس، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر قاتارلىق يەتتە كىشى.

ئەبۇ مۇھەممەد ئىبنى ھازىمغا كۆرە: ”ئۇلارنىڭ ھەر بىرسىنىڭ پەتىۋاسىنى يىغىپ رەتلەپ چىقسا، توم ـ توم كىتاب بولۇپ چىقاتتى“.

### ئوتتۇرا دەرىجىدىكى پەتىۋا بەرگۈچىلەر

ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئۇممۇ سەلەمە، ئوسمان ئىبنى ئەففان، ئەبۇ سەئىد خۇدرى، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ، مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرو ئىبنى ئاس، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير قاتارلىقلار.

---

[1] سۈرە تەھرىم ـ ئايەت.

[2] سۈرە تەۋبە 84 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

ئاز پەتىۋا بەرگۈچىلەر:

ئەبۇ دەرداﺋ، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ، نۇئمان ئىبنى بەشىر، ئۇبەي ئىبنى كەئب، ئەبۇ تەلھە، ئەبۇ زەر، سەفىييە، ھەفسە، ئۇممۇ ھەبىبە قاتارلىقلاردۇر.

كۆپ سانلىق فۇقەھالەرنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى تۆۋەندىكىچە:

### ئۆمەر ئىبنى خەتتاب

تولۇق ئىسمى: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىبنى نۇفەيل ئەدەۋى ئەلقۇرەشى بولۇپ، قۇرەيشلەر ئىچىدە ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى. ئۇ قۇرەيشلەر ئىچىدىكى ياراشتۇرغۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەنمۇ ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان بولۇپ، خەلىپە بولۇشتىن بۇرۇنقى ھاياتى ئاساسەن تىجارەت بىلەن ئۆتكەن.

ئۇ رىسالەتنىڭ ئالتىنچى يىلى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى كېلىپ ئالتە يىلدىن كېيىن) مۇسۇلمان بولدى. بۇ چاغدا مۇسۇلمانلار ئوتتۇز نەچچە ياكى ئەللىك نەچچە كىشى بولۇپ، ئەرقەم ئىبنى ئەبۇ ئەرقەم ئەلمەخزۇمىنىڭ ھويلىسىغا يىغىلاتتى. ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى، سانىنىڭ ئاز، كۈچىنىڭ ئاجىز بولۇشىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دائىم دىگۇدەك قۇرەيشلەرنىڭ ئەزىيەت قىلىشى ۋە كەمسىتىشىگە ئۇچراۋاتقان مۇسۇلمانلار ئىبىتىپ تۈگەتكۈسىز بىر شان ـ شەرەپكە ئېرىشىشى بىلەن بىرگە، ئىسلامنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تارقىتىش ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن بىر ھامىيغا ئېرىشتى. كەلگەن ئىدى. ئۆمەر كۈچتۈڭگۈر، ئاچچىغى يامان، مىجەزى قوپال، شىجائەتلىك ۋە ئادالەتپەرۋەر بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كەڭ تونۇلغان.

تارىخشۇناسلارغا كۆرە، رەسۇلۇللاھ: «ئى ئاللاھ! سەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە ئەمرو ئىبنى ھىشام ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى ئەزىزى قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلاتتى. ئاللاھ رەسۇلۇللاھنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۆمەر مۇسۇلمان بولدى. ئۆمەر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھقا: «دىنىمىز تۈپەيلىدىن بىز نىمە دەپ قورقۇنچ ئىچىدە ياشىغۇدەكمىز، ھالبۇكى بىز ھەق، ئۇلار باتىل ئۈستىدە تۇرسا، سىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئىماندىن باشقا پۈتكۈل كۈپۈرلۇق سورۇنلىرى تەلتۆكۈس خانىۋەيران بولغۇسى!... ئاندىن بىر تەرەپتىن ئۆمەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يەنە بىر تەرەپتىن ھەمزەنىڭ يېتەكچىلىكىدە مۇسۇلمانلار ئىككىگە ئايرىلىپ سەپ تارتىپ كەبىگە قەدەم تەشرىپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن قانتىدىن ئايرىلىپ قالغان قۇرەيشلەرنى قايغۇ ـ ھەسرەت ۋە پەرىشانلىق قاپلىۋالدى. ئىنتايىن مۇشكۈل بىر ۋەزىيەتتە مۇسۇلمان بولۇپ، ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغانلىقى ئۈچۈن "فارۇق (ئايرىغۇچى)" دەپ ئاتالدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى، غەلىبە، ھىجرىتى نۇسرەت، خەلىپىلىكى رەھمەتتى. ئۇ مۇسۇلمان بولغانغا قەدەر بىز ئۆيىمىزدىمۇ خاتىرجەم ناماز ئوقۇيالمايتتۇق، ئۆمەر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن جان تىكىپ كۈرەش قىلىش نەتىجىسىدە بىز خاتىرجەم ناماز ئوقۇيالايدىغان بولدۇق. ئۆمەر، رەسۇلۇللاھنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھىجرەت قىلىشىغا ئىجازەت بەرگەنگە قەدەر، رەسۇلۇللاھ بىلەن مۇسۇلمانلار نى جان تىكىپ قوغدىدى. پۈتكۈل مۇسۇلمانلار مەخپىي ھالدا ھىجرەت قىلغان بولسىمۇ، ئۆمەر بىر تۈركۈم (مۇسۇلمان بولغان) قۇرەيش ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بىرگە ئاشاكارا ھالدا ھىجرەت قىلدى. چۈنكى قۇرەيشلەر ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن تولىمۇ تەپ تارتاتتى".

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: "مەن ئۆمەردىن باشقا ھېچقانداق بىر مۇھاجىرنىڭ ئاشكارا ھالدا ھىجرەت قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۆمەر ھىجرەت قىلىشنىڭ ئالدىدا، قىلىچى بېلىگە ئېسىقلىق، ئوقياسى قولىدا ئىدى. ئۆمەرنىڭ بۇ ھەيۋەتلىك سىياقىدىن قەۋمى ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشقا تىرىشاتتى. كەبىگە قاراپ زەبەردەس قەدەم تاشلىغىنىدا، قۇرەيشلەرنىڭ كاتتىلىرى كەبىنىڭ ھويلىسىدا ئىدى. ئۇ كەبىنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن، ماقامى ئىبراھىمغا ئۆتۈپ ناماز قىلدى. ئاندىن قەۋمىنىڭ ئالدىغا چىقىپ: "ئانىسىنى يىغلىتىپ، خوتۇنىنى تۇلۇۋە بالا ـ چاقىلىرىنى يېتىم قالدۇرۇشنى خالايدىغانلار بولسا بۇ ۋادىنىڭ ئارقىسىدا مەن بىلەن ئېلىشسۇن!" دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ مۇشرىكلاردىن ھېچبىرى ئۇنىڭ يولىنى توساشقا جۈرئەت قىلالمىدى".

ئۆمەرنىڭ شەخسىيىتىدە مۇجەسسەملەنگەن خۇسۇسىيەتلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇ يەردە ئېمىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىرىنىلا تىلغا ئېلىش بىلەن چەكلىنىمىز. ئۆمەر كۆز ـ قاراشلىرى بىلەن پىكرىنىڭ ئوچۇقلىقى، يىراقنى

www.uyghurweb.net

كۆرەرلىكى ۋە زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلىگى قاتارلىق جەھەتلەردە تولۇپ يېتىلگەن بىر تالانت ئىگىسى ئىدى. ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى كۆپىنچە ھاللاردا توغرا چىقاتتى. (ئۆز قارىشى بويىچە) چىقارغان ھۆكۈملىرى، قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى دەلىللەرگە توغرا كېلىپ قالاتتى. بۇنىڭ تەپسىلى مەزمۇنىنى ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنغان بابلاردىن بىلىۋالالايسىز. ئىشەنچلىك رىۋايەتلەرگە كۆرە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دېگەن: « ئاللاھ مېنىڭ ئۈچ تۈرلۈك ئىشىمنى ئەڭ ئۇيغۇن كۆردى:

بىرىنچىسى: مەن: ”ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلغان بولساڭ!“ دېۋىدىم، بۇ ئايەت نازىل بولدى:

﴿ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار﴾[1].

ئىككىنچىسى: مەن: ”ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! سېنىڭ ئۆيۈڭگە ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرمۇ، يامان نىيەتلىك كىشىلەرمۇ كىرىدۇ، شۇڭا مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىغا پەردە تارتىشنى بۇيرىغان بولساڭ“ دېۋىدىم، ئاللاھ بۇ ھەقتە ئايەت نازىل قىلدى.

ئۈچىنچىسى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ئاياللىرىنىڭ ماڭا كايىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ: ”(ئەگەر سىلەر رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىپ، دىلىغا ئازار بەرسەڭلار) ئاللاھ ئەلچىسىگە سىلەردىنمۇ ياخشىراق ئاياللار بىلەن ئالمىشتۇرۇپ بېرىدۇ“ دېۋىدىم، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەيلەن: ”ئى ئۆمەر! رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ئاياللارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدىغان يەردە، سەن نەسىھەت قىلىپ كېتىپ بارامسەن؟“ دېدى. ئاندىن بۇ ئايەت نازىل بولدى“:

﴿ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە، پەرۋەردىگارى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا، سىلەردىن ياخشى، (اللەنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچى، (اللەغا ۋە پەيغەمبەرگە) ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، گۇناھلاردىن تۆۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئۇنىڭغا بېرىشى مۇمكىن﴾[2].

رىۋايەت قىلىنىشىچە رەسۇلۇللاھ بەدر ئەسىرلىرى ھەققىدە ساھابىلىرىنى مەسلىھەتكە چاقىرغاندا ئۆمەر ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا، ئەبۇ بەكرى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىشكە مەسلىھەت بەرگەن. رەسۇلۇللاھ ئەبۇ بەكرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۇلارنى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بەرگەندە مۇنۇ ئايەت نازىل بولغان:

﴿پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى﴾[3].

ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: مەن ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئۆلگەن چاغدا رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ نامىزىغا چاقىرىلغان، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشكە تەمشەلگەندە:

ـ مۇنداق مۇنداق دېگەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيدەك ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرەمسەن؟ دېگىنىمدە رەسۇلۇللاھ تەبەسسۇم قىلىش بىلەنلا چەكلەندى. بۇ سوئالنى تەكرارلاۋەرگىنىمدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ:

ـ ئى ئۆمەر! ماڭا مۆھلەت بەر! بۇ ھەقتە ماڭا مۆھلەت بېرىلىپ مۇنداق دېيىلدى:

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۈچۈن مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىلما (بەرىبىر ئوخشاش)، ئۇلار ئۈچۈن 70 قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، ئاللاھ ھەرگىز ئۇلارنى مەغپىرەت قىلمايدۇ﴾[4].

”ئەگەر مەن 70 قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلىش بىلەن ئۇنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى بىلەلىسەم ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق مەغپىرەت تەلەپ قىلغان بولاتتىم“ دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قەبرىسىغا قەدەر بېرىپ يەرلىكىدە قويۇلۇپ بولغان چاغدا، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا بۇنچىلىك جاسارەت بىلەن پىكىر بايان قىلالىغانلىقىمدىن ھەتتا ئۆزەممۇ ھەيران قالدىم. ھالبۇكى ئاللاھ ۋە ئەلچىسى مەندىن بەكرەك ئالىم ئىدى. مۇنۇ ئايەت نازىل بولغانغا قەدەر ئىش ئۇنچىلا ئاسانغا چۈشمىدى:

---

[1] سۈرە بەقەرە 125 ـ ئايەت.
[2] سۈرە تەھرىم 5 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەنفال 68 ـ ئايەت.
[4] سۈرە تەۋبە 80 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن، (دەپنە قىلىش، زىيارەت ياكى دۇئا ئۈچۈن) ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن﴾[1].

ئۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغان سەپەر قىلغانغا قەدەر ھېچبىر مۇناپىقنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىدى.

دېمەك، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىجتىھادىدا نۇرغۇنلىغان ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە ئىدى. بەيھەقىنىڭ رىۋايىتىدە، مەسئۇد ئىبنى ئەلھەكەم ئەسسەقەفى مۇنداق دېگەن: ”ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبرى، ئانىسى، ئانا بىر (دادىسى باشقا) قېرىنداشلىرى ۋە بىر ئانا بىردادىدىن بولغان قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئايالنىڭ تەرەكىسىنى، ئانا بىر (دادىسى باشقا) قېرىنداشلىرى ۋە بىر ئانا بىردادىدىن بولغان قېرىنداشلىرىنى ئورتاقلاشتۇرۇپ، ئۈلۈشنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بېرىنى بېرىشكە ھۆكۈم قىلغان چاغدا، بىر كىشى: ”ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سەن بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىدە پالانى يىلى مىراس ئۈلۈشىگە بۇنداق شېرىك قىلمىغان ئىدىڭ (ھەممىگە ئوخشاش تەقسىم قىلمىغان ئىدىڭ)“ دېدى. بۇنىڭغا بىنائەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ”ئۇ چاغدىكى ئەھۋال شۇنى تەقەززا قىلغاچقا شۇنداق قىلغانىدۇق، ھازىرقىسىمۇ مۇشۇنداق قىلىشنى تەقەززا قىلغان بولغاچقا مۇشۇنداق ھۆكۈم قىلدۇق“ دېگەن“.

مانا بۇ ئۆز نۆۋىتىدە توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھەممىگە مەلۇم بولغان «ئورتاق مىراس» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىگە (مىراس) ھۆكمى توغرۇلۇق يازغان مەكتۇبىدىن ۋە بۈيۈك ئالىم ئىبنى قەييۇمنىڭ ”ۋىلام المقىين“ ناملىق ئەسىرىدىكى ئىزاھاتلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆمەر ئىسلام قانۇنىنىڭ ئاساسى پرىنسىپلىرى ۋە فىقھە ئىلمىدە كامالىغا يەتكەن ئالىم بولۇپ، كۆزقاراشلىرى بىلەن پىكرىنىڭ ئوچۇقلىقى، يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلىگى قاتارلىق جەھەتلەردە باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ تەرجىمھالىنى تارىخ پەنجىرىسىدىن كۆزەتكىنىمىزدە، ئۇنىڭ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز پەزىلەتلىرى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقالايمىز. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، مۇغىرە ئىبنى شۆئبەنىڭ قۇلى ئەبۇ لۇلۇ نىڭ قولىدا شەھىد بولدى. ئۇ خەلىپىلىكنى، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپىتىدىن كېيىن شۇرا (كېڭەش) ئارقىلىق نامزاتلىققا كۆرسىتىلگەن: ئەلى، تەلھە، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف، ئوسمان ۋە زۇبەيردىن ئىبارەت ئالتە ساھابىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەپ قويۇپ، ھىجرىيىنىڭ 23 - يىلى، خەلىپە بولۇپ ئون يېرىم يىل ئۆتكەندە ئالەمدىن ئۆتتى.

## ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب

تولۇق ئىسمى: ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ئىبنى ھىتشىم ئىبنى ئابدۇمەنناف ئەلقۇرەشى ئەلھاشىمى ئەبۇل ھەسەن. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي كېلىشتىن ئون يىل بۇرۇن دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز قولى بىلەن يېتىشتۈرگەن. كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىچە تۇنجى قېتىم مۇسۇلمان بولغان كىشى ئەلى ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھېچ ئايرىلمانىيتتى. ئۇ رەسۇلۇللاھ بىلەن تەبۇك غازاتىدىن باشقا جەڭ ۋە غازاتلارنىڭ ھەممىسىگە قاتناشقان. ئۇنىڭ مەدىنىگە كېچىكىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ئەسلىدە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنىڭغا: ”ھارۇننىڭ مۇسانىڭ ياردەمچىسى بولغىنىدەك، سەنمۇ مېنىڭ ياردەمچىم بولۇشقا رازى ئەمەسمۇ؟ لېكىن سەن پەيغەمبەر ئەمەس“ دېيىشى (بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە قېلىشى) ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قىزى فاتىمەنى بەردى. جەڭ ۋە غازاتلارنىڭ كۆپۈنچىسىدە بايراق ئۇنىڭ قولىدا لەپىلدىدى. رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكچى بولغىنىدا ئەلىگە: «سەن مېنىڭ قېرىندىشىم» دەيتتى.

ئەلىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ئىنتايىم كۆپ. جۈملىدىن ئىمام ئەھمەد بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”ھېچقانداق بىر ئالاھىدىلىكلىرى ئەلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدەك نەقىل كەلتۈرۈلمىگەن. ئۆلىمالار ئەلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىرگە بەنى ئۇمەييەنىڭ ئەلىگە بولغان ئۆچمەنلىكى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ، ھەر بىر ئالىم ئۇنىڭغا بولغان قايىللىقى يۈزىسىدىن ئۇنىڭ شەنىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ باشقا ساھابىلارغا ئوخشىمايدىغان ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئىسپاتلاپ چىقىشقا تىرىشاتتى. گەرچە رافىزىلار بۇ ھەقتە تولىمۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ،

---

[1] سۈرە تەۋبە 84 - ئايەت.

www.uyghurweb.net

ئەمەلىيەتمە ئۇيغۇن بولمىغانلىقتىن قوبۇل قىلىنمىغان. نەسەئىي بولسا ئەلىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى باشقا ساھابىلارغا كۆرە ئالاھىدە تەرىپلىگەن. بۇ تەرىپلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياخشى نىيەتلىك بولغاچقا بۇ ھەقتە توختىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئەلى، چەۋەندازلىق، قەھرىمانلىق ۋە شىجائەت بابىدا شۆھرەت قازانغان. مەسىلەن:

خەيبەر غازاتىدا رەسۇلۇللاھ: «مەن ئەتە بايراقنى، ئاللاھ ۋە ئەلچىسىنى سۆيىدىغان، ئاللاھ ۋە ئەلچىسىمۇ ئۇنى سۆيىدىغان بىر كىشىگە تەقدىم قىلىمەن، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن نۇسرەت ئاتا قىلغۇسى...» دېگەن ۋە ئەتىسى ئەتىگەندە ھەممەيلەن يىغىلىپ، بايراقنىڭ ئۆزىگە بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ تۇرۇشقاندا رەسۇلۇللاھ: «ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب قېنى؟» دەپ سورىغان. ساھابىلار: ”ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالغاچقا كېلەلمىدى“ دەپ جاۋاب بەرگەندە، رەسۇلۇللاھ ئەلىنى چاقىرىپ، ئۇقۇپ كۆزىگە تۈكۈرۈپ شىپالىق تىلىدىۋىدى، سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا بايراقنى تۇتقۇزدى. بۇ چاغدا ئۆمەر: ”قوماندانلىقنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايتتىم“ دېگەن. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا بايراقنى تۇتقۇزغان ھامان قوشۇننى باشلاپ، ھۇررا سادالىرى ئىچىدە دۈشمەن قورغانىغا ھۇجۇم قىلىپ، غەلىبە قىلدى ۋە بايراقنى چوققىغا تىكلىدى. قىسقىسى بۇ غەلىبىنى تارىخشۇنسلارئەلىغا مەنسۇپ دەپ قاراشتى. بۇندىن باشقا يەنە رەسۇلۇللاھ ھىجرەت قىلغان كېچىسى، ئەلى رەسۇلۇللاھنىڭ كىيىمىنى كىيىپ ياتتى. ھالبۇكى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىنى قورشىۋالغان مۇشرىكلار بۇنىڭ ئەلى ئىكەنلىكىنى تاڭ ئاتقۇچە بىلەلمىگەن ئىدى. بۇ ئەلىنىڭ ئاللاھ يولىدا ھېچنېمىدىن قورقماسلىق ۋە پەيغەمبىرىنى قوغداشتا جېنىنى پىدا قىلىشتىنمۇ ئايانماسلىقتەك ئالىيجاناب خىسلىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

ئەلى، ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ئابدۇراخمان ئىبنى ئەۋفنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن قۇرۇلغان شۇرا ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى. بىر قانچە ئۈرلۈك شەرتنامىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ شۇرا ھەيئىتىگە بىر قىسىم ساھابىلار ئەزا بولۇشتىن باش تارتقان. ئەزا بولۇشقا تەكلىپ بېرىلگەنلەر ئارىسىدا ئوسمانمۇ بولۇپ، ئۇ بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغان ۋە بۇ ھەيئەتنىڭ شەرتنامىسىغا ئاساسەن، ئۆمەر شېھىت بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئەلى ئوسمانغا بەيئەت قىلغان. ئوسمان قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئەلىغا بەيئەت قىلىشقان. بىراق بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئەلىغا بەيئەت قىلمىغان تەلھە، زۇبەير ۋە ئائىشەگە ئوخشاش بىر تۈركۈم ساھابىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئەلىدىن ئوسماننىڭ ئىنتىقامىنى تەلەپ قىلىپ، ئىچكى قالايمىقانچىلىقنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن جەمەل ۋەقەسى ۋە سەففەين ۋەقەسى يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇئاۋىيەمۇ ئەلىدىن ئوسماننىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ھە دەپ شاملىقلارنى كۈشكۈرتەتتى. ئەلى بولسا بۇلارنى ئىتائەت قىلدۇرۇشنى ئويلايتتى. كېيىن ئوسماننىڭ ئائىلىسىمۇ ئەلىدىن ئوسماننىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ئوسماننىڭ ئائىلىسى ئەلىغا ئوخشاشلا بۇ ۋەقەنى قانۇننىڭ ھۆكمىگە تاپشۇرۇش، بۇنىڭغا بويسۇنمىغانلارنى قاتتىق جازالاش، ئوسماننىڭ ئىنتىقام مەسىلىسىنىمۇ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش تەرەپتارى ئىدى. ئەلىنىڭ قارىشىچە، دەلىل - ئىسپاتسىز قىساس ئېلىشقا تۇتۇش قىلىشقا ھەرگىز بولمايتتى. ساھابىلاردىن ئايرىلىپ ئىچكى قالايمىقانچىلىققا سەۋەب بولغان بۇ ئىككى پىرقەنىڭ ئارىسىدىن بىر تۈركۈم مۇجتەھىدلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىرىشچانلىق كۆرسىتىشنىڭ نەتىجىسىدە، ئۆز ئارا قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدى ئېلىندى.

دەۋرەقە ئەلى، ئىلىم ۋە پىقھەدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەڭ كۆپ پەتىۋا بىلەن مەشغۇب بولغان ساھابە ئەلى ئىدى. ھەتتا ئۆمەرمۇ بىرەر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلەگەن چاغدا، ئەبۇل ھەسەن (ئەلى) بولمىسا ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئىبنى ئىبباس بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئەلىدىن بىرەر پەتىۋا كەلسە تۈزەتمەيتتۇق، ئەلى بولسا: ”مېنى ئاللاھنىڭ كىتابى (ھۆكمى) غا تاپشۇرۇڭلار! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەيلى كېچىسى ياكى كۈندۈزى بولسۇن، نازىل بولغان ھەر بىر ئايەتنى بىلىمەن“ دەيتتى“.

ئەلىنىڭ ھۆكۈم ۋە پەتىۋالىرى ئىنتايىن كەڭ تارقالغان. بىراق، شىئەلەر، ئۇنىڭ ھۆكۈم ۋە پەتىۋالىرىغا يالغاننى قېتىپ، ئاستىن - ئۈستىن قىلىۋەتتى. شۇڭا ھەقىقەتنى ياقلىغۇچى ھەدىسشۇناسلار، ئەلىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە ئۇنىڭ ئۇبەيدە سەلما نىي، شۇرەيھ، ئەبۇ ئەۋائىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىق دوستلىرىدىن باشقىلاردىن رىۋايەت قىلىنغان ياكى نەقىل كەلتۈرۈلگەن ھەدىس ۋە پەتىۋالىرىنى ئانچە دىققەتكە ئېلىپ كەتمەيدۇ.

www.uyghurweb.net

ئەلى، ھىجرىيىنىڭ 30 ـ يىلى زۇلقەئىدە ئېيىدا ئوسمان قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، ئۈچ ئاي كەم بەش يىل خەلىپە بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 40 ـ يىلى رامىزاننىڭ ئون يەتتىسىدە قەتلى قىلىندى.

## ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد

تولۇق ئىسمى: ئەبۇ ئابدۇراھمان ئابدۇللاھئىبنى مەسئۇد ئىبنى غافىل ئەلھەزەلىي ھەلىف ئىبنى زۆھرە بولۇپ، ئادەتتە كىشىلەر ئۇنى ئانىسىنىڭ پامىلىسى بويىچە "ئىبنى ئۇممۇ ئابدۇ" دەپ چاقىراتتى. ئىبنى مەسئۇد دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھۆنەر ئۆگىنىش مەقسىتىدە ھۇزەيل دېگەن يەردىن مەككىگە كەلگەندىن كېيىن، ئەقەبە ئىبنى ئەبۇ مۇئىت دېگەن كىشىنىڭ قويچىسى بولغان. بۇ يەردە ئۇ ئىككى كىشىنى ئۇچراتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسى كارامەت گەپلەرنى قىلاتتى ۋە بۇ ئۇنىڭ كۆپلىدىكى گەپلەر ئىدى. كېيىن ئۇ بۇ ئىككى كىشىنىڭ رەسۇلۇللاھ ۋە ئەبۇ بەكرى ئىكەنلىكىنى بىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەقەبەگە توساتتىنلا كېلىپ قالغان ئىدى. كېيىن ئۇ قويلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئىزدەپ تېپىپ، رەسۇلۇللاھتىن بۇرۇن ئاڭلىغانلىرىنى قايتا ئۆگىتىپ قويۇشنى ئۆتۈندى. رەسۇلۇللاھ ئىبنى مەسئۇدقا بۇنىڭ دەۋەت ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغاندا، ئىبنى مەسئۇد قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى: «بالا مۇئەللىم» دەپ چاقىراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇسۇلمان لارنىڭ ئالتىنچىسى بولۇپ قالدى. ئىبنى مەسئۇد: "مەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئالتە كىشىنىڭ ئالتىنچىسى ئىدىم ۋە يەر يۈزىدە بىزدىن باشقا ھېچقانداق مۇسۇلمان يوقتى" دېگەن. قۇرەيشلەرگە تۇنجى قېتىم قۇرئاننى ئاشكارا ئاڭلاتقان ئىبنى مەسئۇد ئىدى. بىر كۈنى رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى: "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى قۇرەيشلەر قۇرئاننى ھېچ ئاشكارا ئاڭلاپ باقمىدى، شۇڭا ئۇلارغا ئاڭلىتىدىغانلار بارمۇ؟" دەپ سورىغاندا، ئىبنى مەسئۇد: "مەن" دەپ جاۋاب بەرگەن.ئىبنى مەسئۇدنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلىغان ساھابىلار: "بىز پەقەت قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغان ۋە قۇرەيشلەرنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئۆزىنى قوغدىيالايدىغان بىر كىشىنىڭ ئاڭلىتىشىنى ئۈمىد قىلاتتۇق" دېگەندە، ئىبنى مەسئۇد: "مېنى بارغىلى قويۇڭلار! سىلەر مېنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كېتىشىمدىن قىلچە ئەنسىرىمەڭلار! ئاللاھ مېنى قوغدايدۇ" دەپ، ئەتىسى چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قۇرەيشلەر يىغىلغان سورۇنغا بېرىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: "ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. مېھرىبان الله. قۇرئاننى تەلىم بەردى (ئۇنى ھېپزى قىلىشنى ۋە چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى (رەھمان: 1 ـ 2)». دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. ئۇ ئوقۇۋېتىپ ئۇلارغا قاراپ قويۇپ يەنە داۋام قىلاتتى. ئۇلار قۇرئاننى مۇلاھىزە قىلىشىپ: "بۇ ئادەم نېمە دەۋاتىدۇ؟ ئۇ ئەجەب مۇھەممەدنىڭ دېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى ئوقۇۋاتىدىغۇ" دېيىشىپ، قوزغىلىپ، ئىبنى مەسئۇدنى ئۇرۇپ كەتتى. لېكىن ئۇ ئوقۇشنى ئاخىرغىچە قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ئاندىن ئۇ يۈزكۆزلىرى ئىششىپ كەتكەن ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى يارىلانغان ھالدا قايتقىنىدا، ساھابىلار: "بىز سېنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىڭدىن قورقاتتۇق" دېيىشتى. ئىبنى مەسئۇدئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىگە جاۋابەن: "ماڭا نىسبەتەن ھازىر ئۇ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىدىنمۇ خارراق ئىنسان يوق، ئەگەر خالىساڭلار ئەتە بېرىپ يەنە ئۇلارغا قۇرئاننى ئاڭلىتاي" دېۋىدى، ئۇلار بولدى قىل، زاتەن قۇرئاننى ياقتۇرمىغىنىغا قارىماي ئۇلارغا ئاڭلاتتىڭ" دېدى.

ئىبنى مەسئۇد ئىككىلا قېتىمدا ھىجرەت قىلدى. شۇنىڭدەك بەدر ئۇرۇشى ۋە كېيىنكى ئۇرۇشلارغا قاتناشتى. بەيتۇلھارامدا قۇرئان ئوقۇغان چاغدا ئەبۇ جەھىل ئىبنى مەسئۇدنى ئۇرغان ئىدى. پەلەك چاقى ئايلىنىپ، بەدر ئۇرۇشىدا ئەبۇ جەھىل ئىبنى مەسئۇدنىڭ قولىدا ئۆلدى. ئۆلۈرۈلۈشتىن بۇرۇن ئىبنى مەسئۇد ئەبۇ جەھىلغا: "ئى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى! ئاللاھ سېنى رەسۋا قىلدى" دېگەندە، ئەبۇ جەھىل: "ھە، ئەسلىدە سەن ئىكەنسەن ـ دە، قويچى، تولىمۇ كۆرەڭلەپ، سەپرايىڭ ئۆرلەپ كېتىپتىغۇ" دېگەن ئىدى.

ئىبنى مەسئۇد رەسۇلۇللاھتىن دېگۈدەك ئايرىلمايتتى. ئۇ رەسۇلۇللاھقا جان ـ دىل بىلەن خىزمەت قىلاتتى. ئەبۇ مۇسا مۇنداق دەيدۇ: "مەن قېرىنىشىم بىلەن بىللە يەمەندىن كەلگەن چاغدا، ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئانىسى بىلەن دائىم رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىگە كىرىپ چىقىۋاتقانلىقىغا قاراپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانمىكىن دەپ قالغانىدۇق». باشقىلار ھۇزەيفەگە: «بىزگە ئەخلاق، مۇئامىلە ۋە پۈتۈن ھەرىكەتلىرىدە بەئەينى رەسۇلۇللاھقا تولىمۇ ئوخشايدىغان كىشىنىڭ تەرجىمھالى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولساڭ، بىزمۇ ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان بولاتتۇق» دەيتتى. ھۇزەيفەنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئىبنى مەسئۇد ئەخلاق، مۇئامىلە ۋە پۈتۈن ھەرىكەتلىرىدە بەئەينى رەسۇلۇللاھقا تولىمۇ

www.uyghurweb.net

ئوخشايتتى. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ بەختلىك ۋە ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن كىشىلەردىن بىرى ئۇممۇ ئابدۇ ئىدى.

ئىبنى مەسئۇدنىڭ بىلىمى بىلەن پىقھەسى، ساھابىلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ:

ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قانداقلا بىر مەسىلە ھەققىدە ئايەت نازىل بولمىسۇن بىلىپ تۇراتتىم، ئاللاھنىڭ كىتابىغا مەندىنمۇ ئالىمراق كىشى يوقتى. ئەگەر ئاللاھنىڭ كىتابىغا مەندىنمۇ ئالىمراق كىشىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىسام، ئارىلىق ھەرقانچە يىراق بولسىمۇ، بېرىپ ئۆگىنەتتىم. مەن سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار بولمەن.

ئۇ يەنە: "مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىدا يەتمىش سۈرە ئوقۇدۇم" دېگەن.

ئىبنى مەسئۇد ھەققىدە زەيد ئىبنى ۋەھەب مۇنداق دەيدۇ: "بىز ئۆمەرنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇرۇۋاتاتتۇق، تۇساتتىنلا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد چىقىپ كەلدى ۋە ئۆمەرگە بىر نەرسىلەرنى دەپ قايتىپ كەتتى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئۆمەر: "بۇ بىلىمى ئىنتايىن مول كىشى" دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە: "مۇنۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد" دەيدۇ:

﴿ئۇلاردىن (يەنى مۇناپىقلاردىن) بەزى كىشلەر سېنىڭ سۆزۈڭگە قۇلاق سالىدۇ، ئۇلار سېنىڭ يېنىڭدىن چىققاندا، ئىلىم بېرىلگەن كىشىلەرگە (يەنى ساھابىلەرنىڭ ئۆلىمالىرىغا مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «بايا ئۇ (يەنى مۇھەممەد) نېمە دېدى؟» دەيدۇ﴾[1].

ئەقەبە ئىبنى ئەمرو: "مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئابدۇللاھدىنمۇ ئالىمراق كىشىنى كۆرمىدىم" دېگەن.

ئەبۇ مۇسا: "رەسۇلۇللاھ بىزگە قۇلاق سالمىسىمۇ، ئابدۇللاھغا قۇلاق سالاتتى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىگە بىز كىرەلمىگەن يەردە ئۇ كىرەتتى" دېگەن.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: "قۇرئاننى خۇددى نازىل بولغاندەكلا ئوقۇشنى خالايدىغانلار ئىبنى ئۇممۇ ئابدۇنىڭ قىرائىتى بويىچە ئوقۇسۇن!" دېگەن. يەنە: "ئەگەر مەن بىر كىشىنى كېڭەشسىز قوماندان بولۇشقا ئەمىر قىلىدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئىبنى ئۇممۇ ئابدۇنى قىلاتتىم" دېگەن.

ئىبنى مەسئۇد يەنە شامنى پەتھى قىلىشقا قاتناشقان. ئۆمەر ئەممارنى كۇفەنىڭ ۋالىسى، ئىبنى مەسئۇدنى مۇئەللىم قىلىپ تەيىنلىگەن. بۇ ئىككىسى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالىيجاناب ساھابىلىرىدىن بولغاچقا، كىشلەر بۇ ئىككىسىگە قىلچە تەپ تارتماستىن ئەگىشەتتى. ئوسمان ئىبنى مەسئۇدنى بۇرۇن كۇفەگە بۇيرۇپ، كېيىن يەنە كۇفەدىن مەدىنىگە قايتىشقا بۇيرىغاندا، ئىبنى مەسئۇد قىلچە باش تارتماستىن بۇيرۇققا ئىتائەت قىلغان ۋە: "ئەلىغا ئىتائەت قىلىش، مېنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىم ئىدى، بۇندىن باشقا پىتنىنىڭ تېرىلىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قېلىشنى خالىمايتتىم" دېگەن.

ئىبنى مەسئۇد ھىجرىيىنىڭ 32 ـ يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولدى.

## زەيد ئىبنى سابىت

تولۇق ئىسمى: ئەبۇ سەئىد زەيد ئىبنى سابىت ئىبنى زەھھاك ئەلبۇخارىي ئەلئەنسارى. بەدر ئۇرۇشىدا رەسۇلۇللاھ يېشى كىچىك دەپ قاراپ ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىغان ئىدى. ئۇ قاتناشقان تۇنجى قېتىملىق غازات ـ خەندەك غازاتىدۇر. ئۇھۇد غازاتى دېگۈچىلەرمۇ بار. تەبۇك ئۇرۇشىدا بەنى نەججارنىڭ بايرىقى زەيدنىڭ قولىدا ئىدى. بۇ بايراق ئەسلىدە ئەممار ئىبنى ھەزم دېگەن كىشىدە بولۇپ، رەسۇلۇللاھ بايراقنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ زەيدقا بەرگەن ئىدى. بۇ چاغدا ئەممار: "ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەندىن بىرەر خاتالىق ئۆتتىمۇ؟" دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «ياق، لېكىن قۇرئان ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ (چۈنكى

---

[1] سۈرە مۇھەممەد 16 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

زەيد قۇرئاننى ساڭا قاراغاندا كۆپ يادلاپتۇ» دېگەن. رەسۇلۇللاھ زەيدنى يەرمۇك غەنىمەتلىرىنى تەقسىم قىلىشقا مەسئۇل قىلغان ئىدى.

زەيد،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيي ۋە مەكتۇپلىرىنى يازىدىغان كاتىۋى ئىدى. زەيدنىڭ ئېيتىشىچە، رەسۇلۇللاھ ئۇنى تۇنجى قېتىم مەدىنىگە ئۆزى بىرگە ئېلىپ كەلگەن.

زەيدنى بەنى نەججار قەبىلىسىدىن دېگۈچىلەرمۇ بار. رەسۇلۇللاھ 17 سۈرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، زەيد بۇ سۈرىلەرنى يادقا ئوقۇپ بەرگىنىدە، رەسۇلۇللاھمۇ ھەيران قالغان ئىدى. مىسلىسىز ئەقىل ـ پاراستى، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلىكى ۋە ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئىبرانىچە (يەھۇدىيلارنىڭ قوللىنىدىغان تىلى) ۋە سۈرىيانىچە تىللارنى ئۆگىنىشكە بۇيرىغان. يېرىم ئايدەك قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە زەيد بۇ تىللارنى ئىنتايىن ياخشى ئۆگىنىپ، يازالايدىغان ۋە ئوقۇيالايدىغان سەۋىيەگە يەتكەن. زەيد رەسۇلۇللاھقا كەلگەن مەكتۇپلارنى ئوقۇپ بېرەتتى ۋە جاۋاب يازاتتى.

زەيد، ئەبۇ بەكرىنىڭ دەۋرىدە قۇرئاننى توپلاپ رەتلەپ چىقىشقا رىياسەتچىلىك قىلغان.

زەيد ساھابىلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ نوپۇزلۇق ئالىملاردىن ئىدى. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ پەتىۋالىرىن بىلەن مىراسقا ئائىت ھۆكۈملىرىنى جان دىلىدىن قوبۇل قىلسا، قىرائەتنى تولىمۇ ياقتۇرۇپ ئاڭلايتتى. بۇ ھەقتە ئەبۇ بەكرى مۇنۇ سۆزى ھەممىگە دەلىل بولالايدۇ: "سەن تولىمۇ ئەقىللىق بىر يىگىت، مەن ساڭا تولىمۇ قايىلمەن".

شۆئبەنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: "زەيد ئۇلاغقا مىنىشكە تەمشەلگەندە، ئىبنى ئابباس زەيدنىڭ ئۇلىغىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: "قېنى دېۋەت!" دېگەندە، زەيد: "ياق، بىز ئۆلىما ۋە مۆتىۋەلەر مۇنا مۇشۇنداق قىلىمىز" دېگەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرگە (سىلەرنىڭ مەسىلەڭلەرگە) زەيد ھۆكۈم قىلدىمۇ» دېگەن.

ئىشەنچىلىك رىۋايەتلەرگە كۆرە زەيد ھىجرىيىنىڭ 45 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە زەيد ئۆلگەن چاغدا مۇنداق دېگەن: "بۈگۈن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر ئالىمى دۇنيادىن كەتتى، ئاللاھ ئىبنى ئابباس جەمەتىدىن ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغۇچىنى ئاتا قىلغۇسى..." ھەسسان زەيدنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ مۇنۇ مەرسىيەنى ئوقۇغان:

"ھەسسان بىلەن ئوغلى دۇنيادىن كەتسە، قاپىيەلەرنىڭ ساھىبى كىمدۇر.

زەيد ئىبنى سابىت دۇنيادىن كەتسە، قۇرئاننىڭ ساھىبى كىمدۇر".

**ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر**

تولۇق ئىسمى: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىبنى نۇفەيل ئەلقۇرەشىي ئەئەدەۋىيدۇر.

ئۇ بەزى رىۋايەتلەرگە كۆرە پەيغەمبەرلىكتىن ئۈچ يىل بۇرۇن، بەزى رىۋايەتلەرگە كۆرە بىر يىل بۇرۇن دۇنياغا كەلگەن. كىچىك يېشىدىلا دادىسى بىلەن بىرگەمۇسۇلمان بولغان ۋە يەنە دادىسى بىلەن بىرگەمۇسۇلمان بىلەن بىرگە مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان.

بەدر ۋە ئۇھۇد ئۇرۇشلىرىدا يېشى كىچىك بولغانلىقتىن، رەسۇلۇللاھ ئىجازەت بەرمىگەن. كېيىن ئۇ 15 يېشىدا خەندەك ئۇرۇشىغا قاتناشقان.

ئىبنى ئۆمەر رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى يادلىۋالاتتى ۋە رەسۇلۇللاھ يوق چاغلاردا رەسۇلۇلاھنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى (ئىش ـ ئىزلىرى) توغرۇلۇق سورىغۇچىلارغا جاۋاب بېرەتتى. ئۇنىڭ تەسىرى پۈتكۈل مەسچىتلەرگىچە يېتىپ بارغان ئىدى. ھەتتا سەپەر قىلىۋېتىپمۇ رەسۇلۇللاھتىن كۆرگەنلىرىنى كىشلەرگە يەتكۈزەتتى ۋە ھەجنى ھېچ تەرك قىلمايتتى. ئەرەفاتتا تۇرماقچى بولسا پەقەت رەسۇلۇللاھ تۇرغان جايدىلا تۇراتتى. ئۇ يەنە ئەڭ مەشھۇر ھەدىسشۇناس ئىدى.

ئىبنى ئۆمەر، ئابىدلىقى، تەقۋادارلىقى، ئىسلاھاتچىلىقى ۋە دىنغا بولغان ساداقىتى بىلەن شۆھرەت قازانغان. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ھەققىدە: "ئابدۇللاھ نېمىدېگەن ياخشى ئىنسان! كاشكى كېچىدە تۇرۇپ ناماز قىلغان بولسا..." دېگەن. ئۇ شۇندىن كېيىن كېچىسى ناھايىتى ئاز ئۇخلايدىغان بولغان.

نافىئنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، ئىبنى ئۆمەر كېچىسى دائىم ناماز قىلاتتى ۋە: "ئى نافىئ! سەھەر ۋاقتى بولدىمۇ" دەپ سورايتتى. مەن: "(ياق) دەپ جاۋاب بېرەتتىم. ئۇ يەنە سورىغاندا، مەن (ھەئە) دەپ جاۋاب بەرسەم، ئۇ ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقانغا

www.uyghurweb.net

قەدەر ئاللاھ دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلاتتى». ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دېگەن: «ئىبنى ئۆمەر قۇرەيشلەردىن چىققان يەككە - يېگانە يىگىت ئىدى».

ئىبنى ئۆمەرنىڭ پىكرى ئوچۇق، چىچەن ۋە زېھنى ئۆتكۈر بولۇپ، پۈتۈن دىققەت ئېتىبارىنى قۇرئان ۋە ھەدىسنى يادلاش ۋە تارقىتىشقا مەركەزلەشتۈرگەن ئىدى. ئۇ ئىنتايىن تەقۋادار ۋە ئىخلاسمەن بولۇشقا قارىماي كۆپ پەتىۋا بەرمەيتتى.

شۆئبەگە كۆرە: «ئىبنى ئۆمەر ھەدىسشۇناسلىقتا كامالىغا يەتكەن ئالىم بولسىمۇ، فىقھەشۇناسلىقتا ئۇنداق ئەمەس ئىدى».

ئىبنى ئەسىرقا كۆرە: «ئىبنى ئۆمەر تولىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ، شاملىقلار ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ۋە ياخشى كۆرگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بولۇپمۇ ئىچكى نىزالاردىكى مەسىلىلەردەپەتىۋا تەلەپ قىلسىمۇ، پەتىۋا بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى ۋە: «بۇ مەسىلىلەرنى خەلىپىكىنىڭ ھەل قىلىشى كېرەك» دەپ قارايتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ پىتنىگە سەۋەب بولىدىغان ھېچقانداق بىر ۋەقەگە ۋە ئەلنىڭ ھېچبىر ئۇرۇشىغا قاتناشمىدى.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ 73 يىل ھەج قىلغاندىن كېيىن، ھىجرىيىنىڭ 84 - يىلى مەككىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

**ئائىشە**

تولۇق ئىسمى: ئائىشە بىنتى ئەبۇ بەكرى سىددىق ئەلقۇرەشىي ئەتتىيمىي.

ئائىشە پەيغەمبەرلىكتىن تۆت ياكى بەش يىل كېيىن دۇنياغا كەلگەن. ئالتە ياكى يەتتە يېشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق قىلىنغان بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ بىرىنچى يىلى شەۋۋال ئېيىدا توققۇز يېشىدا رەسۇلۇللاھ بىلەن رەسمى بىر ياستۇققا باش قويغان. سەھىھەيننىڭ رىۋايىتىدە ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: «ئالتە ياش ۋاقتىمدا رەسۇلۇللاھ ماڭا ئۆيلەندى، توققۇز يېشىمدا بىر ياستۇققا باش قويدى، ئون سەككىز يېشىمدا ئالەمدىن ئۆتتى». رەسۇلۇللاھ ئائىشەدىن باشقا قىزغا ئۆيلەنمىگەن.

ئائىشە يەنە ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ مېنى ئاقلىدى، رەسۇلۇللاھ ۋەھىي نازىل بولىۋاتقاندا يېنىمدا ئىدى. مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن بىر قاچىدا يۇيۇناتتۇق. رەسۇلۇللاھ ماڭا يۆلىنىپ ناماز ئوقۇيتتى. رەسۇلۇللاھ مېنىڭ نۆۋىتىمدە ۋە مېنىڭ ئۆيۈمدە ۋاپات بولدى. باشقا ئاياللىرىغا قارىغاندا رەسۇلۇللاھ مېنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى».

ئائىشەنىڭ ئىلىمدە باشقا ئاياللاردىن ئالاھىدە پەرقى ۋە ئورنى

مەسرۇق: «رەسۇلۇللاھنىڭ مۆتىۋەر ساھابىلىرىنىڭ ئائىشەدىن مىراس توغرۇلۇق (پەتىۋا) سورىغانلىقىنى كۆردۈم» دېگەن. ئاتا ئىبنى رەبىياھ: «ئائىشە، ئەڭ فەقىھ، ئەڭ ئالىم ۋە نەزەر دائىرىسى ئەڭ كەڭ بىر تالانت ئىگىسى ئىدى» دېگەن.

ھىشام: «فىقھە، تىبابەتچىلىك ۋەشائىرلىق جەھەتتە ئائىشەدىنمۇ ئالىمراق بىرىنى كۆرمىدىم» دېگەن.

ئەبۇ مۇسا: «بىز قانداقلا بىر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلسەك ئائىشەدىن سورايتتۇق، ئۇمۇ بىزگە بۇ توغرۇلۇق مەلۇمات بېرەتتى» دېگەن.

دېمەك بۇ مىساللار، ئائىشەنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىن يېتىشكەن، نوپۇزلۇق، ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنىڭ جانلىق ئىسپاتلىرىدۇر.

زۆھرى: «ئەگەر مەن مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى) بىلەن پۈتكۈل ئاياللارنىڭ بىلىملىرىنى بىر يەرگە توپلىسام، ئەلۋەتتە ئائىشەنىڭ بىلىمى بېسىپ كېتەتتى» دېگەن.

سەھىھەينىدە ئەبۇ مۇسانىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئائىشەنىڭ باشقا ئاياللارغا ئارتۇقچىلىقى، بولكىنىڭ باشقا يېمەكلىكلەرگە بولغان پەرقىغە ئوخشايدۇ».

ئائىشە رامزاننىڭ ئون يەتتىسى 58 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتۈپ، مەدىنىدە دەپنە قىلىندى.

## ئۈچىنچى قىسىم

### كىچىك ساھابە ۋە بۈيۈك تابىئىنلار دەۋرى

### مۇئاۋىيەنىڭ خەلىپىلىكىدىن ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە

www.uyghurweb.net

(139 - 172 - يىللار)

- سىياسىي ۋەزىيەت.
- خاۋارىجلار - شىئە
- پىرقە - مەزھەبلەر.
- ھەرقايسى دۆلەت ۋە شەھەرلەردىكى مەدرىسىلەر

ئۈچىنچى قىسىم

كىچىك ساھابە ۋە بۈيۈك تابىئىنلار دەۋرى

مۇئاۋىيەنىڭ خەلىپىلىكىدىن ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە

شۇ دەۋرىدىكى سايىسىي ۋەزىيەت:

ھىجرىيىنىڭ 41 - يىلى مۇئاۋىيەنىڭ ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مادارا قىلغاندىن كېيىن، پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ مۇئاۋىيەگە بەيئەت قىلدى ۋە مۇئاۋىيە ”ئەمىرۇلمۇئمىنىن (مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى)“ دېگەن نامغا ئېرىشىپ، بۇ ”جامائەتچىلىك يىلى“ دەپ ئاتالدى.

بىراق بۇ ھېچقاچان ھەممە جەھەتتىن مۇقىملىق ۋە تىنچلىقنىڭ ساقلانغانلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى. چۈنكى بىر تەرەپتىن، دۇنيانىڭ پادىشالىق سىياستىنى ئىنكار قىلىدىغان ۋە ئۇسمانغىنمۇ، ئىلىدىگىمۇ ۋە مۇئاۋىيەگىمۇ ئۆچ خاۋارىجلار، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلىپىلىك پەقەت ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەھلى بەيتىگىلا خاس، دەپ قارايدىغان شىئەلەر مۇئاۋىيە ۋە ئۇمەۋىي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىدى.

بۇندىن باشقا ئۇمەۋى ھاكىمىيىتى ھاكىم مۇتلەقلىقى ۋە ۋالىلىرىنىڭ تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشى بىلەن زامان - زامان ھەر ياقنى قاپلاپ كەتكەن زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىكلەر،خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويغان ئىدى.

مۇئاۋىيە باشلانغۇچتا سىياسىي تەجرىبىسىگە تايىنىپ، رەقىبلىرىگە ئانچە قاتتىق قوللۇق قىلمىغان بولسىمۇ، بىراق يەزىدنىڭ بەيئەت قىلىشى بىلەن تەقۋادار ۋە دىنىغا ساداقەتمەن كىشىلەرگە بولغان زۇلمى ھەسسىلەپ ئاشتى.بۇنىڭ نەتىجىسىدە كەربالا ۋەقەسى يۈز بېرىپ، ھۈسەين قەتلى قىلىنىشى بىلەن خەلقنىڭ نەپرىتىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئايرىلىپ مەككىنى قولىغا ئېلىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك مەسىلىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەرۋاننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ۋەزىيەتنى كونترول قىلىش ئۈچۈن قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى ھەربىي كۈچكە تايىنىپ باستۇرۇپ ”مۇستەبىت“ دەپ ئاتالدى. كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان غەزەپ - نەپرىتى ھەسسىلەپ ئاشتى. ھەججاج ئىبنى يۈسۈف ئەسسەقەفىنىڭ دەۋرىدە زۇلۇم تېخىمۇ ئەۋج ئالغانلىقتىن، تەرەپ - تەرەپتە ئىسيانلار باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ نۇرغۇنلىغان ئىسانلارنى قانلىق باستۇرۇپ، مەككىنى مۇھاسىرىگە ئالدى، ھەتتا مەككىنىڭ ھۆرمىتىنىمۇ ئاياغ ئاستى قىلىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنى قەتلى قىلدى (ھىجرىيىنىڭ 73 - يىلى).

ۋەلىد ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ دەۋرى، ئۇمەييە ھاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولدى. بۇ دەۋردە شەرق ۋە غەربتە نۇرغۇن جايلار پەتھى قىلىندى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن قېرىندىشى سۇلايماننىڭ ۋالىلار ۋە قوماندانلارغا بولغان پوزىتسىيىسى ئانچە ياخشى بولمىغانلىقتىن داۋالغۇش پەيدا قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز زۇلۇمنى يوقىتىپ، ئادالەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن خۇلەفائىي راشىدىن دەۋرىدىكىدەك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىغان بولسىمۇ ئۇنىڭدىن كېيىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان يەزىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ دەۋرىدە ۋەزىيەت يەنە قالايمىقانلىشىپ كەتتى. قېرىندىشى ھىشامنىڭ دەۋرىدىگە كەلگەندە ئۇمەۋى ھاكىمىيىتى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، ھاكىمىيەت ئابباسسىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

تارىخ تەتقىقاتچىلىرى ئەمەۋىلار دەۋرىدىكى ۋەقەلەرنى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان:

**بىرىنچى:**

www.uyghurweb.net

ئۇمەۋى ھاكىمىيىتىنىڭ غۇلاپ چۈشۈشىگە، پادىشاھلىق تۈزۈم ۋە بۇ تۈزۈمنىڭ خەلقنىڭ نارازىلىقى ۋە غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغايدىغان بىر قانچە خىل ئامىل سەۋەبچى بولغان. مەسىلەن: مۇئاۋىيەنىڭ مەدىنە ۋىلىسى مەۋران ئىبنى ھەكەم مەدىنە مەسچىتىنىڭ ئىچىدە مۇئاۋىيەنىڭ يەزىدغا بەيئەت قىلىنىشى ھەققىدىكى مەكتۇبىنى ئوقۇشى، خەلقنىڭ قاتتىق غەزەپ نەپرىتىنى قوزغىغان. ئالايلۇق: ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى: "سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن زادى نىمە تەلەپ قىلماقچى؟ سىلەر بۇ ئۈممەتنى بىرسى ئۆلسە يەنە بىرى ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ھىرەقلىنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمى بىلەن كونترول قىلماقچى بولىۋاتىسىلەر" دەپ نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇنىڭغا ھەسەن ئىبنى ئەلى بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرمۇ قارشى چىققان.

**ئىككىنچى:**

ئۇمەۋى ھاكىمىيىتىنىڭ غۇلاپ چۈشۈشىگە، ھۆكامدارلارنىڭ خۇلەفائىي راشىدىنلارنىڭ دىنىي قانۇن دائىرىسى ئىچىدىكى ئىش - ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلماستىن، ئۆز نوپۇزىنى تىكلەشكە ئۇرۇنۇپ، پادىشاسلىق سىياسەتكە يۈلىنىشى سەۋەب بولغان.

**ئۈچىنچى:**

ئۇمەۋى ھاكىمىيىتىنىڭ غۇلاپ چۈشۈشىگە، ھەججاج ۋە بىر قىسىم ئۇمەۋى ۋالىيلىرىنىڭ بىر قىسىم پىشقەدەم ساھابىلار ۋە تابىئىنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى بولماسلىقى ۋە ئۇلارغا بولغان قاتتىق قوللۇق سىياسىتى سەۋەب بولغان. مەسىلەن: ھەججاجنىڭ سەئىد ئىبنى مۇسەييەبكە بولغان مۇئامىلىسى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ بۇنىڭغا قارىتا پوزىتسىيىسى. مەدىنە ۋالىسى ھىشام ئىبنى ئىسمائىلنىڭ سەئىد مۇسەييەبكە بولغان مۇئامىلىسى.

**تۆتىنچى:**

ئۇمەۋى ھاكىمىيىتىنىڭ غۇلاپ چۈشۈشىگە، ئۇمەۋىلارنىڭ ئىسلامدا شۈبھىلىك بولغان بەزى ئىشلارنى بىلەن بەزى چېگىش مەسىلەرنى مۇباھ بىلىشى سەۋەب بولغان. مەسىلەن:

(ئا) مۇئاۋىيە زەييادنى "بالام" دەۋالغاندا، زەييادمۇ ئۆز دادىسىدىن يۈز ئۆرۈپ بۇنى قوبۇل قىلغان. بۇ ھەقتە مۇنۇ ئايەت نازىل بولغان:

﴿ئاللاھ ھېچ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك ياراتقىنى يوق، سىلەر زىھار قىلغان ئاياللىرىڭلارنى ئاللاھ سىلەرگە ئانا قىلغىنى يوق، سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنىمۇ ئاللاھ (ھەممە ھۆكۈمدە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان) بالىلىرىڭلارنىڭ ھۆكمىدە قىلمىدى، بۇ (يەنى ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولمىغانلارنى بالا دېيىش) پەقەت ئاغزىڭلاردا ئېيتىلغان سۆزدۇر، ئاللاھ ھەق (سۆز) نى ئېيتىدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ. ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسمىلىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنى بىلمىسەڭلار، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، دوستلىرىڭلاردۇر، سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)، ئاللاھناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆز دادىسىدىن باشقىلارنى دادام دەۋالىدىكەن، بىلسۇنكى ئۇنىڭ جايى شەرتسىز دوزاخ بولىدۇ» دېگەن.

ئىبنى ھەرقەلە رىۋايىتىدە: "مەن سەئىد ئىبنى مۇسەييەبنىڭ: "ئاللاھ پالانىغا لەنەت قىلسۇنكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكمىنى تۇنجى بولۇپ ئۆزگەرتكۈچىلەردىن بولۇپ كەتتى" دېگەنلىكىدىن باشقا ھېچبىر مۆتىۋەرگە تىل ئۇزاتقانلىقىنى ئاڭلىمىدىم" دېگەن. رەسۇلۇللاھ: "بالىلار پەقەت ئۆز دادىسىغا مەنسۇپتۇر، پاھىشەنىڭ بالىسى باشقىلارغا مەنسۇپ ئەمەس" دېگەن. بۇ يەردە مۇئاۋىيەنىڭ زەييادنى "مېنىڭ بالام" دەپ ئۆزىگە قېتىۋېلىشى كۆزدە تۇتۇلغان.

قازى ئەبۇ بەكرى بۇ خىل تۆھمەتلەرگە "ھەر قايسى شەھەرلەردىكى بالايى - ئاپەتلەر» ناملىق ئەسرىدە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرگەن.

---

[1] سۈرە ئەھزاب 4 - 5 - ئايەتلەر.

www.uyghurweb.net

(ب) ئۇمەۋىلەر، ئەبۇ سوفيان ۋە مەرۋاننىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن كېيىنمۇ هاكىمىيەتكە ۋارىسلىق قىلىشى ئۈچۈن، مۇقەددەس جايلارنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە مەككە بىلەن مەدىنىدە مۆمىنلەرنىڭ قىلماسلىقتا تېگىشلىك ئىشلارنى (هارام ئىشلارنى) قىلىشقا بولۇپمۇ ئابدۇللاھ ئىبنى مەرۋان هاجىلارغا چەكلەرگەن ئىشلارغا ئىجازەت بەردى. بۇ جەهەتتە يېزىد ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ قىلمىشى مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى، هەتتا ئۇنىڭغا ئۈچ قېتىم قاتتىق ئاگاهلاندۇرۇش بېرىلدى. بۇ ئامىللار ئۇمەۋىلەر زاۋاللىقىغا يۈز تۇتۇشىغا سەۋەب بولدى. چۈنكى هەرەم، رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرسىتىپ بەرگىنىدەك، ئاسلارنىڭ پاناهگاهى ئەمەس ئىدى.

(ج) ئۇمەۋىلەۋنىڭ غۇلاپ چۈشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، ئۇلارنىڭ پۇل ـ مۇئامىلىگە بولغان قارىشى ئىدى. ئەتا ئىبنى يەسارنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، مۇئاۋىيە ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان بىر چۆگۈننى ئەسلى باباسىدىن ئارتۇق باهادا ساتقاندا، ئەبۇ دەرداغ: ”مەن رەسۇلۇللاھنىڭ بۇنى چەكلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم“ دېگەن. مۇئاۋىيە بولسا: ”مېنىڭچە بۇنىڭدا هېچقانداق بىر توسالغۇ يوق“ دېگەندە، ئەبۇ دەرداغ غەزەپلىنىپ: ”ماڭا هەمدەملىشىپ مۇئاۋىيەنى ئەيىبلەيدىغان باشقا كىشى يوقمۇ؟ مەن رەسۇلۇللاھنىڭ هەدىسىدىن سۆز ئېچىۋاتسام، بۇ ئادەم ماڭا ئۆز گېپىنى يورغىلىتىۋاتىدۇ، سەن تۇرغان جايدا ياشاش ماڭا هارام بولسۇن!“ دېگەن.

## ئۇمەۋىلەرنىڭ بەزى زاتلىرىغا قىلىنغان تۆهمەتنىڭ ئىسپاتلىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى

ئۆلىمالارنىڭ بىردەك هالدا، سۈننەت ئەهلىنىڭ رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىشقان: ”خەلىپىلىك 30 يىل هۆكۈم سۈرىدۇ، ئاندىن سەلتەنەت هۆكۈم سۈرىدۇ“ بۇ هەدىستە، خۇلەفائىي راشىدىنىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرى كۆزدە تۇتۇلغان، دەپ قارايدۇ. دەۋرەقە، رەسۇلۇللاھنىڭ هىجرىنىڭ 11 ـ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا ۋاپات بولغان ۋاقتىدىن تارتىپ، هىجرىنىڭ 41 ـ يىلى جەمادىيەل ئەۋۋەل ئېيىدا مۇئاۋىيە بىلەن هەسەن ئىبنى ئەلىنىڭ مۆمىنلەر ئۇتتۇرىسىدىكى پىتنىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۆز ئارا مادارا قىلىشى بىلەن ”جامائەتچىلىك يىلى“ دەپ ئاتالغان ۋاقىتقىچە بولغان ئارىلىقتا 30 يىل ئۆتكەن ئىدى.

دەرۋەقە بۇ ئىسلاهات، بۇخارى قاتارلىقلارنىڭ مۇنۇ رىۋايىتىنى: ”مېنىڭ بۇ ئوغلۇم (هەسەن) پەيغەمبەر ئەۋلادىدۇر، پات يېگىندا ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن ئىككى پىرقەگە بۆلۈنۈپ كەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىدۇ“ ئوچۇقلاپ بەرگەن ئىدى.

مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە: ”پات يېقىندا پەيغەمبەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادىل خەلىپىلىك هۆكۈم سۈرىدۇ، ئاندىن ئادىل سەلتەنەت هۆكۈم سۈرىدۇ، ئاندىن تەقدىرچى سەلتەنەت هۆكۈم سۈرىدۇ، ئاندىن مۇشتۇمزور سەلتەنەت هۆكۈم سۈرىدۇ“. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۆزى، تۇنجى سۇلتانى مۇئاۋىيەنىڭ دەۋرىدىكى ئۇمەۋىلەرنىڭ ئاساسەن ئادالەت بىلەن يۈرگۈزۈلگەن هاكىمىيىتى ئىسپاتلىدى.

شەك شۈبهىسىزكى ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ قارالغان هەدىسلارغا كۆرە نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە ساهابىلارنىڭ بىرى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ۋەهيي يازىدىغان كاتىبلاردىن بىرسى ئىدى. شۇڭا هېچكىمنىڭ ئۇنىڭ هەققىدە قالايمىقان گەپ قىلىشقا هەققى يوق. ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ مۇئاۋىيەنى قېرىندىشى ئۆلگەندىن كېيىن، شامغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. كېيىن ئوسمانمۇ مۇئاۋىيەنى شامغا ۋالى قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى.

ئۆلىمالارنىڭ بىردەك قارىشىچە مۇئاۋىيە بۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىك سۇلتانى ئىدى. بۇرۇنقى تۆت خۇلەفائىي راشىدىن بولسا پەيغەمبەرنىڭ خەلىپىلىرى ئىدى. مۇئاۋىيە، هەدىستە بايان قىلىنغىنىدەك، ئادىل ۋە تۇنجى سۇلتان ئىدى. لېكىن مۇسۇلمانلارنى يېزىدقا بەيئەت قىلىشقا بۇيرۇشتەك قىلمىشى، ئۇنىڭ ئوبرازىغا زەر دەرىجىدە نۇقسان يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ دەۋرىدىن دەۋرلەردە مۇستەبىتلىك هۆكۈم سۈردى.

يېزىد ئىبنى مۇئاۋىيەگە كەلسەك، بەزىلەر ئۇنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى ئادىل رەهبەر، دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەرمۇ هەددىدىن ئاشۇرۇپ، كاپىر، مۇناپىق، دەپ تەرىپلەشتى.

www.uyghurweb.net

يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيە، ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئالىملارنىڭ قارىشىچە رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇ مەشھۇر دىنى ئالىم ۋە ئىسلاھاتچىلاردىن بولمىغىنىدەك، كاپىر ۋە مۇناپىقمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن،بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنى ياقتۇرمىسىمۇ، يەنە بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنى رازى قىلدى، خالاس.

## يەزىدنىڭ دەۋرىدە يۈز بەرگەن مەشھۇر ۋەقەلەر

**بىرىنچى:**

ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەزىدنىڭ ئارمىيىسىدىن يېزىدنىڭ يېنىغا كېلىشنى تەلەپ قىلغاندا، تەلىپى قوبۇل قىلىنماي، ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى زەييادنىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ قەتلى قىلىنىشى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەتلى قىلىنغاندىكىگە ئوخشاشلا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئەڭ چوڭ پىتنىگە سەۋەب بولدى.

**ئىككىنچى:**

مەدىنە خەلقى بەيئەت قىلىشتىن باش تارتقان چاغدا، يەزىد مەدىنىدىكى ۋەكالىتەن ئىش باشقۇرغۇچىلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا، ئەگەر مەدىنە خەلقى ئۈچ كۈنگە قەدەر ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتسا، باش تارتقانلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا ئەمىر قىلدى. مەدىنە خەلقى ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىغاندىن كېيىن، يېزىدنىڭ ئەسكەرلىرى مەدىنىدە ئۈچ كېچە - كۈندۈز قەتلىئام يۈرگۈزدى ۋە بولاڭ - تالاڭ قىلدى. ئاياللار بىلەن قىزلار ئاياغ ئاستى قىلىندى. مەدىنە خەلقىنى تىز چۆكتۈرگەندى كېيىن، مەككىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان بۇ خىل دۈشمەنلىك، تاجاۋۇزچىلىق ۋە ئۇچىغا چىققان زۇلۇم ئۇنىڭ بۇيرىقى بىلەن بولغان ئىدى.

**ئۈچىنچى:**

يېزىدنىڭ پىتكۈل تەرجىمىھالىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ تارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چېلىش، هاراق ئىچىش ۋە ياسانچۇقلۇق بىلەن داڭ چىقارغان. ئىبنى كەسىرغا كۆرە، ”ئۇ ئىنتايىن شەھۋەتپەرەس بولۇپ، بەزى چاغلاردا ناماز قىلمايدىغان، ھەتتا كۆپەنچە ھاللاردا پەقەت ناماز قىلمايدىغان بىر كىشى ئىدى“.

## سىياسي توقۇنۇشنىڭ ئىسلام فىقھىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتۈپ كەتكىنىمىزدەك، مۇسۇلمانلار: شىئە، خاۋارىج ۋە ئەھلى سۈننەدىن ئىبارەت ئۈچ پىرقىغە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئەسلىدە بۇنىڭغا خەلىپىلىك مەسىلىسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ سەۋەب بولغان بولۇپ، بۇنىڭغا قارىتا مۇسۇلمانلارنىڭ كۆزقارىشى بىر بىرىدىن تامامەن پەرقلىق ئىدى. ئەسلىدە ئىختىلاپنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئوسماننىڭ قەتلى قىلىنىشى ئەمەس، بەلكى رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كىمنىڭ خەلىپە بولۇش پىكرىنىڭ تۇغۇلۇشى ئىدى. ئەنسارىلار رەسۇلۇللاھ دەپنە قىلىنماستىنلا بەنى سائىدەنىڭ قورۇسىغا يىغىلىپ، خەلىپىلىك مەسىلىسى ئۈستىدە كېڭەشتى. بۇ كېڭەشكە ئەبۇ بەكرى بىلەن ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھمۇ قېتىلدى. ئەنسارىلار: ”خەلىپىلىككە بىز ئەڭ ھەقلىق“ دەپ قارىسا، مۇھاجىرلارمۇ: ”خەلىپىلىككە بىز ئەڭ ھەقلىق“ دەپ قارىشاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەبۇ بەكرىگە بەيئەت قىلىندى. ئاندىن ئۈچىنچى بىر خىل پىكىر ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ بولسىمۇ، خەلىپىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھلى بەيتىدىن بولۇشى، بولۇپمۇ ئۇرۇق تۇغقانچىلىق، مۇسۇلمان بولۇش، جىھادقا قاتنىشىش، پەزىلەت ۋە ئىلىم جەھەتتە ئالاھىدە پەرقلىن ئىدىغان ئەلىنىڭ خەلىپە بولۇشى ئىدى. بۇ خىل قاراش، شەخسىيەتچىلىكتىن خالىي، ئادالەتپەرەۋەر ۋە تولىمۇ ھەققانىيەتچى ئۆمەر ۋە ئوسماننىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە بىر مەزگىل بېسىققان بولسىمۇ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغاندىن كېيىن، ئۇمەۋىلەر يان بېسىپ ئۇلارنى ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە قىلغاندىن كېيىن، يېڭىدىن جانلاندى ۋە ”ئەلى خەلىپە بولۇشقا ئەڭ ھەقلىق“ دېگۈچىلەرگە غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇدىغان پۇرسەت تۇغۇلدى. بىراق، ئەلى بىلەن مۇئاۋىيە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش، مەشھۇر ”قۇرئان كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ھۆكۈم قىلىش“ ۋەقەسى بىلەن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۆز نۆۋىتىدە توختىلىپ ئۆتكىمىزدەك ھاكىمىيەت مۇئاۋىيەنىڭ قولىغا ئۆتتى.

www.uyghurweb.net

مۇسۇلمانلارنىڭ: شىئە، خاۋارىج ۋە ئەھلى سۈننە ئىدىن ئىبارەت ئۈچ پىرقىغە بۆلۈنۈپ كېتىشتىنمۇ، پىكىر جەھەتتە ئىختىلاپ قىلىشى، دىنى مەسىلىلەردە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشى ۋە بىر ـ بىرنى "كاپىر" دېيىشىپ، بىر ـ بىرىگە قارىتا يامان گۇمان قىلىشى تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار بىر ـ بىرىگە تىغ تەڭلەپ، قورقۇنچلۇق بىر مەنزىرە پەيدا قىلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۈممەتلەرگە قارشى ئاقا ـ ئارقىدىن ئىسيان كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، قانلىق باستۇرۇلدى.

ئەنە شۇنداق ئۈچ فىرقەگە بۆلۈنۈپ كەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە خاس فىقھى ـ قانۇنلىرى بار ئىدى. بىز شىئە ۋە خاۋارىجلاردىن ئىبارەت ئەقلىنى بۇلغاپ، ئىسلام فىقھىسىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن ئىككى فىرقە ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز:

### 1- خاۋارىجلار

ئىسلام فىرقىلىرى ئىچىدە، مەزھىبىگە ئەڭ سادىق، پىكرىدىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەيدىغان، ئىبادەتتە تولىمۇ غەلۋىخور، ئەقىدىسى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىشتىن قىلچە ئايانمايدىغان فىرقىلارنىڭ بىرى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەسلىدە ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدىن شاللىنىپ چىقىپ كەتكەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئادەتتە تولىمۇ ئېغىر ۋە جاپالىق تۇرمۇشقا ئادەتلەنگەن. ئۇلار ئۆز كۆز ـ قارىشىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن تولىمۇ پاساھەتلىك تىللار بىلەن ئىنتايىن راۋان بايان قىلىدۇ، ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلىدۇ، ھەتتا بەزىدە تولىمۇ ياۋۇز ۋە رەھىمسىز كېلىدۇ.

خاۋارىجلارغا كۆرە، ئەلى: "قۇرئان كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ھۆكۈم قىلىش" بىلەن خاتا قىلغان، ھەتتا كۇپۇرلۇق قىلغان ئىدى. ئۇلار ھە دەپ ئېلىنى مۇئاۋىيە بىلەن تۈزگەن توختامنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. بىراق ئەلى بۇنداق قىلىشقا ئۇنىمدى. چۈنكى مۇئاۋىيە مۇسۇلمان بولغاندىن تارتىپ ئاللاھ غا شېرىك كەلتۈرۈپ باقمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قول قويۇپ بولغان توختامنى بىكار قىلسا قانداق بولىدۇ.ئۇلار ھېچ پەيلىدىن يان ئىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئەلى مەسچىتتە خۇتبە ئوقۇسا "ھۆكۈم پەقەت ئاللاھ غىلا خاس" دەپ ئۇرۇپ قوياتتى. ئۇلار بۇ تەرزدە ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە بىر كۈنى بىرسىنىڭ ئۆيىگە جەم بولدى ۋە بىرى مۇنداق دەپ نۇتۇق سۆزلىدى:

ئاللاھ تائالاغا ئىشەنگەن ۋە ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنغۇچى مۆمىنلەرنىڭ بۇ دۇنياغا كۆز قىرىنى سېلىشى لايىق ئەمەس. ئۇلار دائىم كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشى ۋە ھەقنى سۆزلىشى، كۆپرەك جاپا مۇشەققەت تارتىپ، زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىشى كېرەك. چۈنكى بۇ دۇنيادا قانچىلىك ھەرەج تارتىپ، زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىسا، ئاخىرەتتە شۇنچىلىك ساۋابقا ۋە ئاللاھ ئەززە ۋە جەللەنىڭ مەڭگۈلۈك جەننەتلىرىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. شۇڭا قەدىرلىك قېرىنداشلىرىمىزنى ئاھالىسى زالىم بۇ يۇرتتىن قۇاقۇزۇپ، تاغ ئۆڭكۈرلىرىگە ياكى قىشلاقلارغا ئېلىپ چىقىپ كېتەيلى.

راست دېگەندەك ئۇلار "ھەرۇرا" دەپ ئاتىلىدىغان كۇفەگە يېقىن بىر قىشلاققا چىقىپ كېتىشتى. ئۇلار بۇ يەرگە يەرلەشكەندىن كېيىن، بۇ قىشلاققا نىسبەت بېرىپ، ئىسمىنى "ھىلھەرۇرىيە" دەڭ ئاتاشتى. كېيىن: "ھۆكۈم قىلىش پەقەت ئاللاھ غىلا خاس" دېگەن قارىشى بويىچە "ھىلمۇھەككەمە" دەپ ئاتاشتى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب ئەرراسى ئىسىملىك بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە ئەمىر تىكلەشتى.

ئۇلار ئەلى ۋە ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن "چىقىپ كەتكۈچىلەر" ياكى "ئايرىلغۇچىلار" دەپ ئاتالدى. بەزىلەر، ئۇلارنىڭ بۇنداق ئاتىلىشىدا مۇنۇ ئايەتكە ئاساسەن بولغان دەپ قارايدۇ:

﴿كىمكى ئۆيىدىن ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم ئاللاھ بېرىدۇ﴾[1].

ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئاساسەن ﴿ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغۇچىلار﴾ دەپ ئاتالغان دېگۈچىلەرمۇ بار:

﴿بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ (قىلغان ئەمەلى بىلەن پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا تىلەيدۇ )﴾[2].

---

(1) سۈرە نىسا 100 ـ ئايەت.
(2) سۈرە بەقەرە 207 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەڭ ئىلان قىلىپ، ”نەھرىۋان“ جېڭىدە ئۇلارنى تارمار قىلدى. بۇ جەڭدە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قىرىلىپ تۈگىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرى ئەلىگە سۇيىقەست پىلانلىدى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ پىلانىنى خاۋارىج ئابدۇراھمان ئىبنى مۆلجەم ئىشقا ئاشۇردى.

خاۋارىجلارنىڭ قالدۇقلىرى قايتىدىن نوپۇز تىكلەپ، ئۇمەۋى سەلتەنەتىگە قارشى ھۇجۇم قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى، ھەتتا ئۇمەۋى سەلتەنەتىنى زەنجىرسىمان جەڭلەردە ئېغىر تالاپەتكە يۈزلەندۈردى. بۇلاردىن ئىككىسى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ:

**بىرىنچى تۈركۈمدىكىلەر:**

ئىراقنىڭ بەسرەگە يېقىن ”بەتائىھ»“دېگەن يېرىنى مەركەز قىلىپ، كەرمان ۋە ئىراننى ئىستىلا قىلدى ۋە، بەسرەگە تەھدىت سالدى؛ بەسر ئەمرى مۇھەللەب ئىبنى ئەبۇ سۇفرە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. بۇئۇرۇشتا نافىئ ئىبنى ئەزرەق، قەتەرى ئىبنى فۇجائە دېگەن كىشىلەر قەھرىمانلىقتا داڭ چىقاردى.

**ئىككىنچى تۈركۈمدىكىلەر:**

ئەڭ مەشھۇر ئەمىرلىرى ئەبۇ تالۇت بىلەن نەجدە ئىبنى ئامىرنىڭ قوماندانلىقىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ھەزرەمۇت ۋە تائىفنى ئىستىلا قىلدى.

خاۋارىجلارنىڭ ئۇنەۋى سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇشى، ئۇمەۋىلەر غۇلاپ چۈشكەنگە قەدەر ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ، ئابباسىلار سۇلالىسى دەۋرىدىگە كەلگەندە تەدرىجى ھالدا زەئىپلاشتى.

**خاۋارىجلارنىڭ كۆز - قاراشلىرى:**

**پىرىنسىپلىرى:**

ئاساسلىق پىرىنسىپلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**(ئا) خەلىپىلىك قارىشى:**

1) - خاۋارىجلارغا كۆرە، ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر خەلىپە بولۇشقا تامامەن ھەقلىق، ئوسمان دەسلەپتە ھەقلىق بولغان بولسىمۇ، كېيىن ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرنىڭ تۇتقان يولىدىن ئېغىپ كەتكەنلىكتىن، خەلىپىلىكتىن ئېلىپ تاشلاش زۆرۈر بولۇپ قالغان ئىدى. ئەلىنىڭ خەلىپىلىكى بولسا، مۇرەسسەلىششىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن توغرا ئىدى.

ب) - مۇرەسسەلىششىنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئەلى، مۇئاۋىيە، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى ۋە ئەمرو ئىبنى ئاسنى كۇپۇرلۇق قىلغان دەپ قارىغان ۋە جەمەل (تۆگە) ئۇرۇشىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان تەلھە، زۇبەير ۋە ئائىشەلەرنىڭ ئۈستىدىن ئىغۋا تارقاتقان.

ج) - خاۋارىجلار، خەلىپىنى مۇسۇلمانلار سايلام ئارقىلىق سايلاپ چىقىشى شەرت، دەپ قارىسىمۇ، شىئەلەرنىڭ خەلىپە پەقەت پەيغەمبەرنىڭ ئەھلى بەيتىدىن بولۇشى كېرەك، دېگەن قارىشى ۋە كۆپ سانلىق ئەھلى سۈننىنىڭ، خەلىپىلىك قۇرەيشلەرگە تەئەللۇق، دېگەن قارىشىنىڭ دەل ئەكسىچە، ”خەلىپە قۇرەيشلەردىن بولۇشى“ شەرت ئەمەس، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشقا ئاساسلانغاندا، خەلىپە سايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ رەئىسىغا ئايلىنىدۇ، شۇڭا مۇرەسسە قىلىش ياكى شەرتنامە ئىمزالاش دۇرۇس ئەمەس. خەلىپە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە تولۇق بويسۇنۇشى، ئۇنداق بولمىغاندا خەلىپىلىكتىن ئېلىپ تاشلىنىشى، بۇنى قوبۇل قىلمىغان تەقدىردە ئۆلتۈرۈلۈشى شەرت.

**(ب) ئىمان ۋە ئەمەل قارىشى:**

ئا) - خاۋارىجلارغا كۆرە، دىنىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىش، ناماز، روزا، زاكات، سەدەقە ۋە ئادالەتكە ئوخشاشلا ئىماننىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئىمان دېمەك پەقەت ئېتىقاددىن ياكى تىل بىلەن ئىقرار قىلىپ قويىدىغان ئېتىقاددىنلا ئىبارەت ئەمەس.

ب) - دىنىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىش، ئىماننىڭ بىر پارچىسى ئىكەن (بۇ ھەقتە ئەھلى سۈننىنىڭ ئېتىقادىمۇ شۇنداق)، دىنىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلمىغان كىشى گۇناھى كەبىرە (بۈيۈك گۇناھ) ئىشلىگەن ياكى كاپىر بولىدۇ.

www.uyghurweb.net

خاۋارىجلارغا كۆرە، مەيلى قانداقلا بىر گۇناھ بولسۇن بەرىبىر گۇناھ، گۇناھلارنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشكە بولمايدۇ، جۈملىدىن كۆزقاراشتىكى خاتالىقلارمۇ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۇپۇرلۇققا مەھكۇم قىلغان. بۇنىڭغا قارىتا ئۇلار قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىكى ھۆكۈملەرگە پەقەت زاھىرىي جەھەتتىنلا قاراپ، نۇرغۇن دەلىللەرنى كەلتۈرگەن. مەسىلەن:

﴿قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن،زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن بىھاجەتتۇر﴾[1].

﴿كىملەركى ئاللاھنازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر﴾[2].

سەھىھەيندىكى مۇنۇ ھەدىسلەر:

«مۇسۇلماننى تىللاش پاسىقلىق، ئۆلتۈرۈش كۇپۇرلۇق».

«زىنا قىلغۇچى مۆمىنلىك ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ، ئوغۇرلۇق قىلغۇچى م،مىنلىك ھالىتىدە ئوغۇرلۇق قىلمايدۇ، ھاراق ئىچكۈچىمۇ مۆمىنلىك ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ».

يەنە بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن دەلىللىرى بار.

ئەھلى سۈننەلەرگە كۆرە، مەزكۇر كىشىلەر، ئۇ ئىشلارنى قىلغان چاغدا مۇسۇلمان مىللىتىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، ئىماننى تامامە ن يوقىتىپ قويماستىن، نوقسان يەتكۈزىدۇ.

دەرۋەقە خاۋارىجلارمۇ ئىختىلاپ قىلىشىپ، تۈرلۈك پىرقەلەگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. ھەر بىر پىرقەنىڭ ئۆزىگە خاس پرىنسىپى بولسىمۇ، خەلىپىلىك، ئىمان ۋە ئەمەلدە ئورتاق قاراشقا ئىگە ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىمامغا (رەھبەرگە) ئېھتىياجى يوق، مۇسۇلمانلارغا ئاللاھنىڭ كىتابى كۇپايە، دېگۈچىلەرمۇ بار ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئەلى گەپ قىلىشۋاتقىنىدا: ”ھۆكۈم پەقەت ئاللاھ غىلا خاس“ دېگەن ۋە بۇنىڭغا قارىتا ئەلى: ”باتىل مەقسەت قىلىنغان ھەق سۆز، دۇرۇس، ھۆكۈم پەقەت ئاللاھ غىلا خاس. بىراق ئۇلار: ”ئەمىرلىك پەقەت ئاللاھ غىلا خاس“ دېيىشۋاتىدۇ. ھالبۇكى مۇسۇلمانلار، ئەمىرلىكنىڭ دائىرىسىدە مۆمىنلەرمۇ يەر ئالغان، كاپىرلارمۇ سۆزىنى ئاڭلايدىغان، غەنىم ەتلەرنى توپلاپ، دۈشمەننى يوقىتىپ، خەلقنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىيالايدىغان ۋە ئاجىزلارنى كۈچلۈكلەردىن مۇداپىيە قىلىپ، تېنچ بىر ھاياتنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئۈچۈن ئەمىرگە موھتاج“ دېگەن.

ئىبنى ئەبۇ ھەدىدقا كۆرە، خاۋارىچلار باشتا ”ئەمىرگە ئېھتىياج يوق“ دېسىمۇ، بىراق كېيىن بۇ پىكرىدىن يېنىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھەب ئەرراسىنى ئۆزلىرىگە ئەمىر قىلىشۋالغان.

**(ج) ئاساسلىق پىرقەلىرى:**

تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، خاۋارىجلار تەخمىنەن ئون پىرقىغە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ پرىنسىپلىرى بىر ـ بىرىدىن تامامەن پەرقلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پىرقىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**1- ئەزارىقەلەر:**

بەنى ھەنىيفە قەبىلىسىدىن نافىئ ئىبنى ئەزرەقنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ”ئەزارىقەلەر“ دەپ ئاتىلىدۇ. نافىئ ئىبنى ئەزرەق دېگەن بۇ كىشى خاۋارىچلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك فەقىھ ئالىمى بولۇپ، ئۇ خاۋارىجلاردىن باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنى ”كاپىر“ دەپ قاراش بىلەن بىرگە ئاياللار، بالىلار، مۇسۇلمانلارنىڭ كېپىللىگىدىكى غەيرى مۇسۇلمانلار ھەتتا تەقۋادار كىشىلەرنىمۇ ئۆلتۈرۈشكە پەتىۋا بەرگەن. ئۇ مۇنۇ ئايەتنى دەلىل كۆرستەتتى:

﴿بۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر دۈشمەندىن گويا ئاللاھ (نىڭ ئازابىدىن) قورققاندەك بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك قورقىدۇ﴾[3].

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 197 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مائىدە 44 ـ ئايەت.
[3] سۈرە نىسا 77 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

نافىئ: ”رەقىبلىرىغا سۇيىقەست قىلسا بولىدۇ“ دەپ پەتىۋا بەرگەن ۋە ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، خاۋارىجلارنىڭ مەشھۇر قوماندانى قەتەرى ئىبنى فۇجائە ئەلمازىنى ئەتتەمىيمىي ئەمىر بولدى. قەتەرى، مۇھەللەب ئىبنى ئەبۇ سۇفرەنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئۇمەۋىيلەرگە قارشى زەنجىرسىمان ئۇرۇشلاردىن كېيىن ئىراندا مۇھەللەب ئىبنى ئەبۇ سۇفرەگە يېڭىلدى.

2- نەجداتىلار:

بەنى ھەنىيفە قەبىلىسىدىن نەجدەت ئىبنى ئامىرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى «نەجداتىلار» دەپ ئاتىلىدۇ. نەجداتىلاغا كۆرە، دىن ئىككى ئاساسلىق گەۋدىدىن تەشكىل تاپقان: ئاللاھنى ۋە ئەلچىسىنى تونۇش،مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش، مال - مۈلكىنى بولاپ تالاشنىڭ ھاراملىقى. بۇنىڭ سىرتىدا ئىنسانلارنى بىلەلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن دەلىلسىز ئەيىبلەشكە بولمايدۇ.

نەجداتىلارغا ھىجرىيىنىڭ 66 - يىلى يەمامە خاۋارىجلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بەھرەين، يەمەن ۋە تائىفقا يېيىلىپ يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ بەيرەيندىن باشقا جايلاردا نۇپۇز تىكلىيەلمىگەن.

”باللار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كېيىللىگىدىكى غەيرى مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈش جائىز ئەمەس“ دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن نەجداتىلارغا خاۋارىجلار ئومۇمىيۈزلۈك قارشى چىققان.

3- ئىبازىيەلەر:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئىباز ئەتتەمىيمىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ”ئىبازىيەلەر“ دەپ ئاتىلىدۇ. ئىبازىيەلەر، مۇخلىسپلىرىغا قارىغاندا مۆتىدىل، مۇتەئەسسىبلىكتىن خالىي، زۇلۇمدىن يىراق ۋە تىنچلىققا مايىل بىر پىرقە ھېسابلىنىدۇ.

ئىبازىيەلەرگە كۆرە، مۇخالىپلىرى ئېتىقادىي كاپىر ئەمەس، نېمەت كاپىرلىرىدۇر. چۈنكى بۇلار ئاللاھنى ئىنكار قىلمىغان بولسىمۇ، ئېتىقادى جەتھەتتىكى كەمچىلىكلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. لېكىن بۇلار بىلەن قۇدا - باجا بولۇش، بۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى ۋە مىراسى جائىزدۇر. شۇ ۋەجىدىن ئىبازىيەلەرنىڭ فىقھىسى داۋاملىشىپ كەلگەن.

ئىبازىيەلەر، ئامان ۋە زەڭگىبار ساھىللىرىدا ياشىماقتا.

4- سۇفرىيەلەر:

زەيياد ئىبنى ئەسفەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ”سۇفرىيەلەر“ دەپ ئاتىلىدۇ. سۇفرىيەلەر، ئەزارىقەلەرگە قارىغاندا مۆتىدىل، باشقا پىرقەلەرگە قارىغاندا تولىمۇ مۇتەئەسسىپتۇر.

سۇفرىيەلەر، پۈتۈن گۇنابلارنى ئىنكار قىلمىسىمۇ، ھەد (جازا ئۆلچۈمى) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان گۇناھلارنى ئىنكار قىلىدۇ. سۇفرىيەلەر، ئەزرىقەلەرنىڭ دەل ئەكسىچە، مۇخالىپلىرىنىڭ بالا - چاقىلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلمايدۇ ۋە مۇخالىپلىرىنىڭ كۇپۇرلۇق قىلىشى، دوزاختا مەڭگۈ قېلىشقا سەۋەب بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

سۇفرىيەلەر، ئاساسەن مۇسىل ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىغا تارقالغان بولۇپ، كۆپىنچىسى خاۋارىجلارنىڭ پرىنسىپلىرىنى قوبۇل قىلغان بەدەۋىي ئەرەبلەر ئىدى. كېيىن بۇلارغا ئاز بىر تۈركۈم ئىمامىلار قېتىلغان.

سۇفرىيەلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئىچىدە، ئىبادەتكە بولغان چىڭلىقى، ئېقىدىسىگە بولغان ساداقەتمەنلىكى، مىسلىسىز جەسۇرلۇقى، مەخسۇس ئەرەبلەردىن تەشكىل تېپىشى، ئەدەبىيات بولۇپمۇ شېئىرىيەت ۋە پروزىچىلىق قاتارلىق جەھەتلەردە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

**فىقھىسى**

1 ـ خاۋارىجلار نىڭ ئىبادەتكە دائىر مەسىلىلەردە فىقھىگە بولغان تەلەپى ئىتايىتن يۇقىرى ئىدى. بولۇپمۇ، مەنىۋىي، ئەخلاقىي ۋە روھىي جەھەتتىن بەدەنىنىڭ ھەرىكىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. مەسىلەن:

ناماز ئوقۇش ئۈچۈن پەقەت تاھارەتلا كۇپايە قىلمايتتى. يەنى تاھارەت ئالغاندا قول - پۇت ۋە تاھارەت ئېلىشقا تېگىشلىك يەرەلەرنى يۇغىنىدەك تىلىنىڭمۇ يۇيۇلىشى، ئوچۇقراقى تىلنىڭ يالغان سۆزلەش، بوھتان چاپلاش، تىللاش ۋە باتىل سۆزلەشتىن ساقلىنىشى شەرت ئىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، پىتنە - پاسات، ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك ۋە سەت گەپلەر، تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللاردى. شۇڭا نامازخان بەدەنىنىڭ تاھارىتىگە كۆڭۈل بۆلگىنىدە، مەنىۋى جەھەتتىكى تاھارىتىگىمۇ رىئايە قىلىشى كېرەك ئىدى.

www.uyghurweb.net

2 ـ خاۋارىجلارنىڭ ئارىسىدا قانۇنى ھۆكۈملەردە تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن بىر تۈركۈم كىشىلەرمۇ بىر ئىدى. بۇلار، ”قۇرئانلا ئاساس، باشقىسى ئېتىراپ قىلىنمايدۇ“ دەپ قارىيتتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بەزى مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئىجماسىغا قۇرئاندىن ىبكار قىلىدىغان دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ قارشى چىقاتتى. مەسىلەن:

ئا) ئۇلار: سىلەر رەسۇلۇللاھ ۋە تۆت خەلىپىنىڭ تاش كېسەك قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلدىڭلار، ھالبۇكى ئاللاھ دېدەكلەر توغرۇلۇق مۇنداق دەۋاتىدۇ:

﴿ئەگەر ئۇلار ئەرگە تەگكەندىن كېيىن پاھىشە قىلسا، ئۇلارغا ھۆر ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىشى كېرەك﴾[1].

تاش ـ كېسەك قىلىش دېمەك،بەدەننىڭ مەلۇم بىر قىسمىغا ئەمەس، ھەممىسىگە زىيان يەتكۈزۈش دېمەكتۇر. ئۇنداقتا قانداقلارچە دېدەككە ئەرلىرى بار ھۆر ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ؟ بۇ ئايەتتىكى دەلىل ھۆر ئايالغا دەررە جازاسى بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى مۇنۇ ئايەتتە بۇ توغرۇلۇق دەلىل بار:

﴿زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار﴾[2] دەيتتى.

ب) ئۇلار: سىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ: «ۋارىسنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىنمايدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىۋاتىسىلەر، ھالبۇكى ئاللاھ مۇنداق دەۋاتىدۇ:

﴿ئەگەر سىلەردىن بىرەيلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال قالدۇرسا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە خىش ـ ئەقرىبالىرىغا ئادىللىق بىلەن ۋەسىيەت قىلىشى تەقۋادارلارنىڭ ئۈستەشكە تېگىشلىك بۇرچى سۈپىتىدە پەرز قىلىندى﴾[3].

دېمەك، ئاتا ـ ئانىلار ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ۋەسىيەت قىلالايدۇ، ۋە ۋارىسنىڭ ۋەسىيەت قالدۇرۇلغان بۇ مىراسنى ئېلىشىدىن ھېچكىم توسۇۋالالمايدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ۋەسىيتى ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى ھۆكۈملەرگە خىلاپ، دەيتتى.

ج) ئۇلار: سىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ: «ھەر قانداق بىر ئايال دادىسىنىڭ ۋە ئانىسىنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئېرىگە ياتلىق بولالمايدۇ»، ”ئۆز نەسەبىدىن بولغان قېرىنداشلارنىڭ بىر بىرى بىلەن توي قىلىشى ھارام بولغىنىدەك، ئېمىلداشلارنىڭ بىر بىرى بىلەن توي قىلىشىمۇ ھارامدۇر“ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىۋاتىسىلەر، ھالبۇكى ئاللاھ مۇنداق دەۋىتىدۇ:

﴿سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلار نىڭ ھەمشىلىرىنى، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرىنى، سۈت ئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلدەش ھەمشىرىلىرىڭلارنى، قېيىن ئاناڭلارنى، سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا تەربىيىلەنگەن قىزلىرىنى (بۇ شەرت ئەمەس، ئۆيدە تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ) ئېلىش ھارام قىلىندى﴾[4].

بۇ يەردە ئاللاھ ھېچقاچان: ﴿مەلۇم بىر ئايالنىڭ دادىسى ۋە ئانىسىنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئېرى بىلەن توي قىلالمايدۇ﴾ دېمىدى ۋە پەقەتلا سۈت ئانىسى بىلەن ئېمىلداش ھەمشىرىسىنى ئېلىشنىلا ھارام قىلدى. ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿بۇلاردىن (يەنى يۇقىرىدىكى ئېلىش دۇرۇس بولمايدىغان ئاياللاردىن) باشقىلىرىنى زىنا دىن ساقلىنىپ، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ھالدا، ماللىرىڭلارنى سەرپ قىلىپ (يەنى مەھرىنى بېرىپ) نىكاھلاپ ئېلىشىڭلار ھالال قىلىندى﴾[5].

ئانىسى ۋە ھەمشىرىسىدىن باشقا پۈتۈن ئېمىلداشلار بىلەن توي قىلىشنى ئاللاھ ھالال قىلغانلىقتىن، مەلۇم بىر ئايالمۇ دادىسى ۋە ئانىسىنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئېرى بىلەن توي قىلالايدۇ، دەيتتى.

د) ئۇلار: ”سىلەر ئىپپەتلىك ئەرلەرگە تۆھمەت قىلغۇچىلارغىمۇ جازا بېرىلىدۇ، دەپ قارايسىلەر، ھالبۇكى بىز ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن پەقەت ئىپپەتلىك ئاياللارغا تۆھمەت قىلغۇچىلارغىمۇ جازا بېرىلىدۇ، دەپ قارايمىز:

[1] سۈرە نىسا 25 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نۇر 2 ـ ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە 180 ـ ئايەت.
[4] سۈرە نىسا 23 ـ ئايەت.
[5] سۈرە نىسا 24 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

﴿ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، (بۇنىڭ راستلىقىغا ئادىل) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى 80 دەررە ئۇرۇڭلار (يەنى بىراۋغا زىنا بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ھەربىر ئادەمنى قامچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن 80 نى ئۇرۇڭلار﴾[1] (نۇر:4)».

يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئاللاھ،ئىپپەتلىك ئەرلەر ئەمەس، ئىپپەتلىك ئاياللار ھەققىدىكى تۆھمەت توغرۇلۇق توختالغان" دەيتتى.

ئىبنى قۇتەيبە "مۇختەلىپ ھەدىسلەرگە ئىزاھات" ناملىق ئەسىرىدە خاۋارىجلارنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا رەددىيە بەرگەن. "بىزگە پەقەت قۇرئانلا كۇپايە" دەيدىغان بۇ خىل قاراش ۋە ئۇنىڭ تەسىرى ھېلىھەم ساقلانماقتا...

## 2- شىئەلەر:

شىئە مەزھىبىنىڭ بىخ ئۇرۇپ چىقىشىغا ئاساسلىقى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ، "خەلىپىلىككە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقرىبالىرىدىن بولۇپمۇ تاغىسى ئاباباس ۋە تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەلى ئەڭ ھەقلىق ۋە مەڭگۈلۈك ۋارىسلىق قىلىشقا مۇناسىپ، دېگەن قاراش سەۋەب بولغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئۆز نۆۋىتىدە توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئاباباس پەيغەمبەر ئەلەھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقىنى، ئەلى بولسا ئەڭ بۇرۇن مۇسۇلمان بولغانلىقى، جىھادى ۋە فاتىمەگە ئۆيلىنىشى قاتارلىق ئارتۇقچىلىقى، خەلىپىلىككە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئەڭ ئوچۇق نامايەندىسى ئىدى. بىراق، رەسۇلۇللاھنىڭ ئەلىنى خەلىپىلىككە تەيىن قىلغانلىقىغا ئائىت ھېچقانداق بىر دەلىل يوق.

بۇخارىنىڭ ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىشىچە: "ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق ئاغرىپ قالغان مەزگىلدە (بۇ ئاغرىقتىن ساقىيىپ كېتەلمەي ۋاپات بولغان) يېنىدىن چىققان چاغدا خەلق: "ئى ئەبۇل ھەسەن (ھەسەننىڭ دىدىسى)! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟" دېدى، ئەلى: "ئاللاھ تائالاغا شۈكرى، ساخشى" دېدى. بۇ چاغدا ئىبنى ئابباس ئەلىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ: "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۈچ كۈندىن كېيىن سەن باشقىلارغا مەمۇر بولىسەن، مېنىڭچە رەسۇلۇللاھ بۇ ئاغرىقتىن ساقىيالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ، چۈنكى مەن ئابدۇلمۇتتەلىب جەمەتىنىڭ قانداق سەكراتقا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ئەلۋەتتە ياخشى بىلىمەن، شۇڭا يۈرۈ! كىمنى خەلىپە بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق رەسۇلۇللاھتىن سورايلى! ئەگەر خەلىپىلىك بىزگە قالىدىغان بولسا، بىلىۋالارمىز، باشقىلارغا قالىدىغان بولسا، ئەھۋاللىشارمىز، بىزگە خەلىپە بولىدىغان كىشىنى ۋەسىيەت قىلار!" دېگەندە ئەلى: "ئەگەر بىز بۇ توغرۇلۇق سورىغىنىمىزدا، خەلىپىلىكنى بىزدىن مەنئىي قىلسا، كېيىن ئىنسانلار بىزگە خەلىپىلىكنى ھەرگىز بەرمەس، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مەن بۇ توغرۇلۇق ھەرگىز سورىمايمەن..." دېگەن".

نەزەرىيە جەھەتتىن ئەلى خەلىپە بولۇشقا ئەڭ ئۇيغۇن نامزات بولۇشىغا قارىماي ئالدى بىلەن ئەبۇ بەكرى، كېيىن ئۆمەر ۋە ئوسمانغا بەيئەت قىلدى. بىراق ئەلى ئەبۇ بەكرىگە ئالتە ئاي كېچىكىپ بەيئەت قىلدى، چۈنكى رەپىقىسى فاتىمەنىڭ قارىشىچە ئەبۇ بەكرى ئۇنى دادىسىنىڭ مىراسىنى ئېلىشتىن مەنئىي قىلغان ئىدى. شۇنىڭدەك ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب، ئەبۇ سوفيان، مىقداد ئىبنى ئەلئەسۋەد، زۇبەير، ئەممار ئىبنى ياسىر، ھۇزەيفە ئىبنى يەمان، ئەبۇ زەر قاتارلىق "خەلىپە بولۇشقا ئەلى ئەڭ ھەقلىق" دەپ قارايدىغان بىر قىسىم ساھابىلار بىرئاز كېچىككەن بولسىمۇ ئاخىرىدا تامامەن بەيئەت قىلىشتى.

دېمەك، بۇ خىل پىكىر ئېقىمى خۇلەفائىي راشىدىن دەۋرىدىن كېيىن بولۇپمۇ ئەلىدىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا تەرەققى قىلىپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە باشلىدى ۋە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك قاتارلىقلار ھەققىدىكى شىكايەتلىرى تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. ئىبنى خەلدۇن ئۆز ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۇلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: "رەھبەرلىككە ئوخشاش ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بۇنداق چوڭ ئىشلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ قويغىلى بولمايدۇ. گەرچە دىنىنىڭ ئەركانى ۋە ئىسلامنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبەرلىك تەيىن قىلىش ھوقۇقى

---

[1] سۈرە نۇر 4 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

بولسمۇ، بىراق،پەيغەمنىڭ بۇنداق چوڭ ئىشقا سەل قاراپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ قويۇشى جائىز ئەمەس ئىدى. شۇ ۋەجىدىن مۇسۇلمانلار چوڭ - كىچىك بارلىق گۇناھلاردىن خالىي بىر كىشىنى ئۆزلىرىگە رەھبەر قىلىپ تەيىنلىشى ئىنتايىن زۆرۈر. ھالبۇكى بۇ رەھبەرلىككە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىنتايىن ئۇيغۇن بىر نامزاتتۇر. ئەلى ھەققىدە نەقىل كەلتۈرۈشكەن ئىقتىدارلىق تەنقىدچىلەرمۇ، مۇقەددەس (ئىسلام) قانۇنشۇناسلارمۇ، ئەلى ھەققىدە تولۇق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئەلى ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىنىڭ كۆپۈنچىسى، ئۇيدۇرما، تۆھمەت ۋە بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرغا ئىگە تەنقىدلەردىن باشقا نەرسە ئەمەس".

شىئەلەرنىڭ ئېگىدىكى بۇ پىكىر ئېقىمىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1 - بۇ دۇنيادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان تۆرلۈك خۇسۇسىيەت ۋە ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە ئەڭ پەزىلەتلىك، ئەڭ دىيانەتلىك ۋە ئەڭ ئىپپەتلىك ئىنسان ئېلىدۇر. ئەلىغا قارشى ئۇرۇشقان، دۈشمەنلىك قىلغان ياكى ئۇنى ئۆچ كۆرگۈچىلەر ئاللاھنىڭ دۈشمە نلىرى بولۇپ، كاپىرلار ۋە مۇناپىقلار بىلەن مە ڭگۈلۈك دوزاختا قالىدۇ. ئەلى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتتۇرىسىدى پەرق پەقەت پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت، خالاس.

2 - ئۇلارنىڭ ئەلىغا بولغان سۆيگۈسى تەلىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپ، ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋەتكەن. شەھرىستانىنىڭ مۇنۇ ئەسلىمىسى بۇنىڭ جانلىق ئىسپاتىدۇر:

"ئەلىدا جۈزئىي ئىلاھلىق خۇسۇسىيەت مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇجەسسەملەشكەن. ئەلى بۇ جۈزئىي ئىلاھلىق خۇسۇسىيەت ئارقىلىق غايىبنى بىلەلەيدۇ،خوش - خەۋەر بىرەلەيدۇ، بۇ ئارقىلىق كۇففارلارغا قارشى ئۇرۇش قىلسا غەلىبىگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق خەيبەرنىڭ ئەرۋازىسىنى مۆۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئاچقان ئىدى. ئەلىمۇ بۇ ھەقتە: "مەن خەندەكنىڭ دەرۋازىسىنى ماددى كۈچ بىلەن ئەمەس، مالائىكىيەتلىك كۈچ بىلەن پاچاقلاپ تاشلىدىم" دېگەن ئىدى. باشقىلارمۇ: "ئەلىنىڭ بەزىدە پەيدا بولۇپ قالىدىغانلىقى ھەققىدە پاراڭ قىلىشقان".

نەسرانىلاردىمۇ مەۋجۇت بولغان بۇ قاراش، شىئەلەرنىڭ ئېگىدا تەرەققى قىلىپ، "ئۇلۇغ كىشىلەر غايىب بولۇپ، يەنە قايتا پەيدا بولىدۇ ۋە يەر يۈزىدە ئادالەت ئورنىتىدۇ" دېگەن ئېقىدىنى پەيدا قىلغان. بۇ پىكىردىن (ئاخىر زاماندا) "مەھدىي" ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، دېگە ن قاراش شەكىللەنگەن.

بۇ پىكىرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا، قەدىمدىن تارتىپ ئىراقتا داۋاملىشىۋاتقان تولىمۇ غەلىتە ۋە خىلمۇخىل مەزھەبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ ساندىكى شىئەلەرنىڭ كۆز قارىشى سەۋەبچى بولغان. بولۇپمۇ شىئەلەردىكى ئېتىقادنىڭ تۇراقسىزلىقى سەۋەبچى بولغان.

مۇسۇلمان ئەرەبلەر بولسا بۇ خىل ئېغىش ۋە مەزھەبلەردىن خالىي بولۇپ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋەھدانىيىتى ۋە ئۇلۇھىيىتىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. ئوچۇقراقى ئۇلار مۇقىم بىر ئېتىقاد سىستېمىسىغا ئىگە. ئاللاھ رەسۇلىنىڭ تىلى بىلەن مۇنداق دېگەن:

﴿(ئى مۇھەممەد! (ئېيتقىنكى،«مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، ماڭا ۋەھيى قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر»﴾[1]

ئۇنداقتا بۇلاردىن (بۇ شىئەلەردىن) باشقىلارنىڭ ئېگىدىكى ئېتىقاد قانداق ئىدى؟

شىئەلەر تۈرلۈك پىرقەلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، ئەڭ ئاساسلىق پىرقەلەر تۆۋەندىكىچە:

1 - زەيدىيەلەر

زەيد ئىبن ھەسەن ئىبنى ئەلى ئىبن ھۈسەين ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا ئەگەشكۈچىلەر "زەيدىيەلەر" دەپ ئاتىلىدۇ. زەيدىيەلەرنىڭ مەزھىبى باشقا شىئەلەرگە كۆرە ئەڭ ئادىل ۋە سۈننەتكە ئەڭ يېقىن مەزھەبتۇر. بۇلار باشقا مەزھەبكە تەۋە شىئەلەردەك خەلىپىلىك ھەققىدە تەرسالىق قىلماي "ئەڭ لاياقەتلىك بولغان كىشى خەلىپە بولۇشى كېرەك" دەپ قارايدۇ. شۇ ۋەجىدىن زەيدىيەلەر ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرنىڭ پخەلىپىلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇلارنىڭ كۆپۈنچىسى ھازىرمۇ يەمەندە ياشىماقتا... ئىمام زەيدنىڭ "مەجمۇئە" ناملىق فىقھى ئەسىرى ساقلىنىپ قالغان.

[1] سۈرە كەھف 110 - ئايەت.

www.uyghurweb.net

### 2 ـ ئىمامىيەلەر

”مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىنى خەلىپىلىككە ۋارىس قىلغان ئىدى، ئىراق ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر ئۇنىڭدىن خەلىپىلىكنى تارتىۋالغان“ دەپ ئېتىقاد قىلغۇچىلار ”ئىمامىيەلەر“ دەپ ئاتىلىدۇ. ئىماملەرگە كۆرە ئەلىنىڭ خەلىپىلىكنى ئېتىراپ قىلىش ئىماننىڭ بىر پارچىسى. ھالبۇكى ئۇلار خەلىپىلىك ھەققىدىكى كۆز ـ قاراشلىرى بىلەن تۇتقان يوللىرى بىر بىرىگە تېپىتىن ئوخشىمايدۇ. ئۇلار يەنە ”مەھدى“ نىڭ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ مەشھۇر پىرقە ”ئىسمائىلىيە“ بىلەن ”ئون ئىككى ئىمام“ دۇر. بۇ فىرقەلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر مەزھىبى بولۇپ، ھەر بىر مەزھەب بىر بىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ مەزھەبلەر ”ئىسلام فىقھىسى“ غا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

شىئەلەر ئۆز ئالىملىرىدىن باشقىلارنىڭ پەتىۋالىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە پەقەت ئۆز ئۆلىمالىرىنىڭ پىرىنسىپلىرىنىلا قوبۇل قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ ئىجماسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ”دىنىدا كۆز ـ قاراش قوبۇل قىلىنمايدۇ“ دەپ قاراپ قىياسنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلار پەقەت ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ مەسۇم ئىماملىرىنىڭ دەلىللىرىنىلا قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئەسلى ۋە پۇرۇئات مەسىلىلىرىدە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەگە ئىختىلاپ قىلىشقان.

ئا) ئۇلارغا كۆرە،ئەلى رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن خەلىپە بولۇشقا ئەڭ ھوقۇقلۇق. ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ خەلىپە بولۇشى ئەلىگە زۇلۇم قىلىنغانلىق بولىدۇ. خەلىپىلىك مەسلىھەت ياكى ئۇمۇمنىڭ ئىختىيارلىقى بىلەن بولىدىغان بىر مەسىلە بولماستىن دىنىنىڭ بىر ئاساسىدۇر. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ مەسىلىگە سەل قاراپ، ئاممىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇشى جائىز ئەمەس. خەلىپىلەنىڭ گۇناھ ـ مەسىيەت، زۇلۇم، خاتالىق ۋە ئۇنۇتقاقلىقتىن خالىي بولۇشى كېرەك.

ئىسمائىلىيەلەرنىڭ قارىشىچە، تەۋھىد ئاللاھنىڭ سىپاتلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ. چۈنكى سىپاتلار ئىسپاتلانسا تەۋھىد يوققا چىقىدۇ. قۇرئاننىڭ زاھىر ۋە باتىن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەۋلىيالىرى باتىن ئىلمىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ. ھالبۇكى ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنى خاسلىقنى ئەمەس، ئومۇملۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ب) ئىسمائىلىيەلەرنىڭ قارىشىچە ”مۇتئە نىكاھى“ قىيامەت كۈنىگە قەدەر جائىز بولۇپ، مەنسۇخ قىلىنمىغان (ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان). بۇنىڭغا مۇنۇ ئايەت دەلىل بولالايدۇ:

﴿قايسىكى ئاياللارنى (نىكاھلاپ ئېلىپ) پايدىلانساڭلار، ئۇلارغا (نىكاھ ۋاقتىدا) بېكىتىلگەن مەھرىلىرىنى بېرىڭلار﴾[1].

مەزكۇر ئايەت ئىسلامدىكى نىكاھ قانۇنىغا ئائىت بولۇپ، بۇ ئايەتتە ئاياللاردىن (نىكاھلاپ ئېلىپ) پايدىلىنىش ۋە بېكىتىلگەن مەھرىلىرىنى بېرىش كۆزدە تۇتۇلغان. بۇ ئايەتتە ھېچقاچان ”مۇتئە نىكاھى“ نىڭ مەھرى كۆزدە تۇتۇلمىغان ۋە بۇ ”مۇتئە نىكاھى“ نىڭ (جائىزلىقىغىمۇ) دەلىل بولالمايدۇ. بۇنىڭغا ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزى كۇپايە:

﴿ئۇلارنىڭ خوجىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلارنى خوتۇنلۇققا ئالساڭلار بولىدۇ، ئۇلارغا مەھرىلىرىنى كېمەيتىۋەتمەستىن ۋە كېچىكتۈرمەستىن بېرىڭلار﴾[2].

﴿ئى پەيغەمبەر! ساڭا بىز سەن مەھرىلىرىنى بەرگەن ئاياللىرىڭنى، ئاللاھ ساڭا غەنىمەت قىلىپ بەرگەن، ئەسىر چۈشكەن ئاياللاردىن ئۆزەڭ ئىمام مالىك بولغانلارنى ھالال قىلدۇق﴾[3].

”مۇتئە نىكاھى“ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە جائىز بولۇپ، سەپەر ئۈستىدىكى يولۇچىلارغا رۇخسەت قىلىنغان. ئىراق فەتھى كۈنى مەنسۇخ قىلىنغان بولۇپ، پۈتكۈل ساھابىلار بۇنى ماقۇللىغان. بىر رىۋايەتتە ئاباسنىڭ ئۇنى مۇباھ قىلغانلىقى، يەنە بىر رىۋايەتتە مەزكۇر پىكرىدىن يېنىۋالغانلىقى قەيت قىلىنغان.

ج) ئىسمائىلىيەلەر مۇنۇ ئايەتنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، ئەھلى كىتاب ئاياللىرىنى نىكاھىغا ئېلىشنى جائىز قىلمايدۇ:

﴿كاپىر ئاياللارنى ئەمرىڭلاردا ساقلىماڭلار﴾[4].

---

[1] سۈرە نىسا 24 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسا 25 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ئەھزاب 50 ـ ئايەت.

[4] سۈرە مۇمتەھىنە 10 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

كۆپلىگەن ئۆلىمالار تۆۋەندىكى ئايەتكە ئاساسەن يۇقىرىدىكى ئايەت غەيرى ئەھلى كىتاب ئاياللىرىغا قارىتىلغان:

﴿مۆمىنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ مەھرىنى بەرسەڭلار، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا ـ يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگىنىڭلار ھالدا (ئۇلارنى ئالساڭلار)، ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر﴾[1].

د) ئىسمائىلىيەلەر مىراس توغرۇلۇق كۆپلىگەن مەسىلىلەردە ئىختىلاپ قىلىشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئاياللارغا كۆچمەس مۈلۈك ۋە يەر ـ زېمىندىن ئەمەس پەقەت كۆچمە مۈلۈكتىنلا مىراس بېرىلىدۇ. ئۈلۈش مىراسخورلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۈلۈش ئېشىپ قالسا، ئاتا جەمەت ئۇرۇق ـ تۇغقانلار مەنئىي قىلىنىدۇ. مەسىلەن: مىراستا قىزى بىلەن قېرىندىشى ئوخشاش بولۇپ، (ئۆلگۈچىنىڭ) قىزىغا مىراسىنىڭ ھەممىسى بېرىلسە، قېرىندىشىغا بېرىلمەيدۇ. مىراس ئېلىشتا ئاتا جەمەت تاغىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىنمۇ كۆرە، ئانا جەمەت تاغىلىرىنىڭ ئوغۇللىرى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇلارنىڭ خەلىپىلىك ھەققىدىكى ئېتىقادىغا كۆرە، ئەلى بىلەن ئەۋلادلىرى ئابباس ۋە ئەۋلادلىرىغا قارىغاندا خەلىپە بولۇشقا ئەڭ ھەقلىق، ئەلى بولسا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئانا جەمەت تاغىسىنىڭ ئوغلى، ئابباس بولسا ئاتا جەمەت تاغىسىنىڭ ئوغلىدۇر. جۈملىدىن فاتىمە بىرەن ئەۋلادلىرى باشقىلارغا قارىغاندا رەسۇلۇللاھنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقىنى بولۇپ ھىسابلىنىدۇ ۋە پەيغەمبەرلەرگە ۋارىسلىق قىلىنغىنىدەك (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئەۋلادلىرى ۋارىسلىق قىلىدۇ).

ھ) ئىسمائىلىيەلەرگە كۆرە ئىككى شاھىت بولمىسا تالاق، تالاق بولمايدۇ. دەلىل مۇنۇ ئايەتتىن ئىبارەت:

﴿ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان چاغدا، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە بىنىشىڭلار ياكى ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە ئۈزۈلىشىپ كېتىڭلار، (يېنىشقان، ئاجراشقان چېغىڭلاردا) ئاراڭلاردىن ئىككى ئادىل گۇۋاھچىنى گۇۋاھ قىلىڭلار، خۇدالىق ئۈچۈن (توغرا) گۇۋاھ بولۇڭلار، بۇنىڭ بىلەن (يەنى بۇ ھۆكۈم بىلەن) اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشىگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىدۇ، كىمكى اللەدىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ﴾[2].

كۆپلىگەن فۇقەھالارنىڭ نەزىرىدە: تالاقنىڭ شاھىتقا ئېھتىياجى يوق، شاھىتنىڭ بولۇشى، ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەت ئاخىرلاشقاندا ئەمەس، جائىزلىقىدا شەرت. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھتىن ھېچقانداق ئەسەر قالمىغان. ساھابىلارمۇ بۇنىڭ توغرۇلۇقنى ئىسپاتلىمىغان. ھالبۇكى بۇ فىرقە تالاق قىلىنغان چاغدا شاھىت كەلتۈرگەن. چۈنكى ئاللاھ يېنىشقان ياكى ئايرىلغان چاغدا (كېيىن) تېنىۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن شاىت كەلتۈرۈشكە ئەمر قىلغان. بۇ بولسا مۇستەھەبتۇر.

قىسقىسى، بەدەۋىلىك خاراكتېرگە ئىگە بۇ خاۋارىجلار، ئۇمەۋىلەرغا قارشى ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ئۇرۇش ئېلان قىلغان. چۈنكى ئۇلار بۇرۇن مەخپىي ھەرىكەت قىلغان ئىدى. بۇ "قوغدىنىش" دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئېتىقادى توغرا بولمىغان ياكى خاتا ھەرىكەت قىلغانلىقى بايقالغان ھامان ئۆزىنى، مال ـ مۈلكىنى ۋە ئابرويىنى قوغداش يۈزىسىدىن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش كېرەك. "قوغدىنىش" سالاھىيىتىگە ئىگە بولالمىغانلارنىڭ ئىمانى يوق.

## ئۆلىمالارنىڭ ھەر قايسى جايلارغا كەڭ تارقىلىشى

ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ دەۋرىدە ئىسلامى پەتھلەرنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، شەرقتىن ـ غەربكىچە بولغان كۆپلىگەن جايلار ئىسلام تېررىتورىيىسىگە قېتىلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئەرەب ۋە غالىب مۇسۇلمانلارنىڭ پەتھى قىلىنغان بۇ جايلارنى ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن گۈللەندۈرۈشكە توغرا كەلدى. بولۇپمۇ ئىسلام دىنىغا كىرگەن غەيرى ئەرەب مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ۋە دۇنياۋىي ئىشلىرىغا ھاكىم بولۇش ئۈچۈن ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشى كېرەك ئىدى. ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەزكۇر پەتھە ھەرىكەتلىرىگە نۇرغۇنلىغان ساھابىلار قېتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسى بىر بىرىدىن تامامەن پەرقلىق ئىدى. بىلىمدە كامالىغا يەتكەن بىرىنچى دەرىجىلىك بىر قانچە ساھابە، ئىككىنچى دەرىجىلىك 20 نەچچە ساھابە، ئۈچىنچى دەرىجىلىك 100 گە يېقىن ساھابە بار ئىدى. ئۇلار تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى ئۈچۈن ھەر قايسى شەھەرلەرگە تارقاپ كەتكەن

---

(1) سۈرە مائىدە 5 ـ ئايەت.
(2) سۈرە تەلاق 2 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

ئىدى. جۈملىدىن رەسۇلۇللاھ بىر قىسمىنى يەمەنگە، بەھرەينگە ئەۋەتكەن ئىدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب قىيىن ئۆتكەللەرگە دۇچ كەلگەندە ياردىمىگە تايىنىش ئۈچۈن پىشقەدەم فەقىھ ساھابىلارنى مەدىنىدە ئېلىپ قالماقچى بولغان بولسىمۇ، پەتھلەرنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ بىر قىسىم ساھابىلارنىڭ مۇئەللىم قىلىپ ھەر قايسى شەھەرلەرگە ئەۋەتتى.

سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ: "زەيد ئىبنى سابىت ئۆلگەن چاغدا بىز ئىبنى ئۆمەر بىلەن بىرگە ئىدۇق، مەن: "ئەڭ ئالىم بىر كىشى ئۆلدى" دېۋىدىم ئىبنى ئۆمەر: "ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! ئۇ ئۆمەرنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەرگە ئەۋەتكەن ساھابىلار ئارىسىدا ئەڭ مەشھۇر ئۆلىما كىشى ئىدى" دېدى" دېگەن.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇئاز ئىبنى جەبەل شامغا يولغا چىقىش ئالدىدا مۇنداق دېگەن: "مۇئازنىڭ ئايرىلىشى، كۈندىلىك مەسىلىلەردە پەتىۋاسىغا ئېھتىياجلىق مەدىنە ئاھالىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر كېلىدۇ، مەن ئەبۇ بەكرنىڭ دەۋرىدىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ ئېلىپ قېلىشنى تەۋسىيە قىلغىنىمدا ئەلى قوبۇل قىلماي: "شېھىت بولۇش مەقسىتىدە جىھاد قىلماقچى بولغان كىشىنى تۇتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ" دېگەنىدە مەن: "ئەزىبرايى خۇدا بۇ ئادەم تۆشەكتە ئۆلۈپ كەتسىمۇ شېھىدلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشەلەيدۇ" دېگەن ئىدىم".

ئۆمەرنىڭ كۇفە ئاھالىسىغا يازغان مەكتۇبىدا مۇنداق دېيىلگەن: "مەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنى سىلەرگە مۇئەللىم ۋە ياردەمچى قىلىپ ئەۋەتتىم، مېنىڭ ئورنۇمدا سىلەرگە ئۇنى ئەۋەتتىم، شۇڭا ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىڭلار!" مۇئاز كۇفەگە يېتىپ كەلگەندە كۇفە ئاھالىسى ئۇنىڭغا مەسچىتنىڭ يېنىدىكى بىر قورۇغا ئورۇنلاشتۇرغان.

ئۆمەردىن كېيىنكى دەۋردىمۇ ساھابىلار پەتھى قىلىنغان دۆلەتلەرگە كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇلار تارقالغانلىكى شەھەرلەردە ئىلمىي ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇرغان. جۈملىدىن بەزىسى بىلگەن بىلىمنى يەنە بەزىسى بىلمەيتتى. ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ بىلمىگەنلىرىنى بىلگەن ساھابىلاردىن ئۆگىنىش ۋە شاگىرت تەربىيىلەش مەقسىتىدە نۇرغۇنلىغان مەدرىسە تەسىس قىلىشقان. بۇ مەدرىسىلەردە تابىئىنلار يېتىشىپ چىقىش بىلەن بىللە ئۇلار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردە ئالاھىدە نوپۇزغا ئېرىشكەن. بولۇپمۇ بۇ ئىلمىي ھەرىكەتلەرنىڭ تۆرتكىسىدە ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئىنسانلار ناھايىتى زور يۈكسىلىش ھاسىل قىلغان. مەسىلەن:

**مەككە:**

رەسۇلۇللاھ مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، مەككە ئاھالىسىغا پەتىۋا بېرىش، ھالال ـ ھارامنى بىلدۈرۈش ۋە قۇرئان ئۆگىتىش ئۈچۈن مۇئازنى تەيىن قىلغان. مۇئاز ئەنسارىلارنىڭ ئىچىدە ئىلمىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن ئەڭ فەقىھ ۋە ئەڭ پەزىلەتلىك ئالىم بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا مەككىنىڭ مۇئەللىمى ھېسابلىناتتى.

ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەرگەندە ئىبنى ئابباس كەككىگە بېرىپ، بەيتۇلھارامدا ئولتۇرۇپ تەپسىر، ھەدىس، فىقھى ۋە "(ئىسلام) ئەدەبىياتى" ئەدەب ـ ئەخلاق دەرسى بەردى. ئۇنىڭ قولىدا مۇجاھىد ئىبنى جەبەر، ئاتائ ئىبنى ئەبۇ رەباھ ۋە تاۋۇس كىيسان قاتارلىق مەشھۇر تابىئىنلار يېتىشىپ چىقتى. بولۇپمۇ زەھەبى بىلەن ئىبنى سەئىد "يەمەن ئۆلىمالىرىنىڭ تاجى" دەپ ئاتالدى. ئىبنى قەييۇمغا كۆرە ئىبنى ئابباس مەككىنىڭ فۇقەھا ۋە مۇفتىلىرىدىن ئىدى.

**مەدىنە:**

مەدىنە ھىجرەت دىيارى، خەلىپىلىكنى مەركىزى ۋە پىشقەدەم ساھابىلارنىڭ قارارگاھى بولۇپ، ئىلىم ـ مەرىپەتتە ناھايىتى شۆھرەت قازاندى.

مەدىنىدە ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەڭ كۆپ شاگىرت يېتىشتۈرگەن ساھابىلار: زەيد ئىبنى سابىت بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابدۇر.

ساھابىلاردىن بولغان مەدىنىلىك ئۆلىمالارنىڭ قولىدا كۆپلىگەن مەشھۇر تابىئىنلار يېتىشىپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرلىرى: سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام قاتارلىقلاردۇر. كېيىنكى كەزگىلدە

www.uyghurweb.net

ئىبنى شىھاب ئەززۆھرىي پېشقەدەم تابىئىن ئۆلىمالاردىن مەدىنىلىك ئۆلىمالارنىڭ فىقھىسى بىلەن ھەدىسلىرىنى يادلاش بىلەن داڭ چىقاردى.

**كۇفە:**

كۇفەگە رەسۇلۇللاھنىڭ نۇرغۇنلىغان ساھابىلىرى يىغىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىلىمدە ئەڭ مەشھۇر بولغانلىرى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتۇر. بولۇپمۇ ئىبنى مەسئۇد بىلىمى تولىمۇ چوڭقۇر ئالىم ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۇنى كۇفە ئاھالىسىغا مۇئەللىم قىلىپ ئەۋەتكەن ۋە ئۇنىڭ قولىدا كۆپلىگەن كۇفەلىك ئالىملار يېتىشىپ چىققان. بۇندىن باشقا ئۇ كۇفەدە ئىلمىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ قولىدا يېتىشىپ چىققان ئەڭ مەشھۇر شاگىرتلىرى: ئەلقەمە، ئەسۋەد، مەسرۇق، شۇرەيھ، شەئبىي، نەخەئىي ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەيردۇر.

**بەسرە:**

بەسرەگىمۇ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى ۋە ئەنەس ئىبنى ئىمام مالىكقا ئوخشاش كۆپ ساندىكى پېشقەدەم ساھابىلار يىغىلغان.

بەسرە مەدرىسىدە يېتىشىپ چىققان ئەڭ مەشھۇر ئالىملاردىن ئەبۇل ھەسەن بەسرىي، مۇھەممەد ئىبنى سىيرىين ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

**شام:**

رىۋايەت قىلىنىشىچە يەزىد ئىبنى ئەبۇ سوفيان ئۆمەرگە يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن: "شام ئاھالىسى قۇرئان ئۆگىتىدىغان كىشىلەرگە موھتاج". ئۆمەر بۇنىڭغا ئاساسەن مۇئاز، ئۇبادە ۋە ئەبۇ دەردائىلارنى ئەۋەتكەن. مۇئاز ئاخىرقى ئۆمرىنى شامدا مۇئەللىم بولۇپ ئۆتكۈزگەن بولۇپ، كېيىنكى مەزگىلدە فەلەستىندە ئولتۇراقلاشقان. ئۇبادە ئىبنى سامىت ھەمسىنىڭ ۋالىسى ۋولغان. ئەبۇ دەردائ دەمەشىققە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدا ئەبۇ ئىدرىس ئەلخۇلانىي، مەكھۇل ئەددىمەشقىي، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، رىجائ ئىبنى ھەيۋە قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تابىئىن ئۆلىمالار يېتىشىپ چىققان. شام ئەھلىنىڭ ئىمامى ئابدۇراھمان ئەلئەۋزائىيمۇ ئۇنىڭ قولىدا يېتىشىپ چىققان.

**مىسىر:**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرو ئىبنى ئاس مىسىردا ئولتۇراقلىشىپ، مىسىرلىقلارغا ئىسلام دىنىنى ئۆگەتكەن ئەڭ مەشھۇر ساھابىلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىنى ئەڭ كۆپ بىلىدىغان ساھابىلاردىن بولۇپ، مىسىردا ئىلمىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋە نۇرغۇنلىغان مىسىرلىق ئالىملار ئۇنىڭ قولىدا يېتىشىپ چىققان. ئۇنىڭدىن كېيىن داڭ چىقارغان ئالىم، لەيسى ئىبنى سەئدىنىڭ ئۇستازى يوزىد ئىبنى ھەبىبدۇر.

**يەمەن:**

يەمەندە كەڭ تونۇلغان تابىئىنلاردىن بولغان فۇقەھالار: سەنئانىڭ قازىسى مەترەف ئىبنى ھازىمە، ئابدۇرازراق ئىبنى ھەممام ۋە ھىشام ئىبنى يۈسۈفتۇر.

### ھەدىسنىڭ رىۋايەت قىلىنىشى

رەسۇلۇللاھ ۋاپا بولغان چاغدا قۇرئان كەرىم دىللاردا يادلانغان ۋە خورما دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرىغا، ئاق تاشلارغا، قوۋزاقلارغا، تاختايلارغا، تېرە، سۆڭەك ۋە قوۋۇرغۇلارغا يېزىقلىق پېتى تۇراتتى.

سۈننەت بولسا ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ھەدىس ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئەمەس ئىدى. ھەدىس ئۆز نۆۋىتىدە توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك قۇرئانغا ئوخشاش رەتلەنمىگەن ئىدى. بۇنداق بولۇشتىكى ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب، رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرىنىڭ قۇرئان بىلەن ئارىلىشىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى. بۇندىن باشقا قۇرئاندىن باشقىلارنى يېزىش چەكلەنگەن ئىدى. بۇ ھەرگىزمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە سۈننەتنىڭ يېزىلمىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئۆز نۆۋىتىدە ساھابىلارنىڭ قۇرئاننى رەتلەش ھەققىدىكى بايانلاردا توختىلىپ ئۆتتۇق.

شۇنىسى ئېنىقكى، رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىغا سۈننەتنى ئۆز پېتى كېيىنكىلەرگە تەبلىغ قىلىش (يەتكۈزۈش) نى تەۋسىيە قىلغان.

www.uyghurweb.net

ئەبۇ داۋۇد بىلەن تىرمىزىنىڭ زەيد ئىبنى سابىتتىن نەقىل كەلتۈرۈشىچە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: "مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، ئۆز پېتى ساقلىغان كىشىنىڭ (قىيامەت كۈنى) يۈزىنى ئاق قىلسۇن!" يەنە بىر رىۋايەتتە: "ئاڭلىغان پېتى ساقلىغان كىشىنىڭ (قىيامەت كۈنى) يۈزىنى ئاق قىلسۇن! (ھەدىس) يەتكۈزۈلگەن شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلار ئۇنى ساقلاشقا ئاڭلىغاندىنمۇ بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ" دېيىلگەن.

بۇ جەھەتتە ساھابىلار ئەڭ ياخشى ئۈلگە يارىتىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئامانىتىنى ئۈممەتكە يەتكۈزدى. بولۇپمۇ ئۇلار ھەر قايسى شەھەرلەرگە تارقىلىپ، مۇئەللىملىك قىلدى ۋە نۇرغۇنلىغان تابىئىنلاردىن شاگىرت تەربىيىلەپ، ئىسلام نۇرىنىڭ ئەجدادلىرىدىن ئەۋلادقا ئۈزۈلمەكسىز نۇر چېچىشىغا كىشىلىك ھەسسىلىرىنى قوشتى.

بىراق ساھابىلار ھەدىسشۇناسلىق ھەققىدە بىر بىرىدىن تامامەن پەرقلىق ئىدى. بەزىسى كۆپ ھەدىس بىلسە، بەزىسى ئاز بىلەتتى. مەسىلەن: زۇبەير، زەيد ئىبنى ئەرقەم، ئۇمران ئىبنى ھۇسەين قاتارلىقلار ئاز ھەدىس بىلىدىغانلاردىن ئىدى. بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ ئىختىيارسىز ھالدا ھەدىسقا يالغاننى قوشۇپ قويۇشىدىن ھەزەر ئەيلىگە نلىكىدىن بولسا كېرەك. ئەنەس ئىبنى ئىمام مالىك بولسا، ھەدىسنى رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغان پېتى رىۋايەت قىلاتتى.

كۆپ ھەدىس بىلگۈچىلەر: ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئىبدۇللا ئىبنى ئاbباس، جابىر ۋە ئەنەس ئىبنى ئىمام مالىك قاتارلىقلاردۇر.

بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارغا كۆرە، ئەبۇ ھۇەيرە (5374)، ئائىشە (2210) ھەدىس بىلەتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بىلەن ئەنەس ئىبنى ئىمام مالىكنىڭ بىلىدىغان ھەدىسلىرىمۇ ئائىشەنىڭكىگە يېقىن ئىدى. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئاbباس (1500) تىن ئارتۇقراق ھەدىس بىلە تتى. بەزى ساھابىلار ناھايىتى ئاز ھەدىس رىۋايەت قىلغان. كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار بولسا، رەسۇلۇللاھتىن كېيىنكى مەزگىللەردە ئۆمۈرلىرىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ھەدىسشۇناسلىق ئىلمى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان.

دەرۋەقە كىچىك ساھابىلار پېشقەدەم ساھابىلاردىن ھەدىسلەرنى توپلاپ رەتلەپ چىقىشتا ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن (ئىجتىھاد قىلغان)، ھەتتا پ ھەدىس ئۆگىنىش ئۈچۈن ئارىلىق يىراق بولسىمۇ ىشقەدەملەر نەدە بولسا تېپىپ ئۆگىنىشكەن.

بۇخارى قاتارلىقلارنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دېگەن: "مەن رەسۇلۇللاھتىن ھېچ ئاڭلاپ باقمىغان بىر ھەدىسنى بىر ئادەمنىڭ رىۋايەت قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، تۆگە بىلەن ناھايىتى ئالدىراش ھالدا بىر ئاي ئىچىدە شامغا يېتىپ كەلدىم. كۆردۈمكى بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس ئەلئەنسارى ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن: "ئاڭلىشىمچە مەن ئاڭلاپ باقمىغان بىر ھەدىسنى سەن رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغان ئوخشايسەن. مەن بۇنى سەندىن ئاڭلاشتىن بۇرۇن سەن ياكى مەن ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، ھاپىلا - شاپىلا يېتىپ كەلدىم" دېۋىدىم ئۇ: "مەن رەسۇلۇللاھتىن : "(قىيامەت كۈنى) ئىنسانلار خەتنە قىلىنمىغان ۋە يالىڭاچ ھالدا ھەشر قىلىنىدۇ، بىر جاكارچى ئۇلارغا نىدا قىلىدۇ، بۇ نىدانى يېقىندىكىلەرمۇ، ئۇزاقتىكىلەرمۇ ئاڭلايدۇ..." دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم" دېگەن.

دېمەك، سۈننەتكە بولغان ئېھتىياجنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ھەدىس ھەققىدە رىۋايەتلەر ئەنە شۇنداق كېڭىيىشكە باشلىغان بولۇپ، ھەممىنىڭ دىققەت ئېتىبارى ساھابىلارغا مەركەزلەشكەن. تابىئىنلار بولسا ساھابىلار ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن بىلىملىرىنى ئىگەللىۋېلىشقا تولىمۇ ھېرىستى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىغا ھېيىلگەرلىك ئىشلىتىلىش بىلەن پىتنە - پاسات تېرىلىپ، خىلمۇخىل فىرقەلەر ئوتتۇرىغا چىققان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسى ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ، دىنىي ھاياتىدىمۇ ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلگەن.

## ئويدۇرما ھەدىسنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى

پىتنە - پاساتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئەگىشىپ مۇسۇلمانلار تۈرلۈك پىرقەلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى.دەرۋەقە ھەر بىر پىرقەنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتكە قارىتا ئۆزىگە خاس قارىشى بارىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىم پىرقەلەر بولسا، نە قۇرئاندا

نە سۈننەتتە مەۋجۇت بولمىغان بىر قىسىم يالغان ـ ياۋىداق نەرسىلەرنى ”دەلىل“ دەپ كۆتۈرۈپ چىقتى. تارىخشۇناسلارنىڭ بايان قىلىشىچە بۇ ھەقتە تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان پىرقە شىئەلەر ئىدى. بۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئاساسەن مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىدىكى ئىجتىھاد توغرۇلۇق قىلىشقان ئىختىلاپلىرى سەۋەبچى بولدى. بۇ پىرقەلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەپ قارايتتى. شۇ ۋەجىدىن تابىئىنلار دەۋرىدە سىياسىي ئىختىلاپنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن ئويدۇرما ھەدىسلار مەيدانغا كەلدى.

بۇنىڭ ئاساسلىق ئامىلى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ سىياسىي ئىختىلاپ:

بۇ رەسۇلۇللاھقا يالغان چاپلاشقا سەۋەبچى بولدى.

ئىمام مالىك رافىزىلەر ھەققىدە پەتىۋا سورالغان چاغدا: ”ئۇلار توغرۇلۇق ھېچقانداق بىر نىمە دېمەڭلار! ۋە رىۋايەت قىلماڭلار! چۈنكى ئۇلار يالغانچىلاردۇر“ دېگەن.

مۆتىدىل دەپ تونۇلغان شەرىك ئىبنى ئابدۇللاھ قازى مۇنداق دېگەن: ”ئۇچراشقان بارلىق كىشىلەردىن رىۋايەت قىلىشقا بولىدۇ. بىراق رافىزىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا، چۈنكى ئۇلار يالغان ھەدىسلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئۆزلىرىگە قانۇن قىلىۋېلىش بىلەن ئەڭ يالغانچى پىرقەغە ئايلىنىپ قالدى“.

بۇ ھەقتە ھەمماد ئىبنى سەلەمە مۇنداق دېگەن: ”ماڭا رافىزىلارنىڭ بىر شەيخى: ”بىز يىغىلغان چاغدا بىر نەرسىنى قىياس قىلىپ، ھەدىس قىلىۋالاتتۇق“ دېگەن“.

بۇ ھەقتە ئىبنى تەيمىيەمۇ ”سۈننەت يېتەكچىسى“ ناملىق ئەسىرىدە تەپسىلى توختالغان.

رافىزىلەرنىڭ ئويدۇرمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر:

ئادەم (ئەلەيھىسسالام) نىڭ ئۆلىمىگە، نۇھ (ئەلەيھىسسالام) نىڭ تەقۋادارلىقىغا، ئىبراھىم (ئەلەيھىسسالام) نىڭ كەڭ قورساقلىقىغا، مۇسا (ئەلەيھىسسالام) نىڭ سالاپەتلىكلىكىگە ۋە ئىسا (ئەلەيھىسسالام) نىڭ ئىبادىتىگە قارىماقچى بولغانلار ئەلىگە نەزەر تاشلىسۇن!

بىز ئىلىمنىڭ مىزانى، ئەلى گەۋدىسى، ھەسەن بىلەن ھۈسەن ئومۇرتقىسى، فاتىمە ۋاستىسى، ئىمامىلىرىمىز تىرىكى ۋە ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىمىزنى ئۆلچەپ تۇرىدىغان تارازىسىدۇر.

ئەلىنى ياخشى كۆرۈش ياخشىلىقتۇر. يامانلىق ئەلىگە قىلچە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەلى دۈشمەن تۇتۇش يامانلىقتۇر. ياخشىلىقمۇ ئۇنىڭغا ھېچنەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.

بۇلار نەزىرىيەلەرنىڭ ھەممىسى ئويپۇچۇق ئالدامچىلىق ۋە يالغانچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، خالاس.

ئەھلى سۈننەتتىن قىلچىمۇ خەۋىرى يوق بىر قىسىم مۇتەئەسسىبلەرنىڭ يالغان ـ ياۋىداقلىرىدىن مىسال:

جەننەتتە ”بىر ئاللاھ دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئۆمەر فارۇق ۋە ئوسمان زۇننۇرەيىن. ئۈچ كىشى ئەمىندۇر: مەن، جىبرىئىل ۋە مۇئاۋىيە“ دېگەن خەت يېزىقلىق بىر دەرەخ بار.

ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە مۇسۇلمان پىرقەلەر ئىچىدە ئەڭ ئاز يالغانچى پىرقە خاۋارىجلاردۇر. خاۋارىجلارنىڭ ئىچىدىكى تەقۋادارلىرىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى بۇنىڭغا روشەن دەلىل بولالايدۇ: ”ئەگەر مەندىن بىر ھەدىس بايان قىلغانسا، قۇرئان بىلەن سېلىشتۇرۇڭلار، ئەگەر قۇرئانغا ئۇيغۇن كەلسە مەن ئۇنى دېگەن بولىمەن“. بىراق بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ”دەلىل يوق“ دەپ قاراپ ئۇلارنىڭ ئويدۇرمىلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ.

ئەبۇ داۋەدقا كۆرە، ھاۋايى ھەۋەسكە بېرىلىپ كەتكۈچىلەر ئىچىدە ئەڭ توغرا سۆزلۈك بولغىنى خاۋارىجلاردۇر.

ئىبنى تەيمىيە: ”ھاۋايى ھەۋەسكە بېرىلىپ كەتكۈچىلەر ئىچىدە خاۋارىجلاردىنمۇ ئەڭ توغرا سۆزلۈك ۋە ئەڭ ئادىل بىر پىرقە يوق“ دەپ قارايدۇ.

ئۇ يەنە: ”خاۋارىجلار يالغانغا ئاسالانغۇچىلار بولماستىن بەلكى راستچىللىق بىلەن تونۇلغۇچىلاردۇر، ھەتتا ئۇلار ئەڭ توغرا سۆزلۈك پىرقە، بولۇپ ھېسابلىنىدۇ“ دېگەن.

2 ـ ئىككى يۈزلىمىلىك:

www.uyghurweb.net

ئىسلام دەۋتىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر ۋە بۇ دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى ئىسلام ھاكىمىيتىگە تەۋە بولغان ئىدى. ئىراق، ئۇلارنىڭ ئىسلامغا بولغان ئۆچمەنلىكى كۆڭۈللىرىگە چوڭقۇر يوشۇرۇنغان بولۇپ، بۇ دىندىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ يېتىشقان ئىدى. شۇڭا ئۇلار مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا زىندىيەت سېلىپ پارچىلاش ئاندىن ئېتىقادىنى بۇزۇشقا ئورۇنۇپ، پەسكەشلەرچە يالغان ھەدىسلارنى ئويدۇرۇپ چىقتى. مەسىلەن:

ئاللاھ مالائىكىلەرنى ئىككى بىلىكى بىلەن كۆكرىكىنىڭ تۈكىدىن ياراتتى.

شۈبھىسىزكى ئاللاھ ھەرپلەرنى ياراتقان چاغدا (بە) سەجدە قىلدى، (ئەلىف) جىم تۇردى.

ئەڭ ئۈچىغا چىققان ساختىپەز ئىككى يۈزلىمچىلەر: بەسرەنىڭ ۋالىيسى مۇھەممەد ئىبنى سۇلايمان ئىبنى ئەلىنىڭ قولىدا ئۆلگەن ئابدۇلكەرىم ئىبنى ئەبۇ ئەۋجائ (ئۇ ئۆلتۈرۈلگەندە يۈزلەرچە يالغان ھەدىسنى ئويدۇرۇپ چىقارغانلىقى ئايان بولغان)، خالىد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلقەسرىنىڭ قولىدا ئۆلگەن بايان ئىبنى سەمئان، ئەبۇ جەفەر ئەلمەنسۇرنىڭ قولىدا ئۆلگەن مۇھەممەد ئىبنى سەئىد ئەلمەسلۇب قاتارلىقلاردۇر.

## 3 ـ مەزھەپچىلىك ۋە يۇرتۋازلىق:

ئەرەبلەرگە قارشى تۇرغۇچىلار مۇنۇلارنى ئويدۇرۇپ چىقاردى:

ئاللاھ غەزەپلەرگەن چاغدا ۋەھىينى ئەرەبچە نازىل قىلدى، رازى بولغان چاغدا فارسچە نازىل قىلدى. بىراق ئۇنى جاھىل ئەرەبلەر ئالمۇشتۇرۇۋېلىپ: "ئاللاھ غەزەپلەرگەن چاغدا ۋەھىينى فارسچە نازىل قىلدى، رازى بولغان چاغدا ئەرەبچە نازىل قىلدى" دەپ ئالماشتۇرۇۋالدى.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ مۇتەئەسسىبلىرى مۇنۇلارنى ئويدۇرۇپ چىقاردى:

"رەسۇلۇللاھ: «ئاخىر زاماندا ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە نۇئمان ئىسىملىك بىر كىشى دۇنياغا كېلىدۇ، ئۇ ئۈممىتىمنىڭ چىرىغىدۇر» دېگەن".

ئىمام شافىئىغا زىيانكەشلىك قىلغۇچىلار مۇنۇلارنى ئويدۇرۇپ چىقاردى:

"رەسۇلۇللاھ: «ئاخىر زاماندا مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئىسىملىك بىر كىشى دۇنياغا كېلىدۇ، ئۇ ئۈممىتىمگە ئىبلىستىنمۇ بەكرەك زىيانلىقتۇر» دېگەن".

ئۇلار بىر قىسىم شەھەر ۋە قەبىلىلەردە ئەنە شۇنداق يالغان ـ ياۋىداقلارنى ھە ـ دەپ تارقىتاتتى.

## 4 ـ تەرغىبات ۋە تەرھىبات (قورقۇتۇش) تا ئادەتتىن تاشقىرى قولايلاشتۇرۇۋېتىش

بىر قىسىم ساختىپەزلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىدىن كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدىغان يالغان ـ ياۋىداق ھېكايىلەرنى توقۇپ چىقشقان. مەسىلەن:

كىمكى "لا ئىلاھە ئىللەللاھ" بىر ئاللاھ دىن باشقا ئىلاھ يوق دېسە، ئېيتقان ھەر بىر كەلىمىسى ئۈچۈن ئاللاھ (جەننەتتە) تۇمشۇقى ئالتۇندىن، قانىتى مارجاندىن بولغان بىر قۇش ئاتا قىلىدۇ.

ئەخلاق ۋە تەسەۋۋۇپ ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەردە مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان گەپلەر ناھايىتى كۆپ.

ئىبنى قۇتەيبەنىڭ ئەسلىمىسىگە كۆرە، ئاۋامنىڭ ئېتىقادىنى بۇلغاش ئۈچۈن مەدداھلار تۈرلۈك تۈمەن يالغان ـ ياۋىداق نەرسىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، بۇنىڭ بىلەن ھە دېسىلا كۆز بوياشقا تىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىگە ئالدانغان مۇسۇلمانلارنى ئۇلارنىڭ سېھىرلىك سۆزلىرى شۇنچىلىك رام قىلىۋالاتتىكى ھەتتا ئەس ـ ھۇشىلىرىنى يوقىتىپ قويىشاتتى. مەدداھلار جەننەتنى تىلغا ئالغىنىدا گويا ئۇلارنىڭ ئاغزىلىرىدىن ئىپار ۋە زەپىران پۇراپ تۇرغان ھۆرلەر، ھەر بىر قەسىردە 70000 ھوجرىسى، ھەر بىر ھوجرىسىدا 70000 گۈمبەزى بار ئاللاھنىڭ (جەننەت ئەھلىگە) ھازىرلاپ قويغان ھەشەمەتلىك قەسىرلەر نامايان بولاتتى.

www.uyghurweb.net

ئىسلام كىتابخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، شەيخ مۇھەممەد ئەسسىباغ تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان سۈيۈتىنىڭ ”مەدداھلارنىڭ نەيرەڭۋازلىقلىرى ھەققىدە جىددى ئاگاھلاندۇرۇش“ ناملىق ئەسىرىدە، مەدداھلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى ئېچىپ تاشلانغان.

قۇرئاننىڭ پەزىلىتى ھەققىدىمۇ بۇنداق يالغان ـ ياۋىداقلار ناھايىتى كۆپ. نۇھ ئىبنى ئەبۇ مەريەم بۇنىڭغا ئوخشايدىغان توقۇلمىلارنى ئېتىراپ قىلغان ۋە كىشىلەرنى ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ پىقھىسى ۋە مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاقنىق ئوي ـ پىكىرلىرى بىلەن مەشغۇل قىلىپ، قۇرئاندىن ئۇزاقلاشتۇرۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەيىۇ سورىغان.

بۇ خىل ئويدۇرمىچىلاردىن بىرى زاھىت خەلىلنىڭ چاكىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا يالغان ـ ياۋىداق نەرسىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىشنى شەيتان چىرايلىق كۆرسەتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭدىن: ”نىمە مەقسەتتە بۇنداق ھەدىس ئويدۇرۇپ چىقىسەن؟“ دەپ سورالغاندا ئۇ: ”ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن“ دېگەن.

### سۈننەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆلىمالارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئويدۇرمىچىلىققا قارشى ھەرىكەت

ئۆلىمالار ساھابىلار دەۋرىدىن تارتىپلا ئەڭ توغرا دەپ قارالغان ھەدىسنى رەتلەپ چىقىشتا ئالاھىدە تىرىشچانلىق كارسىتىپ، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ پەخىرلىنىشىگە تېگىشلىك مىسلىسىز تۆھپە ياراتتى ۋە بۇ جەھەتتىكى ئىلمىي ۋە نەزەرىيىۋى ئەمگەكلىرى بىلەن پۈتكۈل ئۈممەتكە ئۈلگە بولدى. ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

**1 ـ ھەدىسنىڭ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن تەتقىق قىلىنىشى**

پىتنە ـ پاساتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن مۇسۇلمانلار تۈرلۈك پىرقەلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆلىما ساھابىلار بىلەن ئۆلىما تابىئىنلار ھەدىسلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا رىۋايەت قىلغۇچىسى ئېنىق بولمىغان، ئادالەتسىز ۋە ئىشەنچىسىز دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ ھەدىسلىرىنى قوبۇل قىلمىدى.

مۇسلىم مەشھۇر ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ”دەسلەپتە ئۇلار ھەدىسنىڭ يىپ ئۇچى توغرۇلۇق ھېچقانداق تەتقىقات ئېلىپ بارمىغان ئىدى، پىتنە ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن ئۇلار: ”بىزگە ئالىملىرىڭلارنى كۆرسىتىڭلار! ئەگەر بۇ ئالىملار ئەھلى سۈننەتتىن بولسا ھەدىسىنى قوبۇل قىلايلى، ئەھلى بىدئەتتىن بولسا قوبۇل قىلمايلى!“ دېيىشتى.

زۆھرىي مۇنداق دەيدۇ: ”بۇ دىنىنىڭ ئاساسى بار، ئاساسى بولمىغان بولسىدى، ھەممە ئادەم ئاغزىغا كەلگەننى دەپ، بۇ دىننى تولىمۇ قالايمىقان قىلىۋەتكەن بولاتتى“.

ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دېگەن: ”بىزنىڭ باشقىلاردىن پەرقىمىز ”بىزنىڭ مەلۇم ئاساسقا ئىگە“ ئىكەنلىكىمىزدە“.

شۇ ۋەجىدىن كىچىك ساھابىلار بىلەن تابىئىنلار ئىشەنچىلىك ۋارىسلاردىن ئەڭ توغرا ھەدىسلارنى ئاڭلاش ئۈچۈن شەھەردىن شەھەرگە قاتراپ يۈرەتتى.

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: ”مەن بىر ھەدىس ھەققىدە ئىزدىنىپ كېچە ـ كۈندۈز سەپەر قىلغان ئىدىم“.

بىر قېتىم شۆئبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر ھەدىس رىۋايەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلماقچى بولغان كىشىگە: ”سەن بۇ ھەدىسنى قوبۇل قىلما! چۈنكى مەن مەدىنىگە باشقا مەقسەت بىلەن كەلگەن“ دېگەن.

**3-      راۋىلارنىڭ تەنقىد قىلىنىشى**

ئۆلىمالار راۋىيلارنىڭ راستچىل ياكى يالغانچى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىش ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىگە قالماسلىق ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ تەرجىمىھالى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىپ، ھەدىسى قوبۇل قىلىنىدىغانلار بىلەن قوبۇل قىلىنمايدىغانلارنى ئايرىپ چىقاتتى. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ تەنقىدچى ساھابىلارنى ھېچكىم بىرەر يالغان بىلەن ئەيىبلەپ باقمىغان.

غەززالى ”مۇستەسفا“ ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: ”مەيلى بۇرۇنقىلار بولسۇن، مەيلى كېيىنكىلەر بولسۇن توغرا يولنى بويلاپ ماڭغانلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ يېتەكچىلىرىمىزدۇر. باشقىلارنىڭ ئېيتقىنىدەك ئۇلاردىن يالغانچىلىق سادىر بولمىغان. شۇڭا ئۇلار رىۋايەت قىلغان ھەدىسلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنىڭ ھاجىتى يوق. بەزىلەر: ”ئۇلارمۇ باشقىلاردىن

www.uyghurweb.net

قىلچە پەرقلەنمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار رىۋايەت قىلغان ھەدىسلارنى چوقۇم تەكشۈرۈپ چىقىش كېرەك“ دېسە، يەنە بەزىلەر: ”ئۇلار باشتا ئادالەتپەرۋەر بولغان بولسىمۇ، ئۇرۇش ۋە خۇسۇمەتچىلىكنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن ئەھۋال ئۆزگىرىپ قالدى، شۇڭا چوقۇم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كېرەك“ دېيىشتى“.

گەرچە كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولسىمۇ، بىرەر يەردە ”يالغان“ سۆزلەپ سالغانلارنىڭ ھەدىسى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىنمىدى. بولۇپمۇ بىدئەتچى ۋە ھاۋايى ھەۋەسلىرىگە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ، يالغان سۆزلىگۈچىلەرنىڭ، ئىككى يۈزلىمىچىلەرنىڭ ۋە پاسىقلارنىڭ ھەدىسلىرى مۇتلەق قوبۇل قىلىنمىدى.

### 4- يالغان ھەدىسنى ئايرىپ چىقىش:

قۇرئاندىكى بايانلارغا مۇخالىپ كېلىدىغان ياكى مەنىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئويدۇرما ھەدىسلەر ئايرىپ چىقىلدى. بۇ ھەدىسشۇناسلىقتا ”قايتىدىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە تۈزىتىش“ دەپ ئاتىلىدۇ.

### قايتىدىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە تۈزىتىش

قايتىدىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە تۈزىتىش ئارقىلىق راۋىلارنىڭ ئەھۋالى، ئىشىنىشكە بولۇپ بولمايدىغانلىقى، ئادالەتپەرۋەرلىكى، دۇرۇسلىقى ياكى يالغانچىلىقى، غاپىللىقى ۋە ئۇنۇتقاقلىقىدىن ئىبارەت خاراكتېرلىرى ئېنىقلاپ چىقىلاتتى. بۇ بولسا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئۆزگىچە ئىسلامشۇناسلىق بىلىملىرىنىڭ بىرىدۇر.

قايتىدىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە تۈزىتىش ئارقىلىق ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ قارالغان راۋىلار، كىچىك ساھابىلاردىن:

ئىبنى ئاباس، ئۇبادە ئىبنى سامىت، ئەنەس ئىبنى ئىمام مالىك.

تابىئىنلاردىن:

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، شۆئبىي، ئىبنى سىيرىين.

ئۇندىن قالسا:

شۆئبە، ئىمام مالىك، ئەۋزائىي، سەۋرىي، لەيسىي، ئىبنى مۇبارەك، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەقەتتان قاتارلىق ساھابىلار ئېنىقلاپ چىقىلدى ۋە بۇنىڭغا ئاساسەن ھەدىسلەر دەرىجىگە ئايرىلدى.

قايتىدىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە تۈزىتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىلىم ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان كىشى، ئالىملىرىمىزنىڭ توغرا ھەدىسلەر بىلەن ئويدۇرما ھەدىسلەرنى ئايرىپ چىقىشتا، بولۇپمۇ تېما ۋە تېكىستلەردىكى ئويدۇرما ھەدىسلەرنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدىغان يىپ ئۇچلىرىنى بېرىشتە ئۇلارنىڭ قوشقان تۆھپىسى بىلەن مېھنىتىگە ئىختىيارسىز ھالدا رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايدۇ.

### ھەدىسنىڭ سەنەدلىرىدىكى ئويدۇرمىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالامەتلىرى

راۋىنىڭ يالغانچىلىق قىلىپ ”كاززاب“ دەپ ئاتىلىشى، ئۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان باشقا ئىشەنچلىك بىر راۋىنىڭ بولماسلىقى، رىۋايەت قىلغان كىشى بىلەن ئۇچراشقانلىقىنىڭ ئىسپاتلانمىغانلىقى ياكى ئۆلۈپ كەتكەن راۋىنىڭ بالىسىدىن رىۋايەت قىلىشى... قاتارلىقلار.

ھەدىسنىڭ تېكىستلەردىكى ئويدۇرمىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالامەتلىرى:

ئا) لەۋزىنىڭ يۈت تېرەپ تۇرالماسلىقى ۋە ئۇسلۇبىنىڭ زەئىپلىكى. ئىبنى دەقىق مۇنداق دەيدۇ: ”ئويدۇرما ھەدىسنى مۇقىملاشتۇرغىچىلارنىڭ كۆپىنچىسى رىۋايەت قىلىنغۇچىلارغا كۆپ دىققەت قىلاتتى“.

بۇندىن باشقا توغرا ھەدىسلارنى ئايرىپ چىقىشتا رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ نەپسىگە بېرىلىپ كەتكەنمۇ ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ لەۋزىنى ئەينەن يەتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان مالائىكىيەتلىك قۇۋۋەتى كۈچلۈكمۇ، دېگەن ئامىللارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىنغان.

ب) قۇرئاندىكى بايانلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تارىخىي ۋەسىقەلەر،ئومۇمى پرىنسىپ ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىگە خىلاپ، چۈشىنىكسىز ھەدىسلەر.

www.uyghurweb.net

ج) راۋىينىڭ ھەدىسنى مەزھىپكە ماسلاشتۇرۇشى. رافىزىلارنىڭ ئەھلى بەيتنىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى ھەدىسنى رىۋايەت قىلىشىدەك.

د) كىچىك ئىشلارغا بۈيۈك ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى ۋە ئادەتتىكى يامان ئىشلارغا قاتتىق ئازاب بېرىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەدىسنى ئەسلى ماھىيىتىدىن يىراقلاشتۇرۇپ مۇبالىغىلاشتۇرۇۋېتىش.

بۇ ھەقتە دوكتۇر مۇستافا سىبائىي ”ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدا سۈننەت ۋە سۈننەتنىڭ ئورنى“ ناملىق ئەسىرىدە تەپسىلى توختالغان بولۇپ، ئىختىيار قىلغۇچىلار شۇ ئەسەرگە مۇراجەت قىلسۇن!

## ھەدىسنىڭ رەتلىنىپ چىقىشى ۋە تەسىرى

ساھابىلارنىڭ دەۋرىدە ھەدىس، (بىۋاسىتە) راۋىلارغا ئاساسلانغانلىقتىن ۋە سۈننەتنىڭ قۇرئان بىلەن ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئازغىنا بىر قىسىم ھەدىسنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاساسەن رەتلىنىپ چىقىلمىغان ئىدى. ھەدىسنى رەتلەپ چىقىش توغرۇلۇق ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مەسلىھەت سېلىنغان بولسىمۇ، ئۆمەر بىر قىسىم رىۋايەتلەرنىلا تۈزىتىش بىلەن كۇپايىلەندى.

بەيھەقىنىڭ ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيردىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب سۈننەتنى رەتلەپ يېزىپ چىقماقچى بولغان چاغدا، رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىنى يىغىپ مەسلىھەت سېلىۋىدى، ساھابىلار رەتلەپ يېزىپ چىقىش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىشتى. ئاندىن ئۆمەر بۇ توغرۇلۇق بىر ئاي ئاللاھقا ئىستىخارە قىلىپ، بىر كۈنى: ”مەن سۈننەتنى رەتلەپ يېزىپ چىقماقچى بولىۋاتىمەن، ئېسىمدە قېلىشىچە سىلەردىن بۇرۇن بىر تۈركۈم كىشىلەر (بۇ توغرۇلۇق) نۇرغۇنلىغان ئەسەر يازغان ئىدى، بۇ ئەسەرلەرنى يوق قىلىۋېتىڭلار! ۋە ئاللاھنىڭ كىتابىنىمۇ يازماي ئۆز پېتى قويۇپ قويۇڭلار! ئەزبىرايى خۇدا مەن ئاللاھنىڭ كىتابىغا بىر باشقا نەرسىلەرنىڭ ئارىلىشى قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايمەن“.

بۇ رىۋايەتتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆمەر ھەدىسنى يېزىپ رەتلەپ چىققان تەقدىردە بۇرۇنقى ئۈممەتلەرگە ئوخشاشلا دىنىنىڭ ئاساسى بولغان ئاللاھنىڭ كىتابىنى چۆرۈۋېتىشىدىن ياكى ھەدىسنىڭ قۇرئانغا ئارىلىشىپ كېتىشىدىن قورققان.

ئىسلام دىيارلىرىنى پىتنە ـ پاسات بىلەن يالغانچىلىق قاپلاپ كېتىپ، بىر قىسىم ئويدۇرما ھەدىسلار ئوتتۇرىغا چىققان چاغدا، ئۆلىمالار چۆچۈپ كېتىشكەن ۋە ھەدىسلارغا راست ـ يالغاننىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ھەدىسلەرنى زايا قىلىۋەتمەستىن ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە ھەدىسنى رەتلەپ يېزىپ چىقىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان.

رىۋايەتلەرگە كۆرە ھەدىسلارنى توپلاپ رەتلەپ چىقىش پىكرىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان كىشى تابىئىنلاردىن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزدۇر. ئۇ مەدىنىدىكى ۋەكالەتچىسى ۋە قازىسىغا: ”رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنى بايقىساڭ دەرھال يېزىۋېلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، چۈنكى (ھەدىسنى بىلىدىغان) ئۆلىمالارنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن (ھەدىسلەرنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن) قورقىمەن“ دەپ خەت يازغان.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئىبنى ھەزمغىلا مەكتۇب يوللاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن يەنە ھەر قايسى جايلاردىكى ئىش بېجىرگۈچىلەرگىمۇ ھەدىسلەرنى توپلاپ رەتلەپ چىقىش ھەققىدە مەكتۇب يوللىغان.

ھەدىسلەرنى توپلاپ رەتلەپ چىقىشتا ئەڭ كۆپ كۈچ چىقارغان كىشى ئىمام مۇھەممەد ئىبنى مۇسلىم ئىبنى شىھاب ئەززۆھرىي بولۇپ، مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە ئۇ باشقىلار ھېچ رىۋايەت قىلمىغان ۋە ئۆز دەۋرىدىكى نۇرغۇنلىغان ئۆلىمالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 90 ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان. ھەقىقەتەنمۇ زۆھرىي بولمىغان بولسا نۇرغۇن ھەدىس قولدىن كېتىپ قالغان بولاتتى.

بۇ دەۋردە ھەدىس بۇخارى بىلەن مۇسلىم قاتارلىقلارغا ئوخشاش بابلارغا ئايرىلماستىنلا رەتلەپ چىقىلغان بولۇپ، زۆھرىيدىن كېيىنكى دەۋردە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرى ساھابىلارنىڭ سۆزلىرى بىلەن تابىئىنلارنىڭ پەتىۋالىرىغا ئاساسەن رەتلەپ چىقىلغاندىن كېيىن ھەدىسشۇناسلار يىپ ئۇچىغا ئاساسەن بابلارغا ئايرىپ چىققان.

بۇ ھەقتە ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: ”ھەدىسلەرنى تۈنجى بولۇپ رەتلەپ چىققۇچىلار رەبىيئ ئىبنى سۇھەيب (؟ — 160 - يىللىرى ھ ) بىلەن سەئىد ئىبنى ئەبۇ ئەرۇبە بولۇپ، بۇ ئۈچىنچى تەبىقىدىكى پىشقەدەم ئۆلىمالارنىڭ دەۋرىگىچە داۋاملاشقان. مەسىلەن:

ئىمام مالىك ”مۇۋەتتە“ ناملىق ئەسىرىنى مەدىنىدە رەتلەپ چىققان. بۇندىن باشقا ئابدۇلمەلىك ئىبنى جۇرەيھ مەككىدە، ئەۋزائىي شامدا، سوفيان ئەسسەۋرىي كۇفەدە، ھەماد ئىبنى سەلەمە ئىبنى دىينار بەسرەدە ھەدىس رەتلەش خىزمىتىگە قاتناشقان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئالىملارمۇ ئۆز ئەسلىمىسى ۋە ئىلمىگە تايىنىپ ھەدىس رەتلەش بىلەن شۇغۇللانغان.

ھەدىسنىڭ رەتلىنىپ چىقىشى ئىسلام فىقھىسىدىكى ئىلمىي ھەرىكەتلەرگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇ ئۆلىمالارنىڭ ھەدىس رىۋايەت قىلىش ئۈچۈن شەھەرمۇشەھەر كېزىپ بىر - بىرىنى تولۇقلاش، ئىلمى ئاساستا پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ھەر بىر شەھەردىكى ئۆلىمالارنىڭ باشقىلار بىلىدىغان ھەدىسلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تۈرتكە بولغان.

ھەدىسنىڭ رەتلىنىپ چىقىشى، قۇرئاننىڭ جاكارچىسى سۈپىتىدە، ئاللاھنىڭ كىتابىدا بايان قىلىنمىغان ئەھكاملارنى بايان قىلىشتا بولۇپمۇ فىقھى مەسىلىلەرنى يېشىپ بېرىشتە ئۆلىمالارنىڭ ئەڭ بۈيۈك ياردەمچىسى بولۇپ قالغان.

ئوخشىمىغان دەۋردىكى ھەدىسشۇناسلارنىڭ توغرا ھەدىسلەرنى ئويدۇرما ھەدىسلەردىن ئايرىپ چىقىش ۋە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىشتا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغان. جۈملىدىن كۆپ ساندىكى ھەدىسشۇناسلار ھەدىسلەرنى دەرىجىگە ئايرىپ، قايسى ھەدىسنىڭ توغرا ۋە قايسىسىنىڭ ئويدۇرما ئىكەنلىكى ھەققىدە قانچىلىغان داڭلىق ئەسەرلەر ياراتقان. مەسىلەن:

ھافىز سەخاۋىينىڭ ”مەھشۇر ھەدىسلەر ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە“.

ھافىز زەيلئىينىڭ ”ھەدىسشۇناسلىق قىبلىنامىسى“.

ھافىز ئىراقىنىڭ ”خەۋەرنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز قاتراپ ئەسەر توپلاشنىڭ ھاجىتى يوق“.

ھافىز ئىبنى ھەجەر ئەسقالانىنىڭ ”مەشھۇر ھەدىسلەرنى پەرقلەندۈرۈش ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە“ ۋە ”توغرا ھەدىسلەرنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى“.

ئىبنى قەييۇمنىڭ ”ئىشەنچىلىك ھەدىس بىلەن ئىشەنچىسىز ھەدىسنى پەرقلەندۈرۈش يېتەكچىسى“

سۇيۇتىنىڭ ”ئىشەنچىلىك ھەدىسلەرنىڭ قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك“.

ئىبنى جەۋزىنىڭ ”ئويدۇرما ھەدىسلەر“.

سۇيۇتىنىڭ ”ئويدۇرما ھەدىسلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى“ ۋە بۈيۈك ئويدۇرما ھەدىسلەر.

شەيخ ئەلى قارىينىڭ ”كىچىك ئويدۇرما ھەدىسلەر“.

شەۋكانىنىڭ ”ئويدۇرما ھەدىسلەر ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە“.

شەيخ مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلئالبانىنىڭ ”ئىشەنچىسىز ۋە ئويدۇرما ھەدىسلەر“... قاتارلىق ئەسەرلەر.

سۈننەتكە قارىتىلغان شىددەتلىك ھۇجۇملار بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۈزلۈكسىز داۋام قىلماقتا... بولۇپمۇ سۈننەتكە، ئىسلام قانۇنىنىڭ ئەھكاملىرىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ۋە سۈننەتنى يوققا چىقىرىش مەقسىتىدە شەرقشۇناسلار ئارقىلىق زەھەرخەندىلەرچە ھۇجۇم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەرەب دۇنياسىنىڭ ھاماقەتلىكى ۋە جاھىللىقىدىن ئاللىقانداق ئىلىم - پەنلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىدۇ.

دوكتور مۇستاپا سىبائىي ”ئىسلام قانۇنىدا سۈننەتنىڭ ئورنى“ ناملىق ئەسىرىدە بۇ خىل ھۇجۇملارغا ئىلمىي ئۇسۇلدا قاتتىق رەددىيە بەرگەن.

مەشھۇر ئالىم مۇھەممەد نەسىق جىددىدە نەشىر قىلىنغان ۋە شەيخ ئەبۇلھەسەن ئەننەدۋىي، شەيخ يەھيا ئەلمۇئەللىمىي ۋە دوكتور مۇستاپا سىبائىي قاتارلىق ئالىملارنىڭ ماقالىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ”قانداق قىلغاندا سۈننەتنى قوغداپ قالغىلى بولىدۇ؟“ ناملىق رىسالىسىدە مەزكۇر ھۇجۇملارغا قاتتىق رەددىيە قايتۇرغان.

www.uyghurweb.net


ئۆز نۆۋىتىدە بىز ساھابىلارنىڭ ھەرقايسى شەھەرلەرگە تارقىلىپ، ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىلمىي قابىلىيىتىنىڭ بىر بىرىدىن تامامەن پەرقلىق ئىكەنلىكى ۋە نۇرغۇنلىغان شاگىرت يېتىشتۈرگەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق. ئەمدى ئىراقتىكى كۇفە مەدرىسىسى "مۇتەپەككۇرلار" بىلەن ھىجازدىكى مەدىنە مەدرىسىسى "ھەدىسشۇناسلار" ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

**ئىراقتىكى مۇتەپەككۇرلار ئېقىمى:**

ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ دەۋرى، فىقھشۇناس، مۇجتەھىد ۋە مۇتەپەككۇر ساھابىلار ئەڭ كۆپ بىر دەۋردىن ئىبارەتتى. ھەرقاچان ساھابىلار بىرەر مۈشكۈلاتقا دۇچ كەلگەن چاغدا ئالدى بىلەن ئىجتىھاد قىلىپ ئاندىن ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا پىكىر بېرىشەتتى. ئۆمەرمۇ ساھابىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە تولىمۇ ھېرىسمەن ئىدى.

بۇ ھەقتە شۆئبىي مۇنداق دەيدۇ: "ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىرەر مەسىلە ھەققىدە ھۆكۈم قىلماقچى بولسا ئالدى بىلەن بىر ئاي پىكىر يۈرگۈزەتتى ئاندىن ساھابىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر كۈندە يۈز خىل داۋانى ھەل قىلاتتى".

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد پىكىر جەھەتتىن ئۆمەرگە ئەڭ كۆپ تەسىر كۆرسەتكەن بىر ساھابە ئىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە ئۇ مۇنداق دېگەن: "ئۆمەر مېنىڭ توققۇزدىن بىر ئىلمىنى ئىگەللىدى دەپ قارايمەن". "ئەئلامۇل مۇقئىن" ناملىق ئەسەردە بايان قىلىنىشىچە، "ئىبنى مەسئۇد بەزى مەسىلىلەردە ئۆمەر بىلەن ئىختىلاپلىشىپ قالاتتى".

بۇ ھەقتە شۆئبىي مۇنداق دەيدۇ: "ئۆمەر قانائەت ھاسىل قىلمىغۇچە ئابدۇللاھ ھەرگىز قانائەت ھاسىل قىلمايتتى، ئۆمەر قانائەت ھاسىل قىلغان تەقدىردە ئابدۇللاھ قانائەت ھاسىل قىلاتتى".

دېمەك، دەلىل بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئابدۇللاھ ئۆمەرنىڭ پىكىر ـ تەپەككۇر ۋە ھۆكۈم قىلىشتىكى يېتەكچىسى ئىدى.

ئىبراھىم نەخەئىينىڭ راۋايىتىگە كۆرە، ئۆمەر بىلەن ئىبنى مەسئۇد پىكىر بىرلىكىگە كەلسە تۈزىتىش كىرگۈزگىلى بولمايتتى، ئىختىلاپلىشىپ قالسا، ئابدۇللاھنىڭ نەپىس ۋە قايىل قىلارلىق سۆزلىرى كۈچكە ئىگە بولاتتى.

مەلۇم بولۇشىچە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئابدۇللاھنى كۇفەگە مۇئەللىم قىلىپ ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئىلمىي پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان شاگىرت يېتىشتۈرگەن. شۇ ۋەجىدىن ئىراقتىكى ئىبنى مەسئۇد مەدرىسىسى "مۇتەپەككۇرلار مەدرىسىسىنىڭ نېگىزى" دەپ قارالغان، ھەتتا بىر قىسىم تابىئىنلار تەرىپىدىن بۇ مەدرىسىگە "پىكىر ـ تەپەككۇر باغچىسى" دەپ ئاتالغان.

ئىراقتىكى مۇتەپەككۇرلار مەدرىسىسىنىڭ داڭ چىقىرىشىنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1 ـ كۇفە مەدرىسىسىنىڭ ئۇستازى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا تەسىر كۆرسەتكىنىدەك كۇفەلىكلەر ئارىسىدىمۇ چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان.

2 ـ رەسۇلۇللاھ ۋە پېشقەدەم ساھابىلارنىڭ ۋەتىنى ھىجازلىقلارغا قارىغاندا ئىراقتا ھەدىس بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى.

3 ـ ئىراقلىقلار پارس مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، بىر بىرىگە زىچ باغلىنىپ كەتكەن. بۇ كۆپـۈنچە ھـاللاردا جۈزئىـي مەسـىلىلەردە ئالاھـىدە كۆزگـە چېلىقـىدۇ، شـۇ ۋەجـىدىن كۆپلىـگەن چېـگىش مەسـىلىلەردە مۇتەپەككۇرلارغا بولغان ئېھتىياج ئاشقان.

4 ـ ئىراق شىئەلەر بىلەن خاۋارىجلارنىڭ ۋەتىنى بولۇپ قېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا پىتنە ـ پاسات،ئويدۇرما ھەدىس ۋە سىياسىي مەزھەبلەر كەڭ تارقالغان بىر جايغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ ئىراقلىق ئۆلىمالارنى مەدرىسلەردە ناھايىتى ئاز ھەدىس رىۋايەت قىلىشقا سەۋەبچى بولغان، ھەتتا ئويدۇرما بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ ئاز ھەدىس يادلاشتەك بىر ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. شۇ ۋەجىدىن ئىراقلىق ئۆلىمالارنىڭ بىلىدىغان ھەدىسلىرى ناھايىتى ئاز بولۇپ، بۇ ئۇلارنى دەلىل بولمىغان مەسىلىلەرنى ئۆز كۆز قارىشى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا سەۋەبچى بولغان.

www.uyghurweb.net



1 ـ دۆچ كە لگەن ھادىسىلەرنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن بىر تۈركۈم ئۆلىمالار جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلاتتى. بۇلارنى ھەدىسشۇناسلار ”مۇتۇپەككۇرلار“ دەپ ئاتىغان. مەسىلەن:

بىر مەسىلىدە تالاش ـ تارتىش قىلىپ قالغاندا سەئىد ئىبنى مۇسەييەب رەبىيئەتۇررەيگە: ”سەن ئىراقلىقمۇ؟“ دېگەن.

ئەسەد ئىبنى فىرات ئەنەس ئىبنى ئىمام مالىكنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەرگەن: ”ئىمام مالىكنىڭ دوستلىرى ئىمام مالىكتىن سوئال سوراشتىن قورقاتتى، بىراق مەن قورقماي سورايتتىم، ئىمام مالىك سوئالىمغا جاۋابنى ئۇلارغا يەتكۈزەتتىم. بىر كۈنى بۇنىڭغا سەۋرى تاقىتىم تېشىپ: ”بۇ ئايىغى چىقمايدىغان مەسىلىلەر ئىكەن، شۇڭا خالىساڭلار ئىراققا بېرىڭلار!“ دېدىم“.

2 ـ ئىراقلىقلارنىڭ ئاز ھەدىس رىۋايەت قىلىشىدا، ئىشەنچىلىك بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتىنىڭ ئاز ھەدىس رىۋايەت قىلىش، ئىكەنلىكى ئىدى.

**ھىجازدىكى ھەدىسشۇناسلار ئېقىمى**

مەدىنە، ھىجرەت دىيارى، قانۇن چىقىرىش مەركىزى، رەسۇلۇللاھنىڭ سۆز ھەرىكەتلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى، خۇلەفائىي راشىدىنلار ياشىغان، ساھابىلار بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقان ۋە ھەدىس بىلەن سۈننەتنىڭ مەنبەسى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بىر جاي ئىدى. مەدىنە ئاھالىسى بولسا فىقھىقا پىششىق، رىۋايەت ۋە ئىز قوغلاشقا ماھىر بولۇشتەك ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئىنسالارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ئىدى.

مەدىنە مەدرىسىسى بولسا ئالاھىدە پەرقلىق بولۇپ، بۇ مەدرىسىنىڭ پىشقەدەم ۋە ئەڭ ئىلغار ئۇستازلىرى زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلار ئىدى. بولۇپمۇ ئىبنى ئۆمەر رەسۇلۇللاھنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشتا داڭ چىقىرىپ، مەدىنىنى زىل ـ زىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن ئىدى.ئۇ بۇ مەدرىسىدە نۇرغۇنلىغان تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈردى. بۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلىرىدىن سەئىد ئىبنى مۇسەييەب بولۇپ، ئۇ سۈننەت تەتقىقاتى، ساھابىلارنىڭ پەتىۋالىرىنى يادلاش قاتارلىق جەھەتلەردە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، ”ئەڭ فەقىھ ۋە كامالىغا يەتكەن ئالىم“ دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. بۇ ھەقتە مەيمۇنە مۇنداق دەيدۇ: ”مەن مەدىنىگە كېلىپ: ”ئەڭ فەقىھ ئۆلىما كىم؟“ دەپ سورىغىنىمدا، سەئىدنى كۆرسىتىشتى“.

مەدىنە مەدرىسىسى توغرۇلۇق شۆئبە مۇنداق دەيدۇ: ”سىلەر دۆچ كەلگەن مەسىلىلەر ھەققىدە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەنە شۇ ساھابىلىرىدىن پەتىۋا سوراڭلار! ئۇلارنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇڭلار!“

بۇ مەدرىسىدىكى ھەدىسشۇناسلار ئېقىمىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، پەتىۋا سورالغان چاغدا، بۇ ھەقتە بىرەر ئايەت ياكى ھەدىستە ھۆكۈم بارلىقىنى بىلسە پەتىۋا بېرەتتى، بىلمىسە بەرمەيتتى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە بىر كىشى سالىك ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن پەتىۋا سورىغاندا سالىم: ”بۇ ھەقتە پەتىۋا بېرەلمەيمەن“ دېگەن. ئۇ كىشى: ”ئۆز قارىشىپ بويىچە پەتىۋا بەرسەڭ ماڭا كۇپايە“ دېگەندە سالىم: ”ياق“ دەپ قوبۇل قىلمىغان. ئۇ كىشى يەنە كېلىپ: ”ئۆز قارىشىڭ بويىچە پەتىۋا بەرسەڭ مەن رازى“ دېگەندە سالىم: ”ھازىر مەن ئۆز قارىشىم بويىچە پەتىۋا بېرىپ سەن كەتكەندىن كېيىن بۇ پەتىۋا ھەققىدىكى كۆز قارىشىم ئۆزگىرىپ قېلىپ سېنى تاپالماسلىقىم مۇمكىن“.

ھىجازلىق ئۆلىمالارنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتقا بولغان قارىشىنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1 ـ مەدىنە مەدرىسىسىنىڭ تەسىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، بۇ مەدرىسىنىڭ ئۇستازلىرى ھەدىس ۋە قەدىمى ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئىنتايىن ھېرىستى ۋە زۆرۈر تېپىلمىغۇچە قىياس ۋە كۆز قاراشتىن تولىمۇ ئۈزاق تۇراتتى.

2 ـ ساھابىلار ئومۇمەن ھىجازدا خۇسۇسەن مەدىنىدە ھەدىس ۋە ئىلىمدىن ئىبارەت مول بايلىققا ئىگە ئىدى.

www.uyghurweb.net

3 ـ ھىجاز خەلقىنىڭ كۈندىلىك ھاياتى، تۇنجى پىترەت ئۇستىدە بولغانلىقلىرى ئۈچۈن مۇشكۇلاتلاردىن دىگۈدەك خالىي ھالدا داۋام قىلاتتى. بۇن ئىدىن سىرت پارس ۋە گرىك تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان شەھەر خەلقىگە ئۆز تىللىرىدا پەتىۋا بېرىلەتتى.

4 ـ ئىراقتىكىگە ئوخشاش پىتنە ـ پاسات ۋە جېدەل ـ ماجرادىن خالىي ئىدى.

بۇ مەدرىسىنىڭ بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلىرى:

1 ـ كۆپ سوئال سورىماسلىق ۋە مەسىلىلەرگە قارىتا يېتەرلىك دەرىجىدە پەتىۋا بېرىش.

2 ـ ھەدىس ۋە قەدىمى ئەسەرلەرنى رەتلەش.

ھەدىسشۇناسلار بىلەن مۇتەپەككۇرلار بىر بىر بىلەن بەسلىشىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىر بىرىدىن قۇسۇر تېپىشقا تىرىشاتتى. ھىجازلىقلارنىڭ ئارىسىدا ئىمام مالىكنىڭ ئۇستازى رەبىيئە ئىبنى ئابدۇراھمانغا ئوخشاش مۇتەپەككۇرلارغا مايىل كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئىمام مالىك "مەۋەتتە" ناملىق ئەسىرىدە ئىمام مالىكدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: "مەن سەئىد ئىبنى مۇسەييەبدىن: "بىر ئايلىنىڭ بىر بارمىقى ئۈچۈن قانچىلىك دىيەت بېرىلىدۇ؟" دەپ سورىغىمدا: "ئون تۆگە" دەپ جاۋاب بەرگەن. "ئىككى بارمىقى ئۈچىنچۇ؟" دەپ سورىغىمدا: "يىگىرمە تۆگە" دەپ جاۋاب بەرگەن. "ئۈچ بارمىقى ئۈچىنچۇ؟" دەپ سورىغىنىمدا: "ئوتتۇز تۆگە" دەپ جاۋاب بەرگەن. "تۆت بارمىقى ئۈچىنچۇ؟" دەپ سورىغىنىمدا: "يىگىرمە تۆگە" دەپ جاۋاب بەرگەن. مەن ئەجەبلىنىپ: "ئەجەبا مۇسىبەت ئېغىرلاشقانسىرى دىيەت كۆپەيمەي ئازىيىپ كېتەمدۇ؟" دەپ سورىغىمدا: "سەن ئىراقلىقمۇ؟" دېگەن. ئاندىن مەن: "يا ئالىم مۇكەممەل ياكى ئۆگەنگۈچى جاھىل" دېگەن ئىدىم سالىم: "بۇ سەننەتتۇر" دېگەن. ئەسلىدە سالىم نەسەئىيدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى كۆزدە تۇتقان ئىدى:

"ئاياللارنىڭ دىيىتى ئەرلەرنىڭ دىيىتىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ".

دىمەك، دەلىل بار يەردە ئەقلىنىڭ ھاجىتى يوق. شۇ ۋەجىدىن سەئىد رەبىيئەنى ئەيىبلىگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇ كۈنلەردە دەلىل بار تۇرۇقلۇق ئەقلىغا تايانغانلىقتىن ئىرالىقلار ئەيىبلىنەتتى.

**يەتتە فۇقەھا**

ئىبنى قەييۇمنىڭ "ئەئلامۇلمۇقئىن" ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىشىچە، مەدىنىدە تابىئىنلاردىن ئىبنى مۇسەييەب، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير، قاسىم ئىبنى مۇھەممەد، خارىجە ئىبنى زەيد، ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى ھارىس ئىبنى ھىشام، سۇلايمان ئىبنى يەسار، ئۇبەيدۇللا ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەتەبە ئىبنى مەسئۇد قاتارلىق فۇقەھالار پەتىۋا بېرەتتى. بۇ ھەقتە بىر شائىر مۇنداق بىر بېيت ئوقۇغان ئىدى:

×××

ئىلىم ھەققىدە سورىسىڭىز يەتتە دېڭىز باردۇر،
بارچە ئىلىملەر بۇ راۋىيلەردىن تاشقىرى ئەمەستۇر.
بۇلار كىم دەپ سورىسىڭىز، ئابدۇللاھ، ئۇرۋە، قاسىم،
سەئىد، ئەبۇ بەكرى، سۇلايمان ۋە خارىجەدۇر.

×××

مانا بۇ يەتتە كىشى مەدىنىنىڭ فۇقەھالىرى بولۇپ، شۇ دەۋردىكى تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان فىقھى مەدرىسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇستازلىرىدىن بىرلۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇلار يەنە ئىسلام فىقھىسى نەزەرىيىسى ۋە تەتقىقاتىدا ئاساسلىق رول ئوينىغانلىقتىن، بۇلارنىڭ ئىسمى شۇ دەۋر بىلەن قوشۇلۇپ "يەتتە فۇقەھا دەۋرى" دەپ ئاتالغان ھەمدە بۇ كىشىلەرنىڭ قولىدا نۇرغۇنلىغان فۇقەھالار يېتىشىپ چىققان.

www.uyghurweb.net



بۇ دەۋردىكى ئىختىلاپنىڭ ئاسالىق مەنبەسي، فىقھى جەھەتتىن كۆز قارىشى بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان مەدىنە مەدرىسىسى بىلەن كۇفە مەدرىسىسى ياكى ھىجازلىق "ھەدىسشۇناس" لار بىلەن مۇتەپەككۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپقا بېرىپ تاقىلاتتى. مەسىلەن:

### 1 ـ ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ ئىمامغا ئوخشاش (سۈرە) ئوقۇشى ھەققىدە:

ھىجاز مەدرىسىسىنىڭ كۆپ ساندىكى ئۇستازلىرى (نامازدا) ئىمام مەخپىي (سۈرە) ئوقۇغاندا ئىقتىدا قىلغۇچىمۇ (ئىچىدە) ئوقۇشى، جەھرە ئوقۇغاندا سۈكۈت قىلىشى شەرت، دەپ قارايتتى.

ھىشام ئىبنى ئۇرۋەنىڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇنىڭ دادىسى ئىمام جەھرە ئوقۇمىسىمۇ ئىچىدە ئوقۇيتتى. ئىراق، مۇتەپەككۇرلارنىڭ كۆپۈنچىسىنىڭ قارىشىچە، ئىمام مەيلى جەھرە ئوقۇسۇن ياكى مەخپىي ئوقۇسۇن ئىقتىدا قىلغۇچىشىنىپ سۈكۈت قىلىشى شەرتتى.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ ھىماددىن، ھىماد ئىبراھىم، ئىبراھىم سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ ئىمامغا ئەگىشىپ ئوقۇش ياكى ئوقۇماسلىق توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: "ئىككى ئىمامغا كۆرە ناماز شام، خۇپتەن ۋە ناماز بامداتتا ئىقتىدا قىلغۇچى ئىمامغا ئەگىشىپ ئوقۇمايدۇ، ئىبراھىمغا كۆرە ناماز پېشىن بىلەن ئەسىردىمۇ ئوقۇمايدۇ. بۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، ئىقتىدا قىلغۇچى ھېچبىر نامازدا ئوقۇمايدۇ".

ھىجازلىقلار بولسا ھەدىس بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ۋە مۇنۇ ھەدىسلارغا ئاساسەن، ئىقتىدا قىلغۇچى ئىمامغا ئەگىشىپ فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

«ئىمامنىڭ كەينىدە ھېچنېمە ئوقۇماڭلار! پەقەت فاتىھە سۈرىسىنىلا ئوقۇڭلار!».

«فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ناماز ئەمەس».

كۇفەلىكلەر بولسا: «ئىمامنىڭ قىرائىتى ئىقتىدا قىلغۇچىغا كۇپايە» دېگەن ھەدىسنى دەلىل كەلتۈرۈشكەن. ھالبۇكى بۇ پۈتكۈل ھەدىس يادلىغۇچىلىرىنىڭ نەزىرىدە "ئىشەنچىسىز ھەدىس" بولۇپ، بۇنداق ھەدىسلار نى دەلىل كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ.

ھىجازلىقلار بىلەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىمام رۇكۇ قىلغان چاغدا تەكبىر ئېيتىشى توغرۇلۇق قاراشلىرى بولسا بىر بىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ.

مۇتەپەككۇرلارغا كۆرە، ئىمامغا ئەگىشىپ ئوقۇش پەرز بولمىغانلىقتىن، ئىقتىدا قىلغۇچى ئەڭ ئاخىرقى رەكئەتتە ئوقۇسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

### 2 ـ نامازدا قانداق ئولتۇرىدىغانلىقى ھەققىدە:

ھىجازلىق (ھەدىسشۇناس)لارغا كۆرە، نامازخان سول ساغرىسىنى بېسىپ ئولتۇرۇشى كېرەك.

يەھيا ئىبنى سەئىددىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇھەممەد ئىبنى قاسىم نامازخانلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئىككى پۇتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرماستىن ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ، سول ساغرىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ: «مۇشۇنداق قىلىشنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ماڭا كۆرسىتىپ قويغان ئىدى، ئۇنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە دادىسىمۇ شۇنداق قىلاتتىكەنتۇق». دېگەن.

بۇ ھەقتە كۇفەلىكلەرنىڭ قارىشى بولسا تامامەن پەرقلىق بولۇپ، ئۇلار سول پۇتىنى يەرگە يېيىسلاپ ئولتۇراتتى.

مۇغىرەنىڭ ئىبراھىمدىن رىۋايەت قىلىشىچە، نامازخاننىڭ سول پۇتىنى يېيىسلاپ ئولتۇرۇشى مۇستەھەپتۇر. يەنە بىر قاراشقا كۆرە، نامازدا ئولتۇرۇش توغرۇلۇق ھىجازلىقلارنىڭ قارىشىمۇ، كۇفەلىكلەرنىڭ قارىشىمۇ ئۇيغۇندۇر.

### 3 ـ قەسەم قىلغاندا شاھىتنىڭ ھازىر بولۇنىشى ھەققىدە:

ھىجازلىقلارغا كۆرە مال ـ مۈلۈك ھەققىدە قەسەم قىلغاندا شاھىت ھازىر بولۇنىشى كېرەك. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىنى ھەدىس ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

ئىمام مالىكنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇراھمان بىلەن سۇلايمان ئىبنى يەساردىن: "قەسەم قىلغاندا شاھىت ھازىر بولۇنىشى كېرەكمۇ" دەپ سىزرالغاندا: "شۇنداق" دەپ جاۋاب بېرىشكەن. بۇ ھەقتە ئىمام شافىئىي مۇنداق

دەيدۇ: ‹‹ئىمام مالىكنىڭ جەئفەر ئىبنى مۇھەممەدنىڭ دادىسىدىن بىزگە خەۋەر قىلىشىچە، رەسۇلۇللاھ مال ـ مۈلۈك ھەققىدە قەسەم قىلغاندا شاھىت ھازىر قىلاتتى››.

كۆپ سانلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ قارىشىچە قەسەم قىلغاندا ئەرلەردىن ئىككى شاھىت ياكى بىر ئەر ئىككى ئايال شاھىت ھازىر بولۇنىشى شەرت. مۇنۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىگە كۆرە بىرەر مەسىلە ھەققىدە قەسەم قىلغاندا (بىر قەسەم ئۈچۈن) پەقەت بىر شاھىتنىڭلا ھازىر بولۇشى دۇرۇس ئەمەس:

﴿سىلەر ئەر كىشىڭلاردىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار؛ ئەگەر ئىككى ئەركىشى يوق بولسا، سىلەر (ئادالىتىگە، دىيانىتىگە) رازى بولىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار﴾[1].

دېمەك، ئىككى ئىبقىم ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپلىق مەسىلىلەر مەۋجۇتتى، بولۇپمۇ بۇ فىقھى مەسىلىلەردە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقاتتى. مەسىلەن:

نامازنى قايتىدىن ئوقۇش، قان ئاققانلىقتىن تاھارەت ئېلىش، ئۈتۈككە مەسھى قىلىش، يامغۇردا قالغاندا ئىككى نامازنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇش ۋە نامازنى ئاخىرقى ۋاقتىدا ئوقۇش قاتارلىق مەسىلىلەردە.

## تۆتىنچى قىسىم
## شۇ دەۋرىدىكى مەشھۇر مۇفتىلار

- ساھابىلار ۋە تابىئىنلار
- تۆت ئىمام

## تۆتىنچى قىسىم

### شۇ دەۋرىدىكى مەشھۇر مۇفتىلار

بۇ دەۋرگە مەنسۇپ ئەڭ مەشھۇر مۇفتىلار:

بۇ دەۋردە ھەر قايسى شەھەرلەردىكى مەدرىسىلەردە كۆپلىگەن مۇفتىلار شۆھرەت قازانغان. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

**ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس**

تولۇق ئىسمى: ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئەلقۇرەشىي ئەھاشىمىي بولۇپ، دادىسى رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى، ئانىسى ھارىس ئەلھىلالىنىڭ قىزى ئۇممۇ فەزلىدۇر (لۇبابە دېيىمۇ ئاتىلىدۇ). ئۇ ھىجرەتتىن 3 ياكى 5 يىل بۇرۇن مەككىدە تۇغۇلدى. ئۇ تۇغۇلغان چاغدا ھاشىم جەمەتى قۇرەيشلەرنىڭ قورشاۋىدا قالغان ئىدى. ئۇ تۇنجى مۇسۇلمان بولغانلاردىن بولۇپ، مۇسۇلمان بولغانلىقىنى پەقەت مەككە پەتھى قىلىنغاندىلا ئاشكارىلىغان.

بۇ ھەقتە ۋاقىدىي مۇنداق دەيدۇ: ‹‹ئۆلىمالىرىمىزنىڭ بىردەك قارىشىچە ئۇ تۇغۇلغان چاغدا ھاشىم جەمەتى قۇرەيشلەر تەرىپىدىن پۈتۈنلەي قورشىۋېلىنغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغان چاغدا ئۇ ئەمدىلا 13 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئاقىپىشماق، كېلىشكەن ۋە جەسۇر بىر يىگىت ئىدى››.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەلى ئۇنى بەسرەنىڭ ۋالىسى قىلىپ تەيىنلىگەن. سەففىن ئۇرۇشىدا ئۇ ئورنىدا ئەبۇل ئەسۋەدنى جامائەتنىڭ نامىزىنى قىلدۇرۇشنى جېكىلەپ، ئەلى قەتلى قىلىنغانغا قەدەر بەسرەدە تۇرۇپ ئەلنى قوغدىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس ۋالى قىلىپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ھىجازغا يۈرۈپ كەتتى.

رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ دۇئا قىلغان ئىدى: «ئى ئاللاھ! ئۇنى دىندا مەشھۇر ئالىملاردىن قىلغىن ۋە دىننى چۈشىنىدىغان قىلغىن!».

يەنە بىر رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ دۇئا قىلغان ئىدى: «ئى ئاللاھ ! ئۇنىڭغا ھېكمەتنى بىلدۈرگىن ۋە ئۇنى قۇرئاننى چۈشىنىدىغان ئالىملاردىن!».

---

[1] سۈرە بەقەرە 282 - ئايەت

www.uyghurweb.net

ئىبنى ئابباس ئىلىمگە پۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۈممەتكە رىۋايەت، مۇدەررىسلىك ۋە تەلىم ـ تەربىيە قاتارلىق جەھەتتىن مول بىلىملەرنى مىراس قالدۇرغان.

دارىمىنىڭ رىۋايىتىدە ئىبنى ئبباس مۇنداق دەيدۇ: ''رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغان چاغدا ئەنسارىلاردىن بولغان بىر كىشىگە: ''بېرى كەل! بىلىم ئەڭ كۆپ بولغان ساھابىلاردىن پەتىۋا سورايلى'' دېۋىدىم ئۇ كىشى: ''قىزىق ئادەمكەنسەن، كىشىلەر سەندىن پەتىۋا سوراۋاتسا، سەن باشقىلاردىن پەتىۋا سورماقچى بولىۋاتامسەن؟'' دېدى، مەن ئۇ كىشى بىلەن كارىم بولماي يەنىلا باشقىلاردىن پەتىۋا سوراۋەردىم، ھەتتا ھەدىس بىلىدىغان بىرەر كىشىنى ئاڭلىسام دەرھال ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ سورايتتىم. بىر قېتىم بىر ھەدىس بىلىدىغان كىشىنىڭ ئۆيىگە بارغان ئىدىم، ئۇ ئىشىكىنى ئېچىپ بولغىچە بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ مېنى ئۇچۇرتۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كەكزۇلۇم بىلەن ئىشىكنىڭ تۈۋىدە ئۆزەمنى دالدىغا ئېلىپ تۇردۇم. ئۇ كىشى چىقىپ مېنى كۆرگەن چاغدا: ''ئى رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى! بۇنچە جاپا جېكىپ نېمىشقا كەلگەنسەن؟ مېنى چاقىرغان بولساڭ، يېنىڭغا ئۆزەم باراتتىم ئەمەسمۇ؟'' دېۋىدى مەن: ''ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ، يەنىلا ئۆزۈم كەلگىنىم ياخشىراق'' دەپ ئۇنىڭدىن ھەدىس توغرۇلۇق سوردۇم. كېيىنكى مەزگىللەردە ئىنسانلار ئەتراپىمغا يىغىلىپ مەندىن پەتىۋا سوراشقا باشلىغاندا، تېخىچە ھايات بولغان ھېلىقى ئەنسارىلاردىن بولغان كىشى: ''بۇ يىگىت ماڭا قارىغاندا تېخىمۇ ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئىكەن'' دېگەن''.

مەسرۇقنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇدمۇنداق دېيىلگەن: ''ئەگەر ئىبنى ئابباس بىزنىڭ يېشىمىزغا كەلسە، ھېچبىرىمىز ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىگۈدەكمىز''.

ئۇ يەنە: ''ئىبنى ئابباس قۇرئان كەرىمنىڭ نېمە دېگەن ماھىر تەرجىمانى ـ ھە!''.

زەيد ئىبنى سابىت ۋاپات بولغان چاغدا ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دېگەن: ''بۇ ئۈممەتنىڭ كاتتا ئالىمى دۇنيادىن ئۆتتى، ئاللاھ ئۇنىڭ ئورنىغا ئىبنى ئابباسنى ۋارىس قىلغۇسى!''.

ئۆمەر بىر ئايەت توغرۇلۇق سورالغان چاغدا: ''بۇنى ئىبنى ئابباستىن سور، چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ئايەتلەرنى ھەممىدىن بەكرەك بىلگۈچىدۇر'' دېگەن.

ئوچۇقراقى ئىبنى ئابباس كىشىلەرگە قۇرئاننى تەپسىر قىلىپ، ھەدىس بىلەن فىقھى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىدىغان چوڭ ھەجىملىك قامۇس ۋە شائىر ئىدى.

بۇ ھەقتە ئاتا مۇنداق دەيدۇ: ''ئىبنى ئابباس ئۇيۇشتۇرغان تەپسىرشۇناس، ھەدىسشۇناس، فۇقەھا ۋە شائىرلار توپلانغان بۇنداق ئەڭ ئىپتىخارلىق سورۇننى ھاياتىمدا ھېچ كۆرۈپ باقمىدىم''.

بۇ ھەقتە مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ''ئىبنى ئابباس ئىلمىنىڭ كۆپلىگىدىن ''ئىلىم دېڭىزى'' دەپ ئاتىلاتتى''.

بۇ ھەقتە مەيمۇنە ئىبنى مەھران مۇنداق دەيدۇ: ''ئەگەر ئىبنى ئابباسقا 60 ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كىتابنى ئەكىلىپ بىر قېتىم ئوقۇپ بېرىپلا ئۇنىڭدىن سورىسىڭىز ئۇ ھېچ دۇدۇقلىماستىن سىزگە بۇ ھەدىسلارنى يادقا ئوقۇپ بېرەلەيدۇ''.

ئىبنى ئابباس ۋاپات بولغان چاغدا مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىييە مۇنداق دېگەن: ''بۇ ئۈممەتنىڭ تەربىيەتچىسى ئالەمدىن ئۆتتى''.

بۇ ھەقتە ئۇبەيدۇللا ئىبنى ئەتەبە مۇنداق دېگەن: ''مەن ئىبنى ئابباستىنمۇ بەكرەم سۈننەتكە زىئالىم، نەزەر دائىرىسى كەڭ، بىلىمى مول بىر كىشىنى ھېچ كۆرۈپ باقمىدىم''.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: ''ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەسۇلۇللاھنىڭ پىشقەدەم ساھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە مەندىن مەسىلە سورايتتى''.

تاۋۇس مۇنداق دەيدۇ: ''مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىدىن ئەللىككە يېقىن كىشىنى ئۇچراتتىم، ئۇلار ئىبنى ئابباس بىرەر مەسىلە ھەققىدە پىكىر بايان قىلسا، دەسلەپتە ئىختىلاپ قىلىشسىمۇ كېيىن قايىل بولاتتى. بۇ بولسا ئۇنىڭ رىۋايەتلىرىنىڭ كەڭ دائىرىلىك ۋە دەلىللىرىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى''.

ئەئمەش مۇنداق دەيدۇ: ”ئىبنى ئاbباسنى كۆرگەن چاغدا ”ئەڭ چىرايلىق ئىنسانكەن“ دەيتتىم، ئۇ سۆزلىگەن چاغدا ”ئەڭ پاساھەتلىك ئىنسانكەن“ دەيتتىم، ئۇ ھەدىس بايان قىلسا ”ئەڭ ئالىم ئىكەن“ دەيتتىم“.

ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ 68 يېشىدا تائىفتا ۋاپات بولغان.

**سەئىد ئىبنى مۇسەييەب**

تولۇق ئىسمى: ئەبۇ مۇھەممەد (سەئىد ئىبنى مۇسەييەب) ئىبنى ھەزمە ئىبنى ئەبۇ ۋەھەب ئىبنى ئەمرو ئىبنى ئائىز ئىبنى ئۇمران ئىبنى مەخزۇم ئەلقۇرەشىي ئەلمەدەنىي بولۇپ، مەدىنىدىكى مەشھۇر يەتتە فۇقەھانىڭ بىرىدۇر.

سەئىد بىرىنچى دەرىجىلىك تابىئىنلارنىڭ سەردارى بولۇپ، ئۇ ھەدىس، فىقھى، تەقۋادارلىق، ئىبادەت ۋە ئەدەب ـ ئەخلاقنى بىرلەشتۈرۈشى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇ بىر تۈركۈم ساھابىلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەمسۆھبەت بولغان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ رەپىقىلىرىدىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، نۇرغۇن ئەھكاملارنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغان. ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ رىۋايىتى ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ سەنەدى ئىدى ۋە ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن ئىدى.

زۆھرى بىلەن مەكھۇلدىن ”سىلەرچە كىم ئەڭ فەقىھ ئۆلىما؟“ دەپ سورالغاندا، ھەر ئىككىسى تەڭلا ”سەئىد ئىبنى مۇسەييەب“ دەپ جاۋاب بېرىشكەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرمۇ: ”ئەگەر رەسۇلۇللاھ سەئىدنى كۆرگەن بولسا كۆپ خۇرسەن بولغان بولاتتى“ دېگەن.

سەئىد زاھىت ۋە تەقۋادار كىشى بولۇپ، 40 قېتىم ھەج قىلغان. ئۇ جامائەتتىن خېلى بۇرۇن مەسچىتكە كېلىشنى ئادەتلەندۈرگەن ئىدى.

سەئىد ئۆزى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ”مەن ئەللىك يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىملىق تەكبىرنى ھېچ قاچۇرۇپ قويمىدىم“. ”ماڭا نىسبەتەن بەندىلەر ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلغاندىنمۇ ئەزىز ئەمەس ۋە ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغاندىنمۇ بەكرەك خار ئەمەس“.

ئىبنى مۇسەييەب ناھايىتى ئىپپەتلىك ۋە ھەق ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىماسلىقتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تونۇلغان. ئابدۇللاھ ئىبنى مەرۋان ئۇنى تەسلىم بولۇشقا چاقىرغاندا، قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، مەۋران ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن ئوتتۇز نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتكەندە ئۇ: ”مەن تاكى ئالLاھقا مۇلاقات بولۇپ، ئۇلار بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ئادىل ھۆكۈم چىقارغانغا قەدەر، بۇنىڭغا نە مېنىڭ، نە بەنى مەرۋاننىڭ ھاجىتى يوق“ دېگەن.

بەنى مەرۋان سەئىد بىلەن قۇدا ـ باجا بولۇشنى تەلەپ قىلغان چاغدىمۇ، بەنى مەرۋاننىڭ تەلىپىنى، تۈرلۈك تەھدىتلىرىگە قارىماي كەسكىن رەت قىلغان. بۇ ھەقتە رافىئ ”قۇدا ـ باجىلىق ۋە مەھر ھەققىدە قىسسە“ ناملىق ئەسىرىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان سەئىدنىڭ قىزىنى ئوغلى ۋە تەخت ۋارىسى ۋەلىد ئۈچۈن تەلەپ قىلغاندا، سەئىد رەت قىلغان. بەنى مەرۋان سەئىدنىڭ مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ۋە تەخت ۋارىسىدىن قىزىنى ئايىغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق غەزەبلىنىپ، زېمىستان سوغۇقتا سەئىدنى قاتتىق ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپ، ئۈستىگە سۇ تۆكۈپ قىيناش ئارقىلىق ماقۇل كەلتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، سەئىد ئىرادىسىدىن قەتئىي تەۋرەنمەيتىن ئۆز پىكرىدە ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇپ، قىزىنى بەنى مەرۋاننىڭ ئوغلىغا بەرمەي، ئىقتىسادى ئەھۋالى ئىنتايىن ناچار، كەمبەغەل بىر شاگىرتىغا بەرگەن.

بۇ ھەقتە ئەبۇ ۋىدائە مۇنداق دەيدۇ: ”مەن سەئىد ئىبنى مۇسەييەب بىلەن دائىم دېگۈدەك ھەمسۆھبەت بولۇپ تۇراتتىم، بۇ ئارىدا بىر قانچە كۈن كۆرۈشەلمەي قالدۇق. ئۇنىڭ بىلەن قايتا ئۇچراشقان چاغدا: ”نەگە كەتتىڭ؟“ دەپ سوردى. مەن: ”ئائىلىمىزدە مۇسىبەت يۈز بېرىپ كېلەلمەي قالدىم“ دېدىم. ئۇ: ”نېمىشقا بىزگە خەۋەر قىلمىدىڭ؟ بىزمۇ مۇسىبەت ئۈستىدە ھازىر بولاتتۇق“ دېدى. مەن ئورنۇمدىن قوزغالماقچى بولۇۋىدىم ئۇ: ”ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ئايالىڭمۇ ياكى باشقىلارمۇ؟“ دەپ سورىۋىدى مەن: ”ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن! مەندەك ئىككى ئۈچ دىرھەمدىن باشقا مال ـ مۈلكى يوق ئادەمنى كىممۇ ئۆيلەپ قويسۇن!“ دېدىم. ئۇ ”ئەگەر خالىساڭ سېنى مەن ئۆيلەندۈرۈپ قوياي“ دېدى. مە ن: ”ئەلۋەتتە خالايمەن“ دېدىم. ئۇ ئالLاھقا ھەمدۇسانا ۋە رەسۇلۇللاھقا دۇرۇت ئوقۇدى ۋە ھازىرلىق قىلىپ مېنى ئىككى ئۈچ دىرھەمگە ئۆيلەندۈرۈپ قويماقچى بولدى. مەن خۇشاللىقىمدىن قان ـ قىنىمغا سىغماي ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قانداق قىلىش ۋە كىمدىن قەرز ئېلىش توغرۇلۇق كۆپ ئويلاپ ئاخىرى ناماز شامنى ئوقۇدۇم. روزىدار ئىدىم، ئىپتار قىلماقچى بولدۇم،

www.uyghurweb.net

ئۆيدە بىر تال نان بىلەن بىر تال زەيتۇندىن باشقا ھېچنېمە يوقتى. دەل بۇ چاغدا بىرسى ئىشىكنى قاقتى. "كىم؟" دېۋىدىم "مەن سەئىد" دېدى. مەن ئويلىنىپ قالدىم "سەئىد ئىسىملىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق ياخشى كىلەمدىغاندۇ؟" 40 يىلنىڭ مابەينىدە ئۇنى مەسچىت بىلەن ئۆيىدىن باشقا جايلاردا تېپىش مۇمكىن ئەمەستى. ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن: "ئى ئەبۇ مۇھەممەد! مېنى چاقىرغان بولساڭ يېنىڭغا ئۆزۈملا باراتتىم ئەمەسمۇ؟" دېۋىدىم ئۇ: "ياق، ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ كەلگىنىم تۈزۈك" دېدى. مەن: "بىرەر خىزمەت بارمۇ؟" دېۋىدىم ئۇ: "تەنھا ياشاۋاتقان بويتاققا ئىچىم سىرىلىپ ئۆيلەمدۈرۈپ قوياي دەپ ئويلىدىم، مانا بۇ سېنىڭ ئايالىڭ بولىدۇ" دەپ ئارقىسىدا تۇرغان ئۇزۇن بوياۋۇق بىر ئايالنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن كېتىپ قالدى. ئايال كىشى ئىزا تارتقىن ئىدىن قاتتىق خىجالەتچىلىكتە قالغان ئىدى. مەن ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، ئۆگزىگە چىقىپ قولۇم ـ قوشنىلارنى چاقىرىشقا باشلىۋىدىم، ئۇلار: "ساڭا نېمە بولدى؟" دەپ سوراشتى. مەن: "سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مېنى قىزىنى ئۆيلەندۈرۈپ قويدى، بىراق ئۇنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى يوقتى، ئۇ ھازىر ئۆيدە" دېۋىدىم، قولۇم ـقوشنىلار كېلىپ تەبرىكلەشتى. بۇنىڭدىن ئانامۇ خەۋەر تېپىپ يېتىپ كېلىپ: "مەن ئۈچ كۈنگىچە كېلىنىم بىلەن ئۇبدان تونۇشۇپ چىققانغا قەدەر ئۇنىڭغا يېقىنلاشساڭ، بەرگەن سۈتۈم ساڭا ھارام" دېدى. مەنمۇ ئۈچ كۈنگىچە ئايالىمغا يېقىنلاشمىدىم. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ بىلدىمكى، ئايالىم ئەڭ چىرايلىق، قۇرئاننى پىششىق يادلىغان، ھەدىسقا ھەممىدىن بەكرەك ئالىم، ئەر ـ ئاياللىق ھەققىنى تولۇق بىلىدىغان پاراسەتلىك ۋە مول بىلىملىك بىر ئۆلىما ئايال ئىكەن. بۇ جەرياندا سەئىدنىڭ يېنىغا مەنمۇ بارمىدىم، ئۇمۇ كەلمىدى، بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا بارسام، ئۇ بۇرۇنقىدەكلا جامائەت بىلەن ھەمسۆھبەتتە ئىكەن. ئۇنىڭغا سالام قىلىۋىدىم، سالىمىمنى ئىلىك ئالدى ۋە مەسچىتتىكى ئادەملەر تارقاپ كەتكۈچە ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. مەسچىتتە مەندىن باشقا ھېچكىم قالمىغان چاغدا: "ئەھۋالىڭ قانداقراق؟" دەپ سورىۋىدى مەن: "ئەھۋالىمدىن دوستلار خۇشال" دېدىم، ئۇ: "ئائىلەڭگە ياخشى قارا، بولمىسا ياخشى كۈن كۆرمەيسەن" دېدى. ئاندىن مەن ئۆيۈمگە قايتىپ كەتتىم".

دېمەك، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ئاتىلىق بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا ۋىجدانىغا ھەرگىز خىلاپلىق قىلمىغان ۋە ھەقىقەتنى جان تىكىپ قوغدىغان. مەسىلەن:

گەدىنىگە قىلىچ تەگلەنگەن چاغدىمۇ قىلچە ھودۇقۇپ قالماستىن ۋەلىد بىلەن سۇلايمانغا بەيئەت قىلىشتىن باش تارتقان.

يەھيا ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: "مەدىنىنىڭ ۋالىيسى ھىشام ئىبنى ئىسمائىل ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانغا يازغان خېتىدە، سەئىد ئىبنى مۇسەييەبدىن باشقا پۈتكۈل مەدىنە ئاھالىسىنىڭ ۋەلىد بىلەن سۇلايمانغا بەيئەت قىلغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. بەنى مەرۋاننىڭ جاۋاب خېتىدە بولسا، سەئىدنى قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ ماقۇلغا كەلتۈرۈش، ئەگەر بۇمۇ كار قىلمىسا 50 دەررە ئۇرۇپ، مەدىنىنىڭ بازارلىرىدا سازايى قىلىش تەكىتلەنگەن.

بەنى مەرۋاننىڭ خېتى ۋالىيغا يېتىپ كەلگەن چاغدا سۇلايمان ئىبنى يەسار بىلەن ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير ۋە سالىم ئىبنى ئابدۇللاھلار سەئىد ئىبنى مەسەييەبنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: "بىزنىڭ كېلىشىمىزدىكى مەقسەت، ئابدۇلمەلىكنىڭ خېتى كەپتۇ، ئۇ خەتنىڭ مەزمۇن ئىدىن قارىغاندا ئەگەر بەيئەت قىلمىساڭ كاللاڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك تۇرىسەن، شۇڭا بىز بۇ خەۋپتىن قۇرتۇلۇشۇڭ ئۈچۈن ئۈچ ئىشنى تەۋسىيە قىلىمىز؛ بىرىنچىسى، ۋالى سېنىڭ خەتنى ئوقۇشۇڭغا قوشۇلدى، بۇنىڭغا سەن يا "ياق" ياكى "ماقۇل" دەپ جاۋاب بەرمە!، دېگەندە، سەئىد: "كىشىلەرنىڭ "سەئىد ئىبنى مۇسەييەب بەيئەت قىلىپتۇ!!!" دېسە مەن بۇ ئار نومۇسنى كۆتۈرەلمەيمەن، شۇڭا بۇنى قوبۇل قىلالمايمەن" دېگەن.

ئۇلار سەئىدنى ماقۇل كەلتۈرەلمىگەندىن كېيىن: "ئۇنداق بولسا، ئىككىنچىسى، سەن بىر قانچە كۈن نامازغا چىقمايسەن، ئۇلار سېنى ئىزدەپ بارغان تەقدىردىمۇ ھەر دائىملىق سورۇنۇڭدىن سېنى تاپالمايدۇ" دجېگەندە سەئىد: "مەن قۇلىقىم بىلەن ئەزاننى ئاڭلاپ تۇرۇپ قانداقمۇ نامازغا چىقماي، مەن ھەرگىز بۇنداق قىلالمايمەن" دېگەن. ئۇلار سەئىدنى بۇنىڭغىمۇ كۆندۈرەلمىگەندىن كېيىن: "ئۇنداقتا سەن باشقا يەرگە يۆتكىلىپ كەتسەڭ! ئۇلار سېنى ئاختۇرۇپ كەلگەن تەقدىردىمۇ بۇرۇنقى جايىڭدىن سېنى ھەرگىز تاپالمايدۇ، سەنمۇ كۆچۈپ كەتكەن يېرىڭدە خاتىرجەم بولالايسەن" دېگەندە، سەئىد: "مەن مەھلۇقتىن قورقۇپ شۇنداق قىلامدىمەن، ياق، مەن تۇرغان ئورنۇمدىن بىر غېرىچمۇ قىمىرلىمايمەن" دېگەن.

www.uyghurweb.net

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، سەئىدمۇ پىشىن نامىزى ئۈچۈن مەسچىتكە چىقىپ، دائىملىق ئورنىدا ئولتۇرىدۇ. نامائىدىن كېيىن ۋالى ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ: ”ئەمىرۇلمۇئمىنىن خېتىدە، بىزگە بەيئەت قىلىشتىن باش تارتساڭ، كاللاڭنى ئېلىشىمىزنى بۇيرۇپتۇ“ دېگەندە ئۇ: ”رەسۇلۇللاھ بۇنىڭدىن نەھيى قىلغان“ دەپ جاۋاب بەرمىگەنلىكىنى كۆرگەن ۋالى، ئۇنى دارغا ئاسقۇزۇپ، بوينىغا قىلىچ تەگلەپ، يالىڭاچلاشنى بۇيرۇيدۇ. ئۇ يالىڭاچلانغان چاغدا كۇسۇرىدا: ”ئەگەر بۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام، شۆھرەت قازانماس ئىدىم“ دېگەن مەزمۇندا بىر مىسرا شېئىر يېزىقلىق ئىدى. ئۇ يالىڭاچلىنىپ بولغاندىن كېيىن 50 قامچا ئۇرۇپ، مەدىنە بازارلىرىدا سازايى قىلىپ يالاپ ئېلىپ كېلىشكەنلىرىدە جامائەت ناماز ئەسىردىن قايتىۋاتاتتى. ئۇ: ”مەن بۇ كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىنى 40 يىلدىن بېرى كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن“ دەيدۇ. ھالبۇكى ئىنسانلار ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇراتتى. ئۇ بىرەرسىنىڭ يېنىغا كەلسە،ئۇنىڭغا چېتىلىپ جازالىنىپ قېلىشتىن قورقۇپ: ”يېنىمدىن قوپۇپ كەت!“ دەيتتى. ئۇ بۇنداق چاغلاردا: ”قىلغان نامە ئەمەللىرىڭلارنىڭ بىكار بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن دىلىڭلارنى ئىنكار قىلىپ، زالىملارغا ياردەمچى بولماڭلار!“ دەيتتى.

ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكىدىن ئىككى يىل كېيىن دۇنياغا كېلىپ، ھىجرىيىنىڭ 93 - يىلى ۋاپات بولغان.

**ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير**

تولۇق ئىسمى: ئەبۇ ئابدۇللاھ (ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير) ئىبنى ئەۋۋام ئىبنى خۇۋەيلىد ئىبنى ئەسەد ئىبنى زابدۇلئۇززا ئىبنى قۇسەي ئىبنى كىلاب ئەلقۇرەشى ئەلئەسەدى.

ئۇرۋە مەدىنىدىكى مەشھۇر يەتتە فۇقەھانىڭ بىرى، دادىسى جەننەت بىلەن خوش خەۋەر بېرىلگەن 10 ساھابىنىڭ بىرى بولغان زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامدۇر.

ئانىسى بولسا ”قوش زۇننارلىق“ دەپ ئاتالغان ۋە جەننەت بىلەن خوش خەۋەر بېرىلگەن رەسۇلۇلاھنىڭ ھامىمىسى ۋە ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسمائدۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئۇرۋەنىڭ بىر ئانا بىر ئاتا قېرىندىشى، مۇسئەب بولسا ئانا بىر دادا باشقا قېرىندىشىدۇر.

ئۇرۋە قۇرئاننىڭ كۆپ خىل قىرائەت بىلەن ئوقۇلۇشى ھەققىدە نۇرغۇن رىۋايەتلەرنى مىراس قالدۇرغان. ئۇ ھامىمىسى ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشەدىن دائىم ھەدىس ئاڭلايتتى. ئۇنىڭدىن كۆپىنچە ھاللاردا شىھاب ئىبنى زۆھرىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلىدۇ.

ئۇرۋە، پەئىلەتلىك بىر ئۆلىما كىشى ئىدى. ئۇ شامغا قىلغان بىر قېتىملىق سەپىرىدە ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ بىر سورۇنىدا بىر پۇتىدىن ئايرىلىپ قالغان. بۇ سورۇندا ۋەلىد باشقىلار بىلەن قىزىق پاراڭ قىلىۋاتقاندا ئۇرۋەنىڭ بىر پۇتى كېسىلىپ كەتكەن بولۇپ، ۋەلىد، ئۇرۋەنىڭ پۇتى داغلىنىپ، كۆيۈك پۇرىغى ئەتراپنى قاپلاپ كەتكەنگە قەدەر بۇ ئىشتىن قىلچە خەۋرى يوقتى. ئىبنى قۇتەيبەنىڭ ”مائارىپ“ ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىشىچە، شۇ چاغدا ئۇرۋەنىڭ ئىسسىتمىسى قاتتىق ئۆرلەپ كېتىپ، كېچىچە ئۇخلىيالمىغان. ئېيتىلىشىچە ئۇنىڭ ”مۇھەممەد“ ئىسىملىك بىر ئوغلى بۇ سەپەردە ئۆلۈپ كەتكەن. ئوغلى ئەسلىدە ئابدۇلمەلىكنىڭ قوتىنىغا كىرىپ قېلىپ، ئۇنى بىر ئۇلاغ تېپىۋېتىپ ئۆلۈپ قالغان. ئۇرۋە مەدىنىگە قايتقان چاغدا: ”بۇ سەپەردە ئېغىر مۇسىبەتكە يولۇقتۇق“ دېگەن.

ئۇ بىر پۇتىدىن ئايرىلىپ قېلىپ 8 يىلدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى تەلھە ئۇنىڭغا يازغان تەزىيەنامىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

”ئەزىبرايى خۇدا، سېنىڭ نە مېڭىشقا نە يۈگرەشكە ئېھتىياجىڭ يوقتى، ئورگانلىرىڭنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىڭنىڭ بىر قىسمى سەندىن بۇرۇن جەننەتكە كېتىپ قالدى، خۇدايىم بۇيرىسا بۇلارنىڭ ھەممىسى جەم بولغۇسى! بىز نامرات بولساقمۇ، ئاللاھ سېنىڭ ئىلمىڭ بىلەن نەزەرىيىلىرىڭنى بىزگە مەڭگۈلۈك مىراس قالدۇردى. ئاللاھ بۇنىڭ بىلەن بىزگىمۇ ساڭىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزگەي! ئاللاھ ساۋابىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى، ھېساب بېرىشىڭگە كاپالەتلىك قىلغۇچىدۇر“.

www.uyghurweb.net

ئۇ ھەر كۈنى قۇرئان ئوقۇش بىلەن كېچىسى تۇرۇپ ئىبادەت قىلىشنى ھەرگىز تەرك قىلمايتتى. كاللاكېسەر ئۇنىڭ پۇتىنى كېسىش ئالدىدا ئۇنىڭغا: ”ئاغرىقنى ھېس قىلماسلىقىڭ ئۈچۈن بىز ساڭا ھاراق ئىچۈرەيلى!“ دېگەندە ئۇ: ”قانچىلىك ئازاب چېكىشىمدىن قەتئىنەزەر ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىنى ھەرگىز ئىستىمال قىلمايمەن“ دېگەن. كاللاكېسەر: ”ئۇنداقتا ساڭا مەست قىلىش دورىسى ئىچۈرەيلى!“ دېگەندە ئۇ: ”مەن نە ئورگانلىرىمدىن ئايرىلىپ قېلىشنى نە سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلىشنى خالىمايمەن“ دېگەن. بۇ چاغدا ئۇ تونۇمايدىغان كىشىلەر كىرگەندە ئۇ: ”بۇلار كىملەر؟“ دەپ سورىغان. ئۇلار: ”بىز سېنىڭ ئاغرىقىڭا چىدىماي مىدىرلاپ كەتمەسلىكىڭ ئۈچۈن سېنى تۇتۇپ تۇرىدىغان كىشىلەرمىز“ دېگەندە ئۇ: ”مەن سىلەردىن ئۆز ھالىمغا قويۇپ بېرىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن“ دېگەن. ھەرە بىلەن پۇتى كېسىلىشكە باشلىغاندا ئۇ تەكبىر ئوقۇيتتى ۋە قولىنى كۆكسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ كاللا كېسەلاگە: ”مېنى ساڭا يولۇقتۇرغان زات بىلەن قەسەمكى، ئۇ زات مېنىڭ ھارام ئىش قىلمىغانلىقىمنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ“ دېگەن.

مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلغاندىن كېيىن: ”ئى ئاللاھ ! تۆت ئورگانىم بارئىدى، بىرىنى سەن ئېلىپ كەتتىڭ، قالغىنى ماڭا قالدى، ساڭا كۆپ شكۈرلەر بولسۇن! ئەزبىرايى خۇدا، ئەگەر يەنە ئېلىپ كەتسەڭ قالغىنى ماڭا قالدۇ، ئەگەر مېنى يەنە سىنىساڭ، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە سىنىقىڭدىن ئۆتۈشكە تىرىشىمەن“ دەپ دۇئا قىلغان.

قېرىندىشى ئابدۇللاھ ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا، ئۇرۋە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ يېنىغا كىرىپ: ”قېرىندىشىم ئابدۇللاھنىڭ قىلىچىنى ماڭا بېرىشىڭنى ئۆتۈنىمەن!“ دېگەندە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان: ”ئۇ باشقا قىلىچلارغا قوشۇۋېتىلدى، ئۇنى مەن ئۇ قىلىچلارنىڭ ئارىسىدىن تونۇيالمەيمەن“ دېگەن. ئۇرۋە: ”ئەگەر ئۇ قىلىچلارنى ئەكەلدۈرسەڭ، مەن تونۇيالايمەن“ دېگەندە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان قىلىچلارنى ئەكەلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇرۋە قىلىچلارنىڭ ئارىسىدىن ئۈچى دەز كەتكەن بىر قىلىچنى ئايرىپ ئېلىپ: ”قېرىندىشىمنىڭ قىلىچى بۇ“ دېگەن. ئابدۇلمەلىك: ”سەن بۇرۇن بۇ قىلىچنى تونۇمتىڭ؟“ دەپ سورىغاندا ئۇرۋە: ”ياق“ دېگەن. ئابدۇلمەلىك: ”ئۇنداقتا سەن ئۇنى قانداق تونۇيالىدىڭ؟“ دەپ سورىغاندا ئۇرۋە نابىغە زىيبانىنىڭ مۇنۇ بېيتىنى ئوقۇغان:

بەلگىلىك قىلچلارنى تونۇمغانلارنى
ئەيىبلەشكە ھېچ ھەددىمىز يوقتۇر
مەدىنىدە ئۇرۋەنىڭ قۇدۇقىدىن باشقا
سۈيى تاتلىق ھېچ قۇدۇق يوقتۇر

ئۇرۋە ھىجرىيىنىڭ 22 - يىلى تۇغۇلۇپ (26 - يىلى دېگۈچىلەرمۇ بار)، 93 يېشىدا (بەزى رىۋايەتلەردە 94 يېشىدا) مەدىنىگە 4 مىل يىراقلىقتىكى خورمىلىق ۋە سۈيى مول ”فۇرئە“ يېزىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە شۇ يېزىغا دەپنە قىلىنغان.

ئابدۇلمەلىك: ”جەننەت ئەھلىدىن بىراۋنى كۆرمەكچى بولغانلار، ئەلۋەتتە ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيرگە قارىسا بولىدۇ“ دېگەن ئىدى.

**ئۇبەيدۇللا ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەتەبە ئىبنى مەسئۇد**

تولۇق ئىسمى: ئەبۇ ئابدۇللاھ ئۇبەيدۇللا ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەتەبە ئىبنى مەسئۇد ئەھەزەلى ئەلفەقىھ بولۇپ، مەدىنىكى مەشھۇر يەتتە فۇقەھانىڭ بىرى، ئاتاقلىق تابىئىن ۋە داڭلىق ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ جىيەنىدۇر.

ئۇبەيدۇللا قۇرەيش كاتتىلىرىدىن بولۇپ، جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەجدادى ”سۇبھە ئىبنى كاھىل“ غا قەدەر رىياسەتچىلىك ئۇنىڭ جەمەتىگە مەنسۇپ بولغان.

ھۇزەيل ناھايىتى چوڭ بىر قەبىلە بولۇپ، بۇ قەبىلىنىڭ كۆپىنچە ئاھالىسى مەككىگە يېقىن بىر خورمىلىق ۋادىدا ياشايتتى ۋە ئۇللاھ ھۇزەيلىلەرنى شانۇ - شەۋكەتلىك قىلغان ئىدى. ئۇبەيدۇللا نۇرغۇنلىغان ساھابىلار بىلەن جۈملىدىن ئىبنى ئاببىاس، ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشەلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان. ئۇبەيدۇللادىن ئەڭ كۆپ ئەبۇ زەناد، زۆھرى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلىدۇ. زۆھرى مۇنداق دەيدۇ: ”مەن تۆت دانە دېڭىز كۆردۈم، بۇ تۆت دېڭىزنىڭ بىرى ئۇبەيدۇللادۇر“. ”مەن كۆپلىگەن ئىلىم سۆھبەتلىرىگە قېتىلىپ ئۆزەمنى خېلى يېتىلىپ قالدىم، دەپ قارايتتىم، ئۇبەيدۇللابىلەنمۇلاقات بولغاندىن كېيىن ئۆزۈمنى ھېچنەرسە بىلمەيدىغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم“.

www.uyghurweb.net

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مۇنداق دەيدۇ: ”ئۆمرۈمدە ئۇبەيدۇللاھنىڭ سورۇنىدەك مەن ياخشى كۆرگەن بىر سورۇننى كۆرۈپ باقمىدىم، ئۇبەيدۇللا مەن ئۈچۈن دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرنىمۇ بەكرەك سۆيۈملۈكتۇر. ئەزىبرايى خۇدا، بىر كېچىسى مەن ئۇبەيدۇللا ئۈچۈن دۆلەت خەزىنىسىدىن مىڭ دىنار سېتىۋالغان ئىدىم، بەزىلەر: ”ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! ئۇنى نېمىشقا بۇنچە قانات ئاستىغا ئالىلا!“ دېيىدى مەن: ”سىلەر بەك كايىپ كەتمەڭلار! ئۇنىڭ نەسىھەت قىلىشى ۋە يول كۆرستىشى بىلەن دۆلەت خەزىنىسىنى بېيىتىپ، موھتاجلارنى تەمىنلەۋاتىمەن، ئۇنىڭ سۆھبىتى، ئەقلىنى لال قىلىپ، دىللارغا ھۇزۇر بېغىشلايدۇ ۋە غەم ـ قايغۇنى كۆتۈرۈۋېتىپ كۆتۈرەڭگۈ روھ ئاتا قىلىدۇ“.

ئۇبەيدۇللا ئۆلىما ۋە زاھىت كىشى بولۇپ، شېئىرىيەتتىنمۇ بىرئاز خەۋىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ دىكلاماتسىيىسىدىن ئارىيە:

ئۆپكە كىسلىنىڭ نەپەس ئالمىسا چارىسى بارمۇ؟

ئۇبەيدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرىيىنىڭ 102 ـ يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

**سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب**

تولۇق ئىسمى: ئەبۇ ئەمرو (سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ) ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئەلئەدەۋى.

ئۆمەر ئىرانغا يۈرۈش قىلغاندا نۇرغۇنلىغان ئىرالقلار ئەسىر ئېلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا يېزدىگىردنىڭ قىزلىرىمۇ بارئىدى. ئەلى يېزدىگىردنىڭ قىزلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، بۇ قىزلارنىڭ بىرى بىلەن ئىبنى ئۆمەرنى ئۆيلەپ قويغان ئىدى. بۇنىڭدىن سالىم ئىسىملىك بىر ئوغلى دۇنياغا كەلگەن. ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئايالىنىڭ ھەمشىرىسىنى ئوغلى ھۈسەينگە ئۆيلەپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن ئەلى ئىسىملىك بىر ئوغلى دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ يەنە بىر ھەمشىرىسىنى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرگە ئۆيلەپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن قاسىم ئىسىملىك بىر ئوغلى دۇنياغا كەلگەن.

سالىم مەدىنىدىكى فۇقەھالارنىڭ بىرى، نوپۇزلۇق تابىئىنلار ۋە ئاتاقلىق ئۆلىمالارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سالىمدىن دادىسى، زۆھرى، نافىئ قاتارلىقلار رىۋايەت قىلىدۇ. سالىم يوقسۇللۇقى ۋە زاھىتلىقى بىلەن تونۇلغان.

سالىم مۇنداق دەيدۇ: ”مەن ۋەلىد ئىبنى زئابدۇلمەلىكنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگىنىمدە: ”جىسمىڭ نېمە دېگەن چىرايلىق، قانداق تاماقلار بىلەن غىزالىنىسەن؟“ دەپ سورايتتى، مەن: ”تورت بىلەن زەيتۇن يېغى“ دەيتتىم. ”بۇلارنى دائىم يىگۈڭ كېلىپ تۇرامدۇ؟“ دەپ سورىغىنىدا: ”كۆڭلۈم تارتسا يەيمەن، تارتمىسا يېمەيمەن“ دەيتتىم“.

سالىم: ”دائىم گۆش يېيىشتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى گۆشمۇ شارابقا ئوخشاش ئادەمنى خۇمار قىلىپ قويىدۇ“ دېگەن.

سالىم ئۆز قولى بىلەن يۇڭدىن توقۇغان كىيىم ـ چەكلەرنى كىيەتتى. ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى قىلاتتى. ھەر قاچان سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك كەبىگە كىرسە ئۇنى كۆرمەي قالمايتتى ۋە ئۇنىڭغا: ”بىرەر ئېھتىياجىڭ بولسا تارتىنماي دەۋەرگىن!“ دەيتتى.

سالىم: ”ئاللاھنىڭ بەيتىدە ئاللاھ دىن باشقىسىدىن بىر نەرسە سوراپ باقمىدىم“ دېگەن.

سالىم ۋەز ـ نەسىھەتكە ماھىر بىر ناتىقتى، شۇڭا ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز سالىمدىن ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ رىسالىلىرى ھەققىدە ئۆزىگە مەكتۇب يېزىشنى ئۆتۈنۈپ خەت يازغاندا، سالىم ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب يازغان:

ئى ئۆمەر! شانۇ ـ شەۋكەتلىك دەۋران سۈرگەن چاغلىرىدا خۇدىنى يوقتىپ، پۇقرالارغا زۇلۇم سېلىپ كۆرەڭلەپ كەتسىمۇ، ئۆلگەندىن كېيىن ئەرزىمەس بىر جەسەتكە ئايلىنىپ قالدىغان كۆزقارنى تويماس پادىشاھلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى ھەرگىز ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويما!“.

سالىم زۇلھەججىنىڭ ئاخىرى، ھىجرىيىنىڭ 106 ـ يىلى ۋاپات بولغان ۋە مەدىنە قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. سالىمنىڭ ۋاپاتى ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ ھەج قىلىشىغا توغرا كېلىپ قالغاچقا، مەدىنىگە كېلىپ سالىمنىڭ جەنازا نامىزىغا قاتناشقان.

**سۇلايمان ئىبنى يەسار**

تولۇق ئىسمى: ئەييۇب (سۇلايمان ئىبنى يەسار) بولۇپ، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ رەپىقىسى مەيمۇنەنىڭ ئازادگەردىسى ۋە مەدىنىدىكى يەتتە فۇقەھانىڭ بىرىدۇر.

سۇلايمان نوپۇزلۇق ئالىم، زاھىت ۋە تەقۋادار كىشى ئىدى.

بۇ ھەقتە ھەسەن ئىبنى مۇھەممەد مۇنداق دەيدۇ: ”بىزنىڭ نەزىرىمىزدە سۇلايمان ئىبنى يەسار سەئىد ئىبنى مۇسەييەبدىنمۇ ئالىمراق كىشى ئىدى، بىراق ئۆزى ھېچقاچان: ”مەن ئەڭ ئالىم ۋە ئەڭ فەقىھ“ دەپ باقمىغان“.

سۇلايماندىن ئىبنى ئاباس، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۇممۇ سەلەمە، زۆھرى ۋە نوپۇزلۇق بىر تەركۇم جامائەت رىۋايەت قىلىدۇ.

بىرەرسى سەئىد ئىبنى مۇسەييەبدىن پەتىۋا سوراپ كەلسە: ”نۆۋەتتىكى نوپۇزلۇق ئۆلىما سۇلايمان ئىبنى يەساردىن سوراڭلار!“ دەيتتى.

بۇ ھەقتە قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ”مەن مەدىنىگە كېلىپ كىشىلەردىن: ”تالاق مەسىلىگە كىم ئەڭ ئالىم؟“ دەپ سورىغىنىمدا: ”سۇلايمان ئىبنى يەسار“ دەپ جاۋاب بېرىشكەن.

سۇلايمان ئىبنى يەسار ھىجرىيىنىڭ 107 - يىلى 93 يېشىدا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلغان.

**قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرى**

تولۇق ئىسمى: ئەبۇ مۇھەممەد (قاسىم ئىبنى مۇھەممەد) ئىبنى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر.

قاسىم زامانىسىنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىك ئۆلىماسى، مەدىنىدىكى يەتتە فۇقەھانىڭ بىرى ۋە نوپۇزلۇق تابىئىنلاردىندۇر.

قاسىمدىن ساھابىلاردىن بىر تۈركۈم جامائەت ۋە تابىئىنلاردىن بىر تۈركۈم جامائەت رىۋايەت قىلىدۇ.

يەھيا ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: ”بىز قاسىم ئىبنى مۇھەممەدنى بېسىپ چۈشىدىغان بىرەر پەزىلەتلىك ئۆلىمانى ھېچ كۆرۈپ باقمىدۇق“.

بۇ ھەقتە ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: ”قاسىم بۇ ئۈممەتنىڭ فۇقەھالىرىدىن ئىدى“.

قاسىمنىڭ ئانىسى ئىراننىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھى يەزدىگىردنىڭ قىزىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قاسىم زەينۇلئىبىدىن ئەلى ئىبنى ھۇسەين بىلەن سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابلارنىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلىدۇر.

قاسىم ھىجرىيىنىڭ 101 - ياكى 102 - يىلى مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ ئارىلىقىدىكى دەگىدە 70 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

**ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئازادگەردىسى نافىئ**

تولۇق ئىسمى: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئازادگەردىسى ئەبۇ ئابدۇللاھ نافىئ.

نافىئ ئەسلىدە ئىراننىڭ دىيلەم دېگەن يېرىدىن بولۇپ، خوجايىنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر غازاتلىرىنىڭ بىرىدە ئۇنى ئەسىر ئالغان ئىدى. نافىئ پىشقەدەم تابىئىنلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ خوجايىنى بىلەن ئەبۇ سەئىد خۇدرىدىن ھەدىس ئاڭلايتتى.

نافىئدىن زۆھرى، ئەييۇب سەختىستانى، ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلار رىۋايەت قىلىدۇ.

مەشھۇر ھەدىسلار بىلەن ئىبنى ئۆمەرنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى نافىئ رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: ”مەن نافىئدىن بىر ھەدىس ئاڭلىسام، ئۇ تەكرار باشقىلاردىن ئاڭلىشىمنىڭ ھاجىتى قالمايتتى“.

ھەدىسشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئىمام شافىئىنىڭ نافىئدىن، نافىئنىڭ ئىبنى ئۆمەردىن قىلغان زەنجىرسىمان رىۋايەتلەرنىڭ راۋىلىرى، ھۆرمەتكە سازاۋەر زاتلار ئىدى.

نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرىيىنىڭ 117 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

**ئىبنى شىھاب ئەززۆھرى**

تولۇق ئىسمى: ئەبۇ بەكرى (مۇھەممەد ئىبنى ئۇبەيدۇللا) ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى شىھاب ئەلقۇرەشى ئەززۆھرى بولۇپ، ئۇنىڭ نەسەبى رەسۇلۇللاھنىڭ ئانىسى ئامىنەنىڭ قەبىلىسى بولغان ئەڭ چوڭ قۇرەيش قەبىلىسى بەنى زۆھرەدىن زۆھرە ئىبنى كىلاب ئىبنى مۇررەگە تۇتىشىدۇ.

ئىبنى شىھاب مەدىنىدىكى ھەدىسشۇناس تابىئىن فۇقەھالارنىڭ بىرى بولۇپ، 10 ساھابىنى كۆرگەن.

ئىبنى شىھابدىن ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس، سوفيان ئىبنى ئۇيەينە ۋە سوفيان ئەسسەۋرى قاتارلىق ئۆلىمالار رىۋايەت قىلىدۇ.

www.uyghurweb.net

ئىبنى شهاب پۈتۈن ئۆي پىكرىنى ئىلمغا بېغىشلىغان بولۇپ، بوش ۋاقىت تاپسىلا كىتابلارنى ئەتراپىغا قويۇپ، پىكىر تەپەككۇر دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئايالى ئۇنىڭغا: "ئەزبىرايى خۇدا، بۇ كىتابلار ماڭا ئۈچ كىچىك خوتۇنلىرىدىنمۇ بەكرەك ئەلەم قىلىدۇ" دېگەن.

ئىبنى شهاب مەشھۇر يەتتە فۇقەھانىڭ ئىلمىنى يادلىغان بولۇپ، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ھەر قايسى جايلارغا ئەۋەتكەن مەكتۇبىدا: "سىلەر ئىبنى شىھابنىڭ قەدرىنى ئوبدان بىلىڭلار! چۈنكى ئۇنىڭدەك سۈننەتكە ئالىم كىشىنى ھەرگىز تاپالمايسىلەر".

مەكھۇلدىن: "سېنىڭچە كىم ئەڭ ئالىم؟" دەپ سورالغاندا: "ئىبنى شىھاب" دەپ جاۋاب بەرگەن. "ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟" دەپ سورالغاندا: "ئىبنى شىھاب" دەپ جاۋاب بەرگەن. "ئاندىن قالسىچۇ؟" دەپ سورالغاندا يەنىلا: "ئىبنى شىھاب" دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىبنى شىھاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرىيىنىڭ 124 - يىلى 72 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

(باقىر)

**مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھۇسەين**

تولۇق ئىسمى: ئەبۇ جەفەر (مۇھەممەد ئىبنى زەينۇلئابىدىن ئەلى ئىبنى ھۇسەين ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم) بولۇپ، تەخەللۇسى باقىردۇر.

ئۇ ھىجرىيىنىڭ 57 - يىلى مەدىنىدە تۇغۇلغان بولۇپ، بوۋىسى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەتلى قىلىنغاندا ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن ئىدى.

باقىر ئىمامىيەلەرنىڭ ئېتىقادىغا كۆرە 12 ئىمامنىڭ بىرى ۋە جەفەر سادىقنىڭ دادىسىدۇر.

باقىر پەيغەمبەر ئەۋلادىدىن بولغان ئالىيجاناب بىر ئۆلىما ئىدى. باقىرنىڭ بىلىمىنىڭ مولىلىقىدىن "باقىر (بىلىم دېڭىزى)" دېگەن نام بېرىلگەن. باقىر ھەققىدە بىر شائىر مۇنداق دەپ يازغان:

ئى بىلىم دېڭىزى !ئەھلى تەقۋا زات،

تاغلاردىنمۇ مەسۇم، دىيانەتلىك زات.

باقىر ھىجرىيىنىڭ 113 - يىلى شامغا يېقىن "ھەمىمە" دېگەن جايدا دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ، مەدىنىگە يۆتكەپ كېلىنىپ "بەقىئ" قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

**مۇجاھىد ئىبنى جەبەر**

تولۇق ئىسمى: مۇجاھىد ئىبنى جەبەر مەككىي (ئەبۇل ھەججاج ئەلمەخزۇمى) ئەلمۇقرى بولۇپ، ئۇ سائىب ئىبنى ئەبۇ سائىبنىڭ ئازادگەردىسىدۇر.

ئۇ ئەلى، سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، تۆت ئابدۇللاھ، رافىئ ئىبنى خەدىج، ئائىشە، ئۇممۇ سەلەمە، ئەبۇ ھۇرەيرە، سۇراقە ئىبنى ئىمام مالىك، ئابدۇللاھ ئىبنى سائىب، مەخزۇمى ۋە باشقا نۇرغۇن كىشىلەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن ئەتا، ئەكرەمە، ئەمرو ئىبنى دىينار، قەتادە، سۇلايمان ئەلئەھۋەل، سۇلايمان ئەلئەئمەش، ئابدۇللاھ ئىبنى كەسىر ئەلقارى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلىدۇ.

مۇپەسسىرلارنىڭ قارىشىچە مۇجاھىد تابىئىنلار تەبىقىسىغە مەنسۇپتۇر. بەزى رىۋايەتلەرگە كۆرە، مۇجاھىد تەپسىرشۇناسلىقتا ئەڭ توشقان ئۆلىما بولۇپ، ئىبنى ئابباسنىڭ تەپسىرىنى 30 قېتىم تەپسىر قىلغان.

مۇجاھىد ئۆزى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: "ئىبنى ئابباسنىڭ تەپسىرىدىكى ھەر بىر ئايەت ھەققىدە ئۈچ قېتىم توختىلىپ، ئۇ ز - ئۆزەمگە: "بۇ ئايەت نېمە ھەققىدە نازىل بولغان؟ قانداق نازىل بولغان؟" دەپ سوئال قويۇپ، چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتىم".

سەۋرى مۇنداق دەيدۇ: "مۇجاھىدنىڭ تەپسىرىنى تاپالىسىڭىزلا باشقا تەپسىر ئىزدىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق".

ئىبنى تەيمىييە مۇنداق دەيدۇ: "شۇڭا ئىمام شافىئى، بۇخارى قاتارلىق ئىلىم ئەھلىلىرى ئۇنىڭ تەپسىرىگە ئاساسلانغان".

www.uyghurweb.net

ئەبۇ هاتەم مۇنداق دەيدۇ: "مۇجاھىد ئائىشەدىن بىۋاسىتە ئەمەس، ۋاسىتىلىك ھەدىس ئاڭلىغان، بولۇپمۇ سەئدى، مۇئاۋىيە ۋە كەئبە ئىبنى ئۇجرەدىن ۋاسىتىلىك ئاڭلىغان، شۇڭا ئۇنىڭ ھەدىسلىرى "ۋاسىتىلىك ھەدىسلەر"، دەپ ئاتىلىدۇ".

ئەبۇ نۇئەيم مۇنداق دەيدۇ: "يەھيا: "ماڭا نىسبەتەن ئەتانىڭ ۋاسىتىلىك ئاڭلىغان ھەدىسلىرىغا قارىغاندا مۇجاھىدنىڭ ۋاسىتىلىك ئاڭلىغان ھەدىسلىرى ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر" دېگەن".

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: "تەپسىرشۇناسلىقتا ئەڭ ماھىر ئۆلىما مۇجاھىددۇر".

ئىبنى سەئد مۇنداق دەيدۇ: "مۇجاھىد ئەڭ نوپۇزلۇق فەقىھ ۋە ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان ئۆلىما ئىدى".

ئىبنى ھەييان مۇنداق دەيدۇ: "مۇجاھىد فەقىھ، زاھىت ۋە ئىنتايىن تەقۋادار بىر ئۆلىما ئىدى".

زەھەبى مۇجاھىدنىڭ تەرجىمىھالىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دېگەن: "پۈتكۈل مۇسۇلمان ئۆلىمالار بىرلەشكەن تەقدىردىمۇ، مۇجاھىدنى پىسىپ چۈشەلمەيدۇ، ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى كەسىرمۇ مۇجاھىدنىڭ قولىدايېتىشىپ چىققان ئۆلىمالاردىن ئىدى".

مۇجاھىد ھىجرىيىنىڭ 102 - ياكى 103 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. يەھيا ئىبنى قەتتانغا كۆرە، ھىجرىيىنىڭ 104 - يىلى ۋاپات بولغان.

**ئىبنى ئابباسنىڭ ئازادگەردىسى ئەكرەمە**

تولۇق ئىسمى: ئەبۇ ئابدۇللاھ (ئەكرەمە ئىبنى ئابدۇللاھ) بولۇپ، ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئازادگەردىسىدۇر.

ئۇ ئەسلىدە ماراكەشلىك بەربەرلەردىن بولۇپ، ھەسەن ئىبنى خەيرى ئەلئەنبەرى دېگەن كىشىنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى. ئىبنى ئابباس ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بەسرە ۋالىسى بولغان چاغدا، خوجايىنى ئۇنى ئىبنى ئابباسقا ھەدىيە قىلىۋەتكەن ئىدى. ئىبنى ئابباس ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا قۇرئان ۋە سۈننەتتىن تەلىم بېرىپ، ئۇنىڭغا "ئەڭ مەشھۇر ئەرەب" دېگەن نامنى بەردى.

ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرو ئىبنى ئاس، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد خۇدرى، ھۈسەين ئىبنى ئەلى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ.

ئەكرەمەدىن زۆھرى، ئەمرو ئىبنى دىينار ئەششۆئبىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلىدۇ.

خوجايىنى (ئىبنى ئابباس) ئۆلگەن چاغدا ئۇ تېخىچىلا قۇل بولۇپ، ئازاد قىلىنىۋېتىلمىگەن ئىدى. ئىبنى ئابباسنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەغلى ئەلى ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس خالىد ئىبنى يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيەدىن ئەكرەكەنى 4000 دىنارغا سېتىۋېلىپ: "سەن بۇنىڭغا قانداق دەيسەن؟" دەپ سورىغاندا: "سەن داداڭنىڭ ئىلمىنى 4000 دىنارغا سېتىۋالدىڭ" دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەلى ئۇنى ئازاد قىلىۋەتكەن.

ئەكرەمە ساياھەت قىلىشنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، خۇراسان، ئىسفاھان، مىسىر قاتارلىق جايلارنى كېزىپ چىققان.

ئۇ مەككىدىكى تابىئىن فۇقەھالاردىن ئىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا: "سەن ئايلىنىپ يۈرۈپ كىشىلەرگە پەتىۋا بەرگىن!" دېگەن.

سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن: "سەندىنمۇ ئالىمراق بىرسىنىڭ بارلىقىنى بىلە مسەن؟ دەپ سورالغاندا: "ھەئە، ئۇ ئەكرەمە" دەپ جاۋاب بەرگەن.

بەزى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ئۇنىڭ پىكىرلىرى خاۋارىجلارنىڭ پىكىرلىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

ئەكرەمە ھىجرىيىنىڭ 107 - يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەردە 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

**ئاتائ ئىبنى ئەبۇ رەباھ**

تولۇق ئىسمى: ئەبۇ مۇھەممەد (ئاتائ ئىبنى ئەبۇ رەباھ) ئەسلەمدۇر. بەزى رىۋايەتلەردە سالىم ئىبنى سەفۋانمۇ دېيىلىدۇ. ئۇ بەنى فەھد مەككىنىڭ ئازادگەردىسى بولۇپ، مەككىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ۋە تەقۋادار تابىئىن فەقەھالاردىن ئىدى.

www.uyghurweb.net

ئۇ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلئەنسارى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببас، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ساھابىلاردىن ھەدىس ئاڭلىغان.

ئۇنىڭدىن ئەمرو ئىبنى دىنار، زۆھرى، قەتادە، ئىمام مالىك ئىبنى دىنار، ئەئمەش، ئەۋزائىي قاتارلىقلار ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ قارامتۇل، ئالغاي، پاناق بۇرۇن، پالەچ، توكۇر، چىگىش چاچ ۋە ئەما بىر كىشى ئىدى.

سۇلايمان ئىبنى رەفىئ مۇنداق دەيدۇ: "بىر قېتىم مەن مەسجىدى ھارامغا كىرسەم كىشىلەر بىر ئادەمنىڭ ئەتراپىغا يغىلىۋالغانىكەن، "بۇ كىمدۇر؟ "دەپ قارىسام كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان قاپقارا قارغىغا ئوخشايدىغان ئەتائ ئىبنى رەباھ ئىكەن".

ئەتائ بىلەن مۇجاھىد ياشىغان دەۋردە مەككىدىكى پەتىۋالارنى ئاساسەن بۇ ئىككى بېرەتتى.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: "ئەتائ ئەڭ تەقۋادار ۋە ئەڭ پەزىلەتلىك ئۆلىما ئىدى".

ئىبراھىم ئىبنى ئەمرو ئىبنى كىيسان مۇنداق دەيدۇ: "بىسمەدە قېلىشىچە، ئۇمەۋىلەر دەۋرىدە ئىنسالارنى ھەج قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، دۆچ كەلگەن مەسىلىلەرگە قارىتا پەتىۋا بېرىدىغان ئەتائ ئىبنى رەباھدىن باشقا ھېچكىم يوقتى"

ئەتائ ھىجرىيىنىڭ 115 - يىلى 100 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

**ئەلقەمە ئىبنى قەيس ئەننەخەئىي**

تولۇق ئىسمى: ئەلقەمە ئىبنى قەيس ئەننەخەئىي بولۇپ، بۈيۈك فەقىھدۇر. ئۇ ئەسۋەد ئىبنى يەزىدنىڭ دادا تەرەپ تاغىسى ۋە ئىبراھىم ئەننەخەئىينى ئانا تەرەپ تاغىسى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئىبنى مەسئۇددىن قۇرئان ھەققىدە تەلىم ئالدى، ئەلى،ئۆمەر، ئەبۇ دەردائ ۋە ئائىشەلەردىن ھەدىس ئاڭلىدى.

ئىبراھىم ئىبنى يەزىد ئەننەخەئىي، ئەبۇ ئىسھاق ئەسسەبىيئىي قاتارلىقلار ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدۇر. ئۇ قۇرئاننى ناھايىتى چىرايلىق ئوقۇيتتى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە ئەلقەمە: "قۇرئان ئوقۇشۇم ئۈچۈن ئاللاھ ماڭا چىرايلىق ئاۋاز ئاتا قىلدى، ئىبنى ئابباس مەندىن قۇرئان ئوقۇشۇمنى ئۆتۈنۈپ: "ئاتا - ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! ئوقۇ! مەن رەسۇلۇللاھنىڭ: "چىرايلىق ئاۋازىڭلار بىلەن قۇرئاننى زىننەتلەڭلار!" دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم" دەيتتى.

ئەلقەمە گۈزەللىك، ئابرۇي ۋە ساخاۋەت جەھەتتە ئىبنى مەسئۇدقا ئوخشايتتى.

ئەلقەمە ھىجرىيىنىڭ 62 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

**ئىبراھىم ئىبنى يەزىد ئەننەخەئىي**

تولۇق ئىسمى: ئەبۇ ئىمران ۋە ئەبۇ ئەممار (ئىبراھىم ئىبنى يەزىد) ئىبنى ئەسۋەد ئىبنى ئەمرو ئىبنى رەبىئە ئەننەخەئىي، كۇفەلىك فەقىھدۇر. نەخەئى قەبىلىسى يەمەندىكى "مۇزەججەھ" قەبىلىسىدىنمۇ چوڭ بىر قەبىلىدۇر.

ئانىسى ئەسۋەد ئىبنى يەزىد ئەننەخەئىينىڭ ھەمشىرىسى، مۇلەيكە بىنتى زەيد ئىبنى قەيس ئەننەخەئى بولۇپ، تابىئىن ۋە مەشھۇر ئۆلىمادۇر. ئۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان بولسىمۇ، ھەدىس ئاڭلىغانلىقى ئىسپاتلانمىغان.

ئۇ تاغىلىرى ئەسۋەد، ئابدۇراھمان ئىبنى يەزىد، مەسرۇق، ئەلقەمە، شۇرەيھ قاتارلىقلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن ئەئمەش، مەنسۇر، ھەماد ئىبنى سۇلايمان قاتارلىقلار ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ.

ئۇ سالىھ ۋە فەقىھ بىر ئۆلىما بولۇپ، ئادەتتە ئانچە تەكەللۇپ قىلىپ كەتمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ كۇفە ئەھلىنىڭ مۇفتىسى ئىدى.

ئۇ ھىجرىيىنىڭ 96 - يىلى 46 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

**ھەسەن بەسرى**

تولۇق ئىسمى: ئەبۇ سەئىد (ھەسەن ئىبنى ئەبۇل ھەسەن) يەسار ئەلبەسرىدۇر. ئۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى ئىككى يىلىدا مەدىنىدە دۇنياغا كەلدى. دادىسى زەيد ئىبنى سابىتنىڭ ئازادگەردىسى بولۇپ، ئىراقنىڭ بەسرە شەھرىگە يېقىن "سەبيى ميسان" دېگەن يېرىدىن ئىدى. ئانىسى بولسا رەسۇلۇللاھنىڭ رەپىقىسى

www.uyghurweb.net

ئۇمۇ سەلەمەنىڭ ئازادگەردىسى بولۇپ، ھەسەننىڭ ئانىسى يوق چاغلاردا توختىماستىن يىغلايتتى، ئۇمۇ سەلەمە ئانىسى كەلگىچە ئەمچىكىنى ھەسەننىڭ ئاغزىغا ئالدۇرۇپ، بەزلەيتتى.ئۇ "ۋادى قۇرا" دېگەن جايدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، بەسرەدە ياشىدى.

ھەسەن بەسرە ئەڭ نۇپۇزلۇق ۋە پېشقەدەم تابىئىنلارنىڭ ئۆلىمالىرىدىن بولۇپ، بىلىم، زاھىتلىق، تەقۋادارلىق، ئىبادەت، پاساھەت ۋە بالاغەتنىڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا مۇجەسسەملەنگەن ئىدى.

ئەبۇ ئەمرو ئىبنى ئەلا مۇنداق دەيدۇ: "ھەسەن بەسرىدىنمۇ ناتىقراق بىرەرسىنى ھېچ كۆرمىدىم".

ھەسەن ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلارغا پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرسا، ھەقنى سۆزلەشتە ھېچنېمىدىن ئايانمايتتى.

ھىجرىيىنىڭ 103 - يىلى يەزىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە (بۇ چاغدا خۇراسانمۇ ئۇنىڭ تەۋەلىكىگە قوشۇۋېتىلگەن ئىدى) ئىراقنىڭ ۋالىلىقىغا تەيىنلەنگەن ئۆمەر ئىبنى ھەبىيرە ئەلفىزازى ھەسەن بەسرى، مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن ۋە شەئبىلەرنى زىياپەتكە چاقىرىپ:

— يەزىد ئاللاھنىڭ خەلىپىسى بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى بەندىلىرىگە خەلىپە قىلىپ، بەندىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى ئەھدە قىلغاندۇر. بۇ ئەھدىگە ئاساسەن بىزلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش، باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچىمىزدۇر. ئۇنىڭ ئەمىرلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش پەقىرنىڭمۇ مۇقەددەس بۇقچىنىڭ جىملىسىدىندۇر. سىلەرنىڭ بۇ ھەقتە پىكرىڭلار قانداقكىن؟... ئىبنى سىيرىن بىلەن شەئبە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئىبنى ھەبىيرە:

— ئى ھەسەن! سەن بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ دەپ سورىغاندا:

— ئى ئىبنى ھەبىيرە! ئاللاھ دىن قورق! يەزىددىن قورقما! شۈبھىسىزكى ئاللاھ سېنى يەزىددىن مۇداپىئە قىلالايدۇ، بىراق يەزىد سېنى ئاللاھ دىن مۇداپىئى قىلالمايدۇ، بەلكى سەن پادىشاھ بولالىشىڭ مۇمكىن، بىراق تەختىڭدىن غۇلاپ چۈشۈپ، شانلىق تەختىڭدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، يەككە - يېگانە ھالدا لەھەتكە قويۇلغان چېغىڭدا ساڭا ئەسقەتىدىغىنى پەقەتلا نامە ئەمىلىڭدۇر. شۇڭا سەن ھەممىگە قادىر ۋە بۇ دىنغا نۇسرەت ئاتا قىلغان ئاللاھقا ئاسىلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ دىنىنى قالايمىقان قىلىشقا ۋە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى گۇناھ - مە سىيەت پاتقىقىغا پېتىشقا زورلىما! ھەم بۇنداق قىلىشقىمۇ ھەرگىز قۇربىڭ يەتمەيدۇ. چۈنكى خالىققا ئاسىلىق قىلىپ، مەخلۇققا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ...ھەسەن بەسرىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان ئىبنى ھەبىيرە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇكاپاتلىدى، بولۇپمۇ ھەسەنگە ئەڭ كۆپ مۇكاپات بەردى.

ئۆز ۋاقتىدا سۆز ھەرىكىتى بىلەن ئۈلگە ياراتقان بۇ نوپۇزلۇق ئۆلىما، ھىجرىيىنىڭ 110 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

**مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن**

تولۇق ئىسمى: ئەبۇ بەكرى (مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن) ئەلبەسرى بولۇپ، "سەبىي مىسيان" دېگەن يەردىن. دادىسى ئەنەس ئىبنى ئىمام مالىكنىڭ چاكىرى ئىدى، كېيىن 4000 دىرھەم تۆلەپ، ئۆز ئەركىگە ئېرىشكەن.

مۇھەممەد ئەبۇ ھۇرەيرە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير، ئۇمران ئىبنى ھۇسەين ۋە ئەنەس ئىبنى ئىمام مالىك قاتارلىقلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ.

مۇھەممەددىن قەتادە ئىبنى دەئامە، خالىد ئەلھىزائ، ئەييۇب سەختىيانى قاتارلىق نوپۇزلۇق ئەربابلار رىۋايەت قىلىدۇ.

ئۇ بەسرەدىكى فۇقەھالارنىڭ بىرى، زاھىت، تەقۋادار ۋە پەزىلەتلىك بىر ئۆلىما بولۇپ، ھەسەن بەسرىنىڭ دوستى ئىدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان.

شەئبە مۇنداق دەيتتى: "بۇ گاس ئادەمنى ئۇستاز تۇتۇڭلار! (ئۇنىڭ قۇلىقى گاس بولۇپ، چۈش تەبىرىگە ئىنتايىن ماھىر ئىدى.)

ئۇ ئۇسماننىڭ خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى ئىككى يىلىدا دۇنياغا كۆز ئاچقان بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 110 - يىلى ھەسەن بەسرىنىڭ ۋاپاتىدىن 100 كۈن كېيىن بەسرەدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

**ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز**

www.uyghurweb.net

تولۇق ئىسمى: ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئىبنى مەرۋان ئىبنى ئەلهەكەم ئىبنى ئەبۇل ئاس ئىبنى ئۇمەييە ئىبنى ئابدۇ شەمس ئەلقۇرەشى ئەلئۇمەۋى (ئەبۇ ھەفسە ئەلمەدەنى ئەددىمەشقى) ئىمىرۇلمۇئمىنىن بولۇپ، ئانىسى ئاسىم ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قىزى ئاسىمدۇر.

ئۇ، ئەنەس، سائىب ئىبنى يەزىد، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير، ئەبۇ بەكرى ئەلهارىس ئىبنى ھىشام قاتارلىقلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن، ئۇستازلىرىدىن ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇراھمان، ئوغۇللىرى ئابدۇللاھ بىلەن ئابدۇلئەزىز، ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەمرو ئىبنى ھەزم، زۆھرى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلىدۇ.

ئۇ ھىجرىيىنىڭ 63 - يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ئىشەنچىلىك، نوپۇزلۇق، تەقۋادار ۋە فەقىھ بىر ئۆلىما ئىدى.

ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: ”مەن خۇددى رەسۇلۇللاھقا ئوپمۇئوخشاش ناماز ئوقۇيدىغان بۇ يىگىتتىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمەپ باقمىدىم“.

مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھۈسەين مۇنداق دەيدۇ: ”ھەر بىر مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر بىر كىشىسى بولغىنىدەك، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بەنى ئۇمەييەنىڭ مۇنەۋۋەر كىشىسى ئىدى“.

ئۇ خەلىپە بولغاندىن كېيىن بوۋىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا ۋارىسلىق قىلىپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەت بەرپا قىلغان ئىدى.

ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: ”سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئەمىر بىلەن ھەمسۆھبەت بولمىغان ئىدى“.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىپە بولغان چاغدا مۇنبەرگە چىقىپ: ”ئەگەر سىلەر ماڭا ھۆرمەت قىلساڭلار، ماڭا ئورنۇڭلاردىن تۇرماڭلار!“ دېگەندە، قەۋمى: ”بىز بۇنىڭغا رازى“ دېگەن. ئۇ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ، يوقسۇللارغا يار - يۆلەك بولاتتى. ئېيتىلىشچە، ئۇنىڭ دەۋرىدە ھاجەتمەن كىشىنى تاپقىلى بولمايتتى.

بۇخارى مۇنداق دەيدۇ: ”ئىمام مالىك بىلەن ئىبنى ئۇيەينەنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسلانغاندا، ھەدىسلەرنى توپلاپ رەتلەشنىڭ تۇنجى ئاساسىنى ياراتقان كىشى دەل ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئىدى، ئۇنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى تەسۋىرلەشكە ھەقىقەتەنمۇ تىل ئاجىزلىق قىلاتتى“.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ھىجرىيىنىڭ 101 - يەنە بىر رىۋايەتتە 102 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

**تاۋۇس ئىبنى كەيسان**

تولۇق ئىسمى: ئەبۇ ئابدۇراھمان (تاۋۇس ئىبنى كەيسان) ئەلخەۋلانى ئەلهەمەدانى ئەلىيەمانى بولۇپ، نەسەبى ئىرانلىقلارغا تۇتىشىدۇ. تاۋۇس مەشھۇر تابىئىنلاردىن بولۇپ، ئىبنى ئاببас، ئەبۇ ھۇرەيرەلەردىن ھەدىس ئاڭلىغان.

ئۇنىڭدىن مۇجاھىد، ئەمرو ئىبنى دىنار ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇ ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى يۇقىرى، ئالىيجاناب ۋە فەقىھ بىر ئۆلىما ئىدى.

ئەبۇ ئۇيەينە مۇنداق دەيدۇ: ”مەن ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىدنىڭ ھۇزۇرىغا كىملەر بىلەن كىرەتتىڭ؟“ دېۋىدىم ئۇ: ”ئەتا ۋە ھەمراھلىرى بىلەن“ دېدى. مەن: ”تاۋۇس بىلەنچۇ؟“ دېۋىدىم ئۇ: ”ئۇ مەخسۇس كىشىلەر بىلەن كىرەتتى“ دېدى.

ئەمرو ئىبنى دىنار مۇنداق دەيدۇ: ”مەن تاۋۇسقا ئوخشاپ كېتىدىغان ھېچكىمنى كۆرمەپ باقمىدىم“.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىپە بولغان چاغدا تاۋۇسقا يازغان خېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: ”پۈتكۈل ئىشلىرىڭنىڭ خەيرلىك بولۇشى ۋە ئەڭ ياخشىلاردىن بولۇشىڭغا تىلەكداشمەن“، بۇ خەتنى ئوقۇپ: ”بۇ ۋەز - نەسىھەت ماڭا يېتەرلىكتۇر“ دېگەن.

رىۋايەت قىلىنىشىچە ئەمىرۇلمۇئمىنىن (ئەبۇ جەفەر ئەلمەنسۇر) تاۋۇس بىلەن ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەسنى زىياپەتكە چاقىرغاندا، بۇ ئىككىسى ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىگەن. بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن تاۋۇس يېتىپ كەلگەندە مەنسۇر: ”داداڭدىن ھەدىس بايان قىلىپ بەرسەڭ!“ دېگەندە تاۋۇس: ”دادامنىڭ ماڭا ھەدىس بايان قىلىپ بېرىشىچە، قىيامەت كۈنى ئەڭ ئېغىر جازاغا ئۇچرىغۇچىلار؛ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ، ھاكىمىيەت بېشىدىكى ۋاقتىدا خەلققە زۇلۇم قىلغان

www.uyghurweb.net

پادىشاھلاردۇر" دېگەن. يەنە بىر سائەتتىن كېيىن ئىمام مالىك يېتىپ كېلىپ: "كىيىملىرىم (خەلىپىنىڭ) قېنى بىلەن بۇلغىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، كىيىملىرىمنى بويىمەن دەپ كېچىكىپ قالدىم" دېگەندە مەنسۇر: "كۆرۈپ باقاي، دۆۋەتنى ماڭا ئۇزات!" دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان بولسىمۇ، ئىمام مالىك ئىلىك ئالمىدىغاندىن كېيىن مەنسۇر: "ئۇنى نېمىشقا ماڭا ئۇزاتمايسەن؟" دېۋىدى ئىمام مالىك: "ئۇنداق قىلسام قوناھكار بولۇپ قېلىپ، ساڭا ئورتاق بولۇپ قېلىشتىن قورقىمەن" دېدى. بۇنى ئاڭلىغان مەنسۇر: "يوقىلىش!" دېۋىدى، تاۋۇس: "مانا بۇ بىزنىڭ مەيدىنىمىز" دېدى، مەن شۇ كۈندىن ئېتىبارەن تاۋۇسنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر پەزىلەتلىك بىر ئۆلىما ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم".

تاۋۇس ھىجرىيىنىڭ 106 - يىلى زۇلھەججىنىڭ 7 - كۈنى ھەج ئۈستىدە مەككىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

**ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە**

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە (ئىمامى ئەزەم) ياشىغان دەۋر ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات:

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ تەرجىمھالى ۋە مەزھىبى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھاياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن شۇ دەۋردىكى بىر قىسىم ئامىللارنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ تۇغۇلۇشى، ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ دەۋرىدىكى ئۇمەييە سۇلالىسىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرىگە توغرا كەلگەن ئىدى. ئۇ ياشلىق دەۋرىدە ئۇمەۋىلەرنىڭ سىياسى دۈشمەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن، ئىراق ۋالىيسى ھەججاج سەقەفى تەرىپىدىن كۆپ ئەزىيەت تارتتى ۋە ئادىل ئىمام ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ خەلىپىلىكى بىلەن ئۇمەۋى سۇلالىسىنى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىغا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئابباسىلارنىڭ تەختكە چىقىشىدەك ۋەقەلەرگە شاھىت بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ھىجرىيىنىڭ 150 - يىلى مەنسۇرنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ دەۋرىدە ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ تېررىتورىيىسى غەربتە ئاتلانتىك ئوكياندىن شەرقتە جوڭگوغىچە كېڭەيدى، ھەتتا ئەندۇلۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياۋروپانىڭ ئازغىنە بىر قىسمىدىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسى پەتھى قىلىنغان بولۇپ، بۇ تېررىتورىيەدە ياشاۋاتقان پارسىي، رۇمىي، تۈركىي، ھىندىي ۋە قىبتىلارغا ئوخشاش خىلمۇ - خىل ئىرقلار ئىسلام دىنىغا كىردى. خەلىپىلىك تېررىتورىيىسىنىڭ كېڭىيىشى، رايونلارنىڭ بىر - بىرىدىن ئۇزاقلىقى، خەلقلەر بىلەن مەدەنىيەتنىڭ ھەر خىللىقى قاتارلىق ئامىللار؛ خەلىپىلىكتىن ھاكىمىيەتنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، ئۇرۇش ۋە تىنچلىقتا مۇقىملىقنى ساقلىيالايدىغان ئومۇمىيۈزلۈك ۋە تەۋرەنمەس بىر قانۇن تۈزۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھەر قايسى جايلاردىكى مەسىلىلەرنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىپ، توغرا پەتىۋا بېرەلەيدىغان فۇقەھالارنىڭ ئىلمىي جەھەتتىن ئەجىر سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلەتتى.

بۇ دەۋردە دىنى پائالىيەتلەر كەڭ قانات يايغان بولۇپ، ھەممە يەردە بەس - مۇنازىرە قىزىپ كەتكەن ئىدى. بولۇپمۇ ئىلمىي مۇنازىرە ۋە تەرجىمە ھەرىكەتلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئەگىشىپ، قەدىمي يۇنان ۋە ئىران پەلسەپىسى ئىسلام دىيارلىرىغا سىڭىپ كىرىپ، ئىسلام پەلسەپىسىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. شۇ ۋەجىدىن قۇرئان ۋە سۈننەت دەلىلى بولمىغان ۋە ئىسلام قانۇنىغا يات بولغان بۇ خىل ئىللەتلەرنى ئايرىپ چىقىش ئۈچۈن قىياسقا ئاساسەن فىقھى جەھەتتىن تەتقىق قىلىش خىزمىتى باشلانغان.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىراق قەدىمدىن تارتىپلا ھەر خىل ئىلىم، تۈرلۈك پەلسەپە ئېقىمى ۋە ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلەگەن ئىلىم - پەن مەركىزى ئىدى. بۇندىن باشقا ئابباسىلارمۇ باغداتنى پايتەخت قىلغان بولغاچقا، ئىلمىي ھەرىكەت ناھايىتى تەرەققى قىلغان ئىدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىراق مۇتەپەككۇرلار مەدرىسىسى ۋە بۇ مەدرىسنى ئەلقەمە ئىبنى قەيس ئەننەخەئى، ئىبراھىم ئىبنى زەيد ئەننەخەئى ۋە ھىماد ئىبنى ئەبۇ سۇلايمان ئەلئەشئەرى قاتارلىق مەشھۇر ئۇستازلىرىنىڭ بۆشۈكى ئىدى.

دېمەك، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ئىراقتا بۇ خىل مۇھىت ئاستىدا ياشايتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ پىكرىنىڭ تېخىمۇ بېيىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز، ئەلۋەتتە.

www.uyghurweb.net

### فۇقەھالارنىڭ ئۇرنى

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ دەۋرىدە، ئاللاھنىڭ دىنى ئاساسىغا قۇرۇلغان ۋە ئاساسى قانۇنى ئىسلام قانۇنى بولغان ئىسلام ھاكىمىيتى ھۆكۈم سۈرگەن بولغاچقا، ئۆلىمالار بىلەن فۇقەھالارنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى. بۇنىدىن باشقا بىر قىسىم ئۆلىمالارنىڭ ھەقىقەتنى قوغداش ۋە زۇلۇمغا قارشى يۈزتىسىيسى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقاتتى. مەسىلەن:

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب بېشىغا قىلىچ تەڭلىنىپ، 50 دەررە ئۇرۇلغان ۋە بازارلاردا سازايى قىلىنغان بولسىمۇ قىلچە باش ئەگمەستىن ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەۋرانىنىڭ ئوغۇللىرى ۋەلىد بىلەن سۇلايمانغا بەيئەت قىلىشتىن باش تارتقان، ھەتتا خەلىپە قىزىنى تەخت ۋارىسى ئوغلىغا ئىستىگەن چاغدا كەسكىن رەت قىلىپ، تولىمۇ يوقسۇل شاگىرتلىرىدىن بولغان ۋىدائەگە بەرگەن.

سەئىد ئىبنى جۇبەيرغا كەلسەك، ئابدۇراھمان ئىبنى مۇھەممەد ئەلئەشئەسنىڭ، ۋەكالەتچىسى ھەججاجنىڭ قەسلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەۋراننى ياردەم قىلىپ قوغدىشى ھەقلىق ئىدى.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە نۇرغۇن ئەزىيەت تارتقان، بولۇپمۇ ئاباباسىلار ئۇنىڭ ئەلەۋى ئىبراھىمغا مايىللىقى بىلەن ئەيىبلەپ تۆھمەت قىلغان.

### فىقھى ۋە ئىلىم جەھەتتە سەيدىلەرنىڭ زەپىرى

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ زامانىدا ئۇمۇمەن ئىلىم جەھەتتىن، خۇسۇسەنفىقھى جەھەتتىن سەيدىلەر زەپەر قازاندى. ئىلىم بىر پەن ۋە سەنئەت دەپ قارالغىنىدا، بۇنى ئەڭ ئاۋال ئىدراك قىلالايدىغانلار يەنىلا دانىشمەن سەيدىلەردۇر. روشەنكى ئەرەبلەر تەبىئى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە ئەڭ كۆپ كۆڭۈل بۆلۈدىغىنى سەيدلىك بولۇپ، بۇ ئۇلارنىنىڭ ئەڭ كۆپ بىلىمگە ئېرىشىشىگە، ھەتتا ئۇرنىنىڭ يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، نوپۇز تىكلىشىگە تۈرتكە بولغان.

"ئەقدۇل فەرىد" ناملىق ئەسەردە بايان قىلىنىشچە، ئىسا ئىبنى مۇسا ئىبنى ئەبۇ لەيلادىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: "ئەبۇ لەيلا (ئاباباسىلارنىڭ بەزى ئەمىرلىرى ئىچىدە) تولىمۇ مۇتەئەسسىپ بىر كىشى ئىدى، ئۇ:

— بەسرەدەئەڭ فەقىھ ئۆلىما كىم؟ دېۋىدى، مەن:

— ھەسەن ئىبنى ئەبۇل ھەسەندۇر دېدىم؛

— ئاندىن قالسىچۇ؟ دېۋىدى:

— مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن دېدىم:

— ئۇ ئىككىسىدىن قالسىچۇ؟ دېۋىدى:

— سەئىدلەر دېدىم:

— مەككىدەئەڭ فەقىھ ئۆلىما كىم؟ دېۋىدى:

— ئەتا ئىبنى رەباھ، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، سۇلايمان ئىبنى يەسار دېدىم:

— ئۇلاردىن قالسىچۇ؟ دېۋىدى:

— سەئىدلەر دېدىم:

— مەدىنىدەئەڭ فەقىھ ئۆلىما كىم؟ دېۋىدى:

— زەيد ئىبنى ئەسلەم، مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدەر ۋە نافىئ ئىبنى ئەبۇ نۇجەيھ دېدىم:

— ئۇلاردىن قالسىچۇ؟ دېۋىدى:

— سەئىدلەر، دېيىشمىگىلا ئۇنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ:

— قۇبا ئەھلى ئىچىدە ئەڭ فەقىھ ئۆلىما كىم؟ دېۋىدى:

— رەبىيئەتۇررەي، ئىبنى ئەبۇ زەنناد، دېدىم:

— بۇ ئىككىسىدىن قالسىچۇ؟ دېۋىدى:

— سەئىدلەر، دېيىشمىگىلا تاتىرىپ كېتىپ:

— يەمەندەئەڭ فەقىھ ئۆلىما كىم؟ دېۋىدى:

www.uyghurweb.net

— تاۋوس بىلەن ئوغلى ۋە ئىبنى مۇنەببەھ، دېدىم:

— بۇلاردىن قالسىچۇ؟ دېۋىدى:

— سەئىدلەر، دېيىشىمگە چىچاڭشىپ ئورن ئىدىن تۇرۇپ كېتىپ:

— خۇراساندا ئەڭ فەقىھ ئۆلىما كىم؟ دېۋىدى:

— ئەتائ ئىبنى ئابدۇللاھ خۇراسانى، دېدىم:

— ئەتائدىن قالسىچۇ؟ دېۋىدى:

— سەئىدلەر، دېيىشىمگە دەرغەزەپ بولۇپ، چىرايى قارىيىپ كەتتى، ھەتتا مەن چۆچۈپ كەتتىم:

— شامدا ئەڭ فەقىھ ئۆلىما كىم؟ دېۋىدى:

— مەكھۇل، دېدىم:

— مەكھۇلدىن قالسىچۇ؟ دېۋىدى:

— سەئىدلەر، دېدىم، بۇ چاغدا ئۇ ئاھ ئۇرۇپ:

— كۇفەدەئەڭ فەقىھ ئۆلىما كىم؟ دېۋىدى:

— ئەزبىرايى خۇدا، سەندىن ھېيىقمىغان بولسام ئەلۋەتتە (ھەكەم ئىبنى، ھىماد ئىبنى ئەبۇ سۇلايمان) دېگەن بولاتتىم، دېدىم. بىراق مەن ئۇلارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشنى ئانچە ياقتۇرمايتتىم. شۇڭا:

— ئىبراھىم ئەننەخەئى بىلەن شۇئبى، دېدىم:

— بۇ ئىككىسىدىن قالسىچۇ؟ دېۋىدى:

— ئۆزگىچە ئەرەبلەر، دېدىم، بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلى تىنىپ:

— ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغ، دەپ كەتتى.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ زامانىدا فىقھىشۇناسلىق ئەنە شۇنداق گۈللەنگەن، بولۇپمۇ ئابباسىلارنىڭ باغداتنى پايتەخت قىلىشى بىلەن، باغدات ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىلمى ھەرىكەتلەر راۋاجلىنىپ، پارسىي ۋە رىملىقلارغا ئوخشاش خىلمۇ - خىل مىللەتلەرنىڭ مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرى بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن. جۈملىدىن ئابباسىيە خەلىپىلىرى ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنىغا ئاساسلىنىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن فۇقەھالارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان.

### ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ۋە ياشلىق دەۋرى (80 - 150 - يىللىرى)

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ھىجرىيىنىڭ 80 - يىلى تۇغۇلۇپ، 150 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئىسمى (نۇئمان ئىبنى سابىت) ئىبنى زەۋتى بولۇپ، ئەسلى مىللىتى پارسىي، ئىراقنىڭ كۇفە دېگەن يېرىدىن. ئۇ مۇسۇلمان بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى ۋە كىچىك ۋاقتىدا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنى كۆردى. بۇندىن باشقا يەنە بەسرەدە ئەنەس، كۇفەدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا، مەدىنىدە سەھل ئىبنى سەئد ئەسسائىدى، مەككىدە ئامىر ئىبنى ۋائىلە قاتارلىق 4 ساھابىنى كۆردى. بىراق ئۇ تەبىئى تابىئىنلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ تابىئىن ياكى تەبىئى تابىئىن ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۆلىمالار ئارىسىدا ئىختىلاپ مەۋجۇتتۇر. مەسىلەن:

زەھەبى، خەتىبنىڭ ”باغدات تارىخى“ ناملىق ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ ئەنەس ئىبنى ئىمام مالىك بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ بىر قىسىم ھەمسورۇنلىرىنىڭ قارىشىچە، ئۇ بىر قانچە ساھابە بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ئۈچۈن (تابىئىن) بولۇشى كېرەك. لېكىن ئۇنىڭ ساھابىلار بىلەن ئۇچراشقانلىقى ھېچقاچان ئىسپاتلانمىغان. ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئۇ ھېچبىر ساھابە بىلەن كۆرۈشۈپ باقمىغان.

ئۇ ياش ۋاقتىدا كۇفەدە يىپەك توقۇلما بويۇملىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ھالبۇكى بۇ چاغدا كۇفە ئۆلىما ۋە فۇقەھالار ئەڭ كۆپ توپلاشقان جاي ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئۇلارنىڭ سورۇنلىرىغا قاتنىشىپ، ئۇلاردىن تەلىم ئېلىشقا

www.uyghurweb.net

بشلىدى، ھەتتا ئىسلام بىلىملىرى بولۇپمۇ فىقھى ئۆگىنىش جەريانىدا، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئۆلىماسىغا ئايلانغانغا قەدەر كۆپ رىيازەت چەكتى.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە، مۇتەپەككۇرلار مەدرىسسىنىڭ مەشھۇر ئۆلىماسى ۋە ئۇستازى ھىماد ئىبنى ئەبۇ سۇلايماننىڭ تەسرىگە ئۇچراپ، پۈتۈن دىققىتىنى ھەممىدىن بەكرەك ئىجتىھاد ۋە قىياسقا مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن كەڭ تونۇلدى. ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە بۇ ئۆلىمادىن باشقا يەنە ئەتائ ئىبنى ئەبۇ رەباھ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنى ئازادگەردىسى ئەكرەمە، ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئازادگەردىسى نافىئ قاتارلىقلاردىن تەلىم ئالدى ۋە ئىمام زەيد ئىبنى ئەلى، ئىمام جەفەر سادىققا ئوخشاش ئەڭ مەشھۇر شىئە ئۆلىمالاردىنمۇ فىقھى ئۆگەندى.

بىر كۈنى ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە مەنسۇرنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگىنىدە، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىسا ئىبنى مۇسا:

— بۇ كىشى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر ئۆلىما بولىدۇ، دېۋىدى، مەنسۇر:

— ئى نۇئمان! سەن كىمدە ئوقۇغان؟ دەپ سورىدى، ئۇ:

— ئۆمەر، ئۆمەرنىڭ ھەمسورۇنلىرى، ئەلى، ئەلىنىڭ ھەمسورۇنلىرى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ ھەمسورۇنلىرىدا، دەپ جاۋاب بەردى، مەنسۇر:

— سەن خەلىپىنىڭ ئەڭ ئىپتىخارلىق ئادىمى ئىكەنسەن، دېدى.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ئۇستازى ھىمادنىڭ ھايات ۋاقتىدا مەسچىتتىكى سورۇنلارغا رىياسەتچىلىك قىلغان، ھەتتا بىر مەزگىل ئۇستازى سەپەرگە چىقىپ كەتكەندە، ئورنىدا 60 مەسىلىگە يېزىپ پەتىۋا بەرگەن، ئۇستازى قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ جىپەتىۋاسىغا قارىتا:

— 40 مەسىلىگە ماڭا ئوخشاشلا پەتىۋا بېرىپسەن، 20 مەسىلىگە مېنىڭ گارىشمغا زىت ھالدا پەتىۋا بېرىپسەن، مەن بۇ پەتىۋالارنى تاكى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغا قەدەر يېنىمدىن ئايرىماسلىققا قەسەم ئىچتىم، دېگەن.

ئۇستازى ھىماد سەكراتتىكى چېغىدا، ساۋاقداشلىرى ئارىسىدىن پەقەت ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭلا ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشىنى جېكىلىگەن.

**ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ تارتقان ئەزىيەتلىرى ۋە ئەدەب ـ ئەخلاقى**

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە زامانىسىنىڭ ئەڭ جەسۇر ۋە ھەققەتپەرۋەر ئۆلىماسى ئىدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇ كۆپ ئەزىيەت تارتقان. مەسىلەن:

يەزىد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ھەبىيرەنىڭ ئىراق ۋەكالەتچىسى مەرۋان ئۇنى كۇفەنىڭ قازىلىقىغا تەكلىپ قىلغاندا رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ھەر كۈنى 100 قامچا ئۇرغۇزغان. بۇ كار قىلمىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىختىيارىغا قويۇۋەتكەن.

خەلىپە ئەبۇ جەفەر ئەلمەنسۇر كۇفەدىن باغداتقا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزىنىڭ قازىسى قىلىۋالماقچى بولغاندا، رەت قىلغاندىن كېيىن، چوقۇم قازى قىلىشقا قەسەم ئىچكەن، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەمۇ قازى بولماسلىققا قەسەم ئىچكەن.بۇ چاغدا خەلىپىنىڭ مۇرزىسى:

— ئەمىرۇلمۇئمىنىننىڭ قەسەم ئىچكەنلىكىنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ دېگەندە، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە:

— ئەمىرۇلمۇئمىنىن قەسەمنىڭ كەپپارىتىنى بېرىشكە ئەلۋەتتە مەندىن بەكرەك قادىردۇر، دەپ يەنە قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، خەلىپە ئۇنى زىندانغا تاشلاتقان. قىسقىسى ئۇ مەيلى ئۇمەۋىلەر خەلىپىلىكىدە بولسۇن، مەيلى ئابباسىلار خەلىپىلىكىدە بولسۇن ئوخشاشلا ئەزىيەت تارتقان.

ئەقلىتقا دائىر ئەسەرلەرنىڭ كۆپۈنچىسىدە ئەبۇ ھەنىپەنىڭ ئەخلاقى، تەقۋادارلىقى، سەزگۈرلىكى، ئەقىل پاراستى، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە كۆيۈمچانلىقى، ھەققەتپەرۋەرلىكى ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى تىز پۈكمەسلىكىدەك ئالىيجاناب روھى ئالاھىدە مەدھىيلەنگەن.

مۇنۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن ئاللاھ دىن قورقۇپ، كېچىلىرى قىيامدا تۇراتتى:

www.uyghurweb.net

﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلارغا بىرىلىدىغان ئازاب بولا ئەمەس)، قىيامەت ئۇلارغا (ئازاب قىلىنىش) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتتۇر، قىيامەت تېخىمۇ قىيىندۇر، تېخىمۇ جاپالىقتۇر﴾[1].

ھەتتا بۇ ئايەتنى تەكرارلاپ، ھۆكۈرەپ يىغلاپ كېتەتتى.

بىر كۈنى خاۋارىجلار كۇفە مەسچىتىگە بېسىپ كىرگەندە، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ھەمراھلىرى بىلەن ئولتۇرۇۋاتاتتى، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ھەمراھلىرىغا:

— قوزغالماڭلار! دەيدۇ، خاۋارىجلار قايتىپ كېتىپ، يەنە كەلسە، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەلەر شۇ پېتىچە ئولتۇراتتى، خاۋارىجلار بۇنى كۆرۈپ:

— سىلەر نېمە ئادەملەر؟ دەپ سورىغاندا، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە:

— بىز پاناھلانغۇچىلارمىز، دەيدۇ، خاۋارىجلارنىڭ ئەمىرى:

— بۇلارنىڭ بىخەتەر جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇڭلار! دەيدۇ.

### مەزھىبىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى

#### 1 ـ قۇرئان كەرىم

"باغدات تارىخى" ناملىق ئەسەردە بايان قىلىنىشىچە، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە: "ئالدى بىلەن ئاللاھنىڭ كىتابىغا مۇراجەت قىلدىم، ئاللاھنىڭ كىتابىدا بولمىسا، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە مۇراجەت قىلدىم، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدىمۇ بولمىسا رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىنىڭ سۆزلىرىگە مۇراجەت قىلدىم ۋە ساھابىلاردىن خالىغان كىشىلەرنىڭ دەلىللىرىنىڭ قوبۇل قىلدىم، خالىغان كىشىلەرنىڭكىنى قوبۇل قىلمىدىم، ئۇلاردىن باشقىلىرىنىڭ سۆزلىرىگە ئەسلا مۇراجەت قىلمىدىم".

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە نۇرغۇن دەلىللەرنى قۇرئاندىن ئالغان. ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەگە كۆرە قىرائەت بىر خىل بولۇشى، ئىبنى مەسئۇدنىڭ: "(قەسەمىڭلارنى بۇزساڭلار) ئۇنىڭ كەففارىتى ئائىلەڭلارغا بىرىدىغان ئوتتۇرا ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇشتۇر، ياكى ئۇلارغا (يەنى ئون مىسكىنگە بەدىنىنى يېپىپ تۇرىدىغان) بىر قۇر كىيىم بىرىشتۇر، ياكى بىر قۇل ياكى بىر چۆرىنى ئازاد قىلىشتۇر، كىمكى بۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئۇدائىۋچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم" دېگەن قىرائىتىگە ئاساسەن قەسەمنى بۇزغانلار، كەففارىتى ئۈچۈن ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتۇشى شەرتتۇر.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەگە كۆرە نامازدا قۇرئاننى ئەرەبچە ئوقۇغاندەك، پارسچە ئوقۇسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، بىراق ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ بۇ قارىشى، مۇنۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن كۆپ سانلىق ئۆلىمالار تەرىپىدىن رەت قىلىنغان:

﴿بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئەرەبچە نازىل قىلدۇق﴾[2].

#### 2 ـ ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلىشتا ئېھتىياتچانلىقى

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ھەدىسشۇناسلار ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە رىۋايەتلەرنىڭ توغرۇلۇقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشاتتى، كۆپ سانلىق كىشىلەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنمىغان ياكى فۇقەھالارنىڭ تەستىقىدىن ئۆتمىگەن ھەدىسلەرنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايتتى.

ئىمام شافىئىينىڭ ئەبۇ سۇلەيماندىن نەقىل كەلتۈرۈشىچە، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ئەبۇ يۇسۇفقا: "ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلىشتا، كۆپ سانلىق كىشىلەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان بولۇشىغا دىققەت قىل! ئاز كىشىلەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلىشتىن ھەزەر ئەيلە! ئەبۇ جەفەرنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە رەسۇلۇللاھ يەھۇدىيلارنىڭ كۆپ ھەدىس ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا يالغان چاپلىغانلىقتىن تەرك ئەتكەن. بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ مۇنبەرگە چىقىپ: "پات يېقىندا مەندىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆرۈيۈپ كېتىدۇ، ئەگەر بۇ ھەدىسلەر قۇرئانغا ئۇيغۇن كەلسە مەندىن، ئۇيغۇن كەلمىسە مەندىن ئەمەس" دېگەن" دەپ نەسىھەت قىلاتتى.

---

[1] سۈرە قەمەر 46 ـ ئايەت.
[2] سۈرە زۇخرۇف 3 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

### 3 ـ قىياسقا ئەھمىيەت بېرىشى

ھەدىسنى تار دائىرىدە قوبۇل قىلغانلىقتىن، قىياسنى كەڭ دائىرىدە قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە سۈننەتتە دەلىل بولمىغان مەسىلىلەرگە قارىتا، ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆزلىرىگە مۇراجەت قىلماستىن، پىكىر يۈرگۈزۈپ، ھۆكۈم قىلىشقا تىرىشاتتى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە ئۇ: "قۇرئان ئىدىن دەلىل تاپالىسام ئالدىم، تاپالمىسام رەسۇلۇلاھنىڭ سۈننىتىدىن ۋە تاللانغان ھەدىسلاردىن ئالدىم، ئاللاھنىڭ كىتابىدىمۇ، رەسۇلۇلاھنىڭ سۈننىتىدىمۇ يولمىسا، رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىنىڭ سۆزلىرىگە مۇراجەت قىلدىم ۋە ساھابىلاردىن خالىغان كىشىلەرنىڭ دەلىللىرىنى قوبۇل قىلدىم، خالىغان كىشىلەرنىڭكىنى قوبۇل قىلمىدىم، ئۇلاردىن باشقىلىرىنىڭ سۆزلىرىگە ئەسلا مۇراجەت قىلمىدىم، ئىبراھىم، شۆئبىي، ئىبنى سىيرىن، سەئىد ئىبنى مۇسەييەبلەرنىڭ سۆزلىرىگە كەلسەك، باشقىلارغا ئوخشاشلا ئىجتىھاد قىلىشىمغا توغرا كېلىدۇ" دەيتتى.

### 4 ـ ئىستىھسان (ياخشى دەپ قاراش)

ئىستىھسان ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە مەزھىبىنىڭ ئاساسلىق دەلىللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە مەزھىبىگە مەنسۇپ ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، مۇجتەھىد ئەقلىغە تايىنىپ ئىستىھسان قىلىشى كېرەك، دېيىشىدۇ. ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ قارىشىچە، ئىستىھسان،چەشەنچىدىن قالسا قىياسقا توغرا كېلىدىغان دەلىلدىن ئىبارەت، خالاس.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە مەزھىبىنىڭ ئۆلىمالىرىنىڭ دەلىلى بولسا، بىر ئېكىنزارلىقنىڭ ئېرىقلىرىنىڭ سۈيىنى ئىچىش ھەققى بىلەن كېسىپ ئۆتۈش ھەققى كەم كۆتكىسىز ھالدا "ئىستىھسان" غا تەۋەدۇر.

قىياس سودا ـ سېتىققا ئوخشايدۇ، ئىستىھساندىن مەقسەت مەنپەئەت ئېلىشتىن ئىبارەت. مەسىلەن:

ئېرىق ـ ئۆستەڭ، سۇيى ۋە يولى بولمىغان ئېكىنزارلىقتىن مەنپەئەت ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ بولسا "ئىستىھسان" دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىستىھسان دېمەك، قىياسنىڭ زاھىرىنى قويۇپ، بۇنىڭغا زىت بولغان باشقا بىر خىل شەكىلدە ھۆكۈم قىلماق، دېمەكتۇر. تۆۋەندىكىدەك شەرت ئاستىدا ئىستىھسان قىلىنىدۇ:

- مەۋجۇت قىياس تەتقىق قىلىش جەريانىدا بەزى دەلىللەرنىڭ ھۆكمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، بۇ چاغدا قايتا تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، باشقا بىر دەلىل تېپىشقا توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ "مەخپىي قىياس" دەپ ئاتىلىدۇ.
- مەۋجۇت قىياس، دەلىلگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇ تەرك ئېتىلىدۇ. چۈنكى، پەقەت دەلىل بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىلا قىياسقا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىش مۇمكىندۇر.

### 5 ـ شەرئىي ئۇسۇل

كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار، ئۆز مەزھىبىگە فىقھى دەرۋازىسىنى كەڭ ئاچقانلىقى ئۈچۈن، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ فىقھىسىنى "شەرئىي ئۇسۇل" دەپ ئاتايدۇ. ئىبنى قەييۇم "ئەئلامۇل مۇقىئىين" نامىلىق ئەسىرىدە بۇ ئۇسۇل ھەققىدە توختىلىپ ۋە ئۇنى تولىمۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتكۈچىلەرنى قاتتىق ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: "كېيىنكىلەر مەزكۇر ئىماملارنىڭ پرىنسىپلىرىغا قىلچىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئۇسۇلنى پەيدا قىلىپ ۋە ئۇنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، مەزكۇر ئىماملارغا دۆڭگەپ قويىدى. ھالبۇكى ئۇلار ئۆز قىلمىشلىرىنى ئۇستازلىرىغا دۆڭگەپ قويۇش بىلەن تولىمۇ خاتالاشقان ئىدى".

مەزكۇر تەتقىقاتچىلار يەنە ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ بۇئۇسۇلنى "چىغىر يولدىن داغدام يولغا ئېلىپ چىقىدىغان دەرۋاز" دەپ ئاتىشىدۇ. ئىبنى قەييۇم "ئەئلامۇل مۇقىئىين" ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىشىچە، بۇ ئۇسۇل، سەۋەب بىلەن سەۋەبنىڭ ئەسلى ئاملىنى بىر بىرىگە چەمبەرچەس باغلايدۇ، خۇددى يولۇچىنىڭ ئۇزۇقلۇق، ئۇسسۇزلۇق ۋە كىيىم ـ كېچەكسىز سەپەر قىلالمىغىنىدەك. دېمەك، بۇ ئۇسۇلدىن مەقسەت، كۆزلىگەن نىشانغا قولاي ۋە غەلىبىلىك ھالدا يېتىپ بېرىشتىن ئىبارەت، خالاس.

بۇ ئۇسۇل كۆپىنچە ھاللاردا، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە نەزەرىيە ئارقىلىق مەقسەتكە ئېرىشىشنىڭ مەپخى يولى، دەپ قارىلىدۇ. ھالبۇكى بۇ ئۇسۇل نە مەدھىيىلەنمىگەن نە سۆكۈلمىگەن بارلىق ھارام سەۋەبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە بۇ ئۇسۇلنىڭ تۈرلۈك مەخپىي ۋاستىلىرىدا ھارام، ھالال سانىلىدۇ. بۇندىن باشقا يەنە بۇ ئۇسۇل بىر قىسىم ۋاجىبلار بىلەن

www.uyghurweb.net
ئاللاھنىڭ ھەققىنى زاھىرەن ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن بۇ ئۇسۇلنى كۆپلىگەن فۇقەھالار ۋە مۇھەددىسلەر قاتتىق ئەيىبلەيدۇ.

ھەنەفى فۇقەھالىرىنىڭ نەزىرىدىكى بۇ ئۇسۇل، شەرئىي يولى ئارقىلىق مۇشكۇل مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، دەپ ئاتىلىدۇ. ھەمەۋىيغا كۆرە، شەرئىي ئۇسۇل،ئىسلام مۇخلىسلىرىنىڭ مۇشكۇل مەسىلىلەرگە ھۆكۈم قىلىشتىكى ئەڭ ئۇنۇملۇك ۋاستىلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇنىڭ تەمىنى تېتىپ باقماي تۇرۇپ، ئىدراك قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

شەرئىي ئۇسۇلنىڭ بۇ خىل ۋاستىلىرى ھېلى ھەم قانۇنلۇق ۋە جائىز، دەپ قارالماقتا.

كۆپلىگەن فۇقەھالار بولۇپمۇ ئىمام مالىكلار بىلە ھەنبەلىلەر بۇنى ئۆز بىر باھانە دەپ قاراپ، قوبۇل قىلمايدۇ.

بۇنى بەزىلەر "شۈبھىلىك ھالدا جائىز"، دېسە، يەنە بەزىلەر: "ھارام" دەپ رەت قىلىدۇ. مەسىلەن:

1 - ئەييۇب ئەلەيھىسسالام مەلۇم سەۋەب بىلەن ئايالىنى يۈزنى ئۇرۇشقا قەسەم ئىچكەن بولۇپ، كېيىن ئاللاھ ئۇنىڭغا بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق قەسىمىنى بەجا كەلتۈرۈشكە ئىزنى بەرگەن. ئۇ بولسىمۇ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتكە ئاساسەن، قولىغا 100 دان ئىدىن تەركىپ تاپقان بىر باغلام چۆپنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئايالىنى بىر قېتىملا ئۇرۇش ئىدى:

﴿(ئۇنىڭغا) «قولۇڭ بىلەن بىر باغلام چۆپنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن (ئايالىڭنى) ئۇرغىن. قەسىمىڭنى بۇزمىغىن» (دېدۇق)﴾[1].

مانا بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق باشقا مەسىلەر قىياس قىلىنىدۇ. بۇندا باشقا يەنە بۇ مەسىلىگە لۇغەتشۇناسلىق جەھەتتىن بېرىلگەن جاۋابقا كۆرە، بۇ پەيتىۋادا ئۇسۇل ئەمەس، لەۋز ئىنتايىن زۆرۈر. ئىسپاتلىنىشىچە ئەييۇب ئەلەيھىسسالام قەسەم ئىچكەن چاغدا، ئايالى ئۆزرىلىك ئىدى. شۇ ۋەجىدىن جازالىنغۇچى ئۆزرىلىك بولسا، جازا يېنىكلىتىلىپ، يۈز دىن ئىدىن تەركىپ تاپقان بىر باغلام چۆپ بىلەن بىرلا قېتىم ئۇرۇش بىلەن قەسەم بەجا كەلتۈرۈلىدۇ. ئەھمەد قاتارلىقلارنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، ئەبۇ ئۇمامە... رەسۇلۇللاھتىن مۇنۇلارنى ھېكايە قىلىدۇ: "بۇ بۇرۇنقىلارنىڭ تۇتقان يولى بولۇپ، بىزنىڭ قانۇنىمىزغا ئۆيغۇن كەلمىسە بىزگە دەلىل بولالمايدۇ".

2 - بۇخارى بىلەن مۇسلىمنىڭ ئەبۇ سەئىد خۇدرى بىلەن ئەبۇ ھۇرەيرەدىن نەقىل كەلتۈرۈشىچە، رەسۇلۇللاھ بىر كىشىنى خەيبەرگە رەھبەر قىلىپ ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇ كىشى قايتقىنىدا خەيبەرنىڭ سورتلۇق خورمىلىرىدىن ئالغاچ كەلگەن. رەسۇلۇللاھ بۇ خورمىلارنى كۆرۈپ:

— خەيبەرنىڭ خورمىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداقمۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ كىشى:

— ياق ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئەزبىرايى خۇدا بىز بۇنداق خورمىلارنىڭ بىر سا[2] نى 2 سادىن، 2 سانى 3 سادىن ساتىمىز، دېگەندە، رەسۇلۇللاھ:

— ئۇنداق قىلما! ھەممىسىنى دىرھەمگە سات! سورتلۇق خورمىلارنى دىرھەمگە سېتىۋال! دېگەن.

مەزكۇر فۇقەھالار، بۇ ھەدىس ئارقىلىق بىر قارىسا سىزدا - سېتىق، ئەمەلىيەتتە جازانە بولغان بارلىق پۇل مۇئامىلىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى جائىز، دەپ قارايدۇ. بۇندىن باشقا يەنە بۇنىڭدىن قاراپ ۋە كەزكۇر ئۇسۇلغا ئاساسەن، ھەممە ئادەم ئاللاھ ھارام قىلغان تۈرلۈك جازانىنى ھېچ تەپتارتماستىن ھالال سانىيالايدۇ.

جازانە نەق ۋە نېسىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ، مەسىلەن:

بىراۋنىڭ: "مەن بۇ مالنى مانچە پۇلغا سېتىرالدىم، مانچە پۇلغا ساتىمەن" دەپ خالىغانچە مالنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈۋېلىشى "نەق جازانە" دەپ ئاتىلىدۇ ۋە بىراۋنىڭ:

"مەن بۇ مالنى 500 سومغا سېتىۋالغان، ساڭا 1000 سومدىن 6000 سومغىچە نېسىگە ساتىمەن" دېگىنى "نېسى جازانە" دەپ ئاتىلىدۇ.

[1] سۈرە ساد 144 - ئايەت.
[2] سائى — بىر سائى 2 كىلو 40 گىرامغا تەڭ.

www.uyghurweb.net

ئۇلار مانا مۇشۇنداق بەزى مەسىلىلەردە ”قولايلىق يارىتىمىز“ دەپ، ئۆز مەيلىچە ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكۈم چىقىرىپ، بۇنىڭ ئاللاھنىڭ قانۇنىغا دۆڭگەپ قويىشىدۇ (ئاللاھ بۇ خىل بوھتانلاردىن مۇنەززەھتۇر).

ھالبۇكى رەسۇلۇللاھ مەزكۇر ھەدىسىدا نەق ۋە ئۆز باھاسىدا سېتىش ـ سېتىۋېلىشقا بۇيرىغان ئىدى. مەسىلەن:

”ھەممىسىنى دىرھەمگە سات! سورتلۇق خورمىلارنى دىرھەمگە سېتىۋال!“

دېمەك، مەيلى قايسى ئۇسۇلدا بولسا بولسۇن ۋە كىم پەتىۋا بەرسە بەرسۇن، ھارام سودا ـ سېتىقنى تەستىقلاش ئەسلا جائىز ئەمەس.

خەتىب باغداتىنىڭ ”باغدات تارىخى“ ناملىق ئەسىرىنىڭ 13 ـ بابىدا ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال، دەپ پەتىۋا بەرگەنلىكى قەيت قىلىنغان. بىراق، تەتقىقاتچى ئۆلىمالار بۇنى: ”ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە بۇ خىل بوھتانلاردىن ئادا ـ جۇدادۇر“ دەپ كەسكىن رەت قىلىدۇ. بۇ خىل بوھتانلار يەنە ئەبۇ يۇسۇف بىلەن مۇھەممەد ئىبنى ھەسەنگىمۇ ئارتىپ قويۇلغان.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەگە چاپلانغان بوھتانلار ئىچىدە ئەڭ كۆپ كۆزگە چېلىقىدىغىنى، ئومۇمەن قەسەم، خۇسۇسەن تالاققا ئائىت پەتىۋالىرىدۇر. ھالبۇكى بۇ خىل مەسىلىلەردە ھەقىقەتنى بورمىلاش ئەمەس، مۇشكۇل مەسىلىلەرنى فىقھى جەھەتتىن قولايلاشتۇرۇپ ھۆكۈم چىقىرىش مەقسەت قىلىنغان، خالاس. مەسىلەن:

بىر كىشى رامىزاندا ئايالىغا كۈندۈزى يېقىنچىلىق قىلىشقا قەسەم قىلغاندا، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ئۇ كىشىنى رامىزاندا كۈندۈزى سەپەر قىلىشقا پەتىۋا بەرگەن. يەنە بىر كىشى ئايالىنى شوتىدا كۆرۈپ: ”ئەگەر تۇرغان يېرىڭدىن يۇقىرى چىقساڭ 3 تالاق، تۆۋەنگە چۈشسەڭ 1 تالاق“ دەپ قەسەم قىلغاندا، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ئۇ كىشىنىڭ ئايالىنىڭ تۇرغان يېرىدىن نە يۇقىرى چىقماي، نە تۆۋەنگە چۈشمەي تۇرۇشىنى، جامائەتنىڭ ئۇ ئايالنى شوتا بىلەن قوشۇپ يەرگە چۈشۈرۈشكە پەتىۋا بەرگەن.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بەزى ھادىسىلەر، سەۋەبنىڭ ئىللەتلىرىنى تېپىپ چىقىپ، توغرا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن، باشقىچە ھۆكۈم قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. مەسىلەن: سەپەرگە چىققان كىشى رامىزان بولسىمۇ يەپ ئىچىپ، يولغا داۋام قىلالايدۇ. ياكى قول ئىلكىدە بولسا يىل ئۆرۈلۈشتىن بۇرۇن زاكات بېرىپ، قەسەمنىڭ كەففارىتىنى بەجا كەلتۈرەلەيدۇ.

دەرۋەقە ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال قىلىدىغان ھەر قانداق بىر ئۇسۇل، رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئاساسەن ئالدامچىلىق ۋە باتىلدۇر، خالاس:

”ئاللاھ يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلسۇنكى، ئۇلار ئۆلگەن ھايۋانلارنىڭ يېغى ھارام قىلىنغان بولسىمۇ، ئېرىتىپ سېتىپ خەجلىدى“.

بۇ يەردە، ھارام ۋە باتىل يوللار ئارقىلىق ھەققىنى ئېلىش ياكى بىخەستەلىك قىلىپ مەخپىي ھالدا ھارامغا يولۇقۇپ قېلىش كۆزدە تۇتۇلغان. ئىبنى قەييۇمنىڭ ”ئەئلامۇلمۇقئىن“ ناملىق ئەسىرىدە بۇ خىل مىسللار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن:

بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمدە قەرزى بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆججەت بولمىغانلىقتىن قەرزدار تېنىۋالسا، قەرز بەرگۈچىنىڭ يالغاندىن بۇ قەرزدىن خەۋەرسىز ئىككى كىشىگە گۇۋاھلىق بەرىۋېرگەنلىكى ياكى بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە مېلىنى ئامانەت قويۇپ قويسا، تېنىۋېلىپ ”بۇ مېنىڭ مېلىم“ دەۋالغىنى ياكى ئۆيىنى بىر قانچە يىللىق ئىجارىگە بېرىپ توختام تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۆيلەرنىڭ ئىجارىسى ئۆرلەپ كەتسە، خوجايىن ھىلە ئىشلىتىپ توختامنى بۇزۇپ، ئۆينىڭ ئىجارىسىنى ئاشۇرۇپ، بۇنىڭدىن يىغىلغان پۇللارغا ھەج قىلغىنىغا ئوخشاش... مەسىلىلەردە قوللانغان ئۇسۇل مەتلەق ھارامدۇر.

### ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ۋە ھەدىس

ئۆز نۆۋىتىدە ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلىشتا ئىنتايىن چىڭ بولۇپ، مەشھۇر ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئازغىنە كىشىلەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنى ئاسانلىقچە قوبۇل قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. دەرۋەقە ئۇ ئەڭ توغرا بولسىمۇ ازغىنە كىشىلەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان نۇرغۇن ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلمىغان.

www.uyghurweb.net

ئىياز ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە نەزەر دائىرىسى كەڭ، مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق قارايدىغان، فىقھى بىلەن قىياسقا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان بىر ئۆلىما بولسىمۇ، ھەدىسشۇناسلىقتا ئۇنداق ئەمەس ئىدى. شۇ ۋەجىدىن نە كۆپلىگەن ھەدىس ھەققىدە ئەسەر يازغان ئۆلىمالارنىڭ، نە بۇخارى بىلەن مۇسلىمنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە توغرۇلۇق قىلچىمۇ نەقىل كەلتەرۈلمىگەن...

دەرۋەقە بۇ ھەقتە بەزى تەتقىقاتچىلار قىزغىن بەس ـ مۇنازىرە قىلىشقان. بۇنى نەسەئىينىڭ ”سۇنەن“ تىرمىزىنىڭ ”شەمائىل“ ئىبنى خەلدۇننىڭ ”مۇقەددىمە“ ناملىق ئەسەرلىرىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ”ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە سۈننەتكە جاھىل ئىدى“ دېگەنلىك ئەمەس. راستىلا شۇنداق بولغىنىدا مۇسۇلمانلارنىڭ مەشھۇر فۇقەھاسى ۋە داڭدار ئۆلىماسى بەلالىشى مۇمكىنمۇ؟ ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ ئىمام مالىك ۋە ئىبنى ھەنبەلگە ئوخشاشلا ئىماملىق مەرتىۋىسىگە ئېرىششى، ئىيازنىڭ قارىشىنىڭ ناتوغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار، توغرا ھەدىسلەرنىمۇ قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنى قاتتىق تەنقىت قىلغان. جۈملىدىن خەتىب باغداتىنىڭ نەقىللىرىدىمۇ ھەم شۇنداق.

رىۋايەت قىلىنىشىچە ئەبۇ ئىسھاق فىزازىي ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ ھۇزۇرىغا غازاتتا قولغا چۈشكەن ئولجا توغرۇلۇق سورىغان سوئالغا جاۋاب بەرگەندە، ئەبۇ ئىسھاق:

— بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ مۇنداق مۇنداق دېگەنلىكى ھەققىدە رىۋايەت بار، دېگەن. بۇنىڭغا جاۋابەن ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە:

— ئۇنداقتا سەن بىزنىڭ دېگىنىمىز بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! دېگەن.

مەلۇم بولۇشىچە ئەبۇ سالىھ ئەلفەررائغا يۇسۇف ئىبنى ئەسبات دېگەن كىشى مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەرگەن: ”ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەسۇلۇللاھنىڭ 400 دىن ئارتۇقراق ھەدىسىنى رەت قىلغاندا مەن:

— ئى ئەبۇ مۇھەممەد! سەن بۇ ھەدىسلەرنى بىلەمسەن؟ دېۋىدىم:

— ھەئە، دېدى:

— بۇ ھەقتە بىرئاز سۆزلەپ بەرسەڭ! دېۋىدىم:

— رەسۇلۇللاھ: «(غەنىمەت) ئات (لىق)لارغا ئىككى ھەسسە، (پىيادە) كىشىگە بىر ھەسسە» دېگەنىكەن، مېنىڭچە، چاھارپايلارغا مۆمىندىنمۇ ئارتۇقراق ئۈلۈش بېرىلمەسلىكى كېرەك، بۇنىدىن باشقا رەسۇلۇللاھ سەپەرگە چىقماقچى بولسا ئاياللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چەك تاشلايتتى، مېنىڭ قارىشىمچە بۇ ھارامدۇر، دېدى.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە بۇخارى بىلەن مۇسلىمنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنىمۇ قوبۇل قىلمىغان:

«تۆگە بىلەن قوينىڭ ئەمچىكىدە سۈت توختىتىماڭلار! مۇنداق سېغىن ھايۋانلىرىنى سېتىۋالغانلار ئۈچۈن سېغىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى خىل ئىختىيارلىق بار، خالىسا قوبۇل قىلىش، خالىسا بىر سائى قۇرۇق خورما بەدىلىگە قايتۇرۇپ بېرىش». مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە ”ئىختىيارلىق ئۈچ كۈندۇر“ دېيىلگەن.

ھەنەفىيلەر، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ بۇنى قوبۇل قىلماسلىقىدا مەلۇم ئاساسى بار، چۈنكى بۇ ھەدىسنى مەزمۇنى مۇنۇ ئايەتكە زىت، دەپ قارايدۇ:

﴿ئەگەر (ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)﴾[1].

رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنۇ ھەدىسىغا ئاساسەن زىيان قانچىلىك بولسا، تۆلەممۇ شۇنچىلىك بولۇشى كېرەك:

«پايدا كېپىلگە ئائىت».

ئۇنداقتا سۈت ھېچقاچان ساتقۇچىغا ئەمەس، سېتىۋالغۇچىغا ئائىتتۇر. ئۇلار يەنە:

---

[1] سۈرە نەھل 126 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

بۇ ھەدىس قىياس نەزەرىيىسىگە خىلاپ بولغاچقا، شەرتسىز قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ، ”ئىختىيارلىق ئۈچ كۈندۇر“ دېگەن بۇ چەكلىمىنىمۇ ئۆزگەرتىش كېرەك. سېغىن ھايۋانلىرىنى بىر بىر سائى ئارتۇق قۇرۇق خورما بەدىلىگە ئېگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىگەندە بۇ جازانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ.

نۇرغۇنلىغان ئۆلىمالار ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەگە يان بېسىپ مۇنداق دېيىشىدۇ: ”ئەگەر ھەدىس رەسۇلۇللاھتىن بىۋاستە رىۋايەت قىلىغان بولسا، دەرھال قوبۇل قىلدۇق، ساھابىلاردىن رىۋايەت قىلىنغان بولسا، تاللىدۇق، تابىئىنلاردىن رىۋايەت قىلىنغان بولسا، تالاش ـ تارتىش قىلدۇق“.

بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ شاگىرتى زەفەر مۇنداق دەيدۇ: ”سىلەر ئەكسىيەتچىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئانچە قۇلاپ سېلىپ كەتمەڭلار! چۈنكى ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ۋە ھەمراھلىرىمىز، قانداقلا بىر سۆز سۆزلىمىسۇن، ئالدى بىلەن قۇرئان، ھەدىس ۋە ساھابىلارنىڭ سۆزلىرىگە ئاندىن قىياسقا ئاساسلانغاندۇر“.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ ئەڭ يېقىن سەپدىشى ئەبۇ يۈسۈف مۇنداق دەيدۇ: ”ھەدىس ۋە فىقھى جەھەتتە ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەدىنمۇ ئالىمراق بىر ھېكىمنى كۆرۈپ باقمىدىم، ئۇ سەھى ھەدىسقا مەندىنمۇ بەكرەك ئالىم ئىدى“.

ئىبنى خەلدۇن دۇنداق دەيدۇ: ”ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلىشقا بولغان تەلەپچانلىقىدىن، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە توغرۇلۇق رىۋايەتلەرنىڭ ناھايىتى ئاز بولۇشى، ئۇنىڭ ھېچقاچان ھەدىس رىۋايەت قىلىشنى تەرك ئەتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەكسىچە ھەدىس ئىلمىدە مەشھۇر مۇجتەھىد ئىكەنلىكىنى، مەزھىبىنىڭمۇ ھەدىسنى قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىشتا سۈننەتكە ئاساسلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەگە بولغان ئىجابى قارىشى بۇنىڭ ئۇيئۇچۇق نامايەندىسىدۇر، ئىشنىڭ تېگى تەكتىگە پەقەت يەككە ـ يېگانە ئاللاھ ئالىمدۇر“.

ئىبنى ئابدۇلبەرنىڭ ئەسلىمىسىگە كۆرە، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەدىن:

— ئېھرام قىلغۇچى پۇركەنجە تاپالمىسا ئىشتان كىيىسىمۇ بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟ دەپ سورالغاندۇ:

— ياق، پۇركەنجە، دېگەن. پۇركەنچىسى بولمىسچۇ؟ دەپ سورالغاندا:

— ئىشتىنىنى سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا پۇركەنجە سېتىۋالىدۇ، دېگەن. ئۇنىڭغا:

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز نۇتقىدا: ”ئېھرام قىلغۇچىلار پۇركەنجە تاپالمىسا، ئىشتان كىيىسىمۇ بولىدۇ“ دېگەنكەنغۇ؟ دېيىلگەندە:

— رەسۇلۇللاھنىڭ بۇنداق پەتىۋا بەرگەنلىكى مېنىڭ نەزىرىمدە ئىسپاتلانغىنى يوق، بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئىسپاتلانغىنى پەقەت رەسۇلۇللاھنىڭ:

— ئىشتان كىيمەيدۇ، دېگەن سۆزىدۇر. شۇڭا بىز مۇشۇنىڭغا ئەمەل قىلىمىز. ئۇنىڭغا يەنە:

— سەن رەسۇلۇللاھقا قارشى چىقماقچىمۇ؟ دېيىلگەندە:

— ئىپتىخارىمىز ۋە نىجاتچىمىز سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزگە قارشى چىققۇچىلارغا ئاللاھ لەنەت قىلسۇن! دېگەن.

## فىقھىسىنىڭ تەسىرى ۋە مەزھىبىنىڭ تارقىلىشى

ھىجرىيە 1321 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ ھەيدەرئابادda نەشر قىلىنغان، ”ئىمامى ئەزەمنىڭ“ دەپ قارالغان 60000 دىن كۆپرەك پەتىۋانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ”بۈيۈك فىقھى“ ناملىق ئەسەر، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە مەزھىبىدىكىلەرنى ئەقىدە جەھەتتىن بىرلەشتۈرگەن ئىدى. ھالبۇكى بۇ ئەسەردە ئەھلى سۈننىنىڭ ئەقىدىسى ھەققىدە پەقەت بىر قانچە بەتتىلا توختالغان بولۇپ، بۇ ئەشەرنىڭ ھەققەتەن ئىمامى ئەزەمنىڭ ئىكەنلىكى ھازىرغىچە ئىسپاتلانمىغان.

ئىبنى ھەجەر ئەلئەسقەلانى ”تۆت ئىمامنىڭ ساۋابقا ھېرىسمەنلىكى“ ناملىق ئەسىرىدە ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ ھەدىس ھەققىدىكى يازمىلىرى ھەقىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ ھەدىس ھەققىدىكى يازمىلىرى توپلىنىپ رەتلەپ چىقىلمىغان، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى يازمىلىرى پەقەت مۇھەممەد ئىبنى ھەسەننىڭ رىۋايەتلىرى ۋە مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن بىلەن ئەبۇ يۈسۈفنىڭ ئەسەرلىرىدىلا ساقلىنىپ قالغان“.

www.uyghurweb.net

”سىرلارنىڭ ئاچقۇچى“ ناملىق ئەسەردە ئىمامى ئەزەمنىڭ مەزكۇر يازمىلىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر تىلغا ئېلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ بۇ يازمىلىرى، ھىجرىيىنىڭ 1326 - يىلى مىسىردا نەشىر قىلىنغان، ئەبۇل مۇئەييەد مۇھەممەد ئىبنى مەھمۇد خەۋارىزمىي (؟ — 165— يىللىرى ھ) نىڭ ئەسىرىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ئەسەردە بايان قىلىنىشىچە، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە پەقەت 17 يەتتە ھەدىسنىلا قوبۇل قىلغان.

شۇنىسى ئېنىقكى ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە فىقھى جەھەتتە ناھايىتى زور تەسىر قوزغىغان، ھەتتا ئىمام شافىئىي بۇ ھەقتە توختىلىپ: ”پۈتكۈل ئىنسانلار ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ فىقھىسىغا موھتاج“.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ فىقھىسىنىڭ تەسىرىدە ئىككى كىشى ئەڭ مەشھۇر ئۆلىمالاردىن بولۇپ قالغان:

قازىلارنىڭ قازىسى ئەبۇ يۈسۈف ۋە مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانى. بۇ ئىككەيلەننىڭ ھەنەفى مەزھىبىنى تارقىتىش ۋە قانات يايدۇرۇش جەھەتتىكى تۆھپىلىرى ناھايىتى زور. مەسىلەن:

ئەبۇ يۈسۈف ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ سۆزلىرىنى تۆۋەندىكى تېمىلارغا ئايرىپ، رەتلەپ كىتابلاشتۇرغان:

1- ئىمامى ئەزەمنىڭ ھەدىس ھەققىدىكى بايانلىرى ۋە ئەبۇ يۈسۈفنىڭ ئىلاۋىسى.
2- خەراج.
3- ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە بىلەن ئىبنى ئەبۇ لەيلا ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ.

خەتىب باغداتىغا كۆرە، ئەبۇ يۈسۈف ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ سەپدىشى، زامانىسىنىڭ ئەڭ فەقىھ ئۆلىماسى ۋە ھەنىيفە مەزھىبىنىڭ فىقھى ئاساسلىرى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئەسەر يېزىپ، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ئىلمىنىڭ يەر شارىغا تارقىلىشىدا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغان بىر ئالىجاناب ئىدى.

مۇھەممەد ئىبنى ھەسەننىڭ ئەسەرلىرىمۇ ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە مەزھىبىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ فۇقەھالارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ مۇھىم دەپ قارالغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

1- ”بۈيۈك قامۇس“.
2- ”كىچىك قامۇس“.
3- ”مەشھۇر تارىخ“.
4- ”تارىخ“.
5- ”ئىلاۋە“.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ ئەڭ مەشھۇر شاگىرتلىرىدىن بىرى زەفەر ئىبنى ھۇزەيل بولۇپ، ئۇ بۇرۇن ھەدىسشۇنالاردىن ئىدى، كېيىن ئۇ مۇتەپەككۇرلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ماھىر قىياسچىلاردىن بولۇپ قالغان.

ئىبنى خەلدۇن ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە مەزھىبىنىڭ تارقىلىشى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە مەزھىبىنى ھازىر ئىراق ئەھلى، ھىندىستان، جوڭگو، ماۋرائۇننەھر ۋە پۈتكۈل ئەجەم (چەتئەللىك) مۇسۇلمانلار قوبۇل قىلدى. ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە مەزھىبىنىڭ ئىراقتا نوپۇز تېپىپ، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ سىرداشلىرىنىڭ ئاباسىيە خەلىپىلىرى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشى نەتىجىسىدە، ھەنەفى مەزھىبى ھەققىدە كۆپلەپ ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى ۋە ھەنەفىلارنىڭ ئىمام شافىئىلار بىلەن قىزغىن بەس - مۇنازىرىگە چۈشتى. بۇ بەس - مۇنازىرە، يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن مەزھەبلەر بىلەن بۇ مەزھەبلەرنىڭ نەزىرىيىسى ھەققىدىكى مۇھاكىمىنى چۈزىرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلاتتى.

ھەنەفى مەزھىبىنى ئۆزلىرىنىڭ ئايرىلماس قانۇن دەستۇلاي قىلىۋالغان ئۇسمانلى ئىمپېراتۇرلۇقى، بۇ مەزھەبنى ئىسلام دىيارلىرىغا كەڭ تارقىتىپ، ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنى قانات يايدۇردى.

مىراس، مەدەنى ھوقۇق، ۋەسىيەت قاتارلىق شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئائىت مەسىلىلەردە باشقا مەزھەبلەرنىڭ پەتىۋالىرىنى قوبۇل قىلغان ھەنەفى مەزھىبى، نۆۋەتتە نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئۈزۈلمەكسىز داۋام قىلماقتا...

**ئىمام مالىك**

زامانى

www.uyghurweb.net

ئىمام مالىكنىڭ ياشىغان دەۋرىمۇ ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ياشىغان دەۋردىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. بىراق، ئۇ بەختكە يارىشا ئاباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ ئىززەت ـ ئىكرام قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ ئۇمەۋىيلار خەلىپىسى ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ دەۋرىدە يۇنياغا كېلىپ، ئاباسىيە خەلىپىسى رەشىدنىڭ دەۋرىدە ئالەمدىن ئۆتتى. ياشلىق دەۋرىدە ئۇمەۋى خەلىپىلىكى ۋە ئۇمەۋى خەلىپىلىكىنىڭ مۇەقەرر بولۇشى بىلەن ئاباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ قۇرۇلۇشىغا، ئىراقتىكى خرىستىئان دىنىغا كىرىپ كەتكەن ئىككى يېزىلمىچى ئۆلىمالارنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى، پارسىي، ھىندىي ۋە رىم مەدەنىيەتلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن ئاباسىيە مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە شاھىت بولدى.

ئۇمەۋىيلار دەۋرىدە ئىمام مالىكنىڭ ھاياتى ئالاھەزەل 40 يىل پىكىر تەپەككۇر قىلىش ۋە ئەقلىي جەھەتتىن ئۆزىنى يېتىلدۈرۈش بىلەن ئۆتتى. ئاباسىلار دەۋرىگە كەلگەندە ئىلمىي جەھەتتىن كامالىغا يېتىپ، سەپداشلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشقا ۋە شاگىرت يېتىشتۈرۈشكە باشلىدى.

ئۇمەۋىيلار دەۋرىدە پىتنىنىڭ ئۇرۇغى قۇرۇتۇلۇپ، مۇقىملىق ساقلانغان بولسىمۇ، ئىمام مالىك بۇ پىتنىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا يەنىلا ئۆزىنىڭ جاۋابكارلىقى بار دەپ قارايتتى ؛ ئۇ، خاۋارىجلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئەبۇ ھەمزە دېگەن كىشىنىڭ باشلامچىقىدا شەھەرگە بېسىپ كىرىپ، ھەممە ياقتا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، خەلقنىڭ بەختەرلىكىگە ئېغىر زىيان يەزكۈزگەنلىكى، ھەتتا قاچقان ئىنسانلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشتەك قىلمىشلىرىنى كۆرگەندە، ھاكىملارغا قارشى بۇ ئىسيانغا ھېسداشلىق قىلغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ ئۆز ـ ئۆزىگە كايىدى. شۇڭا ئۇ خەلقنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھاكىملارنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى نونۇپ يېتىپ، مۇقىملىق ۋە خەلقنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش مەقسىتىدە ئۇمەۋىيلارنىڭ بەزى ئىجرائاتلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارغا قارشى چىققان بىر قىسىم ئۆلىمالارنىڭ دەل ئەكسىچە ئۇلارنىڭ يېنىدا يەر ئالدى.

ئاباسىلار دەۋرىگە كەلگەندە، ئىمام مالىك دەسلەپتە ئاباسىيە ھاكىمىيىتىنىڭ قانلىق ھادىسىلەردىن خالىي ئەمەسلىكىدىن نارازى بولۇپ ئاباسىلاردىن ئۆزىنى قاچۇرغان بولسىمۇ، كېيىنچە جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقى ئەسلىگە كېلىپ، ئاباسىلار ئۆلىمالارغا كەڭ قۇچاق ئاچقاندىن كېيىن، نەسھەتچى سۈپىتىدە ئاباسىلار بىلەن ياراشقان.

ھەممىگە مەلۇمكى بۇ چاغدا ئىسلام دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسى غەربتە ئەندەلوستىن شەرقتە پاكىستانىنىڭ سەند رايۇنىغىچە كېڭىيىپ، ئىلمىي ۋە تىجارىي ھەرىكەتلەر جانلىنىپ، دېھقانچىلىق ۋە سانائەت ئىنتايىن گۈللەنگەن ئىدى. بۇ شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا فىقھى ئىلمىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىپ، فىقھىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشىگە يول ئاچقان. خىلمۇ ـ خىل ئىرققا مەنسۇپ ئېسىل مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرى ئىسلام مەدەنىيىتىگە سىڭىپ كىرىشى بىلەن ھەر خىل ھادىسىلەر ۋە ئوخشىمىغان مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىققان، ئۆلىمالار بولسا ھەر بىر مەسىلىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىپ ئەڭ توغرا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن پۈتۈن زېھنى كۈچىنى سەرپ قىلغان.

روشەنكى ئىمام مالىك زامان زامان مەدىنە مەسچىتىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مۇسۇلمان ئۈممەتلىرىگە كەڭ قۇچاق ئاچقان ھىجرەت دىيارى مەدىنىدە ئىستىقامەت قىلاتتى.

بۇ دەۋردە يەنە، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە دەۋرى ھەققىدە تەپسىلى توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنىشى بىلەن يۇنان، پارسىي ۋە ھىندىي پەلسەپىلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا سىڭىپ كىرىشى بىلەن ئوخشىمىغان ئېتىقاد، زىندىيەتلىك كۆز قاراشلارنى چۆرىدىگەن ھالدا ـ تالاشىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان، بۇ ئىراقتا ياشىغان ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن. بىراق ئىمام مالىك بۇ خىل زىندىيە تىلىك پىكىرلەردىن خالىي بولغان مەدىنىدە ياشىغان بولغاچقا، بۇلار ئىمام مالىكقا قۇرئان ۋە سۈننەتتە كامالىغا يەتكەن بولۇشىغا قارىماي سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەن.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، مەدىنىدە يەتتە فۇقەھانىڭ مەدرىسىسىدىن ئىبارەت مەشھۇر تۇنجى فىقھى مەدرىسىسى تەسىس قىلىنغان، ئىمام مالىك بۇ مەدرىسىدە يېتىشىپ چىققان ئۆلىمالاردا ئوقۇغان بولۇپ، بۇ ئۆلىمالار رىۋايەتلەرگە تولىمۇ دىققەت قىلىپ، مەجبۇر قالمىغۇچە پىتنە ـ پاساتقا سەۋەبچى بولىدىغان رىۋايەتلەرنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايتتى. بۇنىڭ دەل ئەكسىچە ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ ئۇستازلىرىدىن بولغان ئىراقتىكى مۇتەپەككۇرلار مەدرىسىسىنىڭ شەيخلىرى مەسىلىلەرگە

www.uyghurweb.net

قارىتا پاكىتقا ئاساسەن ئەمەس، قىياسقا ئاساسەن ئۆز مەيلىچە ھۆكۈم قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئىمام مالىك ئۇلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ سەپدىشى ئىككىنچى مۇھەممەدنىڭ سەۋرىدىن قوبۇل قىلغان ھەدىسنى ئىمام مالىك 3 يىل بويىچە قوبۇل قىلغان. ئەسلىدە ئىمام مالىك، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ ھەر خىل مەسىلىلەر ھەققىدىكى كۆز ـ قاراشلىرىنىڭ تونۇلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.

ئىمام مالىك، مۇسۇلمانلارنىڭ زېھنىنى داۋالغۇتۇپ، دىنىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىش بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان شىئەلەر، خاۋارىجلار، قەدەرىيەلەر، جەھەمىيەلەر ۋە مۇرجىئەلەرنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى ئارىسىدا ئېغىپ كېتىشتىن ئۆزىنى ساقلاپ قالالىغان.

**تەرجىمىھالى:** (93 - 178 - يىللىرى ھ)

ئىمام مالىكنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى توغرۇلۇق ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بىر بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ، ئەڭ ئىشەنچىلىك دەپ قارالغىنى؛ رەسۇلۇللاھ ، ساھابىلار ۋە تابىئىنلارنىڭ تەۋەرۈكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىپتىخارى ۋە ئىلىم ـ مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكى مەدىنىدە ھىجرىيىنىڭ 93 ـ يىلى دۇنياغا كۆز ئاچقان. شۇڭا مەدىنە ئىمام مالىكقا نىسبەتەن ئىنتايىن ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك ماكاندۇر. بۇنى ئۇنىڭ فىقھىسىدىن روشەن ھالدا كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

تولۇق ئىسمى: ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس ئىبنى ئىمام مالىك ئىبنى ئەبۇ ئامىر ئەلئىسبەھىي بولۇپ، ئەرەب ئەسلىلىك يەمەننىڭ زۇ ئەسبەھ قەبىلىسىدىن. مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق "تارىخ" ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىشىچە، ئىمام مالىكنىڭ بەنى تەمىم قەبىلىسى بىلەن قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئىمام مالىكنىڭ بوۋىسى بىلەن ئابدۇراھمان ئىبنى ئوسمان ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى تەمىم ئوتتۇرىدا يوستلۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئىمام مالىكنىڭ دادىسىنىڭ بوۋىسى ئەبۇ ئامىر رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدا بەدر غازاتىدىن كېيىن مەدىنىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنىڭ مەشھۇر ساھابىلىرىدىن بولۇپ قالغان. ئۇ مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ بەنى تەمىم قەبىلىسى بىلەن قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويماستىن تېخىمۇ چىڭىتقان. ئەڭ ئىشەنچىلىك رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ئەبۇ ئامىرنىڭ ئوغلى لەقىمى "ئەبۇ ئەنەس" ئىمام مالىك پىشقەدەم تابىئىنلاردىن ئىدى.

ئىمام مالىكنىڭ ئۆسمۈرلۈك ھاياتى، ئىلىم ۋە ھىجرەت دىيارى، سۈننەتنىڭ مەنبەسى، ئۆلىمالارنىڭ پاناھگاھى ۋە تاللانغان پەيتۋالار ماكانى مەدىنىدە ۋە مەرىپەتلىك بىر ئائىلىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆتتى. ئۇ كىچىك تۇرۇپلا قۇرئاننى يادلاپ بولغاندىن كېيىن ھەدىس يادلاشقا كىرىشتى، ئۆلىمالارنىڭ سۆھبەتلىرىگە قاتنىشىپ، شۇ دەۋرىدىكى مەشھۇر ئۆلىما "ئابدۇراھمان ئىبنى ھەرمەزە" نى ئۇستاز تۇتتى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە ئىمام مالىك: "يېشى ئىبنى شىھاب بىلەن تەڭ بىر قېرىندىشىم بار ئىدى، بىر كۈنى دادام بىزدىن بىر سوئال سورىغانتى، قېرىندىشىم توغرا جاۋاب بېرەلىدى، مەن خاتا جاۋاب بەردىم، بۇ چاغدا دادام ماڭا:

— ئىلىم تەلەپ قىل! دىسە كەپتەر ئوينىغان ئوخشىمامسەن؟ دەپ قاتتىق كايىغاندا، خىجالەتتىن يەرگە كىرىپ كېتەيلا دەپ قالغان ئىدىم، 7 يېشىمدا ئىبنى ھەرمەزەگە شاگىرتلىققا كىرىپ، ئۇنىڭدىن ھېچ ئايرىلمىدىم، مەن يېڭىمگە گۈرۈق خورما سېلىۋېلىپ، كىچىپ باللارغا تاقىتىپ بېرىپ: "شەيخنى بىرەرسى ئىزدەپ كېلىپ قالسا ئىشى بار" دەپ قويۇڭلار! دەيتتىم".

بىر كۈنى ئىبنى ھەرمەزە خىزمەتچى ئايالغا:

— ئىشىكنى بىرسى چېكىۋاتىدۇ، چىقىپ قاراپ باق! كىمكەن؟ دېگەندە، ئىمام مالىكنى كۆرۈپ قايتىپ كىرىپ:

— يەنە شۇ ھېلىقى سېرىق ئىكەن، دەيدۇ، ئىبنى ھەرمەزە:

— مەيلى، ئالىم دېگەن ئەنە شۇنداق بولىدۇ، دەيدۇ.

دېمەك، ئىبنى ھەرمەزە ئىمام مالىكنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا مول بىلىمگە ئېرىشىشىگە ناھايىتى زور تەسىر ارسەتكەن ۋە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇندىن كېيىن ئىمام مالىك ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئازادگەردىسى نافىئنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگەنگەن.

www.uyghurweb.net

ئىمام مالىك ئىلىمدە مەلۇم سەۋىيەگە يەتكەندىن كېيىنمۇ قىلچە توختاپ قالماي، ئىبنى شىھابتىن ھەدىس، مەشھۇر ئۆلىما رەبىئە ئىبنى ئابدۇراھماندىن فىقھى ھەققىدە تەلىم ئالغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: ”زۆھرى بىزنىڭكىگە قەدەم تەشرىپ قىلغاندا رەبىئە بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭ يېنىغا كىردۇق، زۆھرە بىزگە 40 نەچچە ھەدىس تەلىم بەردى، ئەرتىسى كەلىنىمىزدە:

— مەن سىلەرگە يەنە ھەدىس سۆزلەپ بەرگىچە سىلەر كىتىپىڭلارغا ئۇبدا قارىۋېلىڭلار! قېنى مەن سىلەرگە تۈنۈگۈن ئېيتىپ بەرگەن ھەدىسنى ماڭا سۆزلەپ بېرىڭلار! دېۋىدى، رەبىئە:

— تۈنۈگۈن ئىزلەپ بەرگەن ھەدىسلەرنى ساڭا ئېيتىپ بېرەلەيدىغان بىرسى بار، دېدى، زۆھرە:

— ئۇ كىم؟ دېۋىدى، رەبىئە:

— ئەبۇ ئامىرنىڭ ئوغلى، دېۋىدى، زۆھرە:

— قېنى ئەمىسە! ئېيتىپ بەر! دېۋىدى، مەن 40 ھەدىسنى ئېيتىپ بەردىم، بۇ چاغدا زۆھرى:

— ئەسلىدە مەن بۇ ھەدىسلارنى مەندىن باشقا ھېچكىم يادلىماس، دەپ قارايتتىم، دېدى“.

ئىمام مالىك يەنە مەشھۇر يەتتە فۇقەھادا ئوقۇغان، مەدىنىنىڭ قازىسى بەنى نەججار قەبىلىسىدىن يەھيا ئىبنى سەئىد ئەلئەنسارىدىنمۇ تەلىم ئالغان.

ئىمام مالىك قۇرئان، ھەدىس، فىقھى قاتارلىق دەرسلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن پەيغەمبەر مەسچىتىنى ئۆزىگە مەجلىسخانا قىلىپ، بۇ يەردەئوقۇغۇچىلارغا فىقھى ۋە پەتىۋا ھەققىدە دەرس بەردى، بۇ مەجلىسخانا ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن دانىشمەنلەر يىغىلغان جاي ئىدى. ھالبۇكى ئىمام مالىك شۇ چاغدا ئارانلا 17 ياشتا ئىدى. بەزى رىۋايەتلەرگە كۆرە ئىمام مالىك پەقەت پىشقەدەم ئۇستازلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئالمىغۇچە پەتىۋا بەرمەيتتى. يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىمام مالىكنىڭ ئىبنى ھەرمەزەنى ئۇستاز تۇتۇشى، ئۇنىڭ 17 يېشىدا ئەمەس ئۆسمۈرلۈك چېغىدىلا پەتىۋا بېرىشكە باشلىغانلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر. لېكىن بىز ئۇنىڭ زادى قانچە يېشىدىن باشلاپلا پەتىۋا بېرىشكە باشلىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيمىز.

ئىمام مالىك يەككە يېگانە ۋە زاھىتلارچە تۇرمۇش كەچۈرەتتى، بەزى رىۋايەتلەرگە كۆرە قېرىندىشى نەزەر قۇرۇقلۇقتا تىجارەت قىلىدىغان سودىگەر بولۇپ، بەلكىم ئىمام مالىك قېرىندىشى بىلەن بىللە تىجارەت قىلغان بولۇشىمۇ مۇكىن. ئۇنداق بولغىنىدا ئۇنىڭ ھاياتى بەزىدە ئىلىمدىن خالىي ئىدى، دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىمام مالىك دەرسكە كەلگەندە ئىنتايىن ئەستايىدىل ۋە جىددى بولۇپ، پايدىسىز گەپ ـ سۆزلەردىن خالىي ئىدى.

بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ مەندىكى ھەققى، ئەستايىدىل، جىددى ۋە ئۇلارنىڭ قىممەتلىك ۋاقتلىرىنى قەدىرلىشىمدىن ئىبارەتتۇر“. ”قاقاقلاپ كۈلمەستىن تەبەسسۇم قىلىش، ئۆلىمالارنىڭ ئەخلاقىنىڭ جۈملىسىدىندۇر“.

ۋاقىدى ئىمام مالىكنى دەرسخانىسى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئىمام مالىكنىڭ مەجلىسى ئىلىمغا ئىنتايىن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان ۋە جەلب قىلارلىق بىر ماكان بولۇپ، شاۋقۇن ـ سۆرەنلەردىن خالىي ئىدى، ئۆزى بولسا تولىمۇ ئېسىل ۋە مول بىلىملىك بىر ئۆلىما ئىدى، مەسىلە سورىغان كىشىگە: ”بۇ كىشى قەيەرلىك“ دېمەستىن جاۋاب بېرەتتى، شۇ چاغلاردا ھەر قايسى ئەللەردىن پەيغەمبەر مەسچىتىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئۆمەكلەر ئىمام مالىكتىن پەتىۋا سورايتتى، ئۇلار ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ بولغانلىقتىن، پەتىۋا سورىغۇچىلارنى ئىمام مالىك نۆۋەت بىلەن قوبۇل قىلاتتى.

ئۆلىمالارنىڭ بىردەك قارىشىچە ئىمام مالىك ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان ھەدىسشۇناس بولۇپ، ئۇنىڭ رىۋايەتلىرى ئىشەنچلىكتۇر. بەزى ئۆلىمالار: ئىمام مالىكنىڭ رىۋايىتى، نافىئ بىلەن ئىبنى ئۆمەرنىڭ ھەدىسلىرىدىكى يىپ ئۇچىغا ئاساسلانغان دېسە، بەزىلەر: ئىمام مالىك، زۆھرى، سالىم ۋە ئىبنى ئۆمەرنىڭ ھەدىسلىرىدىكى يىپ ئۇچىغا ئاساسلانغان دەيدۇ، يەنە بەزىلەر: ئەبۇ زەناد، ئەئرەج ۋە ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ ھەدىسلىرىدىكى يىپ ئۇچىغا ئاساسلانغان دەيدۇ.

www.uyghurweb.net



مۇئەررىخلەر ئىمام مالىكنىڭ كۆپ ئەزىيەت تارتقانلىقىنى، ھەتتا ھىجرىيىنىڭ 147 - يىلى قولى ئارقىسىدىن باغلىنىپ، ئېسقىلىق ھالىتىدا قاتتىق ئۇرۇلغانلىقىنى بايان قىلىشىدۇ.

ئىشەنچىلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئىمام مالىكنى ئەزىيەت تارتىشقا: "خۇدىنى يوقاتقان كىشىنىڭ ئاچچىقلىنىپ تۇرۇپ قىلغان تالىقى ئېتىبارسىز" دېگەن ھەدىسنى بايان قىلىشى سەۋەب بولغان. شۇ چاغدا مەدىنىدە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھەسەن دېگەن كىشى باشلىق بىر تۈركۈم كىشىلەر بۇ ھەدىسنى سۇيىئىستېمال قىلىپ ئاباسىلار ۋە ھاكىملىرىغا قارشى ئىسيان كۆتەنۈرگەن ئىدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن مەدىنە ۋالىيسى جەفەر ئىبنى سۇلايمان ئىمام مالىكتىن بۇ ھەدىسنى بايان قىلماسلىق ۋە "بۇ ھەدىس ھەققىدە تولۇق مەلۇماتىم بولمىغانلىقتىن دەپ ساپتىمە ن" دەپ ئەپۇ سوراشنى تەلەپ قىلغاندا ئىمام مالىك رەت قىلغانلىقتىن جەفەر ئۇنى ئۇرغۇزۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالغان.

دېمەك، ئىمام مالىكنىڭ ئىلىم جەھەتتىكى يەزىلىتىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. بۇ ھەقتە ئابدۇراھمان ئىبنى مەھدىي مۇنداق دەيدۇ: "كۇفەدە سوفيان ئەسسەۋرى، ھىجازدا ئىمام مالىك، شامدا ئەۋزائىي ۋە بەسرەدە ھەماد ئىبنى زەيدىدىن ئىبارەت ئەگىشىشكە تېگىشلىك 4 مەشھۇر مۇھەددىس بار". ئۇ يەنە سەۋرى، ئەۋزائىي ۋە ئىمام مالىكنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ: "سەۋرى ھەدىسشۇناس بولۇپ، سۈننەتكە ئالىم ئەمەستى، ئەۋزائىي سۈننەتكە ئالىم ھەدىسشۇناس ئەمەستى، ئىمام مالىك بولسا ھەم ھەدىسشۇناس ھەمدە سۈننەتكە ئالىم ئىدى، بۇندىن باشقا ئىمام مالىك لەيس ئىبنى سەئدكە ئوخشاش مەشھۇر ئۆلىمالار بىلەن بەسلىشەتتى".

بىر قىسىم ئۆلىمالار تىرمىزىنىڭ: "ئىنسانلارنىڭ ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىشىغا ئاز قالدى، بۇ چاغدا ئىنسانلار مەدىنە ئۆلىماسىدىنمۇ ئالىمراق بىرىنى تاپالمايدۇ" دېگەن ھەدىسىدە رەسۇلۇللاھنىڭ خوش خەۋەر بەرگەن كىشى دەل ئىمام مالىكتۇر، دېيىشىدۇ.

ئابدۇررەززاق ۋە ئىبنى جۇرەيجمۇ بۇ ھەدىستا كۆزدە تۇتۇلغىنى دەل ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەستۇر دەيدۇ، بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىمۇ دەل ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەسنى كارسىتىدۇ. دەۋرەقە ئىمام مالىك ئىلىم تەلەب قىلىش ئۈچۈن باشقا ئۆلىمالارغا ئوخشاش سەپەرگە ئاتلىنىپ باقمىغان. بەلكىم بۇ ئىمام مالىكنىڭ: "ئىلىمنى يەقەت مەدىنە ئەھلىنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ئۆگىنىش كېرەك" دېگەن ئېتىقادىنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك.

## ئىمام مالىكنىڭ لەيس ئىبنى سەئدقا مەكتۇب يوللىشى

"ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەستىن لەيس ئىبنى سەئدىغا؛ ساڭا ئاللاھ دىن سالامەتلىك ۋە ئامانلىق تىلەيمەن، يەنە يەككە - يېگانە پەرۋەردىگارىمىزغا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن بىرگە ساڭا مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلىشنى تىلەنىمەن.

مەقسەت، ئاللاھ ھەممىمىزنى ئاشكارا - يوشۇرۇن ۋە چوڭ - كىچىك بارلىق ئىشلاردا ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشنى ئەھدە قىلدى.

مەلۇم بولۇشچە بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان مەسىلىلەردە سەن ئىنسانلارغا بىزدىن پەرقلىق ھالدا پەتىۋا بېرىۋېتىپسەن! ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن! ھەقىقەتەن سەن ئۆز ئېلىڭدە نوپۇزلۇق، يەزىلەتلىك ۋە ئابرويلۇق ئۆلىمادۇرسەن، سەن قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭغا قارىتا تولىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، پەتىۋالىرىڭنىڭ دەلىللەرگە ئۇيغۇن بولۇشىغا تىرىشىۋېتىپسەن ۋە تۇتقان يولۇڭنىڭ كىشىلەرگە نىجاتلىق ئېلىپ كېلىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىدىكەنسەن. بۇ ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىگە تامامەن ئۇيغۇندۇر:

﴿ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار) دىن ئاللاھ رازى بولدى﴾[1].

---

[1] سۈرە تەۋبە 100 - ئايەت.

www.uyghurweb.net

﴿سۆزگە قۇلاق سېلىپ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغانلارغا (يەنى تەقۋادار بەندىلىرىمگە) خۇش خەۋەر بەرگىن﴾[1].

شۈبھىسىزكى ئىنسانلار مەدىنە ئەھلى (نىڭ ئۆلىمالىرى ) گە ئەگىشىدۇ، چۈنكى مەدىنە ھىجرەت دىيارى بولۇپ، قۇرئان مەدىنىدە نازىل قىلىنىپ، ھالال ـ ھارام مەسىلىلىرىمۇ مەدىنىدە قانۇنلاشتۇرۇلغان. بۇنىدىن باشقا مەدىنە ئەھلى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىڭ جانلىق شاھىتلىرى بولۇپ، بۇ ۋەھيىگە ئاساسەن ئۇلار رەسۇلۇللاھقا باشتىن ـ ئاخىر ساداقەت بىلەن ئىتائەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا قىبىلنامە قىلىۋالغان ئىدى. ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزگە ئامانلىق، رەھمەت ۋە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن!

رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ئۇدا بۇ ئۈممەتنىڭ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان ئۆلىمالار، دانىشمەن قارىلىقلار ئۈزلۈكسىز بىر بىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ كەلدى. دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزلىرى ھەل قىلىشقا تىرىشتى، بۇنىڭغا قادىر بولالمىسا ئىجتىھاد قىلدى ياكى بۇ ھەقتە بىلىمى مول كىشىلەردىن سوراپ دەلىل ئىسپاتلارغا ئۇيغۇن كەلگەنلىرىنى قوبۇل قىلدى، ھەتتا بىرەرسى: "بۇنىدىن باشقا دەلىل ناھايىتى كۈچلۈك ۋە ئەۋزەل" دېسە، ئۆزلىرىنىڭكىنى قويۇپ، باشقىلارنىڭ دەلىللىرىگە ئاساسلاندى.

تابىئىنلار دەۋرىدىمۇ بۇ ئەينەن داۋام قىلدى، چۈنكى مەدىنە شۇنىڭغا مۇناسىب ئورۇن ئىدى. مەن مەدىنىدە بۇنىڭغا زىت ئىش قىلغان بىرەرسىنىڭ بولغانلىقىنى بىلمەيمەن. ناۋادا ھەرقايسى شەھەرلەردىكى خەلق: "بۇ بۇرۇنقىلارنىڭ ماڭغان يولى ئىكەن، شۇڭا بۇنى ئېتىبارغا ئېلىشقا بولمايدۇ" دېگەن تەقدىردىمۇ، بۇنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ.

ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن! يازغانلىرىمنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرگەيسەن! شۇنى بىلگىنكى! مېنىڭ بۇ خەتنى يېزىشتىكى مۇددىئايىم پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا خالىس نەسىھەت قىلىپ، قېرىنداشلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت، خالاس. خېتىمنى ئوقۇپ چىققىنىڭدا ساڭا نەسىھەت قىلغۇدەك سالاھىيەتكە ئىگە ئەمەسلىكىمنى بىلەلەيسەن. ئاللاھ بارلىق ئىشلىرىڭدا ئاللاھ ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن! ئاخىرىدا ساڭا ئاللاھ دىن سالامەتلىك ۋە رەھمەت تىلەيمەن".

## "مۇۋەتتە" ناملىق ئەسىرى

"مۇۋەتتە" ئىمام مالىكنىڭ تۇنجى ئەسىرى شۇنداقلا ئىسلام دىنىدىكى بولۇپمۇ فىقھى ۋە ھەدىس ھەققىدە يېزىلغان ۋە ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد داۋاملاشقان تۇنجى ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ھەقتە قازى ئىياز مۇنداق دەيدۇ: ئىمام مالىك "مۇۋەتتە" دىن باشقا تۈرلۈك ساھەلەردە نۇرغۇن ئەسەر يازغان بولسىمۇ، باشقىلىرى "مۇۋەتتە" دەك مەشھۇر ئەمەس. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ مەشھۇرراقى ئىبنى ۋەھەبكە يازغان قەدەر ۋە قەدەرىيلەرگە رەددىيە بېرىلگەن رىسالىسى، ھارۇن رەشىدقا ئەدەب ـ ئەخلاق ۋە ۋەز ـ نەسىھەت ھەققىدە يازغان رىسالىسى (بۇ ئۆلىمالار تەرىپىدىنمۇ تەستىقلانغان ۋە "مۇۋەتتە" ناملىق ئەسىرىدىمۇ بۇ ھەلار يەر ئالغان بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ كەڭ تارقىلىپ مەشھۇر بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان)، ئاستىرونومىيە ۋە "قۇرئاندىكى مۆجىزىلەر ھەققىدە چۈشەنچە" قاتارلىق ئەسەرلىرىدۇر.

ئىمام مالىك "مۇۋەتتە" ناملىق ئەسىرىدە مۇھەممەد ئىبنى ھەسەندىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "يەھيا ئىبنى سەئىددىن خەۋەر تېپىشىمىزچە، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئەبۇ بەكرى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەمرو ئىبنى ھەزمگە يازغان خېتىدە، مېنىڭ "ئۆلىمالارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە ئەگىشىپ ئىلمىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى" ھەققىدىكى ھەدىسقا مۇناسىۋەتلىك يازمىلىرىمنى تەكرار كۆزدىن كەچۈرۈشۈمنى ئۆتۈنگەن".

بىراق، ئەجداتتىن ئەۋلادقا تەۋەرۈك بولۇپ قالغىنى "مەۋەتتە" دۇر.

تارىخشۇناسلارغا كۆرە، ئىمام مالىك "مۇۋەتتە" ناملىق ئەسىرىنى ئەبۇ جەفەر مەنسۇرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن رەتلەپ چىققان بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا جەفەر:

---

[1] سۈرە زۇمەر 17 – 18 - ئايەتلەر.

www.uyghurweb.net

— ئى ئەبۇ ئابدۇللاھ! بۇ ئىلمىي ئەسەرلەرنى توپلاپ رەتلەپ چىقىشىڭنى ئەمىر قىلىمەن، دېگەندە ئىمام مالىك:

— رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى ھەر قايسى جايلارغا تارقىلىپ، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردا كۆرگەنلىرىگە ئاساسەن پەتۋا بەرگەن. ھالبۇكى مەدىنە، مەككە ۋە ئىراق ئەھلىنىڭ سۆزلىرى بىر ـ بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ، ھەممىسى ئۆز پىكرىنى ئېنىقمىنى تەرەققى قىلدۇرغان. ئىراق ئەھلىگە قارىتا ياخشى ياكى يامان دېيەلمىسەممۇ، ئىراق شۇنى كېسىپ ئېيتالايمەنكى ھەقىقى بىلىم يۇرتى مەدىنىدۇر. ئىراق، ئىراقلىقلار بىزنىڭ ئىلمىمىزدىن رازى ئەمەس، دېگەن. جەفەر بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى قاتتىق جازالىغان.

جەفەرنىڭ ئىمام مالىكتىن بۇنى تەلەپ قىلىشتىكى مەقسىتى، ھەرقايسى جايلاردىكى پىكىر ئىختىلاپلىرىنى تۈگىتىپ، پۈتكۈل ئەللەرنى بىرلىككە كەلگەن بىر قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ئىدى. ئىراق ”مۇۋەتتە“ ناملىق ئەسەرنى رەتلەپ چىقىش ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئالغاچقا، ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا بۇ ئەسەر مەنسۇرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھىجرىيىنىڭ 159 ـ يىلى تاماملانغان. بۇ مەسىلىگە قارىتا مەھدىنىڭ پوزىتسىيىسىمۇ دادىسىنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى. جۈملىدىن رەشىدنىڭمۇ ھەم شۇنداقتى. بىرلىككە كەلگەن بىر قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش مەقسىتىدە ”مۇۋەتتە“ ناملىق ئەسەر ھەر قايسى جايلارغا تارقىتىلدى. ئىراق، ئىمام مالىك ھەر قايسى جايلاردا ئۆلىمالارنىڭ بارلىقى ۋە شارائىتىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇنىڭغا قارشى تۇراتتى.

”مۇۋەتتە“ قۇرئان، ھەدىس، سۈننەت ۋە فىقھىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىمام مالىك بۇ ئەسەرنى يېزىشتا ئالدى بىلەن ئىمكانىيەتنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسقا، ئاندىن مەدىنە ئەھلىنىڭ ئىجرائاتلىرىغا، تابىئىنلار بىلەن فۇقەھالارنىڭ ۋە مەدىنىدىكى مەشھۇر ھېكمەلەرنىڭ قاراشلىرىقا ئاسالانغان ۋە مەسىلىلەرگە قارىتا بۇلاردىنمۇ ھۆكۈم چىقىرىش ئىمكانىيىتى بولمىسا ئۆزى بىلىدىغان ھەدىس، پەتۋا ۋە مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىجتىھاد قىلغان. بۇنى ”مۇۋەتتە“ دە روشەن ھالدا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

”مۇۋەتتە“ نى نۇرغۇن ئۆلىمالار رىۋايەت قىلدۇ. ھازىرمۇ ئىككى رىۋايەت داۋام قىلماقتا. بۇلارنىڭ بىرى ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ سەپدىشى مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شىيبانىنىڭ رىۋايىتى، يەنە بىرى ئىمام مالىكتا ئوقۇپ كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن ئەندەلۇسقا قايتىپ ئىمام مالىك مەزھىبىنى تارقاتقان ئىمام مالىكنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئەندەلۇسلۇق يەھيا ئىبنى يەھيا ئەللەيسى ئەلبەربەرى (؟ - 234 - يىللىرى ھ) نىڭ رىۋايىتىدۇر.

ھەدىس ۋە بابلاردا يەھيانىڭ رىۋايىتىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان مۇھەممەد ئىبنى ھەسەننىڭ رىۋايەتلىرى ھىندىستاندا، يەھيانىڭ رىۋايەتلىرى بولسا مىسىر ۋە مەغرىب دۆلەتلىرىدە كەڭ تارقالغان.

تەۋەرۈكى

ئىمام مالىكنىڭ مەسىلىلەرگە قارىتا بەرگەن جاۋابلىرى بىلەن پەتىۋالىرى شاگىرتلىرى تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان بولۇپ، بۇ يازمىلار ئادەتتە ئىمام مالىكنىڭ ”تەۋەرۈكى“ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تەۋەرۈكنى تۇنجى بولۇپ يازغان كىشى سەقلىيەنىڭ پەتھى قىلغۇچىسى ۋە قەيرىۋان قازىسى (؟ — 213— يىللىرى ھ) ئەسەد ئىبنى فىرات بولۇپ، بۇ كىشى ئىمام مالىكتىن ”مۇۋەتتە“ نى ئوقۇغان ئىدى. ئەسەد مەسىلىلەرگە قارىتا سوئال يامغۇرىغا تۇتۇلغاندا ئىراققا بېرىشقا تەۋسىيە قىلىنغان، ئۇ ئىراققا بېرىپ، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ سەپدىشى ۋە ئىراق فۇقەھاسى مۇھەممەد ئىبنى ھەسەننىڭ پەتىۋالىرىنى يېزىۋېلىپ مىسىرغا قاراپ قايتاشىدا ئىمام مالىكنىڭ سىردىشى ئابدۇراھمان ئىبنى قاسىمغا كۆرسەتكىنىدە ئۇ، بۇ پەتىۋالارنىڭمۇ دەل ئىمام مالىكنىڭ پەتىۋالىرى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقىغان ۋە بۇلارنى يېزىۋالغان، ئاندىن ئەنەس بۇ يازمىلارنى قەيرىۋانغا ئەكەلگەندە، سەھنۇن دېگەن كىشى يېزىۋېلىپ، ھىجرىيىنىڭ 188 ـ يىلى ئىبنى قاسىمغا كۆرسەتكىنىدە ئىبنى قاسىم بىر قانچە مەسىلىنى تۈزىتىپ بەرگەندىن كېيىن قەيرىۋانغا قايتىپ بۇ يازمىلارنى رەتلەپ چىقىشقا كىرىشكەن ۋە بەزى جايلاردا مۇتە ئىبنى ۋەھەب قاتارلىقلارنىڭ بىر قىسىم رىۋايەتلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ئېغىپ كەتكەن. ھالبۇكى سەھنۇن بۇنى رەتلەشنى تاماملىيالمىغان.

www.uyghurweb.net

”تەۋەرۇك“ ئىمام مالىكنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ نەزىرىدە ئەڭ مۇنەۋۋەر فىقھى ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر 36000 مەسىلە ۋە پەتىۋانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 8 توملۇق، 16 بابلىق بۇ ئەسەر ھىجرىيىنىڭ 1323 - يىلى مىسىرنىڭ ”سائادەت نەشرىياتى“ تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

قىسقىسى بۇ، قەيرىۋان قازىسى ۋە مەغرىب ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سەھنۇن لەقەملىك ئەبۇ سەئىد ئابدۇسالام ئىبنى سەئىد (160 - 240 - يىللىرى ھ) نىڭ «مەشھۇر تەۋەرۇك) ناملىق ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## مەزھىبىنىڭ ئاساسلىرى

ئىمام مالىكنىڭ شاگىرتلىرى پەتىۋا بەرگەن ۋە ھۆكۈم قىلغانلىرىدا ئادەتتە ”مۇۋەتتە“ ناملىق ئەسەرگە مۇراجەت قىلىدۇ، بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

### 1- قۇرئان كەرىم:

ئىمام مالىكقا كۆرە، قۇرئان كەرىم، پۈتكۈل ئىسلام قانۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ دىنىنىڭ تۈۋرۈكى، رىسالەتنىڭ نامايەندىسى ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ نەزەرىيىسى دىئالېكتىكا نەزەرىيىسىگە ھەرگىز ئوخشىمايتتى. بۇندىن باشقا قۇرئاننىڭ مەزمۇنىغا كۆرە، بەزىلەرنىڭ ”قۇرئاننىڭ لەۋزى باشقا مەنىسى باشقا“ دەپ قاراپ، مۇسۇلمانلارنى پۈتۈنلەي تۈيۇق يولغا باشلاپ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشى، ئۆز پۈتلىرىغا ئۆزلىرى پالتا ئۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئىدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە بەزىلەر ھېچ تەپ تارتماستىن: ”قۇرئاننىڭ مەخلۇق دېگۈچىلەر كاپىر بولۇپ، ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك، قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىنى نامازدا ئوقۇش جائىز ئەمەس“ دېيىشىدۇ، ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، قۇرئان ھەر جەھەتتىن ئىنسانلارغا يول كۆرسەتكۈچى نۇرلۇق چىراق ۋە ئۆچمەس مەشئەلدۇر.

### 2- سەننەت

ئىمام مالىك مەشھۇر ھەدىسشۇناس بولغىنىدەك مەشھۇر فەقىھتۇر، ھەدىسشۇناسلارنىڭ ئۇنى ”ئەڭ مۆتىۋەر مۇھەددىس“ دەپ تەرىپلىشى بۇنىڭغا گۇۋاھ.

ئىمام مالىك رىۋايەتلەرنى قوبۇل قىلىشتا تولىمۇ ئېھتىياتچان ئىدى. بىراق، مۆتىۋەر ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ ھەدىسلىرىنى بىمالال قوبۇل قىلاتتى. ئىمام مالىك بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”قولىقىمغا رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق مۇنداق دېگەنلىكى يەتكەن ئىدى، بۇ، ھەدىسنىڭ بىۋاستە رەسۇلۇللاھقا تۇتىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى ۋە بۇ مېنى بۇ ھەدىسنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندۇرۇشكە كۇپايە ئىدى“.

ئىمام مالىكنىڭ بىر كىشىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر توغرۇلۇق قىياس قىلغانلىقى ھەققىدە ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بىردەك ئەمەس، ئەڭ ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئىمام مالىك بىر كىشىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر توغرۇلۇق قىياس قىلاتتى.

### 3- مەدىنە ئەھلىنىڭ ئىجرائاتلىرى:

ئىمام مالىك ياشىغان بۇ جاي (مەدىنە)، ھىجرەت دىيارى بولۇپ، قۇرئان كەرىم بۇ جايدا نازىل بولغان، رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلىرى بۇ جايدا ئىستىقامەت قىلغان ئىدى. مەدىنە ئەھلى بولسا ۋەھيىنىڭ جانلىق شاھىتلىرى ئىدى. شۇ ۋەجىدىن مەدىنە باشقا جايلارغا كۆرە ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. دېمەك، مەدىنە ئەھلىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى دەل دەلىلىنىڭ ئۆزى بولۇپ، قىياس ۋە بىر كىشى تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەردىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ئىمام مالىكنىڭ لەيس ئىبنى سەئىدقا يازغان مەكتۇبىدا بۇ ئالاھىدە تەكىتلەنگەن ئىدى: ”شۈبھىسىزكى ئىنسانلار مەدىنە ئەھلى (نىڭ ئۆلىمالىرى) گە ئەگىشىدۇ، چۈنكى مەدىنە ھىجرەت دىيارى بولۇپ، قۇرئان مەدىنىدە نازىل قىلىنىپ، ھالال - ھارام مەسىلىلىرىمۇ مەدىنىدە قانۇنلاشتۇرۇلغان“.

### 4- ساھابىلارنىڭ سۆزلىرى:

ئىمام مالىكنىڭ مەزھىبىگە كۆرە، بىر ھەدىس رەت قىلىنمىغان بولسا، ئۇ ھەدىسنىڭ توغرۇلۇقىنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى ساھابىلارنىڭ سۆزلىرىگە قارىتا ئىختىلاپ كۆرۈلمىسە ھۆججەت بولىدۇ. دەۋرەقە ”مۇۋەتتە“ ناملىق ئەسەر نۇرغۇنلىغان ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەممىگە ئايانكى ساھابىلار ۋەھيىنىڭ جانلىق گۇۋاھچىلىرى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ

www.uyghurweb.net

دائىملىق ھەمراھلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە ھۆكۈم چىقىرىشتا ئەڭ ئالىم كىشىلەردۇر. شۇ ۋەجىدىن ئۇمۇمغا خاس بولغان ساھابىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئەڭ ئاۋال قوبۇل قىلىشقا ۋە قىياسنى تەرك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىراق ئىمام مالىك مەدىنە ئەھلىنىڭ ئەمەلى ھەرىكىتىنى ساھابىلارنىڭ سۆزلىرىگە مۇقەددەم قىلىدۇ. "مۇۋەتتە" دىن رىۋايەت قىلىنىشىچە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب جۈمە كۈنى مۇنبەردە سەجدە (ئايىتىنى) ئوقۇۋېتىپ، مۇنبەردىن چۈشۈپ سەجدە قىلغاندا جامائەتمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سەجدە قىلغان. يەنە بىر جۈمەدە سەجدە (ئايىتىنى) ئوقۇۋېتىپ سەجدىگە ھازىرلانغاندا جامائەتمۇ ھازىرلانغان. بۇ چاغدا ئۆمەر: "توختاپ تۇرۇڭلار! ئاللاھ بىز خالىمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇنى بىزگە پەرز قىلمىغان، دەپ ئۆزىمۇ سەجدە قىلمىغان ۋە جامائەتنىمۇ مەنئى قىلغان. ئۆمەرگە كۆرە سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان چاغدا ئىمام خالىسا سەجدە قىلىش ئۈچۈن مۇنبەردىن چۈشۈشى جائىزدى. ئىمام مالىك بۇنى دەلىل قىلىپ: "سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان چاغدا ئىمامنىڭ مۇنبەردىن چۈشۈپ سەجدە قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق". ئەگەر بىر مەسىلە ھەققىدە ساھابىلارنىڭ ئوخشىمىغان سۆزلىرى رىۋايەت قىلىنغان بولسا ئىمام مالىك ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن مەدىنە ئەھلىنىڭ ئەمەلى ھەرىكىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ساھابىلارنىڭ سۆزلىرىنى تاللايتتى. زەيد ئىبنى سابىتنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە "ئوتتۇرا ناماز ـ ناماز پېشىندى"، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسقا كۆرە: "ئوتتۇرا ناماز ـ ناماز بامداتتى". ئىمام مالىك: "ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ سۆزلىرى ماڭا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم، بىراق كۆپ سانلىق ساھابىلارنىڭ رىۋايەتلىرىگە كۆرە "ئوتتۇرا ناماز ـ ناماز دىگەردۇر". دېگەن.

**5 ـ مەسالىھ مۇرسەلە:**

ئىمام مالىك مەزھىبىنىڭ ئاساسى "مەسالىھ مۇرسەلە" دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزۈش ياكى زەرەرنى دەپئى قىلىش بولۇپ، بۇنىڭ ئىسلام قانۇنىدا ئىناۋەتلىك ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە بىرئېنىقلىما يوق. ھالبۇكى ئىسلام قانۇنى زۆرۈرىيە، ھاجىيە ۋە تەھەسسۇنىيە قاتارلىق جەھەتلەردىن "مەسالىھ مۇرسەلە" دىن ئايرىلالمايدۇ.

زۆرۈرىيە: نەپسنى ساقلاش، نەسلىنى ساقلاش، مال ـ مۈلكىنى ساقلاش ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىنى ساقلاشتىن ئىبارەت بەش زۆرۈرىيەت دائىرىسى ئىچىدە دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈش ـ زۆرۈرىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

ھاجىيە: جاپا ـ مۇشەققەت ۋە تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان ئامىل ـ ھاجىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

تەھەسسۇنىيە بولسا ئېسىل ئەخلاق دېمەكتۇر.

بۇ ھەقتە قۇرئان ۋە سۈننەتتىنمۇ نۇرغۇن دەلىللەر كۆزگە چېلىقىدۇ. ۋەھالەنكى بۇ ئىسلام قانۇنىنىڭ ئاساسلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇ ۋەجىدىن ئىمام مالىك بۇنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن.

بەزى تەتقىقاتچىلارغا كۆرە بۇ ئىمام مالىك مەزھىبىگە خاستۇر. شاتىبى "ئىلتىجا" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: "ئىمام مالىك (مەسالىھ مۇرسەلە) گە ئەستايىدىللىق بىلەن قاراپ، كۆپلىگەن ئەھكالارنى ئۇنىڭغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قوياتتى". مەسىلەن:

سېتىلماي بېسىلىپ قالغان چاغدا، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يېتىپ، ۋەيران بولۇش خەۋپى ئاستىدا ئېسىللىرى بولسىمۇ قالدۇق مالنى سېتىشقا ئىجازەت بەرگەن.

**6 ـ قىياس:**

ئىمام مالىك، قۇرئان، سۈننەت، ساھابىلارنىڭ سۆزلىرى ۋە مەدىنە ئەھلىنىڭ ئىجماسىدىن دەلىل تاپالمىسا ئالدى بىلەن ئىجتىھاد قىلىپ ئاندىن شۇ ئىجتىھادىغا ئاساسەن قىياس قىلاتتى. مەسىلەن "مۇۋەتتە" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: "ئىمام مالىكتىن:

ـ ھەيزدار ئايال پاكلانغان چاغدا سۇ تاپالمىسا تەيەممۇم قىلسا بولامدۇ؟ دەپ سوسالغاندا:

ـ ھەئە، جۇنۇب بولۇپ قالغان چاغدىمۇ سۇ تاپالمىسا تەيەممۇم قىلىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن. ئىمام مالىك بۇ يەردە پاكلانغان چاغدا سۇ تاپالمىغان ھەيزدار ئايالغا قىياسەن جۇنۇب ئايالنىڭمۇ سۇ تاپالمىسا تەيەممۇم قىلسا بولىدۇ، دەپ پەتىۋا بەرگەن. ئۇنىڭ بۇ پەتىۋاسىنى مۇنۇ ئايەت تەستىقلايدۇ:

www.uyghurweb.net

﴿ياكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەڭلار، (مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ تەيەممۇم قىلىڭلار﴾[1].

ئىمام مالىك مانا مۇشۇنداق مەسىلىلەردە ئەنە شۇنداق قىياس قىلاتتى".

### 6 ـ سەددۇز زەرائىئ

سەددۇز زەرائىئ ئۇقۇمىغا كۆرە، هارامغا سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى هارام، هالالغا سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى هالالدۇر، ئەگەر بىرەر ئىشنى قىلىش بىلەن پايدىغا ئېرىشكىلى بولسا، ئېرىشكەن پايدا مۇباھتۇر، ئەگەر بىرەر ئىشنى قىلىش بىلەن يامانلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولسا، ئۇ ئىش هارام بولىدۇ، ئۇنداقتا پايدىنى قايرىپ قويۇپ زىيانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىمام مالىك سەددۇز زەرائىئ پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشتا بەكمۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن بولۇپ، بىر قىسىم ئۆلىمالار بۇنى ئىمام مالىك مەزھىبىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدۇ. شاتىبىمۇ: "بۇ ھەقتە كالىك بەكمۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن" دەپ قارايدۇ. مەسىلەن:

"رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرلىشىپ شەۋۋال ئېيىنىڭ باشلانغانلىقىدىن ئېرەك بېرىدىغان ھىلال ئاينى يالغۇز بىر كىشى كۆرسە، پاسىقلارنىڭ ئىپتار قىلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىپتار قىلىشقا بولمايدۇ" دەپ پەتىۋا بەرگەن.

ئەبۇ جەفەر مەنسۇر، ئىبنى زۇبەيرنىڭ رىۋايىتىدىكى ئىبراھىمنىڭ ماقامىغا ئوخشاش بىر ماقام بىنا قىلماقچى بولۇپ ئىمام مالىكقا مەسلىھەت سالغاندا ئىمام مالىك:

ـ ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئەگەر شۇنداق قىلساڭ سەندىن كېيىنكى پادىشاھلارنىڭ ئۆزىدىن باشقىلار كىرەلمەيدىغان پەقەت ئۆزلىرىگىلا خاس كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە ئەزىمەس بىر ماكانغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا چىن كۆڭلۈمدىن بۇنداق قىلماسلىقىڭنى ئۆتۈنىمەن!" دېگەن. شۇنىڭ بىلەن جەفەر رايىدىن يانغان.

ئىمام مالىك ۋە ھەمسۆھبەتلىرى "سەددۇز زەرائىئ" پىرىنشىپىغا ئاساسەن ئەمەللەشتۈرگەن نۇرغۇن مەسىلىلەر بولۇپ، بۇنىڭغا قىزىققۇچىلار "مۇۋەتتە" بىلەن "مەشھۇر تەۋەرۈك" ناملىق ئەسەرلەرگە مۇراجەت قىلسا تولۇق مەلۇماتقا ئېرىشەلەيدۇ.

## ئىمام مالىك مەزھىبىنىڭ تەرەققىياتى ۋە كەڭ تارقىلىشى

ئىمام مالىكنىڭ شاگىرتلىرى ھەممىلا سەردە مەۋجۇت ئىدى، جۈملىدىن ئۆز ۋاقتىدا مەدىنە زىيارەتچىلەرنىڭ نىشانى، ھەر قايسى ئىسلام دىيارلىرىدىن كەلگەن ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئۇچرىشىدىغان ماكانى ئىدى. ئىبنى ئابدۇلبەر ئىمام مالىكنىڭ نۇرغۇنلىغان شاگىرتلىرىنى بايان قىلىدۇ. مەسىلەن:

ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھەب ئىمام مالىكنى 20 يىل ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ مەزھىبىنى مىسىردا تارتقاتقان.

ئابدۇراھمان ئىبنى قاسىم، ئىمام مالىك مەزھىبىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئالاھىدە تەشىر كۆرسەتكەن ئىمام مالىكنىڭ دوستلىرىدىن ئىدى.

دەرىجىسى ئىبنى قاسىم بىلەن تەڭ، ئەشھەب ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئەقەيس ئەلئامىرى ئىمام مالىكنىڭ سۆھبەتلىرىگە قاتنىشىپ، فىقھى ئۆگەنگەن ۋە ئىمام مالىكنىڭ فىقھىسى ھەققىدە يازغان "ئەشھەبنىڭ تەۋەرۈكى" ناملىق ئەسىرى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

تۇنىستا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئەسەد ئىبنى فىرات ئىبنى سىنان مەشرىققا يېتىپ بېرىپ ئىمام مالىكنىڭ "مۇۋەتتە" سى قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئوقۇغان.

---

[1] سۈرە نىسا 43 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

”«مۇۋەتتە“ ناملىق ئەسەرنى ئىمام مالىكتىن بۇرۇن ئىمام مالىكنىڭ ئامراق شاگىرتى ئابدۇللاھ ئىبنى ماجشۇن يازغان، دېگۈچىلەرمۇ بار.

## ئىمام مالىكنىڭ مەزھىبىنى تارقاتقان شاگىرتلىرى

ئىمام مالىك بىلەن خەت يېزىشىپ، ئىبنى قاسىم، ئىبنى ۋەھەب، ئەشھەب ۋە ئىبنى ماجشۇنلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان سەھنۇن، كېيىنچە مىسىردا بىلىم ئاشۇرغان مەغرىبقا قايتقاندىن كېيىن ئالىكنىڭ فىقھىسى ھەققىدىكى «مەشھۇر تەۋەرلىك» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. ئىبنى رۇشدىغا كۆرە، ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى ئەھلى فۇقەھالارنىڭ نەزىرىدە خۇددى لۇغەتشۇناسلارنىڭ نەزىرىدىكى سىبۋەيىنىڭ ئەسىرىگە ئوخشاشلا نوپۇزلۇق بولۇپ «مۇۋەتتە»دىن قىلىشمايتتى.

ئەندەلۇسلۇق ئابدۇللاھ ئىبنى ھەبىب ئىمام مالىكتىن تەلىم ئالغاندىن سىرت، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئىمام مالىكنىڭ ھەمسۆھبەتلىرىدىنمۇ كۆپلەپ بىلىم ئېلىپ، ئەندەلۇسقا فۇقەھا ۋە ھەدىسشۇناس سۈپىتىدە قايتقان.

ئىمام مالىكتىن «مۇۋەتتە» دىن دەرس ئالغىن مىسىرلىق ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلھەكەم ئىمام مالىكنىڭ شاگىرتلىرى ئارىسىدا ئىبنى ۋەھەب، ئىبنى قاسىم ۋە ئەشھەبلەر بىلەن بىللە ئىمام مالىك مەزھىبىنى ئەڭ كۆپ رىۋايەت قىلغۇچىلاردىندۇر.

قائى ئىيازغا كۆرە، ئىمام مالىك مەزھىبى كەڭ تارقالغان جايلار: ھىجاز، بەشرە، مىسىر، بىر قىسىم ئافرىقا ئەللىرى، ئەمدەلۇس، سەقەلىيە، مەغرىب قاتارلىق رايۇنلار بولۇپ، بىر مەزگىل باغداتتىمۇ كەڭ تارقالغان بولسىمۇ 400 يىل كېيىن زەئىپلىشىشقا باشلىغان. كېيىنچە يەنە نىشافوردىمۇ كەڭ تارقالغان بولۇپ، مەزكۇر رايۇنلاردا مۇدەررىس ۋە فۇقەھالار مەۋجۇتتى.

## ئىمام ئىمام شافىئىي

ئىمام شافىئىينى فىقھىسىمۇ ئىسلام فىقھىسىغا ئالاھىدە ھەسسە قوشقان بولۇپ، بۇنىڭدا ئاساسەن مۇتەپەككۇرلار بىلەن مۇھەددىسلارنىڭ قارىشى بىر-بىرىگە ماسلاشقان. بۇنىڭدىن سىرت ئىمام شافىئىي مەزھىبىنىڭ قۇرئان، سۈننەت، قىياس، فىقھى ئۇسۇللارغا ئاساسەن مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە ھۆكۈم قىلىش پىرىنسىپلىرىدىن ئىبارەت ئارتۇقچىلىقى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

ئۆز ۋاقتىدا ئىمام شافىئىي ھىجرەت دىيارىنىڭ ئۆلىماسى ۋە ھىجاز مەدرىسىسىنىڭ ئۇستازى ئىمام مالىك بىلەن باردى كەلدى قىلاتتى ۋە مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن بىلەنمۇ ئالاقە ئورناتقان ئىدى. ئىمام شافىئىي ئىراق ئەھلىنىڭ فىقھىسىنى ئۆگىنىپ، بۇنى ئۆزىنىڭ مەزھىبى بىلەن بىللە ئىسلام فىقھىسىغا ئەكس ئەتتۈرگەن ئىدى.

### قىسقىچە تەرجىمھالى (150 - 204 – يىللىرى)

كۆپلىگەن رىۋايەتلەرگە كارە شافىئىي ھىجرىيىنىڭ 150 - يىلى ”غەززە“ دېگەن جايدا ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ئالەمدىن ئۆتكەن چاغدا دۇنياغا كۆز ئاچقان. دادىسى مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئىبنى ئاباباس ئىبنى ئوسمان ئىبنى ئىمام شافىئ ئىبنى سائىب ئىبنى ئۇبەيد ئىبنى ئابدۇ يەزىد ئىبنى ھاشىم ئىبنى مۇتەللىب ئىبنى ئابدۇماناف بولۇپ، نەسەبى رەسۇلۇللاھ بىلەن ئابدۇمانافتا بىرلىشىدۇ.

شافىئىينىڭ نەسەبىدىن بولغان مۇتتەلىب، ئابدۇمانافنىڭ (مۇتتەلىب، ھاشىم، ئابدۇ شەمس ۋە نەۋفەل) 4 ئوغلىنىڭ بىرسى بولۇپ، جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ ۋە ئىسلام مەيدانغا كەلگەندىن كېيىنمۇ مەتتەلىب جەمەتى ھاشىم جەمەتىدىن ئايرىلمىغان.

www.uyghurweb.net

ئىمام شافىئىي قۇرەيشلىك بىر دادىدىن دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ، ئىمام شافىئىي بۆشۈكتىكى چېغىدىلا دادىسى ئۆلۈپ كەتكەچكە ئۆسمۈرلۈك ھاياتى ئاساسەن يېتىم ۋە يوقسۇللۇق ئىچىدە ئۆتتى، كىچىك چېغىدىلا ئەقىل - پاراسىتى نامايەن بولۇپ قۇرئاننى يادلاپ بولغاندىن كېيىن ھەدىس يادلاش، ئۆلىمالاردىن يېزىقچىلىقنى ئۆگىنىش ۋە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا كىرىشتى.

ئەرەب تىلىنى پاساھەتلىك ۋە ئەدەبى تىلدا ئۆگىنىش مەقسىتىدە باياۋاندىكى، "ھۇزەيل" قەبىلىسىگە بېرىپ شۇ يەردە بىر مەزگىل ياشىدى.

فەخر رازى قاتارلىقلارئىمام مالىكتىن مۇنداق دەپ نەقىل كەلتۈرۈشىدۇ: "مەن مەككىدىن چىقىپ باياۋاندىكى ھۇزەيل قەبىلىسىغا بېرىپ ئەرەب تىلىنى ۋە ھۇزەيل ئاھالىسىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگەندىم، ھۇزەيل قەبىلىسى، ئەرەبچىنى ئەڭ پاساھەتلىك تىلدا سۆزلىشەتتى، مەن دائىم ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇپ، ئۇلاردىن ھېچ ئايرىلمايتتىم، مەككىگە قايتقان چاغدا شېئىر، ئەدەبىيات ۋە مۇنەۋۋەرئەسەرلەرنى ئوقۇشقا باشلىدىم".

بۇ ھەقتە ئىسمەئى مۇنداق دەيدۇ: "مەن ھۇزەيل قەبىلىسىنىڭ شېئىرلىرىنى قۇرەيشلىك "مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس" ئىسىملىك بىر ياشنىڭ سايىسىدە تۈزىتىپ چىقالىدىم".

ئىمام شافىئىي باياۋاندىكى ۋاقتىدا يەنە مەرگەنلىكنى ئۆگىنىۋالغان ئىدى، بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى ئۇ، دىن ۋە لۇغەتشۇناسلىق جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى جەۋەندازلىقتىمۇ تولۇق يېتىلگەن ئۆلىما ئىدى.

## ئىلىم تەلەپ قىلىشى ۋە قازى بولۇشى

ئىمام شافىئىي مەككىدىكى مۇھەددىس ۋە فۇقەھالاردىن ئىلىم تەلەب قىلىپ، ئۆزىنى يېتىلدۈردى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ قۆلىقىغا، فىقھى ۋە ھەدىستا ئۇنى نەچچە ھەسسە بېسىپ چۈشىدىغان ئىمام مالىكنىڭ خەۋىرى يېتىپ كەلدى. ئۇ ئاۋال ئىمام مالىكنىڭ "مۇۋەتتە" ناملىق ئەسىرىنى تەكرار تەكرار ئوقۇپ، مول بىلىمگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ھىجرىيىنىڭ 179 - يىلى ئىمام مالىكنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر ئىمام مالىك بىلەن ھەمسۆھبەت بولدى. ئۇ ئىمام مالىك بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش ۋە ئىسلام دىيارلىرىنى كېزىپ ئىلمىي تەجرىبە ھاسىل قىلىش جەريانىدا مەككىدىكى ئانىسىنى زىيارەت قىلىشنى ھەرگىزمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىپ قويمىدى.

ئىمام مالىك ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن ھىجاز ۋە يەمەن سەپىرىدە ئىمام شافىئىي بىلەن ئۇشتۇمتۇت ئۇچرىشىپ قالغان چاغدا بىر قىسىم قۇرەيشلىكلەرنىڭ مەسلىھەتى ۋە ئىمام مالىكنىڭ ھىمايىسى بىلەن ئىمام مالىك ئىمام شافىئىي "نەجران" دېگەن جاينىڭ قازى بولغان. بۇ جەرياندا ئۇ تالانتى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئادەلەت ئورناتقان ۋە ھەقىقەت بايرىقىنى كەڭ ئۇپۇقلاردا لەرزان جەۋلان قىلدۇرغان، ھالبۇكى نەجرانلىقلارنىڭ بۇنىڭغا باش ئەگمەكتىن باشقا ئامالى يوقتى.

ئەپسۇسكى بۇنىڭغا ئۇغىسى قاينىغان يەمەننىڭ ۋالىيسى ئىمام شافىئىينى ئابباسىلار خەلىپىسى رەشىدقا شىكايەت قىلىپ، "بىر قانچە ئەلەۋى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن" دەپ تۆھمەت چاپلىغان. شۇنىڭ بىلەن رەشىد ئۇلارنى ئىمام شافىئىي بىلەن قوشۇپ ئەكەلدۈرۈپ، ئىمام شافىئىيدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. ئىمام شافىئىي بولسا ئۆزىنى كەسكىن دەلىللەر بىلەن ئاقلىشى ۋە مۇھەممەد ئىبنى ھەسەننىڭ ئۇنى ھىمايە قىلىشى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇرتۇلۇپ قالغان ئىدى. بۇ دەل ھىجرىيىنىڭ 184 - يىلى بولۇپ ئىمام شافىئىي ئەمدىلا 34 ياشقا كىرگەن ئىدى، شۇندىن كېيىن ئۇ قازىلىقنى تاشلاپ مۇدەررىسلىك قىلىشقا باشلىغان.

ئىمام شافىئىي باغداتقا بېرىپ، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەندىن ئىراقلىقلارنىڭ فىقھىسى ھەققىدە مەلۇمات ئېلىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ھىجاز فىقھىسى بىلەن ئىراق فىقھىسىنى بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرغان. يەنى بۇ فىقھلارنىڭ بىرى نەقلى جەھەتتىن كۈچلۈك بولسا، يەنە بىرى ئەقلى جەھەتتىن كۈچلۈك ئىدى. ئىبنى ھەجەر بۇ ھەقتە توختىلىپ: "نەقلى دەلىللەر بىلەن مەدىنە فىقھىسى ھەققىدە كامالىغا يەتكەن ئۆلىما ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس بولۇپ، بۇنى ئىمام شافىئىي ئىمام مالىك بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش جەريانىدا قوبۇل قىلغان. ئىراق فىقھىسى ھەققىدە كامالىغا يەتكەن

www.uyghurweb.net

ئۆلىما ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە بولۇپ، بۇنى ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ دوستى مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش جەريانىدا قوبۇل قىلغان» دېگەن.

ئىمام شافىئىي ئىراقتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن مۇتەپەككۇرلار بىلەن مۇھەددىسلارنىڭ ئىلىم نەزەرىيىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، ھەممە چۈشىنەلەيدىغان ۋە ئېتىراپ قىلىدىغان ئىسلام قانۇنىنىڭ ئاساسىنى تىكلەشكە تىرىشقانىدى.

بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "مەن مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇۋاتقاندا ئاسمان ئۆمتۈرۈلۈپ، يەر كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ قىلچە كارىمىز بولمايتتى"، ئەسلىدە ئۇ باغداتقا بارغىنىدا مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئۇزۇن ـ ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، يېتىپ كۈچى بىلەن پىكىر ئىختىلاپلىرىنى تېپىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بىر قانۇن لايىھىسى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن تەر تۆككۈۋاتاتتى.

ھەيران قالارلىقى شۇكى، شافىئىي ئۇزىنى ئىمام مالىكنىڭ سەپدىشى، ئىمام مالىك مەزھىبىنىڭ فۇقەھاسى ۋە بۇ مەزھەبنىڭ بايراقدارى دەپ قاراپ، نەگىلا بارسا ھىجازلىقلارنىڭ فىقھىسى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىنى تەرغىب قىلاتتى. بۇ ھەقتە ئىبنى ھەسەننىڭ ھەمسۆھبەتلىرىمۇ، ھەتتا مۇھەممەدنىڭ شاھىت بىلەن قەسەم ھەققىدىكى قارىشىمۇ ئۇنىڭ قارىشى بىلەن ئوخشاش.

ئىمام شافىئىي ئىراقتىن مەككىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دىققىتىنى ھەرەمدە ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بېرىشكە مەركەزلەشتۈردى. ئەسلىدە ھەج مەۋسىمىدە مەككىگە كەلگەن نۇرغۇنلىغان مۆتىۋەر ئۆلىمالار ئۇنىڭ دەرسىگە سامىي بولاتتى، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلمۇ ئىمام شافىئىينىڭ دەرسىگە سامىي بولغۇچىلاردى ئىدى. ئىمام شافىئىي بۇنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرغان. راۋىيلارنىڭ ئەسلىمىلىرىگە كۆرە 9 يىل دېيىلگەن. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ مىسلىسىز مول بىلىمى، ئىلمىي ۋە فىقھىي نەزەرىيىسى نامايەن بولغان. ئىمام شافىئىي ئوخشىمىغان قاراش ۋە پىكىر ئىختىلاپلىرىدىن قاراپ، ھەقنى باتىلدىن ئايرىيدىغان قېلىپلاشقان بىر پىكىر بىرلىكىدىن تەركىب تاپقان بىر ئۇسۇلى فىقھى ئىلمىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن دىققەت ئېتىبارىنى قۇرئاندىكى دەلىللەر ۋە ئەھكاملار بىلەن تونۇشۇش، ھەدىسلارنىڭ ئىچىدىن توغرا ۋە ئويدۇرما ھەدىسلارنى ئايرىپ چىقىشقا قاراتقان ۋە مەسىلىلەرگە قارىتا ھۆكۈم چىقىرىشتا قۇرئان بىلەن سۈننەتنى ئالدىنقى شەرت قىلغان.

ئىمام شافىئىي بۇ ئۇسۇلى فىقھى ئاساسلىق لايىھىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، فۇقەھالارنىڭ مۇھاكىمىسىگە سۇنۇشى كېرەك ئىدى، شۇڭا ئۇ ھىجرىيىنىڭ 195 ـ يىلى ئىككىنچى قېتىم ئىراققا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ ئىراققا يېتىپ كەلگىنىدە پۈتۈن ئۆلىما، فۇقەھا ۋە مۇتەپەككۇر قاتارلىق ئىلىم ئەھلىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىپ، مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن بۇنىڭغا: "فىقھشۇناسلىق ھەققىدە تۈزۈلگەن ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەر" دەپ يۇقىرى باھا بېرىشتى.

بۇ ھەقتە رازى مۇنداق دەيدۇ: "ئىمام شافىئىي بۇ ئەسەرنى باغداتتا يېزىپ چىقتى، مىسىرغا بارغىنىدا بۇ ئەسەرنى يەنە قايتىدىن يېزىپ چىقتى، مەيلى باغداتتا يېزىلغىنى بولسۇن، مەيلى مىسىردا يېزىلغىنى بولسۇن بۇ ئەسەر مول مەزمۇنغا ئىگە".

مەئمۇننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، مەئمۇننىڭ مۇئتەزىلەلەرگە يېقىنلىقى ۋە ئۇلارغا مايىللىقى، پارسلارنىڭ ھەر جەھەتتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىمام شافىئىينىڭ باغداتتا تۇرۇشى ئۇيغۇن ئەمەستى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قۇرەيشلىك ۋە ھاشىم جەمەتىدىن بولغان (ئابباس ئىبنى ئابباس) ئىبنى ئابباس ئىبنى مۇسا ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئاباس ئىمام شافىئىينى مىسىرغا دەۋەت قىلدى. ئىمام شافىئىيمۇ بۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلىپ مىسىرغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىلىم نەزەرىيىسى، فىقھىسى كەڭ تەشۋىق قىلىپ ۋە قانات يايدۇرۇپ، ھىجرىيىنىڭ 204 ـ يىلى رەجەب ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى 54 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى ئىمام شافىئىي ئىمام مالىكنى ئىنتايىن ئۇلۇغلايتتى ۋە ئىمام مالىكقا خۇددى ئۇستازى ئورنىدا مۇئامىلە قىلاتتى. لېكىن ئىمام شافىئىي، ئىمام مالىكنىڭ ھەمسۆھبەتلىرىنىڭ بۇ ھەقتە غەلۋە قىلىپ ئۇنىڭ قاراشلىرىغا ئۆكتە قويۇپ تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ «ئىمام مالىكنىڭ ئىختىلاپى» ناملىق بىر كىتاب تۈزۈپ چىقىپ، ئىلان قىلىشقا كەلگەندە ئۇستازىغا بولغان ھۆرمىتىدىن سەل ئىككىلىنىپ قالغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئىستىخارە قىلغاندىن كېيىن ئۇنى نەشر قىلىپ تارقىتىشنى توغرا تاپقان.

www.uyghurweb.net



رىۋايەتلەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئىمام شافىئىينىڭ ئۇستازلىرى، شاگىرتلىرى ۋە ئىزدىنىشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ئىمام شافىئىي ئۆلىمالارنىڭ نەزىرىدىمۇ ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە مۆتىۋەر ئالىم ئىدى.

بۇ ھەقتەئەھمەد ئىبنى ھەنبەل مۇنداق دەيدۇ: ”رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، جەنابى ئاللاھ ھەر يۈز يىلدا بۇ ئۇممەتنىڭ دىنىغا خىزمەت قىلىدىغان بىر كىشىنى ئەۋەتىدۇ، (ئۆتكەن) يۈز يىلدا ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز كەلگەن ئىدى، بۇ يۈز يىلدىكىسىنىڭ ئىمام شافىئىي بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن“.

داۋۇد ئىبنى ئەلى زاھىرى مۇنداق دەيدۇ: ”ئىمام شافىئىي نەسەب، دىنى ـ ئېتىقادىنىڭ توغرۇلۇقى، ساھاۋەتلىكى، نەپسىگە ھاكىم بولۇشى، ھەدىس، قۇرئانغا مۇتەخەسسىسلىكى، قۇرئان، سۈننەت ۋە خۇلەفائىي راشىدىنلارنىڭ تارىخىنى يادلاشتىن ئىبارەت باشقىلار ئېرىشەلمەيدىغان پەزىلەتلەرگە ئىگە ئىدى“.

مىسىرلىق شاگىرتى مۇھەممەد ئىبنى ھەكەم مۇنداق دەيدۇ: ”ئەگەر مەن ئىمام شافىئىي بىلەن تونۇشمىغان بولسام باشقىلارغا قانداق رەددىيە بېرىشنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلەلمىگەن بولاتتىم، ئۇنىڭغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇنكى، ئۇ ماڭا قىياس قىلىشنى ئۆگەتتى. ئىمام شافىئىي سۈننەتكە ماھىر، تەسىرى بار، پەزىلەتلىك، پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك بىر تالانت ئىگىسى ئىدى“.

ئىمام شافىئىينى ئىش ـ ئىزلىرىدىنمۇ ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس. دەرۋەقە ئۇ، تەپسىرشۇناسلىق، ھەدىسشۇناسلىق، ئەرەب تىلى، لۇغەتشۇناسلىق ۋە سۈننەتتە ھەقىقەتەنمۇ توشقان ئالىمدۇر. بۇنىدىن باشقا ئۇنىڭ كۆز ـ قاراش ۋە قىياسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان فىقھىسى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيتتى: ”قۇرئاننى ئۆگەنگەن كىشى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ، ھەدىسقا ئاساسلانغان كىشىنىڭ دەلىلى كۈچلۈك بولىدۇ، فىقھىغا ئاساسلانغان كىشىنىڭ سۆزى ئىناۋەتلىك بولىدۇ، لۇغەتشۇناسلىققا ئەھمىيەت بەرگەن كىشىنىڭ سۆزى ئۆتكۈر بولىدۇ، ماتېماتىكا ئۆگەنگەن كىشىنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ بولىدۇ، نەپسىنى يىغالمىغان كىشىنىڭ بىلىمى ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ“.

رەبىئ ئىبنى سۇلايمان مۇنداق دەيدۇ: ”ئىمام شافىئىي (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ناماز بامداتنى ئوقۇپ بولغان چاغدا، ھالقا شەكلىدە ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراتتى، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا قۇرئان ئۆگەنگۈچىلەر كېلەتتى، كۈن چىققان چاغدا ئۇلار تۇرۇپ كېتىپ، ھەدىس ئۆگەنگۈچىلەر كېلەتتى ۋە ئىمام شافىئىيدىن تەپسىرشۇناسلىق ھەققىدە دەرس ئالاتتى، كۈن خېلى ئۆرلىگەن چاغدا ئۇلار تۇرۇپ كېتىپ، ھالقىلار بويىچە دەرستىن خۇلاسە چىقىرىلاتتى، چاشگاھ ۋاقتى بولغان چاغدا تارقىلىپ كېتىشەتتى، ئاندىن ئەرەب تىلى، گىراماتىكا ۋە شېئىر ئۆگەنگۈچىلەر كېلىپ چۈشكە قەدەر دەرس ئالاتتى“.

ئۇستاز ئەبۇ زۆھرە بۇنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نوقتىغا يىغىنچاقلىغان:

**بىرىنچى — تالانتى:**

ئاللاھ ئىمام شافىئىيغا مىسلىسىز تالانت ئاتا قىلىپ، ئۇنى ئىلغار مۇتەپەككۇرلاردىن، ئالدىنقى قاتاردىكى ھېكىملاردىن قىلغان. دەرۋەقە ئىمام شافىئىينىڭ ئىدراك قىلىش قابىلىيىتى كۈچلۈك، پىكرى ئوچۇق، نەزەر دائىرىسى كەڭ ۋە ھازىر جاۋاب بولۇپ، جۇزئىي ۋە ئايرىم مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشتا ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاممىباب بولۇشقا ئەھمىيەت بېرەتتى. بۇنىدىن باشقا ئۇنىڭ بايانلىرى نەپىس، تەبىرلىرى روشەن، كۆزى ئۆتكۈر، چەۋەندازلىققا ماھىر ۋە قەلبى ساغلام ئاللاھنىڭ سادىق مۇخلىسى ئىدى.

**ئىككىنچى — ئۇستازلىرى**

ئىمام شافىئىي مەككە، مەدىنە، يەمەن ۋە ئىراق قاتارلىق جايلاردىكى ئوخشىمىغان ئۇسلۇپتا يېتىلگەن مەشھۇر ئۆلىمالاردا ئوقۇغان. جۈملىدىن ئىمام مالىك، ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمەنىڭ سەپدىشى ئەۋزائىي، يەھيا ئىبنى ھەسساننىڭ سەپدىشى (مىسىردا) لەيس ئىبنى سەئد، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن

www.uyghurweb.net

قاتارلىقلارنىڭ فىقھىسىنى ئوقۇغان. ئاندىن بۇ ئوخشىمىغان پىكىر ئېقىمىغا مەنسۇب فىقھى مەسىلىلەردىن ھەممىگە ئورتاق، ئاممىباب ۋە ھەممىنى قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بىر كىتاب تۈزۈپ چىقىپ، ئىنسانلارغا تەقدىم قىلغان.

**ئۈچىنچى ـ ئۆگىنىشتىكى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى**

شافىئىي ھەدىس ۋە فىقھى ئۆگىنىش يولىدا سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئىمام مالىك بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولدى، ئاندىن يەمەنگە قىلغان سەپىرىدە "نەجران" نىڭ قازىسى بولدى. كېيىنچە ئۇ يەنە ئىراق ۋە مىسىرغا سەپەر قىلدى ۋە بۇ سەپەرلەر جەريانىدا ئىنسانلارنىڭ خىلمۇخىل ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن تونۇشۇش ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئىگە بولدى، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈگى ۋە ئىدراك قىلىش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقلىرى، ئۇنىڭ ئوخشىمىغان فىقھىي مەسىلىلەرنى ھېچبىر مەزھەب ياكى تەبىقىغە يان باسمىغان ھالدا يېشىشكە تۈرتكە بولدى ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

**تۆتىنچى — زامانى**

ئىمام شافىئىي ياشىغان دەۋر، ئابباسىيلار تەرىپىدىن مۇقىملىق ساقلىنىپ، ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرگەن، ئىسلامى ھايات راسا گۈللەنگەن، ھەر قايسى ئىسلام شەھەرلىرىدە ئۆلىمالارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئاكتىپ، ئاباسىيە خەلىپىلىرىنىڭ كەڭ تەشۋىق قىلىشى بىلەن يۇنان، پارس ۋە ھىندى پەلسەپىلىرى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، ئىسلام پەلسەپىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بىر دەۋردى.

مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا "مۇئتەزىللەر" دىن ئىبارەت بىر تۈركۈم مۇرتەدلەر ئىسلامغا ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنغان، ئۆلىمالار بولسا ئۇلارنىڭ باتىل ۋە يالغان ـ ياۋىداقلىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوغدىغان. "مۇئتەزىللەر" ئەسلىدە ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ دەۋرىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان مەزكۇر پەلسەلەر بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىشقا ئۇرۇنغان ئىدى. بىراق، ئۆلىمالار بۇنىڭغا مۇھەددىس ۋە فۇقەھالارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئاساسەن قارشى تۇردى.

ئىمام شافىئىي بولسا "مۇئتەزىللەر" نىڭ تەلىماتلىرى بىلەن ئۇسلۇبلىرىغا ئىنتايىن ئۆچ بولسىمۇ، بۇ، ئىمام شافىئىينىڭ فىقھىي دەلىللەر بىلەن ئۇلارغا قاتتىق رەددىيە بېرىشكە تۈرتكە بولدى.

قىسقىسى ئىمام شافىئىينىڭ زامانىدا فىقھى مەسىلىلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ، ئۆلىمالارنىڭ ئوخشىمىغان مەسىلىلەرگە قارىتا فىقھى مۇنازىرىلىرى قىزىپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئىمام شافىئىيغا چوڭقۇر تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ ئەجداتتىن ئەۋلادقىچە ئۈزۈلمىكسىز داۋاملىشىپ، ئىنسانلارغا يول كۆرسىتەلەيدىغان ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر ئەسەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئىنسانلارغا تەقدىم قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

**پرىنسىپلىرى ۋە فىقھىسى**

ئۇستاز ئەبۇ زۆھرە ئىمام شافىئىنىڭ فىقھى ئۇسۇلى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا پرىنسىپلىرىغا ئېتىراز بىلدۈرگەن.

### كالامشۇناسلىق ۋە يېتەكچىلىك قارىشى

"مۇئتەزىللەر" نىڭ ئىسلام دىنىغا يات پەلىيەپىلەر بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىنى بۇزىدىغان بىدئەتلەرنى پەيدا قىلىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ھەدىسشۇناس ۋە فەقىھ ئۆلىما ئىمام شافىئىينىڭ كالامشۇناسلىقنى ياقتۇرماسلىقى تەبىئىي ئىدى. شۇڭا ئىمام شافىئىي كالامشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ساقلىنىشقا چاقىرىپ مۇنداق دېگەن: "كالامشۇناسلاغا قارىتا ھۆكمىم شۇكى، ئۇلار ئالدى بىلەن ئۇرۇلۇشى ئاندىن تۆگىلەرگە تەتۈر مىندۈرۈلۈپ قەبىلە ۋە مەھەللىلەرنى ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىنىشى كېرەك، بۇ بولسا قۇرئان بىلەن سۈننەتنى تەرك ئېتىپ، كالامشۇنۇاسلىق بىلەن شۇغۇللانغانغۇچىلارنىڭ جازاسىدۇر".

بۇ "ئىمام شافىئىي ھېچقاچان كالامشۇناسلىقنىڭ دەرۋازىسىنى چېكىپ باقمىغان" دېگەنلىك ئەمەس. روشەنكى ئۇ تەۋھىدنى سابىق مەزھەبكە ئاساسەن شەرھلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى: تۋەندىكى ئايەتكە ئاساسەن قۇرئان ئالاھنىڭ سۆزى بولۇپ، مەخلۇق ئەمەس:

www.uyghurweb.net

﴿ئاللاھ مۇساغا (بىۋاستە) سۆز قىلدى﴾[1].

ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىچە قىيامەت كۈنى ئاللاھنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ دەلىلى بولسا مۇنۇ ئايەتتىن ئىبارەت: ''ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ھەقىقەتەن ئۇلار بۇ كۈندە پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشتىن مەنئى قىلىنغان﴾[2].

ئىمام شافىئىي: ''كاپىرلارنىڭ پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشتىن مەنئى قىلىنىشى، ھەرگىزمۇ ئاللاھنىڭ دوستلىرىنىڭمۇ پەرۋەردىگارىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگارىنى تەستىقلاپ، قانۇنىغا ئاساسەن ئەمەل قىلغۇچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشى، قىلغان ئەمەلگە قاراپ بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ'' دەيتتى.

شافىئىينىڭ يېتەكچىلىك ھەققىدىكى قارىشى مۇنداق ئىدى: ''مۆمىنلەرنى ئىدارە قىلىپ، كاپىرلارنىڭمۇ كىشىلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، دۈشمەننى يوقىتىپ جامائەتنىڭ ئەمانلىقىنى سالاش، ئاجىزلارنى كۈچلۈكلەردىن مۇداپىئە قىلىپ مەسئۇم ئىنسانلارنى تاجاۋۇزچىلاردىن خالىي قىلىش ئۈچۈن رەھبەرلىك ئاللاھنىڭ دوستلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچىدۇر''. قىسقىسى ئىمام شافىئىينىڭ يېتەكچىلىككە بولغان قارىشى خۇددى ئىبنىڭككە ئوخشايتتى. ئەلى:

''مەيلى بۇرۇن ياكى كېيىن بولسۇن پۈتكۈل ئىنسانلارنى ئادىل بىر نىزام بىلەن ئىدارە قىلىش ئۈچۈن يېتەكچىلىك قۇرەشلەرگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ ئۈچۈن يېتەكچى سايلاپ چىقىلىسىمۇ ياكى تەيىنلەنسىمۇ بولىدۇ'' دەپ قارايتتى.

ئىمام شافىئىي خەلىپىلەر راشىدىنلارنى ئۆز زامانىسىغا كۆرە دەرىجىگە ئايرىپ چىققان. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسى تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

1) - ئەبۇ بەكرى
2) - ئۆمەر
3) - ئوسمان
4) - ئەلى

ئىمام شافىئىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى قىزغىن سۆيەتتى، شۇڭا ''رەشىدنىڭ پەرمانىغا بويسۇنمىغان ئەلەۋىلەرگە قېتىلىپ كەتكەن، دەپ تۆھمەت چاپلانغاندا ئىمام شافىئىي رەت قىلغان'' دەپ تۇرۇۋېلىشىنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق.

### ئىمام شافىئىينىڭ فىقھىسى

ئىمام شافىئىي ئىمام مالىكنىڭ شاگىرتلىرىدىن ھېسابلىناتتى، ئۇ ئادەتتە ئىمام مالىكنىڭ قاراشلىرىنى ھىمايە قىلاتتى، ھىجرىيىنىڭ 184 - يىلى ئەبۇ يۈسۈفنىڭ ۋاپاتىدىن ئىككى يىل كېيىن باغداتقا قىلغان تۇنجى قېتىملىق سەپىرىدە مۇھەممەد ئىبنى ھەسەننىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ۋە مۇتەپەككۇرلار بىلەن قىزغىن بەس - مۇنازىرە يۈرگۈزۈپ قايتقىنىدىن كېيىن مۇتەپەككۇرلارنى مەدىنىلىكلەردىنمۇ بەكرەك ھىمايە قىلىدىغان بولۇپ قالغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئىراقلىقلار بىلەن مەدىنىلىكلەرنىڭ فىقھىسىنى ماسلاشتۇرغان ئاساستا يېپ - يېڭى ۋە ئۆزگىچە بىر فىقھىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنى تۆۋەندىكىدەك 3 نوقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1 - باغداتقا قىلغان تۇنجى قېتىملىق سەپىرىدىن كېيىنكى مەككە ھاياتى ئەڭ مەنىلىك ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ مەسجىدى ھارامدا ئىستىقامەت قىلىپ، پۈتۈن ئوي - پىكرىنى شاقىرتلىرىنىڭ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشقا مەركەزلەشتۈرگەن.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇنىڭ ئابدۇراھمان ئىبنى مەھدىگە يازغان خېتى دەۋر بۆلگۈچ خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئابدۇراھمان ئىبنى مەھدى ئىمام شافىئىيغا يازغان جاۋاب خېتىدە، ئىمام شافىئىيدىن قۇرئاننىڭ تەپسىرى، ھەر

---

[1] سۈرە نىسا 164 - ئايەت.
[2] سۈرە مۇتەففىفىن 15 - ئايەت.

www.uyghurweb.net

خىل رىۋايەت، ئىجمانىڭ دەلىللىرى، قۇرئاندىكى ناسىخ ـ مەنسۇخ ئايەتلەر ۋە سۈننەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كىتاب تۈزۈپ چىقىشنى ئۆتۈنگەن.

2 ـ ئىمام شافىئىي ھىجرىيىنىڭ 195 ـ يىلى باغداتقا كېلىپ دەرس ئۆتۈش جەريانىدا ئۆز ئۇسۇلىنى تارقاتقان. بىرزى رىۋايەتلەرگە كۆرە شافىئىي ھىجرىيىنىڭ 198 ـ يىلى ئۈچىنچى قېتىم باغداتقا كەلگەن.

بۇ ھەقتە ئەبۇ سەۋرى مۇنداق دەيدۇ: ”ئىمام شافىئىي بىزگە كەلگەندىن كېيىن بىزگە مېھمان بولغىنىدا: ”ئاللاھ ئومۇملۇقنى بايان قىلغان مەسىلىلەردە خاسلىقنى، خاسلىقنى بايان قىلغان مەسىلىلەردە ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتقان“ دېگەندە بىز بۇنى چۈشىنەلمەي ئۇنىڭدىن سورىغىنىمىزدا ئۇ، ئاللاھ:

﴿«شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار» دېدى﴾[1].

دېگەن بۇ ئايەتتە ئەبۇ سوفيياننى كۆزدە تۇتقان،

﴿ئى پەيغەمبەر! (ئۈممىتىڭگە ئېيتقىنكى) سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار﴾[2]،

دېگەن بۇ ئايەتتە ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتقان» دېگەن.

دېمەك ئۇلار بۇنى شافىيدىن بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان گەپلەر ئىدى.

ئىمام شافىئىي بۇ قېتىملىق سەپىرىدە فۇقەھالارنىڭ پىكىرلىرىگە مۇراجەت قىلىپ يېڭىچە بىر قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ھالبۇكى بۇ پىكىرلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ قاراشلىرى ۋە ئۇسۇلىغا تامامەن يات بولغانلىرىمۇ، يېقىن كېلىدىغانلىرىمۇ بار ئىدى.

3 ـ ئىمام شافىئىي ھىجرىيىنىڭ 199 ـ يىلى مىسىرغا يەرلىشىپ، پىكرى جەھەتتىن ئۆزىنى تېخىمۇ يېتىلدۈردى. ئۇ مىسىردا بۇرۇن ھېچ كۆرۈپ باقمىغان مەسىلىلەرگە قارىتا بۇرۇنقى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىغا ئاساسلىنىپ ھۆكۈم چىقاردى، بۇرۇن كەمچىل قالغان جايلارنى تولۇقلاپ، فىقھىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىمام شافىئىي شاقىرتلىرىنى مەركىزى ئۈچ كاتېگورىيە ئاساسىدا يېتىلدۈردى. مەسىلەن:

مەككىدىن: ئەبۇ بەكرى ھەمىدىي، ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس، ئەبۇل ۋەلىد مۇسا ئىبنى ئەبۇل جارۇد،

باغداتتىن: ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئەسساباھ ئەززەفرانى، ئەبۇ ئەلى ھۈسەين ئىبنى ئەلى ئەلكەرابىسى، ئەبۇ سەۋر ئەلكەلبىي

مىسىردىن: ھەرمەلە ئىبنى يەھيا ئىبنى ھەرمەلە، ئەبۇ ياقۇب ئىبنى يەھيا ئەلبۇۋەيتى، ئەبۇ ئىبراھىم ئىسمائىل ئىبنى يەھيا ئەلمۇزەننى، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلھەكەم، رەبىيئ ئىبنى سۇلايمان ئىبنى داۋۇد ئەلجىيزى (ئەبۇ مۇھەممەد)... قاتارلىقلار ئىمام شافىئىينىڭ ئىلغار شاگىرتلىرىدىندۇر.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بىلەن ئىسھاق ئىبنى راھۇيە ئىمام شافىئىينىڭ فىقھىسىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ مەزھىبىگە ئەگىشىپ ئەگەشمىگەنلىكى نامەلۇم.

”ئاساس“ ناملىق ئەسىرى

ئىمام شافىئىينىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئەسەرلىرىدىن بىرى ”ئاساس“ ناملىق ئەسىرىدۇر. بۇ ھەقتە شەيخ ئەبۇ زۆھرە مۇنداق دەيدۇ: ”ئۆلىمالار ”ئاساس“ ناملىق ئەسەردىكى ئىمام شافىئىينىڭ قاراشلىرىغا تامامەن قوشۇلىدۇ. ھالبۇكى بۇ ئىمام شافىئىي مەزھىبىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ھۆججىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ“.

”ئاساس“ ناملىق ئەسەر 8 قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئەزھەر ئۆلىمالىردىن مۇھەممەد زۆھرى نەججارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئەزھەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 8 توملۇق قىلىپ نەشر قىلىنغان.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 173 ـ ئايەت.
[2] سۈرە تەلاق 1 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

**ئىمام شافىئىي** ”ئاساس“ ناملىق ئەسەرنى قاھىرەگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن تۈزۈپ چىققان ئىدى. بۇ ئەسەر فىقھى مەسىلىلىرىگە ئاساسەن بابلارغا ئايرىلغان بولۇپ، بىسمىللاھدىن كېيىن ”تاھارەت“ دېگەن تېمىدا مۇنداق بايان قىلىنغان: ”رەبىيئ ئىبنى سۇلايماننىڭ نەقلىگە كۆرە ئىمام شافىئىي بىزگە مۇنۇلارنى خەۋەر قىلىدۇ: جەنابى ئاللاھ ﴿(سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلە قوشۇپ يۇيۇڭلار﴾[1].

دېگەن بۇ ئايەتكە كۆرە، ئۇلارنىڭ سۇ بولغان ئەھۋال ئاستىدىلا يۇيۇنۇش (تاھارەت ئېلىش) ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى سۇ ئىنسانلارنىڭ كەشپىياتى ئەمەس ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىدۇر.

سۇ ئابستىراكىت بىر ئىسىم بولۇپ، بۇ ئاساسەن،يامغۇر، ئوكيان، دېڭىز، دەريا، قۇدۇق، بۇلاق سۇلىرىدىن ئىبارەت تۇزلۇق ۋە تاتلىق سۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە بۇ سۇلار بىلەن تاھارەت ئېلىپ يۇيۇنغان كىشى پاكلىنىدۇ. قۇرئاننىڭ زاھىرى دەلىلى بارلىق سۇلارنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسمۇ بۇنى تەستىقلايدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام شافىئىي يەنە مۇنداق دەيدۇ: رىۋايەت قىلىنىشىچە ئابدۇددار قەبىلىسىدىن مۇغىيرە ئىبنى ئەبۇ بەردە ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

- ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بىز دېڭىزلاردا سەپەر قىلغان چېغىمىزدا سۈيىمىز ئاز بولۇپ، تاھارەت ئالغىنىمىزدا ئۇسساپ قالغاندا ئىچىشىمىزگە سۇ قالمىسا، دېڭىزنىڭ سۈيى بىلەن تاھارەت ئالساق بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ:

- بولىدۇ، چۈنكى دېڭىزنىڭ سۈيى پاك، ئۆلۈكلىرى ھالال دەپ جاۋاب بەرگەن.

دېمەك بۇن ئىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ئىمام شافىئىي ”ئاساس“ ناملىق ئەسىرىدە فىقھىسىگە قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئاساسلانغان ۋە بۇ ئەسەرنى رەبىيئ ئىبنى سۇلايمان ئىمام شافىئىيدىن رىۋايەت قىلغان.ئومۇمەن بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەر تەكرارلانغان بولۇپ، رەبىيئ ئىمام شافىئىينىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش جەريانىدا ئۆزى ئاڭلاپمۇ باقمىغان دەلىللەرنى بايقاپ، بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى توپلاپ رەتلەپ چىقىپ ئەسلى نامى بىلەن ئاتىغان. كېيىن ئۇنى ئىسمائىل ئىبنى يەھيا ئەلمۇزەنى قىسقىچە ”ئاساس“ دەپ ئاتىغان.

**”رىسالە“ ناملىق ئەسىرى**

ئىمام شافىئىي مەزھىبىنىڭ ئاساسلىرى بىلەن فىقھىسىنىڭ ئۇسۇلىنى مەزمۇن قىلغان ۋە رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىغان ”مەكتۇپ“ ناملىق بۇ ئەسەر، ئىمام شافىئىينىڭ ئىككىنچى چوڭ ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

فەخرۇددىن رازى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ”مېنىڭچە ئىمام شافىئىينىڭ ئۇسۇل ئىلمى ئارىستوتىلنىڭ لوگىكىسى بىلەن خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ رىتورىكىسىغا ئوخشايدۇ“.

”سىرلارنىڭ ئاچقۇچى“ ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: ”فىقھىشۇناسلىق ھەققىدە تۇنجى قېتىم ئەسەر يازغان كىشى ئىمام شافىئىي بولۇپ، بۇ ئەسەر ئۆزگىچە ۋە ئاممىباب بايان قىلىنىپ، ئىجماغا ئەھمىيەت بېرىلگەن“.

ئابدۇراھمان ئىبنى مەھدىي مۇنداق دەيدۇ: ”ئىمام شافىئىينىڭ ”مەكتۇپ“ ناملىق ئەسىرى مېنى ھەيرەتكە تاشلىغان ئىدى، چۈنكى ئۇ ئەقىل - پاراسەتلىك ۋە سۆزگە ماھىر بىر ناتىقنىڭ سۆزلىرى ئىدى،شۇڭا مەن ئىمام شافىئىيغا كۆپ دۇئا قىلىمەن“.

”مەكتۇپ“ ناملىق بۇ ئەسەرنى رەبىيئ ئىبنى سۇلايماننىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن ئەھمەد مۇھەممەد شاكىر قايتا رەتلەپ چىققان. ئەھمەد مۇھەممەد شاكىرنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە بۇ ئەسەرنى ئىمام شافىئىي ئىككى قېتىم قايتا يېزىپ چىققان بولۇپ، شۇ ۋەجىدىن ئۆلىمالار ئۇنى ”كونا مەكتۇپ“ ۋە ”يېڭى مەكتۇپ“ دەپ ئاتاشقان.

ئەھمەد مۇھەممەد شاكىرغا كۆرە ”كونا مەكتۇپ“ نى ئىمام شافىئىي ئابدۇراھمان ئىبنى مەھدىينىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن مەككىدە يېزىپ چىققان. ئابدۇراھمان ئىبنى مەھدى، ئىمام شافىئىيغا قۇرئاننىڭ تەپسىرى، ھەر خىل رىۋايەت، ئىجمانىڭ

---

[1] سۈرە مائىدە 6 - ئايەت.

www.uyghurweb.net

دەلىللىرى، قۇرئاندىكى ناسىخ ـ مەنسۇخ ئايەتلەر ۋە سۈننەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كىتاب تۈزۈپ چىقىشنى ئۆتۈنۈپ مەكتۇپ يازغان ئىدى. "باغدات تارىخى" ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى خەتىبنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، شۇ چاغدا ئابدۇراھمان ئىبنى مەھدىي باغداتتا ئىدى.

فەخرۇر رازى "ئىمام شافىئىينىڭ ئالاھىدىلىكى" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: "بىلىشىمچە ئىمام شافىئىي "مەكتۇپ" ناملىق ئەسىرىنى باغداتتا يېزىپ چىققان بولۇپ، مىسىرغا قايتقىنىدا قايتىدىن يېزىپ چىققان، مەيلى باغداتتا يازغىنى بولسۇن ياكى مىسىردا يازغىنى بولسۇن ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار".

ئەھمەد مۇھەممەد شاكىر مۇنداق دەيدۇ: "زامانىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ "كونا مەكتۇپ" يۇقىلىپ كېتىپ پەقەت "يېڭى مەكتۇپ" لا قېپقالغان، پەمىمچە ئىمام شافىئىي بۇ ئەسەرنى "ئاساس" ناملىق ئەسىرىدىن كېيىن يېزىپ چىققان بولۇپ، بۇ ئەسەر ئۇ بۇرۇن يازغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان". ھالبۇكى ئىمام شافىئىي بۇ ئەسەرنى "مەكتۇپ" دەپ ئاتىماي "كىتاب" ياكى "ئەسىرىمىز" دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ئاتىغان بولۇپ، ئىمام شافىئىينىڭ ئابدۇراھمان ئىبنى مەھدىگە يازغان خېتىگە ئاساسەن "مەكتۇپ" دەپ ئاتىلىپ قالغان. "مەكتۇپ" پەقەت فىقھى ئاساسلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى ھەدىسنىڭ ئاساسلىرى ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇنجى ئەسەردۇر.

بەدرۇددىن زەركىشى "بەھر مۇھىت" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: "فىقھىنىڭ ئاساسلىرى ھەققىدە تۇنجى قېتىم ئەسەر يازغان كىشى ئىمام شافىئىي بولۇپ، بۇ ئاساسەن "مەكتۇپ"، "قۇرئاندىكى ئەھكاملار"، "ھەدىس ھەققىدە ئىختىلاپ"، "ئىجما" ۋە "قىياس" قاتارلىق ئەسەرلەردۇر".

ھەممىگە مەلۇمكى بۇ ئەسەرنى شەرھلەش ئۈچۈن يېتەكچى ئۆلىمالار ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان. "سىرلارنىڭ ئاچقۇچى" ناملىق ئەسەر بۇنىڭ جانلىق ئىسپاتىدۇر.

## مەزھىبىنىڭ ئاسالىرى

ئىمام شافىئىي "ئاساس" ناملىق ئەسىرىدە ئەھكام ۋە دەلىللەرنى ئاممىباب قىلىپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان. مەسىلەن:

"ئىلىم بىر قانچە باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ، بىرىنچى باسقۇچتا قۇرئان ۋە سۈننەت، ئىككىنچى باسقۇچتا قۇرئان ۋە ھەدىستە دەلىل بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئىجما، ئۈچىنچى باسقۇچتا ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلغان ساھابىلارنىڭ سۆزلىرى، تۆتىنچى باسقۇچتا ساھابىلارنىڭ بىرەر مەسىلىگە قارىتائوخشىمىغان قارىشى، بەشىنچى باسقۇچتا قىياس. قۇرئان ۋە سۈننەتتە دەلىل بولغىنىدا باشقا دەلىللەرگە ئېھتىياج يوق، چۈنكى دەلىل ئەڭ ئاساسلىق يەردىن ئېلىنىدۇ".

### 1 ـ قۇرئان ۋە سۈننەت:

ئىمام شافىئىيغا كۆرە، قۇرئان بىلەن سۈننەت ئىسلام قانۇنىنىڭ يېگانە ئاساسىدۇر. سۈننەت دەرىجە جەھەتتىن گويا قۇرئان بىلەن ئوخشاشتۇر، چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ،پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھىينىلا سۆزلەيدۇ. دېمەك قۇرئانمۇ، سۈننەتمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئەگەر بۇ ئىككىسى بىر بىرىدىن ئايرىلىپ قالسا سەۋەبلەرمۇ ئايرىلىپ كېتىدۇ. چۈنكى سۈننەتنىڭ دەلىللىرى قۇرئاندىن ئېلىنغاندۇر ۋە سۈننەت قۇرئاننىڭ ئۇلاۋىسىدۇر. بۇندىن باشقا ئاللاھ خەلقنى ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىپ، ھۆكمىگە بويسۇنۇشنى پەرز قىلغان، كىمكى ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلسا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. قىسقىسى سۈننەت قۇرئان كەرىمنىڭ جاكارچىسىدۇر.

ئىمام شافىئىينىڭ "مەكتۇپ" ناملىق ئەسىرىدە: "قانداقلا بىر قەۋمگە ئاللاھنىڭ دىنى كەلمىسۇن، ئۇ دىنىنىڭ توغرۇلۇقنى كۆرسىتىدىغان دەلىلمۇ بىرگە كەلگەن" دەپ ئېيتقىنىدەك، قۇرئان كەرىم ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسىدۇر.

قۇرئان كەرىمنىڭ لەۋزى ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

www.uyghurweb.net

ئا) تۆۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلىنغىنىدەك، خاسلىقىنىڭ ئەمەس ئومۇملۇقىنىڭ كۆزدە تۇتۇلىشى: ﴿يەر يۈزىدىكى هايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى ئاللاھ (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان﴾[1].

ب) كۆرۈنۈشتە ئومۇملۇق كۆزدە تۇتۇلۇپ ئومۇملۇقتا ئىشارەت قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خاسلىققا ئىشارەت قىلىنىشى:

﴿(ئى مۆمىنلەر!) سىلەرگە نېمە بولدىكى، ئاللاھنىڭ يولىدا جىهاد قىلمايسىلەر ۋە (دۇئا قىلىپ): «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن﴾[2].

بۇ يەردىكى ”ئاھالىسى زالىم شەھەر“ بولسا خاستۇر، چۈنكى شەھەر ئاھالىسىنىڭ ھەممىسىنىڭ زالىم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ شەھەردە مۇسۇلمانلارمۇ بار بولسىمۇ، سان جەھەتتىن ئىنتايىن ئاز ۋە كۈچ قۇدرىتى يوق.

ج) - كۆرۈنۈشتە ئومۇملۇق كۆزدە تۇتۇلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پەقەتلا خاسلىققا ئىشارەت قىلىنىشى:

﴿(مۇشرىكلار تەرەپدارى بولغان) ئادەملەر ئۇلارغا: «شەك - شۈبھىسىزكى، كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار» دېدى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: «بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھنىڭ ھېمايە قىلغان ياخشى ھامىي!» دېدى﴾[3].

ئەمەلىيەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىققانلار پەقەت بىر قانچە كىشىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار قوشۇن توپلىمىغان ئىدى. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنىمۇ پەقەت بىر قانچە كىشىدىنلا ئىبارەتتى. بۇ يەردىكى ”كىشىلەر“ دېگەن سۆز پەقەت ”ئۈچ نەپەر كىشى“ دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ، ئەرەب تىلىدا ”كىشىلەر“ دېگەن بۇ سۆز ”تۆت نەپەر كىشى“ دېگەن مەنىلەردە قوللىنىدۇ.

﴿شەك - شۈبھىسىزكى، كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى﴾ دېگەن بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان كىشىلەر پەقەت ئازغىنا بىر تۈركۈم كىشىلەردىن ئىبارەتتى، خالاس.

دېمەك، قۇرئاننىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بولۇپ، بۇنى پەقەت قۇرئان ۋە سۈننەت ئارقىلىقلا چۈشىنىش مۇمكىن. دەرۋەقە ئاللاھ ئۆز كىتابى (قۇرئان) دا پەيغەمبىرىگە ئەگىشىشكە ۋە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىغان، بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلىك، ئاللاھ ۋە قۇرئانغا ئەگەشكەنلىك بولىدۇ.

ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: ﴿سۈننەتكە ئەگىشىش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىزدۇر، چۈنكى ئاللاھقۇرئاندا رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشقا ئەمرى قىلدى، شۇڭا رەسۇلۇللاھقا بويسۇنغۇچىلار، ئاللاھنىڭ پەرمانىغا بويسۇنغۇچىلاردۇر﴾.

ئىمام شافىئىينىڭ زامانىدا ھەر خىل ۋاستىلار بىلەن سۈننەتكە ھۇجۇم قىلىدىغان گۇرۇھلار ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئىمام شافىئىي بۇلارنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ كاتىگورىيىگە ئايرىغان:

1) - سۈننەتنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغۇچىلار.

2) - قۇرئانغا ماس كەلمىگەن سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار.

3) - كۆپلىگەن راۋىلار تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنمىغان سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار.

دېمەك، ئىمام شافىئىي ئۇلارغا كەسكىن دەلىللەر ۋەپاساھەتلىك تىل بىلەن ئوچۇق، مەنتىقىلىق ۋە قانائەتلىنەرلىك ھالدا جاۋاب بېرىپ، قىلمىشلىرىنى پاش قىلغان.

### 2 ـ ئىجما

ئىمام شافىئىيغا كۆرە ”ئىجما، قۇرئان ۋە سۈننەتتىن قالسا قىياستىنمۇ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۆز دەۋرىنىڭ ئۆلىمالىرى، پىكىر بىرلىكى بىلەن بىرەر مەسىلىگە قارىتا چىقارغان ھۆكمى ”ئىجما“ دەپ ئاتىلىدۇ ۋە بۇلارنىڭ ئىجماسى دەلىل ھېساپلىنىدۇ. ساھابىلارنىڭ ئىجماسى، رەسۇلۇللاھتىن سۈننەتنى بىۋاستە ئاڭلاپ ئىجما قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ”بىرىنچى دەرىجىلىك ئىجما“ ھېسابلىنىدۇ. بۇندىن باشقا يەنە ھەر قايسى ئەللەردىكى مۇسۇلمان ئۆلىمالارنىڭ ئىجماسىدىن باشقا

---

[1] سۈرە ھۇد 6 - ئايەت.
[2] سۈرە نىسا 75 - ئايەت.
[3] سۈرە ئال ئىمران 173 - ئايەت.

www.uyghurweb.net

ئىجمالار ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ“. شۇ ۋەجىدىن ئۇ ئۇستازى ئىمام مالىكنىڭ سۆزىنى ”مەدىنەلىكلەرنىڭ ئىجماسى“ دەپ قاراپ رەت قىلغان.

ئىمام شافىئىينىڭ ”مەكتۇپ“ ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: ”مەن ۋە ھەرقانداق بىر ئىلىم ئەھلىنىڭ بىرەر مەسىلە ھەققىدە، ”بۇ ئىجمادۇر“ دېيەلىشىمىز ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇ مەسىلىگە قارىتا مۇلاقات بولغان ھەر بىر ئۆلىمانىڭ قارىشىنىڭ بىردەك بولۇشى ۋە بۇرۇنقى ئۆلىمالاردىنمۇ ئەينەن شۇنداق نەقىل كەلتۈرۈلگەن بولۇشى شەرت. مەسىلەن، ناماز پېشىننىڭ تۆت رەكئەت، ھاراقنىڭ ھارام بولۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر بۇ تۈرگە كىرىدۇ“.

ئىمام شافىئىي ئىجماغا مۇنۇ ئايەتنى دەلىل قىلىدۇ:

﴿كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە) مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرىيگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!﴾[1].

ئىمام شافىئىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جامائەتتىن ئايرىلماسلىق ھەققىدىكى ئەمرى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتتىن ئايرىلماسلىق ھەققىدە پەقەت بىرلا شەرت ئاستىدا ئەمرى قىلغان؛ ئۇ بولسىمۇ قۇرئان، سۈننەت ۋە قىياسقا ئاساسەن، ئوچۇقراقى ئېتىقادى جەھەتتىن ئوخشاش بولغان جامائەتنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماسلىقى شەرت، ئۇنداق بولمايدىكەن يەنى مۇسۇلمان، كاپىر، تەقۋادار ۋە پاسىقلاردىن تەركىب تاپقان بىر جامائەت بىر يەرگە كەلگەن تەقدىردىمۇ ھېچقانداق بىر ئەھمىيىتى بولمايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا جامائەتنى بىر ئىنسان ۋۇجۇدىغا تەمسىل قىلساق، بۇ ۋۇجۇدنىڭ ئورگانلىرى چوقۇم شۇ ۋۇجۇدقا ماسلاشقان بولۇشى كېرەك، ۋۇجۇدقا ماس كەلمەيدىغان ئورگانلارنى بىر يەرگە توپلىغان تەقدىردىمۇ ۋۇجۇدقا نىسبەتەن ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ، بىراق ئورگانلار ئاز بولسىمۇ ۋۇجۇدقا ماس ۋە ساغلام بولغىنىدا ۋۇجۇدنىڭ تەكۈشۈكلىقىنى ساقلاپ قالالايدۇ“.

دەرۋەقە ئىمام شافىئىينىڭ ئۇستازى ئىمام مالىكنىڭ سۆزىنى ”مەدىنەلىكلەرنىڭ ئىجماسى“ دەپ رەت قىلىشىغا، ئەسلىدە ئىمام مالىكنىڭ سۆزىگە ئاساسەن پۈتكۈل مەدىنەلىكلەرنىڭ ئىجما قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلىشى سەۋەب بولغان ئىدى. بۇ ھەقتە ئۇ ”مەكتۇپ“ ناملىق ئەسىرىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئىمام مالىكنىڭ ئىجماسىغا كۆپلىگەن مەدىنىلىك ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قارشى ئىكەنلىنى بايقىدىم، كۆپىنچە ھاللاردا ھەر قايسى ئەللەردىكى ئۆلىمالار بۇ ئىجماغا قېتىلمايتتى، شۇڭا مەدىنىدىلا ئىختىلاپ يوق، دەپ قاراپ ”بۇ ئىجمادۇر“ دېيىش توغرا ئەمەس، ئىجمانىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن خۇددى مەدىنىلىكلەرنىڭ بىردەك ئاۋاز قوشقىنىدەك، ھەر قايسى ئەللەرنىڭمۇ بىردەك ئاۋاز قوشۇشى شەرت“.

### 3 ـ ساھابىلارنىڭ سۆزلىرى

ئىمام شافىئىينىڭ ساھابىلارنىڭ سۆزلىرىگە قارىتا قارىشى مۇنداق ئىدى: ”ھېچ ئىختىلاپ بولمىغان ساھابىلارنىڭ سۆزلىرىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىمىز، ئەگەر ساھابىلار بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشقان بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەقەت قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەڭ ئۇيغۇن بولغانلىرىنىڭ سۆزلىرىنىلا قوبۇل قىلىمىز“.

ئىمام شافىئىيغا كۆرە، بارلىق ساھابىلارنىڭ ئورتاق بىر پىكىرگە كېلەلمەسلىكى زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن بولغان ئىدى، شۇڭا ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ بۇ ھەقتە ئىختىلاپ قىلىش سالاھىيىتى يوق“.

ئىمام شافىئىي ساھابىلارنىڭ ئوخشىمىغان دەلىللىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”بىز قۇرئان، سۈننەت ۋە ئىجماغا ئەڭ ئۇيغۇن بولغان ساھابىلارنىڭ دەلىللىرىنى ياكى ئەڭ توغرا دەپ قارالغان قىياسلىرىنى قوبۇل قىلاتتۇق“.

### 4 ـ قىياس:

ئىمام شافىئىينىڭ قىياس قارىشى ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭكىدىن تامامەن پەرقلىق ئىدى، بولۇپمۇ يالغۇز ياكى ئازغىنا بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىنى قوبۇل قىلىشتا ئېخىمۇ شۇنداقتى. ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىچە قۇرئان ۋە سۈننەتتە

---

[1] سۈرە نىسا 115 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

دەلىلى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا قىياس قىلىش ياكى ئۆز قارىشى بويىچە ئىجتىھاد قىلىش مەنئى قىلىناتتى، دەلىلسىز ۋە قىياسسىز ھەر قانداق بىر سۆزنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوقتى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىجتىھادىقا ئەمر قىلىشى پەقەتلا بىرەر مەسىلىگە ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئىبارەتتى، ھۆكۈمنى پەقەت دەلىللەر بىلەنلا چىقىرىش مۇمكىن ئىدى، بۇ دەلىللەر بولسا قىياستىن ئىبارەتتى، خالاس.

ئىمام شافىئىي ھەنەفىلەرنىڭ ئىستىھسان قىلىش ئۇسۇلىنى قاتتىق تەنقىت قىلىپ ۋە ئۇنى باتىل دەپ قاراپ مۇنداق دېگەن: "مېنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپىم ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكۈملىرى ئاندىن قالسا جامائەتچىلىكنىڭ ھۆكۈملىرىغا ئاساسلىنىش بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ھەنەفىيلەر قازىلىق ياكى مۇفتىلىق قىلىشقا لايىق ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇرئان بىلەن سۈننەتكە ئاساسلانمىغان پەتىۋا جائىز ئەمەس".

ئىمام شافىئىينىڭ بايانلىرىغا كۆرە، ئىستىھسان قىلىشنىڭ ھەقنى باتىلدىن ئايرىيالىغۇدەك مۇئەييەن بىر ئۆلچىمى ۋە مەلۇم بىر ئاساسىي يوقتى، ئەگەر ھەر بىر مۇفتى ياكى قازى ياكى مۇجتەھىدقا دەلىلسىز ئىستىھسان قىلىشقا ئىجازەت بېرىلىدىغان بولسا، ئىشلار قالايمىقانلىشىپ كېتەتتى ۋە ھەر بىر مۇفتىنىڭ ئىستىھسانىغا ئاساسەن بىر مەسىلە ھەققىدە ئوخشىمىغان تالاش ـ تارتىشلىق ئەھكاملار ئوتتۇرىغا چىقاتتى.

### مەزھىبىنىڭ تارقىلىشى

ئىبنى خەلدۇن ئىمام شافىئىي مەزھىبىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە تارقىلىشى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئىمام شافىئىينىڭ مىسىردىكى ئەگەشكۈچىلىرى ئىمام شافىئىي مەزھىبىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى، بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئىمام شافىئى مەزھىبى ئىراق، خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھر قاتارلىق جايلارغا تارقالدى. پەتىۋا بېرىپ مەزھىبىنى تارقىتىش ئۈچۈن ئىمام شافىئىيلار بىلەن ھەنەفىلەر پۈتكۈل ئىسلام دىيارلىرىنى بۆلۈشتى. شۇ ۋەجىدىن ھەنەفىلەر بىلەن ئىمام شافىئىلار ئوتتۇرىسىدا قىزغىن بەس ـ مۇنازىرىلار باشلىنىپ كەتتى ۋە بىر ـ بىرىگە قارشى كۆپلىگەن ئەسەرلەر نەشىر قىلىنىپ، ئىككى مەزھەب ئوتتۇرىسىدا يېپىيېڭى بىر رىقابەت تۈسىنى ئالدى. ئاندىن بۇ شەرق ئەللىرىگىچە كېڭەيدى.

ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئىمام شافىئىي مىسىرلىق ئىبنى ئابدۇلھەكەمنىڭ ھۇزۇرىغا قەدەم تەشرىپ قىلغاندا، ئابدۇلھەكەمنىڭ جەمەتىدىن بىر تۈركۈم جامائەت، ئەشھەب ئىبنى قاسىم، ئىبنى مەۋۋاز، ھارىس ئىبنى مەسكەن ۋە ئەرلادلىرى ئىمام شافىئىي مەزھىبىنى قوبۇل قىلدى. ئىمام شافىئىي مەزھىبى راۋاجلىنىۋاتقان مۇشۇنداق بىر جىددى پەيتتە مەملۇكلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئىمام شافىئىي مەزھىبى مىسىردىن سۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەھل بەيت فىقھىسى ئالماشتى ۋە مەملۇكلار سۇلالىسىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى بىلەن ھاكىمىيەت سالاھىدىن يۈسۈف ئەييۇبىنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىمام شافىئىي مەزھىبى قايتىدىن گۈللەندى. بۇ مەزھەبنى كەڭ تارقىتىش يولىدا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلەر ئارىسىدا شامدىكى ئەييۇبىلار سۇلالىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ھەلەبلىك مۇھيىددىن نەۋەۋى، ئىززۇددىن ئابدۇسالام، مىسىرلىق ئىبنى رۇفئە، تەقىيۇددىن ئىبنى دەقىق ئىيد، تەقىيۇددىن سەبەكى، مىسىرلىق شەيخۇل ئىسلام سىراجىدىن بەلقىينىي ۋە مىسىرلىق مەشھۇر ئۆلىمالار ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ".

ئىمام شافىئى مەزھىبى ئىراق، خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھر قاتارلىق جايلارغا قارىغاندا مىسىردا كەڭ ئومۇملاشقان.

مەغرىب دۆلەتلىرى بىلەن ئەندەلۇستا ئىمام مالىكى مەزھىبى كەڭ تارقالغان بولسىمۇ، بىراق، ئىمام شافىئىي مەزھىبىنىڭ بۇ جايلاردا تارقىلىشىغا شارائىت يار بەرمىگەن.

### ئىمام ئەھمەد

**زامانى:**

ئىمام ئەھمەدنىڭ ياشىغان دەۋرى دەل ئابباسىيلارنىڭ خاۋارىج ۋە ئەلەۋىلەرنىڭ ئىسيانىنى تىنجىتىپ، ۋەزىيەت بىر قەدەر مۇقىملاشقان بىر مەزگىل ئىدى. بىراق بۇ مەزگىلدە ئابباسىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىچكى نىزا ئاستا ـ ئاستا تەرەققى قىلىپ، ئەمىن بىلەن مەئمۇننىڭ ئۆزئارا دۈشمەنلىشىشىگە قاراپ يۈزلەنگەن ۋە بۇ جېدەل ـ ماجىرا مەئمۇننىڭ پارس قوشۇنىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ غەلىبە قىلىشى بىلەن ئاخىرلاشقان. شۇندىن ئىتىبارەن ئاباسىيە خەلىپىلىكى زەئىپلىشىپ، خەلىپىلەر چەتئەللىكلەرگە بېقىنىدىغان بولۇپ قالغان. مەسىلەن، مەئمۇن پارسلارغا، مۇئتەسىم تۈركلەرگە بېقىناتتى. شۇنىڭ

www.uyghurweb.net

بىلەن خەلىپىلەرنىڭ نوپۇزى يوقىلىپ، ھاكىمىيەت ئىختىيارسىز ھالدا چەتئەللىكلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ خەلىپىلەربولغان ھامىيلىقى كېسىلگەندىن كېيىن، خەلىپىلىك تامامەن زاۋاللىققا يۈز تۇتقان.

ئىمام ئەھمەد بۇ خىل مۇھىت ئاستىدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ بۇ ئىشلارغا ئارىلاشماي، ئۆزىنىڭ ئىلمىي ھاياتىنى داۋاملاشتۇرغان. بىراق، مەئمۇننىڭ ھاكىمىيەتنى تەكرار قولىغا ئېلىپ، مۇئتەزىللەرگە يان بېسىشى ئىمام ئەھمەدنىڭ غەزەب - نەپرىتىنى قوزغىدى. ئىمام ئەھمەد ئۇلارنىڭ بىدئەتلىرىگە قارشى قانداقمۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرالىسۇن! ھالبۇكى مۇئتەزىللەرنىڭ ئېتىقادى ئىسلامنىڭ ساپ ئېتىقادىدىن ئېغىپ كەتمەن تۇرسا...شۇڭا ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش بىلە ن بىرگە ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ سىزرۇنلىرىغا قاتناشماسلىققا دەۋەت قىلدى.

بۇ چاغدا زىندىقلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىسلام ھاكىمىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پارسىي ھاكىمىيەت بەرپا قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. مۇئتەزىللەر بولسا ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلەردىن بولۇپ، ئۇلارغا قارشى تۇرۇشتىكى بىردىن بىر مەقستى ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بۇ چاغدا ساھابىلار بىلەن تابىئىنلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، قۇرئان ۋە سۈننەتنى جان تىكىپ قوغدايدىغان مۇھەددىس ۋە فۇقەھالارمۇ باردى. بىراق، مەئمۇن ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ھاكىملار پىكرى جەھەتتىكى ئىختىلاپ تۈپەيلىدىن مۇھەددىسلار بىلەن فۇقەھالارغا ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەن بىر قىسىم مۇئتەزىللەرگە يان بېسىپ ئۆلىمالارغا ھۇجۇم قىلدى.

ئەھمەدنىڭ دەۋرىدە فىقھشۇناسلىق گۈللىنىپ، ئىراقلىق، شاملىق ۋە ھىجازلىق قاتارلىق ھەر قايسى شەھەرلەردىكى فۇقەھالارنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن تېخىمۇ راۋاجلاندى. ئەھمەد بۇرۇنقى مۇجتەھىدلار قالدۇرۇپ كەتكەن نۇرغۇنلىغان فىقھى بايلىقلارنىڭ ھەنەفى، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام مالىكى مەزھەبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئورۇن ئالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىمام شافىئىي بىلەن ئىللاقە باغلىدى ۋە ئۆز ئىلمىغا تايىنىپ بۇنى تېخىمۇ بېيىتىش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز فىقھىسىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان بۇ فىقھى ھەققىدە ئىزدىنىشكە باشلىدى، ئۆلىمالارنىڭمۇ بۇنىڭغا چوڭقۇر ئەھمىيەت بېرىشى بىلەن بۇ فىقھنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا مەشھۇر مۇھەددىس ۋە فەقىھ بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرى بۇنىڭغا شاھىت بولالايدۇ، ئەلۋەتتە.

بۇ دەۋردە يەنە بىر تەرەپتىن پىكرىي جەھەتتىكى سۈركىلىش ۋە فۇقەھالار ئارا بەس - مۇنازىرىلەر، يەنە بىر تەرەپتىن فۇقەھالار بىلەن مۇئتەزىللەر، جەھمىيىلەر ۋە مۇرجىئەلەردىن ئىبارەت تۈرلۈك ئېقىملاردىن تەشكىل تاپقان كالامشۇناسلار بىلەن بولغان دە - تالاش قىزىپ كەتكەن ئىدى. كالامشۇناسلارمۇ ئۆزئارا دە - تالاشلاردىن خالىي ئەمەستى. ئەھمەدمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالالمايتتى، شۇڭا ئۇ سەننەتتە تېخىمۇ تاكامۇللىشىش، ساھابىلار بىلەن پىشقەدەم تابىئىنلارنىڭ پەتىۋالىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇشقا يۈزلىنىپ، گەرچە سۆزى قۇرئانغا ئۇيغۇن، دەلىلى كۈچلۈك بولسىمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە جېدەل - ماجىرادىن ئۆزىنى قاچۇردى.

## قىسقىچە تەرجىمھالى (164 - 241 - يىللىرى)

ئىمام ئەھمەد ھىجرىينىڭ 164 - يىلى رەبىيئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا دۇنياغا كېلىپ، 241 - يىلى يەنە شۇ ئايدا ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئەرەب ئەسلىلىك شىبانى قەبىلىسىدىن ئىدى. ئاتا - ئانىسىغا مەنسۇپ بولغان شىبانى قەبىلىسى، بەسرە ۋە باياۋانلاردا ياشاپ ئۆتكەن مەغرۇر، ھىممەتلىك ۋە قەيسەر ئادەملەرنىڭ بىر ئۇيىمقى بولغان رەبىيئە قەبىلىسىگە تۇتىشاتتى.

دادىسى مۇھەممەد ئىبنى ھەنبەل، بوۋىسى ھەنبەل ئىبنى ھىلال بولۇپ، ئۇنىڭ ئەجدادى بەسرەدە ياشايتتى، لېكىن ئۇنىڭ بوۋىسى نەنبەل ئىبنى ھىلال خۇراسانغا كۆچۈپ كېتىپ، ئۇمەۋىلار دەۋرىدە ”سەرخەس“ نىڭ ۋالىيسى بولغان، ئابباسىلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ئابباسىلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كۆپ ئەزىيەت چەككەن ۋە ئائىلىسى باغداتقا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ئەھمەد دۇنياغا كەلگەن ئىدى.

ئىشەنچىلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ئەھمەدنىڭ باللىق دەۋرىدە دادىسى ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئانىسى ئۇنى دادىسىدىن قالغان مىراسقا تايىنىپ يېتىشتۈرگەن ئىدى. ئېسىل نەسەبلىك بىر ئائىلىدىن كېلىپ چىقىشى ۋە يېتىملىك ھالىتى، ئەھمەدنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك، ھەممەتلىك، مەغرۇر، تالانتلىق ۋە جەمئىيەت بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇپ چىقىشقا زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن ئىدى.

www.uyghurweb.net

ئىمام ئەھمەد ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان باغدات بولسا، ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەركىزى، خىلمۇ - خىل شەرىئەت بىلىملىرىنىڭ، تىلشۇناسلىق ۋە ئەقلى - پاراسەتنىڭ بۆشىكى بولۇپ، مائارىپ، ئىلىم - پەن تەرەققى قىلىپ، تۈرلۈك پىكىر ئېقىملىرى بەس - بەستە سايراشقا باشلىغان ۋە ھەر خىل مەشرەپ سورۇنلىرى كېزىپ كەتكەن بىر مەزگىل ئىدى. كىچىكىدىن باشلاپلا ئەھمەدنىڭ ئائىلىسى ئۇنى دىنغا خىزمەت قىلىدىغان بىر ئالىم قىلىپ تەربىلەپ چىقىش مەزگىلىدە ئۇنى دىنى تەلىم - تەربىيىگە يەزلەندۈرگەچكە، ئەھمەد قۇرئاننى يادلاپ، ئەرەب تىلىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈپ، تەقۋادارلىق، ئىستىقامەت ۋە گۈزەل - ئەخلاق قاتارلىق جەھەتلەردە تەكشۈشلىرى ۋە ساۋاقداشلىرىنى بېسىپ چۈشكەن ئىدى. ئەھمەد ئۆسۈپ يېتىلگەندە ئالدىدا فىقھى ۋە ھەدىستىن ئىبارەت ئۆگەنمىسە قەتئىي بولمايدىغان ئىككى تۈرلۈك ئىلىمنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ، دەسلەپتە مۇتەپەككۇرلاردىن بولغان فۇقەھالاردىن، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ شاگىرتى قازى ئەبۇ يۈسۈفتىن ئاندىن مۇھەددىسلەردىن دەرس ئېلىشقا باشلىغان ۋە ئاخىرىدا فىقھىتا پۈتۈنلەي كامالىغا يەتمىگەن بولسىمۇ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ھەدىسقا يۈزلەنگەن.

بۇ ھەقتە خەللال، ھافىز زەھەبىنىڭ تارىخى ئەسىرى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېگەن: "ئەھمەد دەسلەپتە مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى يېزىپ يادلىغان بولسىمۇ، كېيىن تاشلاپ قويغان".

ئىمام ئەھمەد ئىراق، شام ۋە ھىجازلىق ئۆلىمالاردا ھەدىس ئوقۇغان بولغاچقا ئۇنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرى بۇ شەھەرلەردىكى ئۆلىمالارنىڭ ھەدىسلىرىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ھەدىس ئوقۇشنى باغدات ئۆلىمالىرىدىن باشلىغان ۋە بەسرە، كۇفە، ھىجاز ۋە يەمەنلەرگە سەپەر قىلىپ، شۇ يەردىكى ئۆلىمالاردىن ھەدىس ھەققىدە تەلىم ئالغان. شۇندىن ئېتىبارەن (186 - يىلى ھ) ئىمام ئەھمەد باغداتلىق ھەدىسشۇناس ھۇشەيم ئىبنى بەشىر (؟ - 183 - يىللىرى ھ) دىن دەرس ئېلىپ كىتاب يېزىشقا باشلىغان. بۇ ھەقتە ھۇشەيمنىڭ ئوغلى سالىھنىڭ رىۋايىتى ۋە ئىبنى جەۋزىنىڭ "مەناقىب" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: "مەن ھۇشەيمدىن 79 - يىلىدىن 82 - يىلىغىچە دەرس ئېلىپ ئەسەر يېزىشقا باشلىدىم، - 83 - يىلى ئۇ ئالەمدىن ئۆتتى، بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە 1000 ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان "ھەج ھەققىدە ساۋات" (سالىھ ئەھمەددىن: "بۇ ھەدىسلەر ئۈچ مىڭغا يېتەمدۇ؟" دەپ سورىغىنىدا "ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ" دەپ جاۋاب بەرگەن)، "بىر قىسىم تەپسىر"، "ئەھكام" ۋە كىچىك تىپتىكى كىتابچەلەر ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

ھۇشەيمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەھمەد باغداتتىكى باشقا ئۆلىمالاردا 20 يىل ئوقۇغان، ئاندىن يەنە سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئۆز ئۇستازلىرىدىن تەكرار ھەدىس ھەققىدە تەلىم ئالغان. مەسىلەن، بەسرە بىلەن ھىجازغا 5 قېتىم بارغان، تۇنجى قېتىملىق سەپىرىدە ئىمام شافىئىي بىلەن ئۇچرىشىپ، تەلىم ئالغان (187 - يىلى ھ) ئاندىن باغداتقا كېلىپ فىقھىسنىڭ ئاساسلىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن.

ھىجرىيىنىڭ 198 - يىلى يەجگە بارغىنىدا شاگىرتى يەھيا ئىبنى مۇئەييەنىنمۇ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالغان بولۇپ، يەمەننىڭ سەنئا شەھرىدە تۇرۇشلۇق ئابدۇررازاق ئىبنى ھەممامنىڭ يېنىغا بارغىنىدا بۇ يەردە ئۇچرىتالماي مەككىدە كۆرۈشكەن. ئەھمەد بۇ ئۇچرىششنى يېتەرلىك دەپ قارىمىغانلىقتىن نۇرغۇن رىيازەتلەرنى چېكىپ مىڭ بىر مۇشەققەتتە سەنئاغا بېرىپ ئابدۇررازاقتىن تەلىم ئالغان.

ئەھمەد پەقەت يادلاش بىلەنلا قانائەت قىلماي، ئۆگەنگەن ۋە ئاڭلىغان ھەدىس ۋە دەرسلىرىنى يېزىپ چىقىشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇڭا ئۇ سەپەرلىرىدە ھەمىشە كىتابلىرى قاچىلانغان سومكىلىرىنىمۇ بىرگە ئېلىۋالاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى، يازغانلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن قورققانلىقىدىن ئەمەس، يېتتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ يادلاش ئىقتىدارى ۋە ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى ئالاھىدە كۈچلۈك ئىدى.

ھافىز زەھەبى ئەھمەدنىڭ بىز يۇقىرىدا ئەسلەپ ئۆتكەن ئۇستازلىرىدىن باشقا، سوفيان ئىبنى ئۇيەينە، يەھيا قەتتان، ۋەلىد ئىبنى مۇسلىم، قازى ئەبۇ يۈسۈف ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى مەھدىي قاتارلىق ئۇستازلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى بايان قىلىدۇ.

### ھەدىس ۋە پەتىۋا سورۇنلىرى

ئەھمەد ئۇزۇن مۇددەتلىك سەپەرلەرگە ئاتلىنىش جەريانىدا نۇرغۇن تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، كامالىغا يەتكەن بىر ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىققاندىن كېيىن، ھەدىس ۋە پەتىۋا ھەققىدە دەرس ئۆتۈشكە باشلىدى.

www.uyghurweb.net

ئىبنى جەۋزىغا كۆرە، ئەھمەد پەقەت 40 ياشقا كىرگەندىن كېيىنلا فىقھى ۋە ھەدىس ھەققىدە دەرس بېرىشكە ئۆزىنى ئاتىغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم زامانداشلىرى (203 - يىلى ھ) ئۇنىڭدىن ھەدىس دەرسى ئالماقچى بولغاندا قوبۇل قىلمىغان ۋە يەمەندە تۇرۇشلۇق ئابدۇررازاق ئىبنى ھەممامنىڭ يېنىغا بىرىپ بىر مەزگىل ھەمسۆھبەت بولغاندىن كېيىن باغداتقا قايتقىنىدائۆزىنىڭ تولۇق يېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ (204 - يىلى ھ) دەرس بېرىشكە باشلىغان. ئېھتىمال ئۇ "رەسۇلۇللاھقىمۇ 40 يېشىدا پەيغەمبەرلىك كەلگەن" دەپ ئويلاپ بۇ ياشنىڭ كامالىغا يەتكەنلىكىنىڭ نىشانى دەپ قارىغانلىقىدىن شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك ياكى بولمىسا بۇ ياشقا كەلگەندە ئىنسانلار ھەدىس ۋە فىقھى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلانغانلىقىدىن شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك. ئۇ بۇرۇنمۇ زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىۋېلىشى ئۈچۈن بىر سورۇن تۈزۈپ پەتىۋا بىرەتتى. قانداقلا بولمىسۇن ئۇ باغدات جامەسىدە پەتىۋا ھەققىدە دەرس بېرىشكە باشلىدى. بىر قىسىم راۋىلارنىڭ بايان قىلىشىچە ئۇنىڭدىن دەرس ئاڭلاشقا كەلگەنلەرنىڭ سانى تەخمىنەن 5000 كىشىگە يەتكەن. بۇ بولسا ئۇنىڭ ئىلىم جەھەتتىن قانچىلىك دەرىجىگە يەتكەنلىكىنىڭ نامەيەندىسىدۇر.

"زەھەبى تارىخى" ناملىق ئەسەر ۋە ئىبنى جەۋزىنىڭ "مەناقىب" ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىشىچە ئۇنىڭ سورۇنى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇ سورۇندا ھەدىس تەتقىقاتى، ھەدىسلارنى قارىغۇلارچە يادلاشتىنمۇ كۆرە مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىستىداتلىق ئۆلىمالاردىن بولۇشى ئاساس قىلىناتتى. ئەھمەدكە كۆرە دىنىنىڭ مەنبەسى قۇرئان ۋە سۈننەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ فىقھى پەتىۋالىرىنى رەتلەپ كىتابلاشتۇرۇشقا بولمايتتى ۋە دىن ھەققىدە ئىنسانلارنىڭ قاراشلىرىنى كىتابلاشتۇرۇش بىدئەت ھېسابلىناتتى.

## تارتقان ئەزىيەتلىرى

مەئمۇن، فۇقەھالار بىلەن مۇھەددىسلارنى خۇددى يانداشلىرى مۇئتەزىللەرگە ئوخشاشلا "قۇرئان مەقلۇق" دېيىشكە چاقىردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەھمەدنىمۇ شۇنداق دېيىشكە قىستىدى. بىراق ئەھمەدنىڭ بۇنىڭغا قارشى چىقىشى، مەئمۇن دەۋرىدە كۆپ ئەزىيەت تارتىشقا سەۋەب بولدى. مەئمۇننىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن مۇئتەسىم ۋە ۋاسىق دەۋرىدىمۇ ئوخشاشلا ئەزىيەت تارتتى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە تۇنجى بولۇپ "قۇرئان مەقلۇق" دېگەن كىشى ئۇمەۋىلارنىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن جەئد ئىبنى دىرھەم بولۇپ، ئۇنى خالىد ئىبنى ئابدۇللاھ قەسرى قۇربان ھېيت كۈنى كۇفەدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان ئىدى؛ جەئد ھېيت نامىزىدا دارقىرىتىپ ئېلىپ كېلىنىپ، ناماز ئوقۇلۇپ بولغان چاغدا خالىد خۇتبىسىنىڭ ئاخىرىدا: "(ئاللاھ مۇساغا (بىۋاسىتە) سۆز قىلمىدى، ئاللاھ ئىبراھىمنى دوست تۇتمىدى) دەپ جۆيلىگەن بۇ مەلئۇننىڭ بېشىنى تېن ئىدىن جۇدا قىلىڭلار!" دېگەن ۋە مۇنبەردىن چۈشۈپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان.

جەھم ئىبنى سەفۋانمۇ شۇنداق گەپلەرنى قىلغان ئىدى؛ مۇئتەزىللەر ئوتتۇرىغا چىققان چاغدا ئاللاھنىڭ سىپاتلىرىنى يوققا چىقىرىپ، ئاللاھنىڭ بىۋاسىتە سۆز قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلىشىپ: "ئاللاھ بارچە مەخلۇقاتنى ياراتقىنىغا ئوخشاش كالامىنىمۇ ياراتتى" دېيىشىپ، قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ مەخلۇقى ئىكەنلىكىنى كۆتۈرۈپ چىقىشقان ئىدى. بولۇپمۇ مەئمۇننىڭ مۇئتەزىللەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن ئەبۇ ھۇزەيلگە شاقىرتلىققا كىرىپ، ئۇلارغا يان بېسىشى ۋە يېقىنچىلىق قىلىشى بىلەن مۇئتەزىللەر ھە - دەپ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن.

مەئمۇن ئىراق ۋەكالەتچىسى ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىمدىن فۇقەھالار بىلەن مۇھەددىسلارنى "قۇرئان مەخلۇق" دېگۈزۈشنى تەلەپ قىلغاندا ئىسھاق فۇقەھالار بىلەن مۇھەددىسلارنى ئەكەلدۈردى، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلمۇ بار ئىدى، ئىسھاق ئەگەر قوبۇل قىلىشمىسا قاتتىق جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇردى، ئۇلار ئاز بولسىمۇ لېكىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى مۇستەھكەم قىلغان بولغاچقا ئۇلار پانىي دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىدىن ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى ئىختىيار قىلىپ، ئۆز مە يدانىدا تەۋرەنمەستىن قەتئىي چىڭ تۇردى، بولۇپمۇ مەئمۇننىڭ ئۆلۈمىگە قەدەر تۆمۈر قىزىتىلىپ يېقىلىپ قىيىن قىستاقلارغا ئېلىنغان تەقدىردىمۇ باشتىن ئاخىر ئۆزىنىڭ پولاتتەك ئىرادىسىنى نامايەن قىلدى. بىراق، ئۇنىڭغا بولغان ئەزىيەت مەئمۇننىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاخىرلاشمىدى بەلكى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى، چۈنكى مۇئتەسىم خەلىپە بولغاندىن كېيىن قېرىندىشى مەئمۇننىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن ئەھمەدنىڭ پۇتىغا ئىشەكەل، قوللىرىغا كويزا سېلىپ كوچا - كويلاردا سازايى

www.uyghurweb.net

قىلىپ قاتتىق قىين ئىدى، ئۇ ئەھمەدنى ھۇشىدىن كەتكۈچە ئۇردا ئۇراتتى، ئەھمەد 28 ئايغا يېقىن زىندادا ياتقاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. ئەھمەد ئۆيىگە قايتقىنىدا يارىسى تېخىچە تولۇق ساقىيىپ كېتەلمىگەچكە ئۇنى تولىمۇ ئازابلايتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ دەرت ـ ئەلەمگە چىداشلىق بېرىپ، مۇئتەسىم ئۆلگەنگە قەدەر مەسچىتتە دەرس ئۆتۈشنى داۋاملاشتۇردى. ۋاسىقنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە "قۇرئان مەخلۇق" دېگەن كىشىنىڭ باشلىقى ئەھمەد ئىبنى ئەبۇ داۋۇد دېگەن كىشى خەلىپىگە: "ئەدەمەدنى مۇستەئىسمغا ئوخشاش ئۇرۇپ ۋە قىيناپ جازالاندۇرسا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە مەرتىۋىسىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ كېتىدىغانلىقى، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئۇنى دەرس بېرىشتىن مەنئى قىلىپ، دەرس بەرگۈزمەسلىكنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە ئىكەنلىكى" ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەندىن كېيىن، ئىمام ئەھمەدنىڭ دەرس بېرىشى مەنئى قىلىنىپ، ۋاسىق (232 ـ يىلى ھ) ئۆلگەنگە قەدەرئۇدا 5 يىلدىن كۆپرەك دەرس بېرىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالدى. ئاندىن كېيىن ئۇ غالىبلارچە تەكرار دەرس بېرىشكە باشلىدى.

ئەھمەد خەلىپىلەرنىڭ سوغاتلىرىنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايتتى، بولۇپمۇ چىدىغۇسىز كۆپ ئەزىيەت تارتقاندىن كېيىن مۇتەۋەككىل ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال ـ دۇنيا تەكلىپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالغاندىمۇ كەسكىن رەت قىلغان. ئەگەر مەجبۇرى بىر نەرسە ئېلىشقا توغرا كېلىپ قالسا، يوقسۇل ۋە موھتاجلارغا تارقىتىپ بېرەتتى. ئىمام ئەھمەدنىڭ پۈتكۈل ھاياتى زاھىتلىق ۋە تەقۋادارلىق بىلەن ئۆتتى.

## "مۇسنەد" ناملىق ئەسىرى

ئىمام ئەھمەد 16 يېشىدىن (180 ـ يىلى ھ) باشلاپلا قولىغا ئېلىپ يېزىپ چىققان "مۇسنەد" ناملىق ئەسىرىنى ئىسلام ئۈممىتىگە مىراس قالدۇردى، ھالبۇكى ئۇ سۈننەتتىن باشقا تېمىلاردا ئەسەر يېزىشنى ئانچە ياقتۇرمايتتى.

ئابدۇللاھ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "مەن دادامدىن:

ـ نېمىشقا ئەسەر يېزىشنى ياقتۇرمايسەن؟ ھالبۇكى سەن "مۇسنەد" ناملىق ئەسەرنى يازغان تۇرساڭ؟ دەپ سورىۋىدىم، دادام:

— ئىنسانلار رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدە ئىختىلاپ قىلىشقان چاغدا بۇ ئەسەر يېتەكچى بولسۇن ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم، دەپ جاۋاب بەرگەن".

ئەھمەد بۇ ئەسىرىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل بولۇپ پۈتۈپ چىقىشى ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان بولۇپ، بۇ ئەسەر ئايرىم ـ ئايرىم قەغەزلەردە ئىدى. سەكراتقا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىدا بالا ـ چاقىلىرى ۋە ئۇرۇق تۇغقانلىرىنى يىغىپ رەتلەپ چىقىلمىغان بۇ يازمىلىرىنى ئۇلارغا تەقدىم قىلغان.

ھازىرقىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەدنىڭ رىۋايەتلىرى بولۇپ، بۇ دادىسىدىن ئۇنىڭغا قالغان مىراسى ئىدى. ئۆلىمالارنىڭ قارارىغا كۆرە ئۇ باشقا ئىنسالارغا كۆرە دادىسىدىن ئەڭ كۆپ رىۋايەت قىلغان.

ئۇنىڭ دادىسىدىن قىلغان بۇ رىۋايەتلەر ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ساقلىنىپ قالغان. ھالبۇكى ھازىر ساقىنىۋاتقان "مۇسنەد" نى ئابدۇللاھ رەتلەپ چىققان.

ئەھمەد ئىشەنچلىك بولۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن بولسىمۇ، ئۆلىمالا ر "مۇسنەد" تىكى ھەدىسلارنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. ئۆلىمالارنىڭ بىردەك ماقۇللىغان ھەدىسلەر بولسا: سەھىھ، ھەسەن ۋە غەرىبدىن ئىبارەتتۇر.

ئىبنى تەيمىييەگە كۆرە، مۇسنەد ھەققىدە قىلىنغان رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەھمەدنىڭ ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، پەقەت ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ رىۋايىتىلا ئەھمەدنىڭ ئىكەنلىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. "مۇسنەد" تىكى رىۋايەتلەرنىڭ ئەھمەدنىڭ بولۇشىنىڭ شەرتى ئىشەنچلىك بولۇشىدۇر، ئەگەر بۇ رىۋايەتلەرگە بىرەر ئويدۇرما ھەدىس قوشۇلۇپ قالغان بولسا، بۇ ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ ئىلاۋىسىدۇر، خالاس.

ئىراقي، ئىبنى تەيمىييەنىڭ پىكرىگە قېتىلماي: "مۇسنەد" تە كۆپلىگەن زەئىپ ۋە ئاز بىر قىسىم ئويدۇرما ھەدىسلەر بار، دەپ قارايدۇ.

www.uyghurweb.net

ئىبنى ھەجەر ”ئەلقوۋلۇل مۇسەددەد فىززىببى ئەن مۇسنەدى ئەھمەد“ ناملىق ئەسىرىدە ئۇستازىنىڭ دېگىنىگە قېتىلمايدۇ.

”مۇسنەد“ نى تەتقىق قىلغان ئۆلىمالارغا كۆرە، ”مۇسنەد“ تە ئويدۇرما ھەدىسلەر يوق، پەقەتلا زەئىپ ھەدىسلەر بار، ئويدۇرما ھەدىس بىلەن زەئىپ ھەدىسنىڭ پەرقىغا كەلسەك؛ زەئىپ ھەدىستا رىۋايەتنىڭ توغرا بولۇشى شەرت ئەمەس، بىراق ئويدۇرما ھە دىسنىڭ يالغانلىقىغا قارىتا دەلىل بار.

شەيخ ئەھمەد شاكىر ”مۇسنەد“ تىكى ھەدىسلەرنى تەتقىق قىلىشتا لۇغەتشۇناسلىق ۋە ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە ھەدىسلەرنى مۇندەرىجىلەرگە ئايرىغان.

شىھىت ۋە ئىسلام دەۋەتچىسى ھەسەنۇلبەننانىڭ دادىسى ئەھمەد ئەلبەننا ”مۇسنەد“ نى فىقھى بابلىرىغا ئاساسەن رەتلەپ چىققاچقا، تەتقىقاتى قولايلىشىپ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتكەن ۋە ئاخىرىدا تەتقىقات نەتىجىسىنى ”ئىمام ئەھمەد ھەنبەل شىيبانىنىڭ ”مۇسنەد“ ناملىق ئەسىرىنىڭ ئىلاھىي كۈچى“ دېگەن تېمىدا نەشر قىلغان.

## مەزھىبىنىڭ ئاساسلىرى

ئەھمەد سۈننەت فىقھىسىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەچكە، مۆتىۋەر مۇھەددىسلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىبنى قەييۇم ”ئەئلامۇل مۇقىئىين“ ناملىق ئەسىرىدە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ پەتىۋالىرىنىڭ بەش پرىنسىپقا ئاساسلانغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇنى بىز تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىمىز:

1 - دەلىللەر:

ئەھمەد ”سەھىھ ھەدىس“ تىن دەلىل تاپالىسا، پەتىۋا بېرەتتى ۋە قارشى چىققۇچىلارغا كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر قىلچە پىسەنت قىلمايتتى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ئۇ باشقىلار ئىجما قىلمىغان تەقدىردىمۇ دەلىللەرگە ئاساسەن ئىجما قىلىش ۋە دەلىل توپلاشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇنىڭ ”قۇرئان مەخلۇق“ دېگۈچىلەرگە تۇقان پۈزىتسىيىسى ۋە زىندىقلار بىلەن جەھەمىيىلەرگە (ئۇلاردىن دەلىل تەلەب قىلىپ: ”قۇرئان ياكى سۈننەتنى ئېلىپ كېلىڭلار! بىز سىلەرگە قۇرئان ۋە سۈننەتتە دەلىلى بولمىغان تەقدىردىمۇ جاۋاب بېرىمىز“ دەپ ئۇلارغا) قاتتىق رەددىيە بېرىشى بۇنىڭ ئوچۇق دەلىلىدۇر.

ئەھمەدنىڭ نەزىرىدە بەندىلەرنىڭ پېئىللىرىدىنمۇ قۇرئان ۋە ھەدىستىكى دەلىللەر تولۇق، ھەتتا كۆپ ئىدى. قۇرئاننىڭ دەلىللىرى بولسا ئاممىباب بىر قانۇن بولۇپ، بۇ كۆپلىگەن ئۇششاق مەسىلىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رەسۇلۇللاھقا ھېكمەتلىك سۆزلەر بېرىلگەن بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئەنە شۇ ھېكمەتلىك سۆزنى قىلىدۇ، ھالبۇكى بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى چوڭقۇر بولۇپ نۇرغۇنلىغان مەنالارنى، ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ناۋادا سىز قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ دەلىللىرىنى چۈشەنگىنىڭىزدە، بۇ دەلىللەرنىڭ بەندىلەرنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىغا تولۇق جاۋاب بېرەلەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيسىز، ئەلۋەتتە.

ئەھمەدنىڭ نەزىرىدە قۇرئان بىلەن سۈننەتنىڭ دەرىجىسى ئوخشاشتۇر، چۈنكى سۈننەت قۇرئاننىڭ قورغانى، قۇرئان بولسا سۈننەتنىڭ باياناتچىسىدۇر. دېمەك، سۈننەتنىڭ دەلىللىرىنىمۇ قۇرئاننىڭ دەلىللىرىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

ئەھمەدنىڭ نەزىرىدە دەلىل بولغان تەقدىردە، ئىختىلاپ قىلغۇچىلارغا كىم بولۇشىدىن قەتئىنەزەر ئىلتىپات قىلىشقا بولمايتتى، ھەتتا ساھابە بولغان تەقدىردىمۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇ ئۆمەرنىڭ مۇنۇ پەتىۋاسى: ”فاتىمە بىنتى قەيس ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەندە ئۆمەر ئۇنىڭغا (نەپەقە ۋە تۇرالغۇ جاي بېرىلىدۇ) دەپ پەتىۋا بەرگەن“ رەسۇلۇللاھنىڭ: ”ساڭا نەپىقىمۇ، تۇرالغۇمۇ بېرىلمەيدۇ“ دېگەن پەتىۋاسىغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆمەرگىمۇ ئىلتىپات قىلمىغان. سەبىيئە ئەسلەمىييەدىن رىۋايەت قىلىنغان رەسۇلۇللاھنىڭ: «ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ھامىلدار ئايالنىڭ ئىددىتى بوشىنىش بىلەنلا توشىدۇ» دېگەن پەتىۋاسىغا ئاساسەن ئىبنى ئاببىسنىڭ: ”ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ھامىلدار ئايال ئىككى ئىددەتتىن قايسىسى ئۇزۇن بولسا شۇنى تۇتىدۇ“ دېگەن سۆزىگە پىسەت قىلمىغان. بۇندىن باشقا يەنە: ”مۇسۇلمانمۇ كاپىردىن مىراس ئالمايدۇ، كاپىرمۇ مۇسۇلماندىن مىراس ئالمايدۇ“ دېگەن ھەدىستا كاپىر بىلەن مۇسۇلماننىڭ بىر - بىرىدىن مىراس ئالالمايدىغانلىقىغا ئاساسەن، مۇئاز بىلەن مۇئاۋىيەنىڭ: ”مۇسۇلمان كاپىردىن مىراس ئالىدۇ“ دېگەن سۆزلىرىنى ئېتىبارغا ئالمىغان.

www.uyghurweb.net

دېمەك، ئەھمەدنىڭ نەزىرىدە ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ پەزىلىتى، ھەرگىزمۇ كۆز - قاراشلىرىنى رەسۇلۇللاھنىڭ دەلىللىرىدىن ئۈستۈن قىلالمايدۇ. چۈنكى ھەممىسى رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرىنى دەلىل قىلاتتى ۋە ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ: ”كىمكى بىزنىڭ سۈننىتىمىزگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر ئىشنى قىلسا قوبۇل قىلىنمايدۇ“ دېگەن سۆزىگە ئاساسەن، رەسۇلۇللاھنىڭ دەلىللىرىگە زىت سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ.

### 2 - ساھابىلارنىڭ پەتىۋالىرى:

ئىبنى قەييۇمغا كۆرە، ئەھمەدنىڭ فىقھىي ئاساسىنىڭ ئىككىنچى پرىنسىپى، ساھابىلارنىڭ پەتىۋالىرىغا سادىق بولۇش ئىدى. دەرۋەگە ئەھمەد بىر ساھابىنىڭ بەرگەن پەتىۋاسىغا يەنە بىر ساھابە قارشى چىقمىغان بولسا، باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئېتىبارغا ئالمايتتى.

ھەممىگە مەلۇمكى قانۇنشۇناسلارغا كۆرە، ساھابىلارنىڭ پەتىۋالىرى ھەرخىلدى، ئىمام ئەھمەدكە كۆرە، بىر ساھابىنىڭ بەرگەن پەتىۋاسىغا يەنە بىر ساھابە قارشى چىقمىغان بولسا دەلىل ھېسابلىناتتى ۋە ”بۇ ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەيدىغان ئىجما بابىدىن“ دەپ قارايتتى. بىراق، ئەھمەد ئېھتىيات قىلىپ: ”بۇ ئىجما“ مۇ دېمەيتتى ۋە ”بۇنى رەت قىلىدىغان بىرەر دەلىل كۆرمىدىم“ ياكى ”بۇنىڭ ئىختىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن“ دەيتتى.

ساھابىلارنىڭ سۆزلىرى ھەدىسنىڭ ئورنىدا بولغانلىقتىن ئىجتىھاد قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتى يوقتى. بىراق، ئىمكانىيىتى بولغان تەقدىردە تۆۋەندىكىدەك ئىككى ئىشنىڭ بىرىدىن خالى ئەمەس:

ئا) - ساھابىلارنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇنىڭغا ھېچبىر ساھابە قارشى چىقمىغان. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدىكى ساھابىلارنىڭ سۆزلىرى ئىمام ئەھمەدكە كۆرە كەسكىن دەلىل بولۇپ، بۇنىڭغا ئەگىشىش شەرت، قارشى چىقىش ھارامدى. بىراق، ئىمام ئەھمەدكە ئىبنى قەييۇمنىڭ: ”ئىجمالىق دەۋاسى قىلغان كىشى يالغانچىدۇر، چۈنكى ئىنسانلار ئىختىلاپ قىلىدۇ“ دېگەن سۆزى تەسىرىدىن بولسا كېرەك ئۇنى: ”ئىجما“ دەپ ئاتىمىغان. شۇ ۋەجىدىن باشقىلار ئۇنى ”ئىجمانى ئىنكار قىلغان“ دەپ تەنقىد قىلغان.

ب) - ساھابىلار ئارىسىدا كەڭ تارقالمىغان بولسىمۇ قارشى چىققۇچىلار مەلۇم ئەمەس. بۇ قىياسقا دەلىل بولۇپ، بۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ۋاجىبتۇر. ئەبۇل بەرىكات ”مۇسۋەددە“ ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ”بىر ساھابىنىڭ بەرگەن پەتىۋاسىغا يەنە بىر ساھابە قارشى چىقمىغان بولسا، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پەتىۋا بەرگەن مەسىلىلەرگە ئوخشاش مەسىلىلەردە قىياس ۋە ئىجتىھاد قىلىشقا دەلىل قىلىشقا بولىدۇ. ئىمام ئەھمەدمۇ بۇنى كۆپلىگەن جايدا دەلىل قىلىپ قىياس قىلغان“.

ئىمام ئەھمەدنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن بىر راۋى مۇنداق دەيدۇ: ”رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىغا ئاساسلانماي ھېچبىر مەسىلىگە جاۋاب بەرمىدىم، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدىن دەلىل تاپالىسام ساھابىلار بىلەن تابىئىنلارغا ئېتىبار قىلمىدىم، ئەگەر رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدىن دەلىل تاپالمىسام خۇلەفائىي راشىدىنلارنىڭ دەلىللىرىغا، خۇلەفائىي راشىدىن تاپالمىسام، پېشقەدەم ساھابىلارنىڭ دەلىللىرىغا، ئۇلاردىنمۇ تاپالمىسام، تابىئىنلار، تابىئىنلاردىنمۇ تاپالمىسام تەبئىي تابىئىنلارنىڭ دەلىللىرىگە ئاساسلاندىم، رەسۇلۇللاھنىڭ بىرەر مەسىلە ھەققىدىكى پەتىۋاسى قولىقىمغا يەتكەن ھامان ئۇنىڭغا ئەمەل قىلدىم، گەرچە ئۇ بىرەر قېتىم بولغان تەقدىردىمۇ. ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: (پرىنسىپىمىز رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئىش - ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇلارغا ئەگىشىش، ھەمدە بىدئەتنى تەرك قىلىش)“.

شەيخ ئەبۇ زۆھرە مۇنداق دەيدۇ: ”ئەھمەد، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىدىن قالسا ساھابىلارنىڭ سۆزلىرى بىلەن پەتىۋالىرىغا ئاساسلىناتتى، ئۆلىمالارنىڭ بىردەك قارىشىچە ئەھمەد پەتىۋا بېرىشتە ئۆز قارىشىغا ئەمەس، بەلكى ساھابىلارنىڭ پەتىۋاسىغا ئاساسلانغان“.

### 3 - بىر - بىرىگە زىت ساھابىلارنىڭ پەتىۋالىرىنى تالLاش:

ئىبنى قەييۇمغا كۆرە، ئىمام ئەھمەدنىڭ فىقھىسىنىڭ ئىككىنچى پرىنسىپى، ساھابىلارنىڭ بىر - بىرىگە زىت پەتىۋالىرىنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كەلگەندە، قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەڭ ئۇيغۇن ساھابىلارنىڭ پەتىۋالىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ساھابىلارنىڭ قاراشلىرىنى ئاساس قىلىش، قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەڭ ئۇيغۇن ساھابىلارنىڭ پەتىۋالىرىنى ئېنىقلاپ چىقالمىسا، ساھابىلارنىڭ ئىختىلاپلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، بۇ ھەقتە ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويماسلىق ئىدى.

www.uyghurweb.net

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ساھابىلارنىڭ پەتىۋالىرىنى تاللاشتىن مەقسەت؛ قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەڭ ئۇيغۇن بولغان پەتىۋالارنى تاللاش بولۇپ، بۇ، ئەڭ ئۇيغۇن دەلىل ـ ئىسپاتلارنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن پەتىۋالار ھەققىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

دوكتۇر ئابدۇللاھ تۈركى ئىمام ئەھمەدنىڭ مەزھىبىنىڭ پرىنسىپلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئىمام ئەھمەدكە كۆرە، بىرەر پەتىۋاغا قارىتا ساھابىلارنىڭ قارىشى ئوخشاش بولمىسا، قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەڭ ئۇيغان بولغىنىنى تاللىماستىن بەزى ساھابىلارنىڭ قارىشىنى قوبۇل قىلىش جائىز ئەمەس".

ئىبنى قەييۇمنىڭ بايانلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەڭ ئۇيغۇن بولغان ساھابىلارنىڭ پەتىۋالىرىنى تاللىماستىن نوقۇل ھالدا مەلۇم بىر قىسىم ساھابىلارنىڭ پەتىۋالىرىنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. بىراق خۇلەفائىي راشىدىن ۋە ئىبنى مەسئۇد، زەيد ئىبنى سابىت، ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش مەشھۇر مۇپتىلاردىن تەركىب تاپقان تاللانغان ۋە بىلىمى يۇقىرى زاتلارنىڭ سۆزلىرىنى تاللىماستىنلار تەك تەرەپلىمىلىك ھالدا قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ.

دېمەك، ئىمام ئەھمەد ساھابىلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆزى تاللاشقا تېگىشلىك دەلىل بولالمىغان چاغدا، ساھابىلارنىڭ ئىختىلاپلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، بۇ ھەقتە ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان.

## 4 ـ مۇرسەل ۋە زەئىپ ھەدىسنى قوبۇل قىلىش:

ئىمام ئەھمەدنىڭ فىقھىسىنىڭ تۆتىنچى پرىنسىپى، ھەم مۇرسەل، ھەمدە زەئىپ ھەدىسنى قوبۇل قىلىشتۇر.

مۇھەددىسلارنىڭ ئىزاھلىشىچە، رەسۇلۇللاھتىن بىۋاستە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس ـ مۇرسەل ھەدىس، دەپ ئاتىلىدۇ. قانۇنشۇناسلارنىڭ ئىزاھاتىغا قارىغاندا، مەيلى ساھابىدىن رىۋايەت قىلىنغان بولسۇن ياكى تابىئىنلار قاتارلىقلاردىن بولسۇن ئەڭ ئىشەنچلىك ھەدىس، مۇرسەل ھەدىس، دەپ ئاتىلىدۇ.

ساھابىدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇرسەل ھەدىس پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ نەزىرىدە مەقبۇلدۇر. بىراق ساھابىدىن ۋاستىلىك رىۋايەت قىلىنغان مۇرسەل ھەدىسنى قوبۇل قىلىشتا ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بىردەك ئەمەس. بەزىلەر مۇتلەق قوبۇل قىلىنىدۇ، دېسە، بەزىلەر مۇتلەق قوبۇل قىلىنمايدۇ، دەپ قارايدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا ئۈچ ئەۋلاد ساھابىنىڭ مۇرسەل ھەدىسى قوبۇل قىلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىمام ئەھمەدكە كۆرە، مەيلى ساھابىدىن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك رىۋايەت قىلىنغان بولسۇن مۇرسەل ھەدىس مۇتلەق قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە قىياسقا مۇقەددەم قىلىنىدۇ. بىراق، قىياسقا مۇقەددەم قىلىنىش ئۈچۈن ساھابىلارنىڭ سۆزلىرى بىر ـ بىرىگە زىت بولماسلىقى شەرت.

ئەبۇ زۆھرە، ئەھمەدنىڭ مۇرسەل ھەدىسقا بولغان قارىشىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ مۇرسەل ھەدىسقا بولغان قارىشىمىزئىنتايىن ئوچۇق، بولۇپ ئۇ شەكسىز قوبۇل قىلىمىز ۋە شۇنداق دەيمىزكى: ئەھمەد مۇرسەل ھەدىسنى ئەسلى زەئىپ خەۋەرلەر قاتارىدىن دەپ قاراپ، رەت قىلدى ۋە قوبۇل قىلمىدى، شۇڭا ئۇ مۇرسەلگە ساھابىلارنىڭ پەتىۋالىرىنى مۇقەددەم قىلدى. ھالبۇكى بۇ پەتىۋالارنىڭ سەھىھ ھەدىسلارغا مۇقەددەم بولۇشى ئەسلا توغرا ئەمەس، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى، مۇرسەلنى سەھىھ ئەمەس زەئىپ دەپ قارىغانلىقىنىڭ بىشارىتىدۇر. شۇ ۋەجىدىن ئۇ زۆرۈر تېپىلمىغۇچە ئۆز قارىشىغا تايىنىپ پەتىۋا بېرىشنى خالىمايدۇ ۋە ئۇنىڭ پەتىۋا بېرىش ئۇسۇلى ھېچبىر فەقىھ ساھابىنىڭ پەتىۋا بېرىش ئۇسۇلىغا ئوخشىمايدۇ".

ئىمام ئەھمەدكە كۆرە، مەشھۇر بولسا زەئىپ ھەدىسقا ئەمەل قىلىشقا ۋە ئۇنى قىياسقا مۇقەددەم قىلىشقا بولىدۇ. بىراق،ئۇ سەھىھ ھەدىسنىڭ ئورنىغا قويۇشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك ئۇ: "ماڭا نىسبەتەن كۆز ـ قاراشقا كۆرە زەئىپ ھەدىس ئەڭ ياخشىدۇر" دېگەن ئىدى. ئىبنى جەۋزىنىڭ ئەسلىمىسىگە كۆرە، ئەھمەد زەئىپ ھەدىسنى قىياسقا مۇقەددەم قىلاتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد رىۋايىتىدە: "مەن دادامدىن:

ـ بىر شەھەردە بىر كىشى پەتىۋا سوراشقا توغرا كەلسە ۋە بىر تەرەپتە سەھىھ ھەدىس بىلەن زەئىپ ھەدىسنى بىلمەيدىغان بىر مۇھەددىس، يەنە بىر تەرەپتە مۇتەپەككۇر بولسا، قايسىسىدىن سورايدۇ؟ دەپ سورىۋىدىم، دادام:

www.uyghurweb.net

ـ ئەلۋەتتە مۇھەددىستىن سورايدۇ، چۈنكى زەئىپ ھەدىس كۆز ـ قاراشقا كۆرە ئەڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن". ئىمام ئەھمەدكە كۆرە، زەئىپ ھەدىسنى قوبۇل قىلىشنى شەرتى، باتىل، مۇنكەر (ئىنكار قىلىنغان) بولماسلىق، ئىشەنچىلىك بولۇش ۋە ۋە ھەسەنگە يېقىن بولۇش. ئىبنى قەييۇم مۇنداق دەيدۇ: "بۇ، ئەسلىدە ئەھمەدنىڭ زەئىپ ھەدىسنى سەھىھ ھەدىسنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىمام ئەھمەد ھەدىسلەرنى؛ سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، دەپ ئۈچكە ئايرىماي، سەھىھ، زەئىپ، دەپ ئايرىغان ھەتتا زەئىپ ھەدىسنىمۇ دەرىجىگە ئايرىپ چىققان. شۇڭا ئۇ ئۇنى قارشى بويىچە پەتىۋا بېرىشكە توغرا كەلگەندە قىياسقا ئاساسلانغان.

5 ـ قىياس:

ئەھمەدنىڭ فىقھىسىنىڭ ئاساسىنىڭ بەشىنچى پرىنسىپى، بىرەر مەسىلىگە قارىتا ھەر قانداق بىر دەلىل ۋە ساھابىنىڭ پەتىۋاسى بولمىسا زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن قىياس قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە خەللالنىڭ ئەسىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: "مەن ئىمام ئەھمەدتىن قىياس ھەققىدە سورىغىنىمدا: «پەقەت زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىنلا قىياس قىلىمىز" دېگەن".

قازى ئەبۇ يەئلا ئەسلىمىسىدە: ئەقلى قىياسقا ئاساسەن چىقىرىلغان پەتىۋاغا ئەمەل قىلىش ۋاجىپتۇر. ھالبۇكى ئىمام ئەھمەد كۆپلىگەن جايدا ئەقلىي دەلىللەرگە ئاساسلانغان بولۇپ، بىر مەسىلە ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: "قىياسقا ئاساسەن ئىبادەت قىلىش جائىزدۇر، شەرئىي ئەھكاملارنى ئەقىل بىلەن قانۇن ئىسپاتلايدۇ. ھېچكىم قىياستىن بىھاجەت ئەمەس، مەيلى قازى ياكى ئالىم بولسۇن ئاۋامنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ خۇددى ئۆمەرنىڭ شۇرەيھكە يازغان خېتىدە: "پەتىۋا بېرىشكە توغرا كەلگەندە قىياس قىل" دېگىنىدەك قىياس قىلىشى كېرەك.

ئەھمەدنىڭ: "تۆمۈر بىلەن تۇچنى ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ قىممىتىگە قىياس قىلىش جائىز ئەمەس" دېگەن سۆزىمۇ،ئۇنىڭ قىياس ھەققىدىكى قىلغان سۆزلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئەبۇ زۆھرە مۇنداق دەيدۇ: "پۈتۈن ھەنبەلىلەر، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ قىياس قىلغانلىقىنى ۋە رىۋايەتلىرى بىلەن ئەھكاملىرىنىڭمۇ ئۇنىڭ قىياسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، ئۇنى قىياس ھەققىدە قىزغىن قۇۋۋەتلەيدۇ".

## ئىلمى ۋە مەزھىبىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى

ئەھمەدنىڭ ئىلمىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا تۆھپە قوشقۇچىلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ ئۆزىدە ۋە زامان ئىدىكى باشقا ئۆلىمالاردا ئوقۇپ يېتىلگەن ئەھمەدنىڭ چوڭ ئوغلى سالىھ بىلەن ھەنبەلى مەزھىبىنىڭ رىۋايەتچىسى ئەبۇ بەكرى خەللال.

2 ـ ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلغىنىمىزدەك، ئومۇمەن دادىسىنىڭ ھەدىس رىۋايىتى، خۇسۇسەن "مۇسنەد" ناملىق ئەسىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن ئەھمەدنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل.

3 ـ ئەھمەدنىڭ فىقھى مەسىلىلىرى بىلەن كۆپلىگەن ھەدىسلىرىنىڭ رىۋايەتچىسى ۋە شاگىرتى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھانى ئەبۇ بەكرى ئەلئەسرەم.

4 ـ ئەھمەدنىڭ سەپەرىشى ۋە نەقىل كەلتۈرگۈچىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلھەمىد ئىبنى مەھران مەيمۇنى.

5 ـ ئەھمەدنىڭ ئەڭ ئىشەنچىلىك ۋە مەخسۇس تەربىيىلەپ چىققان شاگىرتى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەججاج (ئەبۇ بەكرى ئەلمەرۇزى).

6 ـ ئەبۇ بەكرى ئەلمەرۇزىنىڭ قەدىناس دوستى ۋە ئەھمەدنىڭ فىقھى ئاساسلىرىنىڭ "جامىئۇل كەبىر" ناملىق ئەسىرىدە رەتلەپ چىققان ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھارۇن.

ئىبنى قەييۇم "ئەئلامۇل مۇقىئىين" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: "ئەھمەد ئەسەر يېزىشنى ۋە پەتىۋالىرىنىڭ رەتلەپ چىقىلىشىنى ناھايىتى ئۆچ كۆرەتتى، ھەدىس تەتقىق قىلىشنى سۆيەتتى. بىراق ئۇنىڭ نىيىتى خالىس بولغاچقا، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىشى بىلەن مەسىلىلەرگە قارىتا چىقارغان ھۆكۈم ۋە پەتىۋالىرىدىن تاللاپ 30 پارچىدىن ئارتۇقراق

www.uyghurweb.net

ئەسەر يازدى ۋە ئالاھىنىڭ ئىنايىتى بىلەن كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىساقمۇ ئاز بىر قىسمىنى بولسىمۇ قولغا كەلتۈردۇق. دەرۋەقە خەللال، ئەھمەدنىڭ 20 پارچىدىن كۆپرەك ئەسىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ رەتلەپ چىققاندىن كېيىن، پەتىۋا ۋە ئەھكاملىرىنى ”جامىئۇل كەبىر“ ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلغان. قىسقىسى، ئەھمەدنىڭ بۇ پەتىۋالىرى بىلەن ئەھكاملىرى ئەجدادتىن ئەۋلادقىچە ئۈزۈلمىكسىز داۋام قىلىپ، ھەر خىل تەبىقىدىكى سۈننەت ئەھلىنىڭ، ھەتتا باشقا مەزھەپتىكىلەرنىڭمۇ ئۇنىڭ پەتىۋالىرىدىن پايدىلىنىپ ئىجتىھاد قىلىپ، ساھابىلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشىغا ئۈلگىلىك بىر يېتەكچى بولۇپ قالغان.

## ئەھمەدنىڭ مەزھىبى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى كۆپتۈرۈلۈشى

باشقا فۇقەھالارغا كۆرە ئەھمەدنىڭ پەتىۋاسىغا قارىتا رىۋايەتلەر ھەققەتە ن كۆپتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئەھمەدنىڭ مەزھىبى ھەققىدە ئىجتىھاد قىلىشقا سەۋەب بولغان. چۈنكى مۇجتەھىد ئۆز قارىشى بويىچە ئۇنىڭدىن نەقىل كەلتۈرگەندە بىر مەسىلىدە ئىككى خىل رىۋايەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئىبنى قەييۇمغا كۆرە، ئىمام ئەھمەد ھەمىشە ساھابىلارنىڭ سۆزلىرىنى رىۋايەت قىلاتتى ۋە بۇ سۆزلەرنى تاللايتتى. بىراق ئۇنىڭ مەزھىبىگە ئاساسلانغۇچىلار، ئەھمەدنىڭ مەزھىبىنىڭ پرىنسىپىغا خىلاپ باشقا بىر ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، بۇنى ئەھمەدكە دۆڭگەپ قويۇشقان. ئۇ يەنە ”ئەئلامۇل مۇقئىيىن“ ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ”ساھابىلارنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت پەتىۋالىرىنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كەلگەندە، قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەڭ ئۇيغۇن ساھابىلارنىڭ پەتىۋالىرىنى قوبۇل قىلىپ، ساھابىلارنىڭ قاراشلىرىنى ئاساس قىلغان، قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەڭ ئۇيغۇن ساھابىلارنىڭ پەتىۋالىرىنى ئىنقلاپ چىقالمىسا، ساھابىلارنىڭ ئىختىلاپلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، بۇ ھەقتە ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان“.

ئىمام ئەھمەدنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەنبەلى مەزھىبىنىڭ ئۆلىمالىرى ئەھمەد ھەققىدىكى ئويدۇرما رىۋايەتلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن.

تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە ئەھمەدنىڭ مەزھىبى، ھەنبەلى ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ بولۇشىغا قارىماي پۈتكۈل ئىسلام دىيارلىرىدا تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئىبنى خەلدۇن بۇنى مۇنداق دەپ چۈشەندۈرىدۇ: ”مەزھىبى ئىجتىھادتىن ۋە رىۋايىتىنى قوللاشتىن ئۇزاق بولغانلىقتىن ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ناھايىتى ئاز بولۇپ، كۆپۈنچىسى ئىراق، شام ۋە باغدات قاتارلىق جايلاردا ياشايتتى ۋە ئۇلار باشقىلارغا نىسبەتە سۈننەت ۋە ھەدىسنى يادلاشتا ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى“.

ئەبۇ زۆھرە، ئىبنى خەلدۇننىڭ بۇ قارىشىغا قوشۇلماي: ئەھمەدنىڭ مەزھىبى ئىجتىھاد دەرۋازىسى ئوچۇق ئىدى، بۇ مەزھەبنىڭ پۈتكۈل ئىسلام دىيارلىرىدا تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەسلىكىگە، تۆت مەزھەبنىڭ ئىچىدە بۇ مەزھەبنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەزھەب بولۇشى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ۋالى ۋە قازىلىقنى دوست تۇتماسلىقى سەۋەب بولغان، دەيدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى ئەھمەدنىڭ مەزھىبى بۈگۈنكى كۈندە خۇسۇسەن نەجد، ئومۇمەن مەدەنى قانۇن، پۇل ـ مۇئامىلە، قىساس ۋە جازا قانۇنلىرىغا ئوخشاش پۈتكۈل ھاياتتا ئىسلام قانۇننى تەتبىقلىغان ۋە ئەھمەدنىڭ مەزھىبىنىڭ تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىدا ئاساسلىق مەزھەبتۇر.

## بەشىنچى قىسىم

### ھازىرقى زامان ئىسلام فىقھىسى )قانۇنى( ۋە يېڭى تەھدىتلەر

- كىتاب ـ ژورنال، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە ئىجرائات
- ئىسلامى ئاڭنىڭ يېڭىدىن جانلىنىشى ۋە يېڭىلىق

www.uyghurweb.net



## ھازىرقى زامان ئىسلام فىقھىسى (قانۇنى) ۋە يېڭىلىق

### كىتاب - ژورنال:

ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەسىردە شۆھرەت قازانغان تۆت ئىمام ۋە شاگىرتلىرىنىڭ ھەر قايسى ئىسلامى شەھەرلەردە مەدرىسلەرنى تەسىس قىلىپ، پۈتكۈل ھاياتىنى ئىلىمغا بېغىشلىشىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىسلام فىقھىسى ئەڭ گۈللەنگەن ۋە تەرەققى قىلغان دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى.دەرۋەقە بۇ دەۋردە قۇرئان، سۈننەت، ئىجما ۋە قىياسى دەلىللەرگە ئاساسەن پەتىۋاغا ئائىت نۇرغۇن ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. ھالبۇكى بۇ ئەسەرلەر ناھايىتى ئاممىباب بولۇپ، چۈشىنىش قولاي ئىدى. مەسىلەن، ئىبادەت، پەتىۋا قاتارلىقلار ئېنىق بولۇپ، ئىجتىھادنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق،دەلىللەر روشەن ئىدى. ئەپسۇسكى مەزكۇر ئۆلىمالارنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسى تار، تەتقىق قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇشتەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇستازلىرىنىڭ دەل ئەكسىچە مۇشەققەتلىك يولنى تاللاپ، چۈشىنىكسىز ئەسەرلەرنى يېزىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى، توغرىراقى يازغۇچىلارنىڭ نىشان ئىدىن كىتابخانلار ئېغىپ كەتتى. بىر مۇئەللىفنىڭ قىسقىچە قىلىپ يازغان ئەسىرىنى (ئۆلگەندىن كېيىن) شاگىرتى شەرھلەيتتى، ھەتتا كىتابنىڭ چۆرىسىنى ئىزاھاتلار ۋە ئىلاۋەلەر بىلەن تولدۇرۇۋېتەتتى. بەزىدە تېخى بۇ ئەسەرنى چۈشىنىكسىز شېئىر بىلەن چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىپ، ئاخىرىدا شېئىرىنى شەرھلەشكە مەجبۇر بولۇپ قالاتتى...

مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغىن بۇ ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىشقا، زېھنى ئۆتكۈر ۋە چىداملىق مۇتەخەسسىس ئۆلىمالارلا بەرداشلىق بېرەلمىسە، قالغانلارنىڭ بەرداشلىق بېرەلىشى ناتايىن.

بۇندىن باشقا يەنە بۇ ئەسەرلەرنى چۈشىنىشنىڭ قىيىنلىقى يەتمىگەندەك، مەزھەببازلىق ۋە مەزھەبلەرنىڭ قارىشىچە ئىجتىھاد دەرۋازىسىنىڭ تاقالغانلىقىدىن ئىبارەت جەڭگە - جېدەللەر مەسىلىنى تېخىمۇ مۇرەككەبلەشتۈرۈۋەتتى.

شۇنداقتىمۇ، سابىق فۇقەھالارنىڭ كۆز - قاراشلىرىغا ئاساسەن ئۆز دەۋرىدىكى يېڭى مەسىلىلەرگە قارىتا يېڭىچە ھۆكۈم چىقىرىپ، ئىسلام فىقھ تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئىبنى تەيمىييەگە ئوخشاش ئىسلاھاتچى ۋە يېڭىلىق تەرەپتارى ئازغىنا بىر تۈركۈم ئۆلىمالار بۇ قىيىن ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى.

ھەممە نەرسە زامانىۋىلىشىپ، كونىسىنىڭ ئورنىغا يېڭىسى ئالماشقان بۈگۈنكى كۈندە، ئىنسانلار سەلبى ۋە ئىجابىي جەھەتتىن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمي فىقھى مىراسنىڭمۇ يېڭىلىنىش لازىملىقىنى ھېس قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن تەسىرى چەكلىك بولسىمۇ، ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن، ھەم مەزكۇر فىقھ تەتقىق قىلىنىپ، ھەمدە مەزھەبلەر بىلەن يازما قانۇنلار سېلىشتۇرۇلۇپ يېزىلغان دىسسىرتاتسىيەلەرنىڭ تەسىرى خېلى ياخشى بولدى.

### ئوقۇ - ئوقۇتۇش:

دەسلەپكى چاغلاردا،پۈتكۈل ئىلىم –پەننى يادرو قىلغان مائارىپنىڭ ئاساسىي ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئوقۇتۇش بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇنجى بولۇپ بېرىدىغان دەرسى؛ قۇرئان كەرىم، ھەدىس، قۇرئان بىلىملىرى، ھەدىس بىلىملىرى، فىقھى، فىقھى ئاساسلىرى، ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئاخىرىدا باشقا ئىلىم - پەنلەردىن ئىبارەت ئىدى.

ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئوقۇتۇش بولسا، ئومۇمى ھايات، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، ئىقتىسادى ۋە سىياسىي جەھەتتىن ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا دۇچ كەلگەن مۈشكۈل مەسىلىلەر ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا ئەڭ توغرا ۋە ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشنى مەقسەت قىلاتتى. بىراق، كېيىنكى دەۋرلەردە ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنى پارچىلاپ، پىكرىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن ئارقىدا قالدۇرۇپ ھەر جەھەتتىن ئۈستۈنلۈك قازىنىشى بىلەن ئىسلام ئۈممىتى سىياسىي جەھەتتىن زەئىپلىشىشقا باشلىدى.

بۇنىڭغا ئاساسلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ دەۋرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئىسلام دۈشمەنلىرىگە قارىتا ئەجەللىك زەربە بېرەلمىگەنلىكى، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ فىقھ تەتقىقاتىدا مۇتەئەسسىبلىك قىلىپ ئارقىدا قېلىشى بىلەن مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ ئىسلام دىيارلىرىغا سىڭىپ كىرگەن غەربنىڭ پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام فىقھىسىنىڭ ئورنىغا غەربنىڭ

www.uyghurweb.net

قانۇن ۋە ھوقۇقلىرىنى ئۆگىنىشنى ئىختىيار قىلىشى ھەمدە ئىسلامنىڭ ھاكىمىيەتتىن ئۇزاقلىشىشىدەك ئامىللار سەۋەب بولدى.

ئىسلام دىيارلىرىغا غەربنىڭ پىكىر ئېقىمى ئاساسەن "قانۇن پاكۇلتېتلىرى"، "قانۇن ئىنىستىتۇتلىرى" نامى بىلەن سىڭىپ كىردى. ھالبۇكى غەرب قانۇنىدا، ھازىر "تەق تەلەپ قانۇنى" دەپ بىلىن ئىدىغان ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك پەقەت بىر ماددىدىن باشقا ئىسلام فىقھىسى ئوقۇتۇلمايدۇ.

قانداق بولمىسۇن كۆپلىگەن ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئىسلام فىقھىسى بىلەن فىقھ ئاساسلىرى ئوقۇتۇلىدىغان "شەرىئەت پاكۇلتېتلىرى" مەۋجۇد بولسىمۇ، غەرب ھوقۇقى ۋە غەربنىڭ يازما قانۇنلىرىنىڭ ئوقۇتۇلىدىغان "ھوقۇق پاكۇلتېتلىرى" نىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى، ھازىرقى بىر قىسىم دۆلەتلەردىكىگە ئوخشاشلا فىقھى دەرسلىكلىرىنىڭ تامامەن سىقىپ چىقىرىلىشىغا سەۋەب بولماقتا...

## ئىجرائات

ئىسلام ـ ئاللاھنىڭ مەڭگۈلۈك قانۇنىدۇر. ھالبۇكى ئىسلام قانۇنى؛ ئېتىقاد، ئىبادەت، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ھاكىمىيەتتىن ئىبارەت ھاياتقا دائىر پۈتكەل ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە ئىسلامنىڭ ئاساسى بولغان قۇرئان بىلەن سۈننەتنىڭ ھۆكمى ھەرگىزمۇ زاماننىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئوخشىمىغان تارىخى دەۋرلەردىمۇ ئىسلام قانۇنى ئۆز نوپۇزىنى جەۋلان قىلدۇرغان. بەزى مەنبەلەرگە كۆرە ھۇلاكۇ باغداتقا بېسىپ كىرىپ، ئىشلام قانۇننى ئەمەلدىن قىلدۇرماقچى بولغاندا مۇسۇلمان ھاكىملارنىڭ ھېچبىرى بۇنى قوبۇل قىلمىغان. چۈنكى ئىسلام قانۇنى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ـ بۇ دىنغا ئىشەنگەنلىكنىڭ ئەڭ ئەقەللى بىر نامايەندىسى ئىدى:

﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾[1].

﴿كىملەركى ئاللاھنازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر﴾[2].

﴿ئاللاھنازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر زالىملاردۇر﴾[3].

﴿ئاللاھنازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر﴾[4].

مۇسۇمانلارنىڭ غەرب بىلەن ئۇچرىشىشى بىلەن بىر قىسىم مۇسۇمانلارنىڭ غەرب مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشى، ئوسمانلى ئىمپاراتورلۇقىنىڭ زەئىپلىششى ۋە غەرب پىكىر ئېقىمىنىڭ ئىسلام دىيارلىرىغا سىڭىپ كىرىشىنىڭ نەتىجىسىدە ئىسلام قانۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئاستا ـ ئاستا يازما قانۇنلار ئىگىلىدى.

ئىسلام قانۇنىغا قارىتىلغان تۇنجى قېتىملىق دۈشمەنلىك ھەنبەلى مەزھىبىدىن باشلاندى. مەسىلەن، قىساس، زىناخورلۇق، تۆھمەتخورلۇق، ئوغۇرلۇق، شارابخورلۇق، مۇرتەدلىك، ئازغۇنلۇق ۋە قاتىللىق قاتارلىق جىنايەتلەرگە قارىتا، ئوسمانلى ئىمپاراتورلۇقى ھەنبەلى مەزھىبىنىڭ ھۆكۈملىرىنى چۆرۈۋېتىپ، 1840 ـ يىلى تەرجىمە قىلدۇرۇپ قوبۇل قىلغان ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن فرانسىيە جازا قانۇنىغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قانۇن پۈتۈن ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئۇزمۇملاشتۇرۇلۇپ، ئىسلام فىقھىسى ئاغدۇرۇلدى. نەتىجىدە ئىسلام قانۇنى پۈتۈن ئىسلام دىيارلىرىدا رولىنى يوقىتىپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىغىلا خاس بىر قانۇن بولۇپ قالدى.

ئەمما ئوسمانلى ئىمپاراتورلۇقى، سودا ـ سېتىق، ئىجارە، توختام، كېپىللىك، ھاۋالە، گۆرۈ، ئەمانەت، پۇل ـ مۇئامىلە، ھەدىيە، باسقۇنچىلىق، بولاڭچىلىق،مۇرەسسەچىلىك قاتارلىق مەسىلىلەردە،گەرچە "شەرىئەت ئەھكاملىرى"

---

[1] سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مائىدە 45 ـ ئايەت.
[3] سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت.
[4] سۈرە مائىدە 47 ـ ئايەت.

www.uyghurweb.net

نامىدا بىر قانۇن تۈزۈپ، بۇنىڭ بىلەن ئۆز تەۋەلىكىدىكى دۆلەتلەردە ھۆكۈم يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، يەنىلا ھەنەفى مەزھەبىگە ئاساسەن ئىسلام فىقھىسىنى تەتبىق قىلدى.

ئەمما ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىدىن ئايرىلىپ چىققان مىسىردا بولسا، مىسىرنىڭ ھاكىمى ئىسمائىل پاشا كۆرەڭلەپ كېتىپ ”شەرىئەت ئەھكاملىرى“ نى تەتبىق قىلىشتىن باش تارتىپ، فرانسىيىنىڭ (نافولىيۇننىڭ) قانۇننى تەتبىق قىلدى. بۇ بولسا مۇئامىلىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار ھەققىدە يازما قانۇننىڭ قانۇنلىشىشىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. ھالبۇكى بۇنى مىسىرلىق مۇسۇلمانلارغا قوبۇل قىلدۇرۇش ئاساسىغا چۈشمىدى. شۇڭا ئۇ بىر قىسىم ئالىملاردىن پايدىلىپ، ”بۇ قانۇن ئەسلىدە ئىمام مالىكتىن مىراس قالغان قانۇندۇر“ دەپ كىتاب يېزىشقا مەجبۇرلىدى.

دەرۋەقە بۇ باتىل بولۇشىغا قارىماي ئۇلار ”يازما قانۇن“نى مۇسۇلمانلارغا ”ئىسلام قانۇنى“ دەپ تەقدىم قىلدى. ھالبۇكى غەرب مەدەنىيىتى ئىسلام مەدىنىيىتىدىن تامامەن پەرقلىق بىر مەدەنىيەت بولۇپ، پەلسەپە ۋە ئوقۇم جەھەتتىنمۇ بىر بىرىگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ”يازما قانۇن ئەسلىدە ئىسلام قانۇن ئىدىن مىراس قالغان قانۇندۇر“ دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ غەربنىڭ پىكىر ئېقىمىغا مەنسۇبتۇر. ئىسلام فىقھىسى بولسا بىزنىڭ بۇنداق دەپ كەلسە - كەلمەس بىلجىرلىشىمىزدىن پۈتۈنلەي بىھاجەتتۇر.

غەرب مۇستەملىكىسىنىڭ ئىسلام دىيارلىرىنى قاپلاپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، غەربنىڭ يازما قانۇنلىرىمۇ سىڭىپ كىرىپ غەرب قانۇنىنىڭ ھۆكۈمران بولۇشىغا تۈرتكە بولدى، ھەتتا تۈركىيىنىڭ دۆلەت ئەربابلىرى ئىسلام مەدىنىيىتىدىن يۈز ئۆرۈپ، غەرب مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدى.

نۆۋەتتە ئىسلام فىقھىسىنىڭ ئەھكاملىرى، پەقەت ئەرەب يېرىم ئارىلى بىلەن ئافغانىستاندىلا ئىجرا قىلىنماقتا.

”تەق تە لەپ قانۇنى“ دەپ ئاتالغان ئائىلە تۈزۈلمىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار بولسا، ئىسلام فىقھىسىنى قوبۇل قىلغان ئىسلام دىيارلىرىدا ھەتتا يازما قانۇنلار ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بىر قىسىم دۆلەتلەردە، بولۇپمۇ مىسىردا مەۋجۇد بولغان مەخسۇس ”مەھكىمە شەرئىي“ لەر تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنماقتا...

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بىر ئەر، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش، تالاق، مىراستا ئەر - ئايالنىڭ ئۈلۈشىنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولۇشى قاتارلىق ئەھكاملارغا مۇناسىۋەتلىك ئىسلام فىقھىسىنىڭ ئاز بىر قىسىم ھۆكۈملىرىگىمۇ بىر قىسىم ئىنسانلارنىڭ ھە - دېسىلا ھۇجۇم قىلغۇسى كېلىپ قالىدۇ. دېمىسىمۇ بۇ خىل ھۇجۇملار بەزى دۆلەتلەردە قىسمەن مەقسىتىگە يەتتى.

## ئىسلامى ئاڭنىڭ يېڭىدىن جانلىنىشى ۋە يېڭىلىق

يازما قانۇنلارنىڭ ئىسلام دىيارلىردا تەبىق قىلىنىشى، توسۇپ قالغىلى بولمىغان بىر خەۋپ بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۇنى ئىتائەت قىلىپ ئەمەس، مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقتىن قوبۇل قىلغان. ھالبۇكى مۇسۇلمانلار بۇنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئاللاھنىڭ دىن ئىدىن ئادىشىپ قالىدىغانلىقى، ئىسلام قانۇن ئىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقنى خوڭقۇر ھېس قىلغاچقا ھەر دائىم غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام قانۇن ئىدىن ئەسلا ۋاز كەچمەيدىغانلىقنى نامايەن قىلدى. كېيىنكى مەزگىللەردىكى ھەر خىل ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى، مەيلى يەككە ياكى كۆپچىلىك بولسۇن فىقھى ۋە ئىسلام قامۇسلىرى تۈزۈپ چىقىشتا ئالاھىدە تۆپە قوشۇشى بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

## ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى

ئىسلام دىيارلىرىدا ئاز بولمىغان ئىسلامى ھەرىكەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئەگىشىپ، ئىسلاھاتچىلار شېرىك ۋە بىرئەدلەردىن خالى بولغان ئىسلامغا دەۋەت قىلىش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. دەۋرەقە بۇ ھەرىكەت خاراكتېر جەھەتتىن بىر بىرىدىن پەرقلىق بولۇپ، ئىسلاھاتچىلارنىڭمۇ ئەقىدە، ئۇسۇل، سىياسىي ئەركىنلىك ۋە ئىسلام ھاكىمىيىتىنى ئەمەلگە

www.uyghurweb.net

ئاشۇرۇشتا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بار ئىدى. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ئۇرۇندا تۇرىدىغانلىرى بولسا؛ شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب ھەرىكىتى، جامالۇددىن ئافغانى ھەرىكىتى ۋە ھەسەنۇل بەننا (ئىخۋانۇل مۇسلىمىن) ھەرىكىتىدۇر.

(ئىخۋانۇل مۇسلىمىن) ھەرىكىتى، ئىسلام قانۇنى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە دەۋەت قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن، ھېلىھەم شۇنداق. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بۇ دىنغا بولغان ساپ ئىسلامى ئاڭ يېڭىدىن جانلىنىپ، ئەقىدە، ئىبادەت، ئەدەب ـ ئەخلاق، ھۆكۈم قاتارلىق مەسىلىلەرگە يېڭىچە قاراشقا تۈرتكە بولدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ نىشانى بولسا، نۆۋەتتە كۆرۈپ تۇرىۋاتقىنىمىزدەك ئاللاھنىڭ قانۇنىغا يات بولغان ئەھكاملارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئىدى. بۇ ھەرىكەتنى ئۈرنەك قىلىپ، ھىندىستان ۋە پاكىستاندا ئەبۇ ئەلا مۇۋدۇدىنىڭ رەھبەرلىكىدە ''ئىسلام جامائىتى ھەرىكىتى'' مەيدانغا كەلدى.

## فىقھىنىڭ شەكىللىنىشىدە يەككە ۋە ئامىنىڭ تىرىشچانلىقى

يازما قانۇننىڭ ئىسلام دىيارلىرىغا سىڭىپ كىرگەن چاغدا، ئىسلام دىيارلىرىنىڭ مۇخلىسلىرى فىقھىنىڭ يېڭىلىنىشى ۋە يېڭىدىن شەكىللىنىشگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى ھېس قىلدى. چۈنكى يازما قانۇننىڭ يېڭىچە ئۇسلۇب بويىچە يېزىلىشى، بولۇپمۇ مۇندەرىجە، باب، ماددا ھەتتا رەقەملەرگىچە ئايرىلىپ چۈشەندۈرۈلگەچكە، ھۆكۈم چىقىرىش قولاي ئىدى؛ ئۇنداقتا ئىسلام فىقھىسىنىمۇ نېمىشقا مۇشۇنداق تۈزۈپ چىقىشقا بولمىسۇن؟ فىقھنى قايتىدىن تۈزۈپ چىقىش خىزمىتى ئەنە شۇنداق ئۇزۇن مۇددەتتىن كېيىن باشلاندى.

### (ئەدلىيە ئەھكاملىرى) قانۇنى:

ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقى يازما قانۇنلارنىڭ جەلب قىلىش كۈچىگە تايىنىپ ئىسلام قانۇنىغا تەھدىت سېلىشتەك خەۋپنى ھېس قىلىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن فۇقاھالىرىدىن بىر كومىتېت تەشكىللەپ، ئۇلارغا ھەنەفى مەزھىبىگە ئاساسەن ئىسلام فىقھىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ''ھەق تەلەپ قانۇنى'' تۈزۈپ چىقىشنى تاپشۇردى. كومىتېتنىڭ خىزمىتى ئۇدا يەتتە يىل داۋام قىلدى. بۇ خىزمەت تاماملانغان كېيىن بۇنى ''مەجەللە'' نامىدا (1293 ـ يىلى ھ) ئىلان قىلدى. ''مەجەللە'' نامىدا ئىلان قىلىنغان بۇ قانۇن مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى:

1- فىقھشۇناسلىق ۋە فىقھى ئاساسلىرى ھەققىدە كىرىش سۆز.

2- ھەر خىل مۇئامىلىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار باب ۋە قىسىملارغا ئايرىلغان بولۇپ، ھەر بىر بابنىڭ مۇقەددىمىسى فىقھى ئىسلاھاتىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار بايان قىلىنغان.

3- بۇ قانۇن 13 قىسىمدىن تەركىب تاپقان.

4- بۇ قانۇننىڭ ئەھكاملىرى قىسقا بابلار ھالىتىدە تەرتىپكە سېلىنغان ۋە بۇنىڭدىكى ھۆكۈملەر ئاساسەن بىر خىل قاراشقا ئاساسلانغان.

5- ھەممىسى جەمئى 1851 ماددىدىن تەركىب تاپقان.

6- بۇ قانۇن ھىجرىيە 1293 ـ يىلى شەبانىنىڭ 27 ـ كۈن ئىدىن ئېتىبارەن كۈچكە ئىگە.

7- بۇ قانۇننى تۈزۈشكە قاتناشقان ئۆلىمالارنىڭ سانى 8 نەپەر.

''مەجەللە'' ناملىق بۇ قانۇن ئىسلام فىقھىسىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن تۇنجى قانۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇشتا، ھەيران قالارلىق يېتەكچى:

فەقىھ مۇھەممەد قەدرى پاشا ھەنەفى مەزھىبىگە ئاساسلىنىپ ؛ ''ھەق تەلەپ قانۇنى''، ''جازا'' ۋە ''مۇئامىلە ئەھكاملىرى'' ناملىق ئۈچ خىل ئەسەر يازغان بولۇپ بۇ ئەسەرلىرىنى: ''ئىنسانلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇشتا، ھەيران قالارلىق يېتەكچى» دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇ ئومۇمى ۋە خۇسۇسىي ئەھكاملاردىن ۋە 1045 ماددىدىن تەركىب تاپقان.

### ئىسلامدا جىنايى ئىشلار قانۇنى:

''ئىخۋانۇل مۇسلىمىن'' لار ھەرىكىتىنىڭ يولباشچىلىرىدىن ئۇستاز ئابدۇقادىر ئەۋدە قازىلىق قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ئومۇمى ۋۇ خۇسۇسىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان ''ئىسلامدا جىنايى ئىشلار قانۇنى'' دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ

www.uyghurweb.net

چىققان. 689 مادددىلىق بۇ ئەسەر ؛ جىنايى ئىشلار، جازا ۋە دوكلات قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.ئاپتۇر بۇ ئەسەرنى ئىسلام فىقھى مەزھەبلىرى بىلەن يازما قانۇنلارنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا يېزىپ چىققان.

بۇندىن باشقا يەنە بۇ ھەقتە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان باشقا شەخسلەرمۇ.

**فىقھى جەمئىيىتىنىڭ تەسىس قىلىنىشى:**

كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار، مۇسۇلمانلارنىڭ نۆۋەتتىكى فىقھى مەسىلىلەرگە قارىتا ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ باشقا جامائەتلەرنىڭ پىكرىگە ئاساسەن ئىجتىھاد قىلىشتىن بىھاجەت قىلىش مەقسىتىدە، باشقا ئىلىم جەمئىيەتلىرىگە ماس كېلىدىغان بىر فىقھى جەمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا چاقىرىق قىلغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ھىجرىيىنىڭ 1384 - يىلى مەككىدە ئېچىلغان "دۇنيا ئىسلام كېڭىشى تەشكىلاتى" قۇرۇلتىيىدا شەيخ مۇستافا زەرقا تەكىپىنى مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى:

"مېنىڭچە ئىسلام فىقھىسىنى يېڭىدىن جانلاندۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن يەككە - يېگانە ئىجتىھاد قىلىشنىڭ ئورنىغا ئاممىۋى ھالدا ئىجتىھاد قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ بىردىن بىر يولى ھەم دۇنياغا مەشھۇر فەقىھ ئۆلىمالارنىڭ ھەممىدە ئىقتىسۇتشۇنانسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق ۋە تېبابەتچىلىك قاتارلىق ساھەلەردە مۇتەخەسسىسلەشكەن باشقا ساھادىكى داڭلىق ئۆلىمالار بىر يەگە جەم بولۇپ بىر "فىقھى جەمئىيىتى" تەسىس قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر".

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ جەمئىيەتنى قۇرۇپ چىقىش پىكرى ھازىرلا ئەمەس، خېلى بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى. بولۇپمۇ بانكىچىلىق، لاتارىيە بېلىتى، شىركەتچىلىك ۋە سۇغۇرتا قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا بۇنداق بىر جەمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالغان ئىدى.

"دۇنيا ئىسلام كېڭىشى تەشكىلاتى" ئاخىردا بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىشى بىلەن "ئىسلام فىقھى جەمئىيىتى" قۇرۇلدى ۋە تەكلىپكە تامامەن ئۇيغۇن بولمىسىمۇ ھازىرقى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم بولغان مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن يەسىللىك يىغىنلار ئېچىلىپ تۇردى.

## ئىسلام تەتقىقات ئورنى

1961 - يىلى ئەزھەر قانۇنىنىڭ 103 - ماددىسىغا ئاساسەن ئەزھەرنىڭ شەيخىنىڭ رىياسەتچىلىكى ۋە باش كاتىپىنىڭ مەسئۇللىقىدا قۇرئان ۋە سۈننەت كومىتېتى، فىقھى تەتقىقات كومىتېتى، ئىسلامى مىراسلارنى قايتىدىن ئەھيا قىلىش كومىتېتى ۋە ئىجتىمائىي تەتقىقات كومىتېتلىرىدىن تەركىب تاپقان "ئىسلام تەتقىقات ئورنى" قۇرۇلدى. فىقھى تەتقىقات كومىتېتى ئوخشىمىغان مەزھەبلەرگە ئاساسەن ئىسلام قانۇنىنى تەتقىق قىلىدۇ.

بۇ ئورون ئىسلام دۇنياسىغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ ئاساسلىق ۋە مۇھىم مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىنى ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ تەتقىقاتلارنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن، ھەر يىلى ئىسلام ئۆلىمالىرىنى يىللىق يىغىنغا چاقىرىدۇ. تۇنجى قېتىملىق يىغىنى 1964 - يىلى ئېچىلدى.

## ئىسلام فىقھى ئېنسىكلوپېدىيىسى

ئىسلام مەزھەبلىرى ھەققىدە يېزىلغان قەدىمى ئەسەرلەردىكى ئىسلام فىقھىسىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى ۋە ئىسلام قانۇنىنىغا يۈزلىنىۋاتقان تۈرلۈك - تۈرلۈك ئىغۋاگەرلىككە قارشى "ئىسلام فىقھى ئېنسىكلوپېدىيىسى" غا بولغان ئېھتىياج ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇنى تۆۋەندىكىدەك ئىزاھلاش مۇمكىن:

قەدىمى ئاساسلىق ئەسەرلەردىكى فىقھى ئەھكاملىرىنى چۈشىنىشنى قولاشلاشتۇرۇش:

ئۆتمۈشكە پاسسىپ ھالدا نەزەر تاشلىغۇچىلار قەدىمى فىقھى ئەسەرلىرىنى سىرىنى يەشكىلى بولمايدىغان "تىلسىمات" دەپ قارىغانلىقتىن، ھەر قانداق بىر يېڭىلىق ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تەرەققىيات ۋە غەلىبە ھېسابلىناتتى. ھالبۇكى مەزكۇر فىقھى كىتابلىرىنىڭ ئاپتورلىرى بۇ ئەسەرلەرنى پەقەت ئالاھىنىڭ رازىلىنى دەپلا ئالاھىدە ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ يېزىپ

www.uyghurweb.net

چىققانلىقتىن، تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن قۇرۇلتايلارنىڭ بۇ ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىشى ئانچە قولاي ئەمەستى. دەرۋەقە ھازىرقى يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، بۇنىڭ ئاساسەن ئەسلى مەنبەسىدىن ئىلىنغانلىقىنى ۋە ھېچقانداق بىر يېڭىلىقنىڭمۇ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى روشەن ھالدا كۆرۈۋالالايمىز ۋە ئىختىيارسىز ھالدا بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتولاللىرىنىڭ نە قەدەر تالانتلىق، ئۇلۇغۋار ۋە تۆھپىكار كىشىلەر ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇپ غايىبانە ھالدا رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمىز.

شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ ئەسەرلەرنى دائىم ئوقۇپ تۇرغۇچىلار ئاسانلا چۈشىنىپ كېتەلەيدۇ. بىراق بۇ جاپالىق ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلغاچقا بۇنداق قىلىدىغانلار بارماق بىلەن سانىيالىغۇدەك دەرىجىدە ئاز.

ئاساسلىق فىقھى ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ ئالدىدىكى قىيىن ئۆتكەنلەرنى تۆۋەندىكىدەك بىرى قانچە نوقتىغا يىغىنچاقلىشىمىز مۇمكىن:

ئا) بۇ ئەسەرلەرنىڭ مۇندەرىجىلىرى مۇجمەل بولۇپ، پەقەت باب ۋە تېمىلار بىلەنلا چەكلىنىپ، بىر تېما مۇندەرىجىدە بولمىغان يەرلەرچە جۈزئىي ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن، تەتقىقاتچىلار كۆپىنچە ھاللاردا جۈزئىي ھۆكۈملەردە قىينىلىدۇ.

بۇرۇنقىلار، ئازغىنا ۋاقىت سەرپ قىلىپ، خالىغان تېمىنى ئوقۇش ئارقىلىق كىتابخانلارنى ئاسانلا مەقسىتىگە يەتكۈزۈش نىشان قىلىنغان مۇندەرىجىگە ئايرىپ تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى بىلمىگەچكە، ئەسەرلىرىنى ھازىرقى دەۋرىدىكىدەك يېڭىچە ئۇسلۇپ بويىچە مۇندەرىجىلەرگە ئايرىپ يازالمىغان. ھالبۇكى بىر قانچە توملۇق چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلەرگە مۇندەرىجە قويۇش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ، مۇندەرىجە قويۇلمىغىنا تەتقىقاتچىلارنىڭ خاتا يەكۈن چىقىرىشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەردە مۇندەرىجە قويۇلۇپ قىسقىچە بايان قىلىنغىنىدا، خالىغان كىشى ئېنسىكلوپىيەلەرگە مۇراجەت قىلىپ، كۆزلىگەن نىشانىغا يېتەلىشى مۇمكىن.

ب) تېكىستلىرى قىسقا، ئىزاھاتلىرى كۆپ چوڭ ھەجىملىك فىقھى ئەسەرلىرىنى چۈشىنىشتە تەتقىقاتچىلار ئىنتايىن قىينالغان. چۈنكى بۇ ئەسەرلەرگە ئىزاھات بەرگۈچىلەر، تېكىستلەر بويىچە ئەمەس جۈملىمۇجۈملە ئىزاھلاشقا تىرىشقانلىقتىن، مەسىلە تېچىمۇ مۇرەككەبلىشىپ كېتىپ، تەتقىقاتچىلارنىڭ يەكۈن چىقىرىشى قىيىنلاشقان. باشقىچە قىلىش ئېيتقاندا، بۇ خىل ئۇسلۇب بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا ئادەتلەنمىگەن تەتقىقاتچىلار يەكۈن چىقىرىشتا ئوڭۇشسىزلۇققا يولۇققان.

ج) تەتقىقاتچىلار يەنە بىر قىسىم ئاتالغۇ ۋە ئىشارەتلەرنى چۈشىنىشتە قىينالغان. مەسىلەن: "ط، سىم، ز" دېگەن بۇ ئىشارەتلەردىن: "طاۋىي، ئەبۇ يۈسۈپ ۋە مۇھەممەد، زەفەر" دېگەن ئىسىملار كۆزدە تۇتۇلاتتى ۋە بۇ ئىشارەتلەرنى بىلىش ئۈچۈن ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمىغا مۇراجەت قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە بىلەن ئەبۇ يۈسۈپ كۆزدە تۇتۇلغان "ئىمامان" ئىككى ئىمام، ئەبۇ يۈسۈپ بىلەن مۇھەممەد كۆزدە تۇتۇلغان "ساھىبان" ئىككى سەپداش ۋە ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە، ئەبۇ يۈسۈپ ۋە مۇھەممەد كۆزدە تۇتۇلغان "ئۈچ ئىمام" دېگەندەك ئاتالغۇلار بۇ خىل مەسىللارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

د) مەزھەبلەرنىڭ نەزىرىدىكى ھەر خىل ئاتالغۇلارنى چۈشىنىش قىيىن بولغانلىقتىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا سەللا دىققەت قىلمىسا ئاسانلا خاتا يەكۈن چىقىرىپ قويۇشقا سەۋەب بولۇپ قالاتتى. مەسىلەن، ھەنەفىنىڭ نەزىرىدىكى "پەساد ۋە باتىل" ئالغۇسى ئوخشاش ئوقۇمنى ئىپادىلەيتتى، يەنە ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەگە كۆرە ۋاجىب، پەرز بىلەن سۈننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇشى كېرەك ئىدى، ھالبۇكى باشقا فۇقەھالارنىڭ نەزىرىدە پەرز بىلەن ۋاجىب ئوخشاشا ئىدى.

ھ) قەدىمكى زامانغا ئائىت بۇ ئەسەرلەرنى نەشر قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر قانچە ئەسەرنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر كىتاب قىلىپ نەشر قىلاتتى ۋە بىر قىسمىنى كىتابنىڭ ئىچىدىكى رامكىنىڭ ئىچىگە ئالسا، يەنە بىر سىرتىغا ئالاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ياكى تۆت كىتابنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر كىتاب قىلىنىشى تەتقىقاتچىلارنى ھەيرەتتە قالدۇرغان.

ۋ) بۇنداق بىر قىسىم ئەسەرلەردە نەقىل كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ۋە ئەسلى مەنبەسىگە رىئايە قىلماي كۆپىنچە ھاللاردا ئۆز قاراشلىرىنى ئىلاۋە قىلىشى، تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسىگە مۇراجەت قىلىشىغا زېمىن يارىتىپ بەرگەن.

www.uyghurweb.net

بۇندىن باشقا كۆپ ساندىكى فىقھشۇناس مۇئەللىفلەر فىقھى ھەققىدىكى يازغان ئەسەرلىرىدە قۇرئان ۋە سۈننەت ھەققىدىكى دەلىللەرگە ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگەن. مەسىلەن، سۈننەتتىن بىرەر دەلىل كەلتۈرمەكچى بولسا ئۇ ھەدىسنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكى بىلەن قىلچە كارىلىرى بولمىغان ھەتتا بىر قىسمى ئويدۇرما ھەدىسلەرگە ئاساسلانغان.

بۈگۈنكى كۈندىكى تەتقىقاتنىڭ غايىسى، قەدىمي فىقھى ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشتا، مۇتەخەسسىسلەشمىگەن تەتقىقاتچىلار زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئەسلى مەنبەلەرگە مۇراجەت قىلىش، خالاس.

## ئالى دەرىجىلىك بىر ئېنسىكلوپىدىيگە بولغان ئېھتىياج

1 ـ ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققى قىلىپ، ئوقۇم ۋە چۈشەنە ئېڭىنىڭ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ، تەتقىقاتچىلار پەقەت فىقھى ساھوسىدىكى ئەسەرنىلا ئەمەس باشقا ساھەدىكى ئەسەرلەرنىمۇ ئوقۇشقا باشلىدى. بىراق باشقا ئەسەرلەرنى ئوقۇش بىلەن كۆزلىگەن نىشانغا يېتىش مۇمكىن ئەمەستى. مەسىلەن تەتقىقاتچىلار كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال، دىسسىرتاتسىيە ۋە ئارخىپلاردىن ئىزدىگەنلىرىنىڭ بىر قىسمىنى تاپالىسا، يەنە بىر قىسمىنى تاپالمايتتى، ھەتتا باشقا ساھەلەردىكى بارلىق ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چىققان تەقدىردىمۇ كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلىشى ناتايىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرئان، ھەدىس، يەر نامىلىرى قاتارلىقلار ھەققىدە مۇنەدەرىجە قويۇپ يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ مۇجمەل بولۇپ، يەنىلا نىشانغا يېتىش قىيىن ئىدى. ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇراجەت قىلىشىغا تېگىشلىك كىتاب ـ ژورنال ۋە ئارخىپلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا چىقىشى بىلەن بېزىقچىلىق ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، تەتقىقاتچىلار ھېچبىر مۇشەققەت تارتمايلا كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلەيدىغان قولاي پۇرسەتكە ئېرىشتى. مەسىلەن ھوقۇق ۋە قانۇن تەشۋىقات مەركەزلىرى ئۆز لاھىيىسىنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈشى ۋە بۇنىڭ پۈتۈن دۆلەتلەردە ئىجرا قىلىنىشى بىلەن كومپيۇتېر قانۇنشۇناسلارنىڭ خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن قولايلىق يارىتىلدى.

قانداقلا بولمىسۇن ئىسلام قانۇنىمۇ ئەنە شۇنداق زامانىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن پايدىلانمىسا زادىلا بولمايتتى. چۈنكى قەدىمى فىقھى ئەسەرلىرىدە تەرتىپسىز يېزىلىق پېتى تۇرىۋاتقان ئىسلام فىقھىسىدىن بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىلىنىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمىيتتى. يەنە كېلىپ قانۇن تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىسلام فىقھىسى زامانىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرىغا ئاساسلانمىغانلىقتىن ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىشنىڭ ئىنتايىن زور ئىكەنلىكىدىن شىكايەت قىلاتتى. شۇڭا ھەر خىل مەزھەبلەرنىڭ مەنبەلىرىدە ساقلىنىۋاتقان ئىسلام فىقھىسىنى تەتقىق قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇش، چۈشىنىشىنى قولايلىتۇرۇش ۋە تۈزۈپ چىقىلغاندىن كېيىن كومپيۇتېرغا ئېلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىسلامنىڭ فىقھى ئەھكاملىرىنى تونۇتۇش مەقسىتىدە چەتئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ كەڭ تەشۋىقات رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان بىر "ئىسلام فىقھى ئېنسىكلوپىدىيىسى" گە ئېھتىياج تۇغۇلدى.

2 ـ تەييارلىق ۋە خەلقارادا بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن سېلىشتۇرما قانۇنلارنى تەتقىق قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلدى. مەسىلەن 1949 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ ۋە پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ نازارەتچىلىكىدە "خەلقارا سېلىشتۇرما قانۇن كومىتېتى" قۇرۇلدى. بۇ كومىتېتنىڭ نىشانى بولسا، ئاساسەن دۇنيادىكى چەتئەت قانۇنلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئىلان قىلىش ئىدى. بۇ كومىتېت 1964 ـ يىلدىن بۇيان خەلقارا سېلىشتۇرما قانۇن ئېنسىكلوپىدىيىسىنى ئىلان قىلدى. بۇندىن باشقا يەنە ياۋرۇپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردىمۇ خەلقارا سېلىشتۇرما قانۇن تەتقىقات ئورۇنلىرى بولۇپ، بۇ ئورۇنلارمۇ ئوخشاشلا سېلىشتۇرما قانۇن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

ناھايىتى روشەنكى بۇ ئورۇن ۋە كومىتېتلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام فىقھىسىنىڭ ئەھكاملىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھالبۇكى ئۇلارمۇ ئىسلام فىقھىسىنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ قەدىمى زامانغا خاس مۇرەككەب ۋە چۈشىنىش قىيىن بولۇشىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پايدىلىنىشنىڭ ئىمكانسىزلىقىدىن نارازى. ناۋادا "ئىسلام فىقھى ئېنسىكلوپىدىيىسى" لاھىيىسى ئىشقا ئېشىپ، چەتئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغىنىدا بۇ نارازىلىقمۇ خاتىمە بېرىلىدۇ.

www.uyghurweb.net

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى مەزكۇر ئورۇن ۋە كومىتېتلار بىر قىسىم مۇشكۈل قانۇنى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، ئۈزلۈكسىز ئېچىلىپ تۇرىدىغان يىللىق قۇرۇلتايلىرىغا ئىسلام ئەللىرىنىمۇ چاقىرماقتا.

بۇ قۇرۇلتايلاردا ئىسلام قانۇنىنىڭ ئاۋازىنىڭ سۈكسىلىشى،خەلقارا قانۇن ۋاستىلىرى ئارقىلىق شەرىئەتنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرنى تونۇشتۇرۇشقا، شەرىئەتكە بولغان گۇمانى قاراشنى يوقىتىشق ۋە كەم-كۈتكىسىز فىقھىسىنىڭ بۇ قۇرۇلتايلارغا نىسبەتە تەتقىقات ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن زور ھەسسە قوشۇش كۈچىگە ئىگە قۇدرىتىنى نامايان قىلىشقا پۇرسەت ھازىرلاپ بېرىدۇ . ھالبۇكى فىقھى ئەھكاملىرىنى تونۇتۇپ كەڭ تەشۋىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل يەنىلا "ئىسلام فىقھى ئېنسىكلوپىدىيىسى" دۇر.

## ئىسلام فىقھى ئېنسىكلوپىدىيىسىنىڭ دەسلەپكى لاھىيىلىرى:

فىقھى تەتقىقاتىغا مۇناسىۋەتلىك ئېھتىياج ۋە ئاڭنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ، تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل لاھىيە ئوتتۇرىغا چىقتى:

### 1 - دەمەشق ئۇنىۋېرسىتېتى شەرىئەت فاكۇلتېتى لاھىيىسى:

دەمەشقتە "شەرىئەت فاكۇلتېتى" قۇرۇلغان چاغدا، مۇستاپا سىبائىي مۇدىرلىقنى ئۈستىگە ئېلىپ، دەمەشق ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە باشقا ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن بىر مۇتەخەسسىسلار كومىتېتى قۇرۇپ تۈرلۈك پائالىيەتنى باشلىۋەتتى.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە فاكۇلتېت "ئىسلام فىقھى ئېنسىكلوپىدىيىسى لاھىيىسى" نى قوبۇل قىلدى ۋە 1956 - يىلى 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئىدىكى سۈرىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1711 - نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن ئېنسىكلوپىدىيە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ رەسمى باشلىنىدىغانلىقى جاكارلاندى.

بۇ قارار تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ماددىدىن تەركىب تاپقان:

**بىرىنچى ماددا:** سۈرىيە ئۇنىۋېرسىتېتى شەرىئەت فاكۇلتېتى ئوخشىمىغان مەزھەبلەرنى ئاساس قىلىپ، ئىسلام فىقھىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە يېڭىدىن شەكىللەندۈرۈش نىشان قىلىنغان ئىسلام فىقھى ئېنسىكلوپىدىيىسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. ھالبۇكى ئۇ تاماملانغاندا ھازىرقى زامان قانۇن ئېنسىكلوپىدىلىرىغا ئوخشاش ئاممىباب بولۇشى شەرت. بۇنىڭ ئۈچۈن:

ئا) ئىسلام فىقھىسى ماددىلارغا بۆلۈنۈپ يېڭىچە ئۇسلۇبتا تۈزۈپ چىقىلىشى.

ب) پايدىلىنىشنى قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەر بىر تېمىنىڭ ئۇبيېكتىنى كىتابخانلارنىڭ قولاي چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى.

ج) تەتقىقاتچىلارغا بۇ فىقھىنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ۋە پۈتكۈل تەتقىقاتنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى قىلىپ يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان بولۇشى.

**ئىككىنچى ماددا:** "ئىسلام فىقھى ئېنسىكلوپىدىيىسى" ئەرەب تىلىدا تۈزۈلۈش، سۈرىيە ئۇنىۋېرسىتېتى كېڭىشىگە، شەرىئەت فاكۇلتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىش ياكى بەلگىلىك شەرتلەر بىلەن باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىشىغا رۇخسەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلىشى.

**ئۈچىنچى ماددا:** شەرىئەت فاكۇلتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئۇنىۋېرسىتېت كېڭىشى تۈزۈپ چىقىدىغان بۇ ئېنسىكلوپىدىيەنى تۈزۈپ چىقىش ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا "ئىسلام فىقھى ئېنسىكلوپىدىيىسى كومىتېتى" غا نازارەتچىلىك قىلىش ھوقۇقى بېرىلىشى ۋە بۇ كومىتېت ئەزالىرىنىڭ 7 نەپەردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى.

"ئىسلام فىقھى ئېنسىكلوپىدىيىسى كومىتېتى" نىڭ ئەزالىرى؛ دوكتور مۇستاپا سىبائىي، دوكتور ئەھمەد سەممان، ئۇستاز مۇستاپا زەرقا، دوكتور مەئرۇف دەۋالىبى ۋە دوكتور يۈسۈف ئەلئەش قاتارلىقلار ئىدى.

كومىتېت تەتقىق قىلىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق بىرىنچى باسقۇچتا تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل مەسىلىنى باشقىدى:

www.uyghurweb.net

ئا) ئېنسىكلوپېدىيىدە تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنغان فىقھى ئىبارىلەرنى ئەسلىدىكى بابلار بويىچە تىزىلغان ئۇسلۇبقا رىئايە قىلماستىن، ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە تىزىپ چىقىش.

ب) تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنغان ئاساسلىق ئەسەرلەردىن پايدىلىنىشتا، تەھرىرلەش خىزمىتىگە ئىشتىراك قىلغۇچىلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇندەرىجىلەرگە ئاساسلىنىش ۋە بۇ مۇندەرىجىلەرنى ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە تىزىش. مەسىلەن، بۇ لاھىيىنىڭ تۇنجى ئاساسىنى تىكلەپ بەرگەن ئىبنى ھەزم زاھىرى "مەھەللى" ناملىق قامۇسىدا "ئانىيە، ئەبۇ بەكرى، ئىبراھىم" دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى بۇ خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە ئۆز ئورنىدا ئىشلەتكەن ۋە فىقھى ئەھكاملاردىن يەكۈن چىقىرىشتا لۇغەتشۇناسلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

## ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ ئوبيېكتى:

ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ ئوبيېكتىنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نوقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1 ـ **ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ غايىسى:** ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ غايىسى؛ ئوخشىمىغان مەزھەبلەرگە ئائىت ئىسلام فىقھىسى ھەققىدە يېزىلغان چوۋالچاق فىقھى مىراسلار توپلاپ رەتلەپ چىقىپ، تەتقىقاتچىلارغا قولايلىق شارائىت ھازىرلاپ بېرىش ۋە ئىختىيار قىلغۇچىلارغا ئەسلى مەنبەسىگە مۇراجەت قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىش.

2 ـ **مەزھەبلەر:** ئېمسىكلوپېدىيە يەنە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھەم (ھەنەفى، ئىمام مالىكى، ئىمام شافىئى ۋە ھەنبەلى) مەزھەبلىرى، ھەمدە (زاھىرى، زەيدى، ئىمامى ۋە ئىبازى) مەزھەبلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مەزھەبلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ قاراشلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىسلام فىقھىسىنى ئوچۇقلاپ بېرىشنى نىشان قىلغان.

كومىتېت، تەكرارلىنىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەنلىكتىن ۋە ھەر قايسى دۆلەتلەردە ئاساسلىق مەزھەب بولغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ھەنەفى مەزھىبىنى ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ ئوبيېكتى قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقا بىرەر ئىبارىدا ھەنەفى مەزھىبىدىنمۇ كۆرە باشقا بىر مەزھەبنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ھەنەفى مەزھىبى بىلەن باشقا مەزھەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنى ئوچۇقلاشقا تىرىشقان. مەسىلەن، توختامنىڭ شەرتلىرى مەسىلىدە، ھەنەفى مەزھىبىدە توغرا دەپ قارالغان شەرتلەر ھەنبەلى مەزھىبىگە ئوخشاش باشقا مەزھەبلەردە قىسقارتىلغان. بۇنداق چاغلاردا كومىتېت ھەنبەلى ئىجتىھادىنىڭ ئاساسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشقان.

3 ـ **ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ تۈزۈلۈش ئۇسلۇبى:**

ئا) كومىتېت ئېنسىكلوپېدىيەنى (ئېلىف، ب، ت) دېگەندەك ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە تۈزۈپ چىققان.

ب) بارلىق ماددىلار بىرىنچى ھەرىپكە ئاساسلانغان. مەسىلەن، (ئىجارە) دېگەن سۆزدە بىرىنچى ھەرپى (ئېلىف)، (بەيئ) دېگەن سۆزدە (ب) ھەرپى قاتارلىقلار...

ج) سۆزلەرنىڭ بىرىنچى ھەرپىگە ئاساسلىنىشتا، تەتقىقاتچىلارغا قولاي بولسۇن ئۈچۈن لۇغەتشۇناسلىق قائىدىسى بويىچە (مېدر) ئاساس قىلىنماي پەقەت باش ھەرپى ئاساس قىلىنغان. مەسىلەن (مزارىە) دېگەن سۆزدە، (ز) ئاساس قىلىنماي (م) ئاساس قىلىنغان. (ئەرەب تىلىنىڭ سۆز ياساش قائىدىسى بويىچە (مزارىە) (زرى) دىن تۈرلىنىپ چىققانلىقتىن باش ھەرپى (م) بولماي (ز) بولۇشى كېرەكتى).

د) تەتقىقاتتىن كېيىن بىر بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ياكى مۇناسىۋەتلىك ماددىلار ئىلاۋە قىلىنغان. مەسىلەن، سودا ـ سېتىق مەسىلىسىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرى (تاۋار ئالماشتۇرۇش)، (زاكالەت) ۋە (تاشقى پېرېۋوت) قاتارلىقلارغا ئاغدۇرۇلغان.

4 ـ **ئىبارىلەرنىڭ بۆلۈنۈشى:** ئىبارىلار ئاساسەن ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن:

ئا) ئاممىباب ئىبارىلار: سودا ـ سېتىققا ئوخشاش.

ب) مۇستەقىل ئىبارىلار: ئىختىيارلىققا ئوخشاش. ھالبۇكى بۇ ئىبارىمۇ سودا ـ سېتىققا ئوخشاش، ئاممىباب ئىبارىلاردىن بولسىمۇ، يەنىلا مۇستەقىل ئىبارىلار دەپ ئاتىلىدۇ.

ج) ئىبارىلارنى تاللاشتا تەتقىقاتچىلارنىڭ نەزىرىنى ئەسلى مەنبەسىگە ئاغدۇرۇش. مەسىلەن:

(مۇئمىن) دېگەن سۆز (م) ھەرپى بىلەن باشلانغان بولسىمۇ تەتقىقاتچىلار (مبيى) دېگەن ئاتالغۇغا مۇراجەت قىلىدۇ.

www.uyghurweb.net

5 ـ **يېزىلىش ئۇسلۇبى:** يازغۇچىلار (تۈزگۈچىلەر) تېما تاللاشتا چۈشىنىكسىز سۆزنى ئىشلىتىشتىن خالىي بولۇشى، مۇمكىن قەدەر فىقھى ئەسەرلەردىكى سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ، چۈشىنىشنى قولايلاشتۇرۇشى ۋە ئارىيەت ئالغان ئاتالغۇلارنى (تىرناق) ئىچىدە ئىپادىلىشى شەرت.

6 ـ **يەكۈن چىقىرىش باسقۇچى:** بۇنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن:

ئا) مەزكۇر تۆت مەزھەب بىلەن "زاھىرى مەزھىبى" نىڭ ئەسەرلىرىگە ئاساسەن ئىسلام فىقھى ئاتالغۇلىرىنى رەتلەپ چىقىشتىن ئىبارەت بىرىنچى باسقۇچ.

ب) بىرىنچى باسقۇچتا رەتلەپ چىقىلغان ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككىنچى باسقۇچ.

ج) ئۆلىمالارنىڭ پىلاننى ۋاقتىدا ئىجرا قىلىشىدىن ئىبارەت ئۈچىنچى باسقۇچ.

د) تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كومىتېتقا سۇنۇلۇپ، تەھرىرلەش ۋە نەشر قىلىشقا ھازىرلىق قىلىش باسقۇچىدىن ئىبارەت تۆتىنچى باسقۇچ.

دوكتۇر مۇھەممەد زەكى ئابدۇلبەر بىرىنچى باسقۇچتىكى خىزمىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئاخىرلاشتۇرالىغان.

***

## 2 ـ ئىسلام ئالىي كېڭەشى لاھىيىسى (قاھىرە):

1958 ـ يىلى مىسىر بىلەن سۈرىيىنىڭ بىرلىشىشى بىلەن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆلىمالارنىڭ ئۆز ئارا ئالاقە ئورنۇتۇپ، دەمەشق ئۇنىۋېرسىتېتى، شەرىئەت فاكۇلتېتىنىڭ فىقھى ئېنسىكلوپېدىيەسى تۈزۈش لاھىيىسىگە ھەمكارلىشىشقا ئورنىتىشىغا تۈرتكە بولدى. بىرلەشمە ئەرەب جۇمھۇرىيىتى 1959 ـ يىلى يېڭىدىن 1536 ـ نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، فىقھى ئېنسىكلوپېدىيىسى تۈزۈپ چىقىش جەھەتتىكى قارارنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى. 1960 ـ يىلى كۆپ ساندىكى ئېنسىكلوپىيە مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن مىسىر ئەۋقاف مىنىستىرىنىڭ دەمەشقتە ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئەۋقاف مىنىستىرى "ئىسلام ئالى كېڭەشى" نى تەسىس قىلدى. بۇ كېڭەشنىڭ كومىتېتلىرى ئارىسىدا "ئىسلام فىقھى ئېنسىكلوپېدىيىسى كومىتېتى" مۇ بار ئىدى. مىنىستىرلىك 1961 ـ يىلى يانۋاردا مىسىر ۋە سۈرىيىلىكلەردىن بىر كومىتېت تەشكىل قىلىشنى قارار قىلدى.

رەھبەرلەرنى مۇقەددەسلەشتۈرۈشنىڭ مەرج ئۇرۇشى بىلەن تۆھپىكارلارنىڭ خىزمىتى باشقىلارغا تارتۇق قىلىشتەك بىر خىل ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئەۋقاف مىنىستىرلىكى مەزكۇر كومىتېتقا مەنسۇب بولغان بۇ ئېنسىكلەپېدىيەنى "جامال ئابدۇنناسىر ئىسلام فىقھى ئېنسىكلوپېدىيەسى" دەپ ئاتاشنى قارار قىلدى. كومىتېتنىڭ بۇ ھەقتىكى خىزمەت پىلانى تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

ئا) ئېنسىكلوپېدىيە لۇغەتشۇناسلىق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇش.

ب) فىقھى بابلىرى ئايرىم ۋە ئىسىم ـ ئاتالغۇلىرى ئېلىپبە تەرتىۋىگە ئۇيغۇن بولۇش، زۆرۈر تېپىلغاندا ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە نازارەت قىلىش كومىتېتى قارار بېرىش.

ج) ئېنسىكلوپېدىيە ھەنەفى، ئىمام مالىكى، ئىمام شافىئى، ھەنبەلى، زاھىرى، شىئە ئىمامىيە، زەيدىيە، ئىبازىيە قاتارلىق سەككىز مەزھەبنىڭ ئەھكاملىرى ۋە پەتىۋالىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇش.

د) ئەھكاملاردىن دەلىل كەلتۈرگەندە ئادىل بولۇش ۋە مەيدانى ئېنىق بولۇش.

ھ) ئېنسىكلوپېدىيە فىقھىنىڭ ئاساسلىرى بىلەن پرىنسىپلىرىنى فىقھى ئەھكاملىرىغا ماس ھالدا يورۇتۇپ بېرىدىغان بولۇش.

ۋ) ئېنسىكلۇپېدىيەنىڭ ئوبيېكتى، قانۇنلار بىلەن مەزھەبلەرنى سېلىشتۇرۇش، تەك تەرەپلىمىلىك ھالدا بەزىلىرىگە يان بېسىش ۋە كۆز ـ قاراشلىرىنى تەتقىق قىلىش ئەمەس دەل ئەكسىچە ھىجرىيە 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرغىچە بولغان ئارىلىقتا قوبۇل قىلىنغان فىقھى ئەھكاملارنى مەزھەبلەرنىڭ ھېچبىرىگە يان باسماستىن ئادىل ۋە ھەققانى ئاساستا توپلاپ رەتلەپ چىقىش.

بۇندىن باشقا مەسىلىلەر بۇ قاتارغا كىرمەيدۇ.

www.uyghurweb.net

1961 ـ يىلى سۈرىيىنىڭ مىسىردىن ئايرىلىپ چىقىشى، ئېنسىكلوپېدىيە كومىتېتىغا تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن كومىتېتنىڭ سۈرىيىلىك ئەزالىرى كومىتېتتىن ئايرىلغان. شۇنداقتىمۇ كومىتېت 1962 ـ ۋە 1964 ـ يىللىرى قايتىدىن تەشكىللىنىپ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان.

ھازىرغىچە بۇ ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ سەككىز تومى نەشر قىلىندى.

***

### 3 ـ قاھىرە "ئىسلام تەتقىقاتى جەمئىيىتى" لاھىيىسى

قاھىرەدىكى "ئىسلام تەتقىقاتى" جەمئىيىتى، ئاساسلىقى ئېنسىكلوپېدىيە تۈزۈش ئارقىلىق فىقھى ئاتالغۇلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ئەمەس بەلكى ئىسلام فىقھىسىنى بولۇپمۇ تۆت سۈننى مەزھىبى بىلەن بىرگە زەيدىيە، جەفەرىيە، ئىبازىيە ۋە زاھىرىيە قاتارلىق مەزھەبلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا رەتلەپ چىقىشنى نىشان قىلىپ، پروفېسسور ۋە سودىيەلەردىن تەركىب تاپقان بىر كومىتېت تەشكىل قىلدى ۋە مەزكۇر ئەسەرلەرنى رەتلەپ چىقىشتا پۈتۈنلەي ئەسلىدىكى فىقھى مەنبەلىرىگە ئاساسلاندى.

"ئىسلام تەتقىقاتى" غا رىياسەتچىلىك قىلىش ھەيئىتى بۇ خىزمەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بۇنىڭ ئورنىغا ئېلىپبە تەرتىۋىگە ئاساسەن بىر فىقھى ئېنسىكلوپېدىيەسى تۈزۈپ چىقىشقا قارار قىلدى.

ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ ئۇبيېكتى، سەككىز مەزھەبنىڭ فىقھىسىنى چۆرىدىگە ھالدا ئىسلام مىراسلارنىڭ تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، ئىشەنچىلىك مەنبەلەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن بىر قىسىم ساھابە بىلەن تابىئىنلارنىڭ كۆز ـ قاراشلىرىنىڭمۇ بايان قىلىنىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە سەككىز مەزھەبنى ئامىباب ۋە قىسقىچە بايان قىلىش، بىر قىسىم ئىبارىلارنىڭ تەكرارلىنىپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش، مەزھەبلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت بولغان كۆز ـ قاراشلىرىغا نىسبەتەن ئىزاھات بېرىش قاتارلىقنى ئۇبيېكت قىلغان.

كومىتېت فىقھى ئاساسلىرىنى فىقھى بابلىقىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ، ئېنسىكلوپېدىيەگە داخىل قىلغان ۋە ھەر بىر تېمىنى ئايرىم ئاتالغۇلار بىلەن شەرھىلىگەن.

مۇھەممەد ئەبۇ زۆھرەنىڭ رىياسەتچىگىدە خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان كومىتېت يەنە، ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ چۈشىنىش ئاسان، روشەن ۋە زىيالىلارنىڭ ئىدراك قىلىش قابىلىيىتىن ئۇزاق، مۇتەخەسسىسلەرنى جەلىپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالماسلىق ۋە پۈتكۈل ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالايدىغان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلغان.

1965 ـ يىلى بۇ ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ بىرىنچى تومى نەشردىن چىققان بولۇپ، بۇ ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تېمىلارنى مەزمۇن قىلغان:

1 ـ مۇقەددىمە.

2 ـ ئال (ئائىلە ـ تاۋابىئات).

3 ـ اب (ئاۋغۇست) .

4 ـ اباچە (ئىجازەت).

5 ـ ۋباق (قېچىش).

6 ـ ۋٚبد (مەڭگۈ).

7 ـ ۋبل (تۆگە).

8 ـ ۋبن (ئوغۇل).

9 ـ ۋتلاف (ئىسراپخورلۇق).

بۇ جەمئى 544 بەت.

***

www.uyghurweb.net

4 ـ كۇۋەيت ئىسلام ۋە ئەۋقاف مىنىستىرلىكى لاھىيىسى:

كۇۋەيتتىكى ئىسلام ۋە ئەۋقاف مىنىستىرلىكى ئىسلام مىراسلىرىنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈشتە ئىنتايىن ئىكتىپ رول ئوين ئىدى.مەسىلەن:

"ئىسلام فىقھى ئېنسىكلوپىدىيىسى لاھىيىسى" نىڭ بىرىنچى باسقۇچىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن 1966 ـ يىلدىن 1967 ـ يىلغىچە 20000 كۇۋەيت دىنارى مەبلەغ سېلىندى. بۇنى تەشەببۇس قىلغۇچى ئېنسىكلوپىدىيە مۇتەخەسسىسى، "دەمەشق ئۇنىۋېرستېتى شەرىئەت فاكۇلتېتى) نىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئۇستاز مۇستاپا زەرقا ئىدى.

مۇستاپا زەرقا ئىسلام فىقھشۇناسلىرىدىن بىر قانچە كىشىگە، ھەنەفى، ئىمام مالىكى، ئىمام شافىئى، ھەنبەلى، زاھىرى، شىئە ئىمامىيە، زەيدىيە، ئىبازىيە قاتارلىق سەككىز مەزھەبنىڭ فىقھىسى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا يوليۇرۇق بەردى.

ئېنسىكلوپىدىيە مۇتەخەسسىسلىرى ئۇدا خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، تۆۋەندىكى تېمىلارنى ئاساس قىلغان ئېنسىكلوپىدىيەنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى نەشىر قىلدى:

1- ئىچىملىك.
2- يېمەكلىك.
3- ھاۋالە.

ئېنسىكلوپىدىيەنىڭ مۇقاۋىسىغا: "بۇ،ئېلىپبە تەرتىۋىگە ئاساسەن تۈزۈلۈپ چىقىلغان دەسلەپكى نۇسخىسى بولۇپ، بۇ سىناق نۇسخىسىنى نەشىر قىلىشتىن مەقسەت؛ كەڭ ئۇستازلار بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بۇ ئېنسىكلوپىدىيەگە قارىتا پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەمچىلىك تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت، خالاس. ئېنسىكلوپىدىيەنىڭ قالغان قىسمى تەھرىرلىنىپ بولغاندىن كېيىن يەنىلا ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە نەشىردىن چىقىدۇ" دەپ يېزىلغان ئىدى.

كۇۋەيت ھۆكۈمىتىنىڭ "ئىسلام فىقھى ئېنسىكلوپىدىيىسى" تۈزۈپ چىقىش تەشەببۇسى ۋە ئىقتىسادى ياردىمىدىن ئىنسانلار ناھايىتى مەمنۇندى. ئارزۇ ـ ئارمانلىق دۇنيادىن رېئال دۇنياسىغا لاھىيىسى ئۈچۈن ئايرىلغان ياردەم 1972 ـ يىلغا كەلگەندە، يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ئېنسىكلوپىدىيەنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى نەشىر قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن توختاپ قالدى.

كېيىنچە نەسەب، مىراس، قىساس ۋە ئازار تېمىلىرىدىكى سىناق نۇسخىلىرى نەشىر قىلىندى.

قىسقا بىر مۇددەتتىن كېيىن كۇۋەيت ئىسلام ۋە ئەۋقاف مىنىستىرلىكى ئېنسىكلوپىدىيە پائالىيىتى قايتىدىن قولغا ئېلىشقا كىرىشىپ، ھىجرىيە 1400 ـ يىلى، مىلادىيە 1980 ـ يىلى، ھىجرىيە 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىسلام فىقھى مىراسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېنسىكلوپىدىيەنىڭ بىرىنچى تومىنى تۈنجى قېتىم نەشىر قىلدى.

دوكتۇر جامالۇددىن ئەتىيىيە، تۈزۈلمەك لاھىيىسى تۈزۈش ئىشخانىسىدىن ۋە بۇ ئىشخانا ئاساسلىق فىقھى مەنبەلىرىنى تەتقىق قىلىش ئوبيېكت قىلىنغان "ئايەت ئەھكاملىرى ئېنسىكلوپىدىيەسى"، "ھەدىس ئەھكاملىرى ئېنسىكلوپىدىيەسى"، "ئىسلام قانۇنشۇناسلىق ئېنسىكلوپىدىيەسى"، "ئىسلام فىقھى ئېنسىكلوپىدىيەسى" ۋە "ئىسلام فىقھى قانۇنلار توپلىمى" قاتارلىق ئېنسىكلوپىدىيەلەردىن تەركىب تاپقان "ئىسلام قانۇنى تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسى" قۇرۇپ چىقىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ھالبۇكى دوكتۇر جامالۇددىن ئەتىيىيەنىڭ بۇ قىممەتلىك تەكلىپى، ئىجتىھادى مەسىلىلەرگە چوڭقۇر چۆكۈشتىن بۇرۇن ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم بىر تەكلىپ ئىدى. چۈنكى بۇ تەكلىپ ئىجتىھادنىڭ ۋاستىسى ۋە مۇقەددىمىسى ئىدى.

ناۋادا بۇ تەكلىپ لاھىيىسى ئىشقا ئېشىپ قالغىنىدا، پۈتكۈل ئىسلام دىيارلىرىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھازىرقى زامان پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئوخشاشلا ئىسلام فىقھى پەنلىرى ئاكادېمىيىسى قۇرۇپ چىقىشقا بولاتتى.

**ئاممۇۋى ئىجتىھاد دەۋرازىلىرىنىڭ ئېچىلىشى**

www.uyghurweb.net

بەزىدە توسقۇنلۇقلا ئۇچرىسىمۇ يەنە بەزىدە تەرەققى قىلىپ، ”ئىسلام فىقھى ئېنسىكلوپېدىيەسى“ تۈزۈپ چىقىشقا بولغان بۇ خىل ئىنتىلىش ۋە ئىجادكارلىق روھىدىن قاراپ شۇنداق يەكۈن چىقىرالايمىزكى، بۇ، ئىجتىھادنىڭ تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنىڭ ياماپەندىسىدۇر.

ئىسلام قانۇنى پرىنسىپ، نىزام، ئەستقۇرۇلما، جانلىق ۋە ئەڭ ئىلغار بىر قانۇن بولۇشىدەك ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن (باشقا قانۇنلاردىن) ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. دەرۋەقە بىزدىن بۇرۇنقىلار مانا مۇشۇ قانۇن ئارقىلىق دەۋرنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىپ، دىننى قوغداش ۋە بۇ ئۈممەتنىڭ گۈللىنىشىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى.

ھەر قاچان ئەسىرلەرنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدىكى ھادىسىلەرنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى - يېڭى مەسىلىلەرگە قارىتا ۋە ئىنسانلارنىڭ تۈپۈك يولغا كىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن فىقھشۇناس ئۆلىمالارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە فىقھى ئەھكاملار بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىشى ئىنتايىن مۇھىم.

دىنلار پەقەت ئاندا - ساندا مەيدانغا كېلىدىغان تالانت ئىگىلىرىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىقلا ياشىيالايدۇ، گۈللىنەلەيدۇ ۋە تەرەققى قىلالايدۇ، خالاس.

ئىسلام دۇنياسى بۈگۈن، بۇرۇن ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى - يېڭى مۈشكۈلاتلارغا دۇچ كەلمەكتە... ھالبۇكى بۇ، ئىسلامشۇناس ئالىملارنىڭ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ئىجتىھاد قىلىش ۋە يېڭى پەن - تېخنىكا ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ تاقابىل تۇرۇشىغا ئېھتىياجلىق.

بەزى ئىنسانلارنىڭ تاسادىپى ھالدا بېسىپ ئۆتكەن بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتەلمىگەندە، ئۇقۇرمەنلەرنىڭ كىتابلاردىكى يۈزەكى نەزەرىيەلەردىن قايمۇقۇپ قېلىشى، ھەتتا ئىسلام دىنى ۋە ئاساسلىرىغا قىلىنىۋاتقان چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى تۈرلۈك زىياكەشلىكلەر ئالدىدا ئازغىشىپ قېلىشىدەك ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشى تەبىئى. شۇڭا مەسىلىنىڭ تېگىگە يېتىپ، باشتىن ئاخىر ئىسلام فىقھىسىنىڭ ئۆلچىمىگە رىئايە قىلغان ئاساستا چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، يېڭىدىن شەكىللەنگەن فىقھى بىلەن يېڭىچە ھايات بەخش ئاتا قىلىدىغان يېڭىچە ئۇسلۇبنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئىنتايىن زۆرۈر.

مۇتلەق ئىجتىھاد ياكى مەزھەب ئىجتىھادنىڭ دەرۋازىسى تاقالدى، دېيىلگەندە، ئۇنداقتا ئاممىۋى ئىجتىھادنىڭ دەرۋىزىسى پۈتۈنلەي ئوچۇقتۇر.

شۇڭا تالانتلىق ئىسلامشۇناس فەقىھ ئۆلىمالار بىلەن بىرگە ئىقتىسادشۇناس، جەمئىيەتشۇناس، قانۇنشۇناس ۋە تېببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ زامانىۋى پەن - تېخنىكا تەجرىبىلىگە تايىنىپ ”ئىسلام فىقھى ئاكادېمىسى“ قۇرۇپ چىقىش تەكلىپى بۇنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلىدۇر.

بۇنىڭ تېزراق ئىشقا ئېشىشىنى ئاللاھ مۇۋەپپەق قىلغاي!

**مەنناﺋ خېلىل ئەلقەتتان**